ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

# ئۈچ غەزەل

*Abaydulla Ibrahim*



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەسەرلىرى

تۇندىكى چاقماق

بەشىنچى ئوغۇل

ئاجايىپ كۆزلەر

ساياھەتنامە

ئۈچ غەزەل

بوز دالا

داغ

ISBN 978-7-228-11533-4

定价: 65.00 元

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەسەرلىرى

# ئۈچ غەزەل

(شېئىر ـ داستانلار)

常州大学山书馆
藏书章

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

格孜勒三首：维吾尔文/艾拜都拉·易卜拉欣著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2010. 1
ISBN 978—7—228—11533—4

Ⅰ. 格… Ⅱ. 艾… Ⅲ. ①诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）②诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.7


中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 001427 号

作　　者　艾拜都拉·易卜拉欣
责任编辑　阿不都热合曼·艾白
责任校对　阿孜古丽·克力木
特约校对　海丽且木·阿布里米提
美术设计　艾克拜尔·沙力
美 术 字　苏·司马义·哈力
插　　图　买·阿尤甫，阿·阿布力孜
出版发行　新疆人民出版社
电　　话　(0991)2827472
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
邮　　编　830001
印　　刷　新疆新华印刷厂
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　16.375
版　　次　2010 年 1 月第 1 版
印　　次　2010 年 1 月第 1 次印刷
印　　数　1—2000
定　　价　65.00 元

# ئۈچ غەزەل

**ئاپتورى :** ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئابدۇراخمان ئەبەي
**مەسئۇل كوررېكتورى :** ئارزىگۇل كېرەم
**تەكلىپلىك كوررېكتورى :** خەلچەم ئابلىمىت
**گۈزەل سەنئەت لايىھىلىگۈچى :** ئەكبەر سالىھ
**خەتتات :** سۇلايمان ئىسمائىل خالى
**رەسسام :** مۇھەممەت ئايۇپ ، ئابدۇراخمان ئابلىز
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 16.375
**نەشرى :** 2010 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى :** 2010 - يىلى 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**تىراژى :** 1—2000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—11533—4
**باھاسى :** 65.00 يۈەن





## ئاپتور ھەققىدە

شائىر، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم — ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت يولى ۋە ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللىنىشىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان، ئەسەرلىرى كەڭ ئوقۇرمەنلەر ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ قايىللىقىغا، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە دېگۈدەك قەلەم تەۋرەتكەن، لىرىكىلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، خاراكتېر-ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن بولسا، داستانلىرىدا دەۋرنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن؛ ھېكايىلىرىدە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى، ھايات مەسىلىلىرىنى يازغان بولسا، رومانلىرىدا زور تارىخىي ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىگەن . ئۇنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىردىكى ئىجادىيىتى خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە ئورتاقلىقلارغا ئىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ لىرىكا ۋە رومان ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك . ئۇ مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دەۋرىمىزدىكى داڭلىق ژۇرنالىستلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ ژۇرنال باشقۇرۇش، ژۇرنال چىقىرىش جەھەتلەردىكى نەتىجىسمۇ ئومۇمىي ئېتىراپقا ئىگە .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 1951 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ

چىرا ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1957 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان . 1966 ـ يىلىدىن 1972 ـ يىلىغىچە «قايتا تەربىيە» ئېلىش ئۈچۈن ئۆز يېزىسىغا قايتۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . 1972 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1976 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسىگە تەقسىم قىلىنغاندىن بۇيان، شۇ رېداكسىيە قارىمىقىدىكى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ۋە خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىنىدىغان «سۇبھى» ژۇرناللىرىدا باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ھازىر «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى . ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 1964 ـ يىلى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «تالمايدىكەن بىلىكى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن . گەرچە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەر خىل ژانىرلاردا بولسىمۇ، دەسلەپكى باسقۇچتا شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇ ئىجادىيەتكە يېڭى كىرىشكىنىگە، ئىجادىيەت ساھەسىدە شەكىللەۋازلىق، شوئارۋازلىق، سولچىللىق ئاساسلىق خاھىش بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي، شۇ يىللاردا يەنە «يۇلغۇن چېچىكى»، «ياشلىق ناخشىسى»، «تېرىم پەسلى»، «ھاياتتىن خاتىرىلەر»، «گۈل يېزام» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يېزىپ، بۇ شېئىرلاردا ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى ئۇلۇغلاپ ۋە مەلۇم بەدىئىي سەۋىيە يارىتىپ، ئۆزگىچە ئىجادىيەت يولى تۇتقان ۋە ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئوتتەك قىزغىنلىقى ھەم شېئىرىي تالانتىنى ئاشكارىلىغان . شائىر 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 1980 ـ يىللارنىڭ دەس-

لىپىدە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرىنى باشلاپ، ئۆزىنىڭ كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان شېئىرىي تالانتىنى، ئۆزگىچە كۆزىتىش، ئۆزگىچە پىكىر قىلىش، ئاجايىپ شېئىرىي ئۇنۇم پەيدا قىلىش ئىقتىدارىنى «ئۇچ غەزەل»، «خوتەن قەغىزى»، «ئەتلەسكە مۇخەممەس»، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» قاتارلىق ئېسىل لىرىكىلىرىدا نامايان قىلغان. بۇ لىرىكىلار ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان. شائىرنىڭ «قەشقەردە كەچ»، «قەشقەر باغچىسى»، «قەشقەر ئۇستىسىغا» قاتارلىق شېئىرلاردىن تەشكىل تاپقان «ئۇچ غەزەل» — ئەبەيدۇللا ئىبراھىم لىرىكىلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى دەۋردىكى غەزەلچىلىكىمىزدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. قەشقەر ھەققىدىكى بۇ بىر يۈرۈش غەزەللەردە شائىر بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزىدىكى تىپىك، ۋەكىللىك خاراكتېردىكى جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى ئاجايىپ ھاياجان، قىزغىن مۇھەببەت، ئېسىل مىسرالار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغۇسىز بىر خىل ئېستېتىك ئۇنۇم ياراتقان. «خوتەن قەغىزى»، «ئەتلەسكە مۇخەممەس»، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» قاتارلىق شېئىرلىرىدىمۇ شائىر ئىجادكار، ئەمگەكچان، مەدەنىيەتلىك ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قەغەز، ئەتلەس، مۇقاملارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىمىزدىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يۈكسەك دەرىجىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىگەن. بۇ شېئىرلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم كلاسسىك شەكىللەردە ياخشى يازالايدىغان ۋە ئۇنىڭ مەلۇم سەۋىيىسىنى ياراتقان ھازىرقى زامان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. بۇ شېئىرلارغا ئوبزور-

چىلار يۇقىرى باھالارنى بىرىشكەن . يۇقىرىدا ئىسمى ئاتاپ ئۆتۈلگەن ئاشۇ شېئىرلاردا شائىر خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىجادچانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدىغان مۇقام، مەشرەپ، ئۆرپ - ئادەت، گىلەم، ئەتلەس، قەغەز... قاتارلىقلارنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن مەدھىيلەپ، ئۆزىنىڭ ئىجادكار ئەجدادلىرىمىزغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى بەدىئىي يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ ئىپادىلەپ بەرگەن .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئىجادىيىتىدە داستانچىلىقمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ 1970 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا داستان يېزىشقا كىرىشكەن، 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا داستانچىلىقتا ناھايىتى زور ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشكەن. 1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان قىسقىغىنا بەش يىل ئىچىدە ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «گۈلزۇپەر»، «پولات»، «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى»، «چىمەندە توي»، «قارا ۋە ئاق»، «ھەسەن - ھۆسەن» قاتارلىق يىرىك داستانلارنى يېزىپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىغا مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى . شائىرنىڭ بۇ بىر قاتار داستانلىرى ئىچىدە «قارا ۋە ئاق» داستانى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، شائىر بۇ داستانىدا سانائەت تېمىسىنى يازغان، ئۇنىڭدا كۆمۈركان ئىشچىسى تەلئەتنىڭ كەسىپ ۋە مۇھەببەت جەھەتتىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن . داستاندا شائىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە ھايات ھەققىدە، گۈزەللىك ھەققىدە، كەسىپ ھەققىدە، قەلب ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىملەرنى ئېلىپ بارغان ھەم يېڭىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەسەرنى مەزمۇن جەھەتتىن يۇكسەكلىككە ئىگە قىلغان . «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى» —

شائىرنىڭ يەنە بىر يىرىك داستانى بولۇپ، ئۇنىڭغا باش قەھ-رىمان سەرسانىينىڭ ئاپەتلىك يىللار ـــ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى، پاجىئەلىك تەقدىرى ئارقىلىق، بىر ئەۋلاد زىيالىيلار باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق قىسمەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شائىر داستاندا مۇ-كەممەل، بىر پۈتۈن ۋەقەلىك ئارقىلىق دەۋر رېئاللىقىنى كەڭ ۋە ماھىيەتلىك كۆزەتكەن ۋە مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قوي-غان، ئوخشىمىغان خاراكتېر ـ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بىر تۈر-كۈم پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ، ھايات ھەققىدىكى ئويلى-رىنى ئوتتۇرىغا قويغان، داستاندىكى كەسكىن زىددىيەت ـ تو-قۇنۇشلار، ئوخشىمىغان تەقدىرلەر كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى بەخش ئەتسە، كۈچلۈك لىرىكا ۋە ئۆزگىچە مۇھاكىمىلەر كىشىگە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تونۇلغان يازغۇچى . ئۇ 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ئاجايىپ كۆزلەر»، «يەر»، «كۆن نەدىن چىقىدۇ»، «سىرىق سەبدە»، «ھەي، ئادەملەر»، «ئىنسان قەدرى»، «كۆلەيمۇ يا يىغلايمۇ» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئوقۇرمەنلەرگە سۇندى . يازغۇچىنىڭ كۆ-زىتىش نۇقتىسى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولغاچقا، بۇ ھېكايىلەردە تۇرمۇشنىڭ ئاددىي كۆرۈنۈشتىكى تەرەپلىرى يېزىل-لىپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ ھېكايىلەر كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە، كىشىنىڭ قەلبىنى ھايا-جانغا سالىدۇ. يازغۇچى بۇ ھېكايىلىرىدە تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي، جانلىق ۋەقەلەرنى، خاراكتېرلارنى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇپ ھەم ئەدەبىيلەشتۈرۈپ يېزىپ، دەۋرىمىز كىشى-لىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئەخلاق قارىشى، ئادەملىك سا-

پاسى ھەققىدىكى كۆزىتىشلىرىنى، مۇلاھىزىلىرىنى، قاراشلىرىنى قىزىقارلىق، تەسىرلىك ۋەقەلىك ۋە جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان . يازغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئادەم ھەققىدە ئىزدەنگەن، ھا-ياتلىقنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن، بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار مەقسەت ئەمەس . ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ھەجىم جە-ھەتتىن ئىخچام، ئاممىباب، ئۆزگىچە قۇرۇلما ماھارىتى بىلەن يېزىلغان؛ ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە تىل ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كىشىگە كۈچلۈك ئېستېتىكىلىق زوق بې-غىشلايدۇ.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم كىيىنچە ھېكايە ئىجادىيىتىدىن رومان ئىجادىيىتىگە ئۆتۈپ، **1988** ـ يىلى «تۈندىكى چاقماق» ناملىق تارىخىي رومانىنى، **1996** ـ يىلى «داغ» ناملىق تارىخىي رو-مانىنى، **2006** ـ يىلى «بوز دالا» ناملىق تارىخىي رومانىنى نەشر قىلدۇردى. يازغۇچىنىڭ بۇ ئۈچ پارچە رومانى مۇۋەپپەق-قىيەتلىك يېزىلغان رومانلار بولۇپ، قىزغىن ئالقىشقا، يۇقىرى باھالارغا سازاۋەر بولدى . يازغۇچىنىڭ تۇنجى رومانى ھېسابلى-نىدىغان «تۈندىكى چاقماق» تا، خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىدە مىلادىيە **20** ـ ئەسىرنىڭ **10** ـ يىللىرىدا يۈز بەرگەن، خەلق-نىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت، چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا، يەر-لىك فېئودال بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان بىر قې-تىملىق كۆلىمى چوڭ دېھقانلار قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن . ياز-غۇچى مول تارىخىي بىلىمى، ئەتراپلىق تۇرمۇش بىلىمى ۋە كۈچلۈك بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ئاساسىدا تارىخىي ۋەقەلەرنى، شەخسلەرنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ يېزىپ، رومانىنى ھەم تارى-

خي چىنلىققا، ھەم بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلـ.
غان . يازغۇچى رومانىدا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىي مۇقـەر.
رەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چوڭقۇر
مۇھاكىمىلەرنىمۇ يۈرگۈزۈپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا
قويغان . رومانىدا سۇپۇرگە ئاخۇن، سىيىت ھاجى، ئابلىز قا.
رى، ئابدۇللا چاققان قاتارلىق بىر تۈركۈم روشەن خاراكتېر ـ
ئالاھىدىلىكىگە، تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازلىرى
يارىتىلغان بولۇپ، يازغۇچىنىڭ ئوبراز يارىتىش جەھەتتىكى
ئالاھىدىلىكى ھەققەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ. يازغۇچى روما.
نىدا تارىخىي تەركىبلەر بىلەن بەدىئىي توقۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى
ناھايىتى ياخشى بىرتەرەپ قىلغاچقا، بۇ رومان ئىسمى ـ جىسـ.
مىغا لايىق تارىخىي رومان بولۇپ چىققان .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «تۈندىكى چاقماق» رومانى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رومانچىلىقىغا ئاساس سالغان بولسا، «داغ» رومانى ئارقىلىق رومان ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان. «داغ» تارىخىي رومان بولۇپ، ئۇ ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يىرىك ئەسىرى، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن نادىر رومانلارنىڭ بىرى . رومانىدا، مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۈرتىمىزدا يۈز بەرگەن بىرقاتار تارىخىي ۋەقەلەر ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ئەكسىيەتچى، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار، زالىم بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ ئەل ـ يۇرتقا ئېلىپ كەلگەن تۈگىمەس بالايىئاپەتلىرى، ۋەيرانچىلىقلىرى، بۇنىڭغا چىداپ بولالمىغان خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن . يازغۇچى مول تارىخىي بىلىمى ئاساسىدا ئەسەرنى كۈچلۈك تارىخىي چىنلىققا ئىگە قىلىپ، خەلقىمىز تارىخىدىكى ئاشۇ بىر قېتىملىق جەڭگىۋار كۈرەشنى بەدىئىي يۈكسەك.

لىككە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن . يازغۇچى تارىخنى يازغاندا نو-
قۇل تارىخ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى يەنە بەدىئىي تە-
سەۋۋۇر، توقۇلمىلار بىلەن ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش
كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان . تېخىمۇ قىممەتلىك بولغىنى
شۇكى، يازغۇچى تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى قايد-
تىدىن كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى
ئاشۇ تارىخىي ۋەقەلەردىن، تارىخىي شەخسلەردىن بۈگۈنكى
زامان كىشىلىرى ئۈچۈن ساۋاق بولىدىغان تەجرىبىلەرنى يەكۈن-
لەپ، رومانىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان .
يازغۇچى ئۆز ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بويىچە تارىخ ئارقىلىق
بۈگۈنگە ئىبرەت قىلغان، ئىنسان ھەققىدە، ھايات ھەققىدە
چوڭقۇر قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن، ئاجايىپ جەلپكار ۋەقەلىك
ئارقىلىق ئەسەر سۇژېتىنى قانات يايدۇرغان، يۈكسەك بەدىئىي
ماھارەتنىڭ مەھسۇلى بولغان، كىشىگە ئۆزگىچە تەسىرات بېرد-
دىغان نىياز ھېكىمبەگ، كېپەك دەرۋىش قاتارلىق يېگانە پېرسو-
ناژلار ئوبرازىنى ياراتقان . ئۇنىڭدىن باشقا، رومانىنىڭ تەسۋىر-
لەش، بايان قىلىش، تىل ئىشلىتىش، قۇرۇلما ئورۇنلاشتۇرۇش
ماھارەتلىرىمۇ ناھايىتى ئۇستۇن .

رومانىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى نىياز ھېكىمبەگ، كې-
پەك دەرۋىش قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازىدا گەۋدىلىنىدۇ. نى-
ياز ھېكىمبەگ «قۇۋلۇق - شۇملۇق بىلەن سۇيىقەست ۋە ھىيلە -
مىكىردە تەڭدىشى يوق بىر ئادەم . ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇن ۋە
مەرتىۋە ئۆز ھاياتىدىنمۇ ئەزىز ۋە قىممەتلىك . ئۇنىڭچە ۋاپا
ۋە ساداقەت دېگەنلەر ياشاش ئىقتىدارى بولمىغان يارامسىز ئا-
دەملەرنىڭ ئويلاپ تاپقان نەرسىسى . ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھايات يولىنى كېسىش نىياز ھې-
كىمبەگنىڭ ئۆزگەرمەس ھايات مەنتىقىسى . ئۇ رەزىللىك ۋە

مۇناپىقلىقنىڭ جانلىق تىپى، ياۋۇزلۇق ۋە قانخورلۇقنىڭ كەم تىپىلىدىغان ئۆلگىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ھەقىقەت ۋە ئادالەت، دەردمەن، بىچارىلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى چۈشىنىپ يېتىشى . يازغۇچى... ئۇنى ماھىيىتى تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەت قايىنىمىغا، يەنى ئەمگەكچى خەلق ۋە ئۆز كۆشەندىلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلار ئىقىمىغا تاشلايدۇ. نەتىجىدە، نىياز ھېكىمبەگ بۇ شەپقەتسىز ئېلىشىشتا ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئىككىلا سەپتە ئوخشاشلا مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ جىنايەتلىك شەرمەندە ھاياتىنى يىرگىنىشلىك ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ»، «كېپەك دەرۋىش خەلق ۋە ئۇنىڭ غايىلىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، بۇ يولدا ئۆمۈر بويى ئىزدىنىش ۋە رىيازەت چېكىشنى ۋىجدانىي بۇرچى ھېسابلايدىغان، خەلقنىڭ تەقدىرى ۋە كېلەچىكىدىن باشقا ھېچقانداق غەم، تەشۋىشى بولمىغان ھالال بىر ئادەم . ئۇ ھايات چۈشەنچىسى كەڭ، تۇرمۇش بىلىمى چوڭقۇر، ھەممە نەرسىگە ئۆزگىچە قارايدىغان، ھەرقانداق مۇرەككەپ ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ سىر، ھېكمەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ساددا پىكىر، مۇلاھىزىلىرى بىلەن روشەن يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان ئالاھىدە ئەقىل ئىگىسى» . «كېپەك دەرۋىش بىلەن نىياز ھېكىمبەگ ئوبرازلىرى ئەدەبىياتىمىزدا ھازىرغىچە قەلەمگە ئېلىنمىغان، پىروزىمىزدا ھېچقانداق بەدىئىي ئىزناسى بولمىغان پۈتۈنلەي يېڭى ئوبرازلار، ئۇلارنى ئاپتور ئۆزىنىڭ ماھارەتلىك قەلىمى بىلەن ئەدەبىياتىمىزغا بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ كىردى[1].

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بۇنىڭدىن باشقا يەنە دراما ئىجادىيىتى

---

① مۇھەممەت پولات: «داغ» — ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى»، «ئەدەبىيات — چىنلىق ۋە گۈزەللىك زېمىنى» 35 -، 36 -، 37 - بەتلەر.

بىلەن شۇغۇللىنىپ، «نازىگۇم» دىرامىسىنى، كىنو سېنارىيىسى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «سىرلىق كارۋان» سېنارىيىسىنى يازغان . ئۇنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلى، چاۋشيەن، ياپونىيە ئا-مېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرى قاتارلىق ئەللەرگە قىلغان زىيارىتى ئاساسىدا يېزىلغان زىيارەت خاتىرىلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى يې-زىلغان بولۇپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، ئۇ يەنە ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئاساس قىلغان خاتىرە ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدىمۇ گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ يېڭى ئەدەبىي تۈرنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھ-پىلەرنى قوشتى .

**ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم:** «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ «ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تا-رىخى» قىسمى

# مۇندەرىجە

خوتەن قەغىزى ........................ 3
ئۈچ غەزەل ........................ 6
تارىمغا مۇھەببەت ........................ 9
كۆكلەم ........................ 10
مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس ........................ 12
يۇلغۇن چېچەكى........................ 15
ياشلىق ناخشىسى ........................ 17
بايرام تەنتەنىسى ........................ 19
دوستۇم بولساڭ ........................ 21
قىلىچ ۋە قەلەم ........................ 23
ئورمىدا ........................ 24
تېرىم پەسلى ........................ 26
ناخشاڭ بىلەن ........................ 27
ئىجات قوشىقى ........................ 29
ھاياتتىن خاتىرىلەر ........................ 31
قەلب سۆزۈم ........................ 34
يېڭى يىلغا ........................ 36
قايىلمەن ........................ 39
گىلەم ........................ 41
ۋەتەنگە ........................ 43
تاڭ ناخشىسى ........................ 44

تۇرپان سېكىلى ........................................ 45
ئالقىش ساڭا ......................................... 52
ئەتلەسكە مۇخەممەس ................................ 54
ھەسەن ئۇستام ........................................ 56
بۇ بوۋاي شۇنداق .................................... 59
سايـرام ................................................ 61
گۈل يېزام ............................................. 62
گىلەم ئىشچىسىغا .................................... 64
تەلكە ................................................... 67
ئالمىدىن بىر سۆز .................................... 68
ئۆمۈرگە خىتاب ....................................... 69
رۇبائىيـلار ............................................. 71
بىر دوستۇمغـا ........................................ 73
ۋەتەن ھەققىدە قوشاق ............................... 74
دوستۇمغا ............................................... 76
باھار كەلدى ........................................... 78

پولات ..................................................... 81
بىرىنچى باب «نۆلدە بەش» ......................... 81
ئىككىنچى باب پولات ................................... 85
ئۈچىنچى باب ئايدالادا بىر كېچە ..................... 95
تۆتىنچى باب پولاتتەك بول! ......................... 103
بەشىنچى باب شەمشادنىڭمۇ يىلتىزى تۇپراقتـا ....... 109
ئالتىنچى باب ئۆتكەلگە ھۇجۇم ......................... 117
خاتىـمە سۇدىكى جۈپ شولـلار ......................... 131

قارا ۋە ئاق ............................................ 134
مۇقەددىمە .............................................. 134

بىرىنچى باب   يەكشەنبە كۈنى ............................ 135
ئىككىنچى باب   ئۈنىڭ دەردى ............................ 143
ئۈچىنچى باب   كۈتۈلمىگەن ۋەقە ............................ 153
تۆتىنچى باب   قارا ۋە ئاق ئارىسىدا ............................ 165
بەشىنچى باب   ئىككىنچى قەدەم ............................ 177
خاتىمە ............................ 196

دوستۇمنىڭ خاتىرىسى ............................ 198
مۇقەددىمە ............................ 198
بىرىنچى بۆلۈم   ئۇ مېنىڭ دوستۇم ئىدى ............................ 199
بىرىنچى باب   يامان چۈش ............................ 199
ئىككىنچى باب   1976 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىدە ............................ 203
ئۈچىنچى باب   سەرسانىي ............................ 207
تۆتىنچى باب   ئۇ كىم ئىكەن ............................ 216
بەشىنچى باب   كېيىنكى يىللاردا ............................ 229
ئالتىنچى باب   ئايرىلىش ............................ 235
ئىككىنچى بۆلۈم   دوستۇمنىڭ خاتىرىسى ............................ 245
كۈندىلىك خاتىرىگە كىرىش سۆز ............................ 245
يەتتىنچى باب   سۈيىقەست ئالدىدا ............................ 246
سەككىزىنچى باب   سۈيىقەست ............................ 258
توققۇزىنچى باب   سەرسانلىق ............................ 270
ئونىنچى باب   نىجاتلىق يولىدا ............................ 281
خاتىمە ............................ 298

چىمەندە توي ............................ 305
بىرىنچى باب   ئائىلىۋى ماجىرا ............................ 305
ئىككىنچى باب   ئەندىشە ............................ 309
ئۈچىنچى باب   ئاتا ۋە بالا ............................ 316

تۆتىنچى باب    باش ئاغرىقى ........................ 326
بەشىنچى باب    جامال ۋە ئايجامال ..................... 338
ئالتىنچى باب    پىنھانە سوراق ...................... 347
يەتتىنچى باب    چىمەندە تـوي ........................ 361

ھەسەن ۋە ھۆسەن .......................................... 377
بىرىنچى باب    ئىككى تەرەپكـە ...................... 377
ئىككىنچى باب    تۆنۈگۈن ۋە بۈگۈن ..................... 382
ئۈچىنچى باب    تەدبىرلەر ............................ 393
تۆتىنچى باب    ئاقىۋەت ............................. 413

گۈلزۇپـەر ................................................. 428

قوشۇمچە:
«ئۈچ غەزەل» نى ئوقۇپ ھېس قىلغانلىرىم ..........................
.................................................. مۇھەممەت پولات 1
ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ پوئېزىيە ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ «قارا ۋە ئاق» داستانى ................. ئابدۇللا مەتقۇربان 7
ئىككى مۇخەممەس ۋە «ئۈچ غەزەل» ھەققىدە ........................
............................ مىجىت باقى، مۇختەر مەخسۇت 38
«كۆكلەم»دىكى شېئىر ـ داستانلار ھەققىدە قاراشلىرىم ..............
..............................قاۋسلقان قامجان 51

# شعرلار

# شیئرلار

# خوتەن قەغەزی

— ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىنجاڭ ۋە بەزى جايلاردىن قېزىۋېلىنغان تارىخ ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر مەدەنىي مىراسلارنىڭ بىرقىسمى خوتەن قەغەزىگە يېزىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن . ئۇجمە پوستىدىن ياسالغان بۇ ئاددىي، ئەمما سۈپەتلىك قەغەز مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تارقىتىش يولىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان .

**بېشىم قاتتى يازاي دەپ تاش، گىلەمنى ياكى ئەتلەسنى،**
**ئاڭا باب سۆز، سۈپەت ئىزدەپ تۈگەتتىم يەتتە شام ـ كەچنى،**
**كى بىلدىم گۈلنى كۈيلەشكە جىمى قۇربىمۇ يەتمەسنى،**
**ئەيىب كۆرمەڭ، ئاسانىنى تاللىدىم تاشلاپ قىيىن ـ تەسنى،**
**بەخش ئەتتىم خوتەن قەغىزىگە ئاددىي مۇخەممەسنى .**

**ئېسىمدە، بار ساۋادىم ـ يۇ، بۇنىڭدىن كۆپ نادان ۋاقتىم،**
**قاچانكى بىر قېلىن تارىخىي دەستۇردىن ۋاراق ئاچتىم،**
**ئىجادىنىڭ بابىدا ئۆزگە خەلق — ئەل نامىنى تاپتىم،**
**بوۋام نامىنى مەن ئەپسۇس، تاپالماي نەچچە ئۇھ تارتتىم،**
**يوشۇرمايمەن ئۇ چاغ قەلبىمدىكى خورلۇق، ئەلەم، غەشنى .**

**ئۆتۈپ يىللار يىگىت بولدۇم، مېنى پەن ئىنتىزار قىلدى،**
**بۈيۈك پەن كۈچ، ئەقلنى بۇ نادان باشىمغا يار قىلدى،**

ئەقىل دەستۇر پۈتتۈلگەن بەت سىرىنى ئىختىيار قىلدى،
يېشىلدىم، شۇندا ئىلھامىم قەلەمنى بەقارار قىلدى،
پەرز بىلمەي نېچۈن بۇ تۆھپىكار قەغەزنى كۈيلەشنى .

خەرىتە ئالدىغا كەلدىم، جاھانغا بىر نەزەر سالدىم،
جاھانمۇ كەڭ ئىكەن، ياپىر! پايانىغا قاراپ تالدىم،
بىلەركەن شۇندىمۇ تارىم بويىنى نەچچە ئەل، ئالىم،
سەۋەب شۇلكى، پۈتتۈلگەنچە خوتەن قەغىزىگە نامىم،
تالاي يۇرت ـ مەملىكەت ئاتالاپ كېزىپ چىققان ئىگىز ـ پەسنى .

بۇ يۇرتتىن بىر زامان سودا، مەرىپەت كارۋانى ئۆتكەن،
مەرىپەتتىن ئېلىگە يېپىشقى ئەنداز ئېلىپ كەتكەن،
سېتىقتىن ئەھلى كارۋان خۇش، پۇلى مالدىن ئېشىپ كەتكەن،
ئاشۇ سودا ھېسابىنى خوتەن قەغىزىگە پۈتكەن،
بۇ قەغەز قانچە كەزگەندۇ ئىران، رىم يا ماراكەشنى .

شېرىن ئىشقىدا پەرھاد يارىنى قانچە سېغىنغاندۇ؟
ئاڭا پاك سۆيگۈدىن قانچە سالام خەت ـ نامە يازغاندۇ؟
شۇ ئەرمەن پەرىسى مەشرىق يولىغا قانچە باققاندۇ؟
خوتەن قەغىزىنى قانچە يۈرەك ـ باغرىغا ياققاندۇ؟
ئاسان قىلدى غېرىبقا ئۇ جانان رۇخسارى ئىزلەشنى .

تاۋابى ئىختىيار قىلسا ئەگەر كىم كۈي خۇداسىنى،
ئاشۇ قەغەز جەلپ ئەتتى ئۇنىڭ تۈنجى قاراشىنى،
جاكار قىلدى جاھان ئىچرە بوۋام مەھمۇد مىراسىنى،
كى تەڭ تارتتى دىۋان بىرلە قۇتادماقنىڭ جاپاسىنى،
ئۆگەندۇق بىز شۇڭا تۈركىي گۈزەل، ساپ تىلدا سۆزلەشنى .

نەۋائىي ئۇندا ئىنسانىنى ۋاپا ـ ھىممەتكە چىللايدۇ،
نىزارىي كۆلمىگەن سۆيگۈ گۈلىگە زارۇ يىغلايدۇ،
غەزەلخان نەۋبەتىي سايراپ ئانا يۇرتنى ئۇلۇغلايدۇ،
قەلەندەرخانىدا مەشرەپ گويا شاھانە يايرايدۇ،
ئۆگەن دەپ ساپ مۇھەببەت ئالدىدا جان تۆھپە ئەيلەشنى .

ئەمەسمىز پەن ـ ئەقلىدە كەم، ئاڭا تارىخ يېزىلغاندۇر،
ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئۇچۇن بەت ـ قۇر ئارا قانلار چېچىلغاندۇر،
شېھىت بولدى ھېسابسىز ئەر، لېكىن روھ، نامى قالغاندۇر،
دەلىللەر ئالدىدا پىتنە ـ يالانىڭ بەرى يالغاندۇر،
بۇ تارىخ ئويغىتار بىرلىك ئۇچۇن كۆرمىڭ زەپەردەسنى .

1979 ـ يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى .



# ئۈچ غەزەل

## قەشقەردە كەچ

ئەمەستۇر لاپ، دېسەم قەشقەر سەيرىنىڭ مۇنبىرى كەچتە،
گۈزەل ھۆسنى شەپەق رەڭلىك شەرقنىڭ بىر گۈلى كەچتە .

بادامدوپپا، چىمەندوپپا، ئاقار يولدا تۈمەن دوپپا،
ياقار ھەركىم لېۋىگە لەۋ سائادەت دىلبىرى كەچتە .

سادا بەرسە راۋاب تارى قىلۇر بۇلبۇل غەزەلخانلىق،
بەلەن سازەندە قەشقەرلىق يىگىتنىڭ ھەر بىرى كەچتە .

چېلىشتىن شان ياراتقان كۈن ئۈچۈن تىللاردا تەبرىكلەر،
ۋىسال كۆكدە ئوينار شوخ مۇھەببەت كەپتىرى كەچتە .

ئىلىم ئىشقىدا كۆيگەنلەر ئىجاد ئاتلىق جانان ئىستەر،
تولار ھېكمەت نۇرى بىرلە كۆڭۈلنىڭ دەپتىرى كەچتە .

ئۆيى يوقمۇ دېمە، رەستە بويىدا بەزمە قۇرغانىنى،
بېرەر سۇلتان ھۇزۇرىنى ساماۋار كەۋسىرى كەچتە .

ئەگەر شائىرى مەجنۇنسەن، كۆرۈپ كەت بۇ مۆجىزاتنى،
بۇ يەڭلىغ بىر بازار بولماس جاھاننىڭ ھېچ يېرى كەچتە .

## قەشقەر باغچىسى

ئەنە لەيلى، ئەنە ئەترە، مىسالى گۈل بازارى بۇ،
گۈزەللىكتە تېڭى يوق باغ، بېھىشنىڭ ئىنتىزارى بۇ .

سىمابتەك كۆل گويا باغۋەن ئەزىز مېھمانغا تۇتقان جام،
ھىدى خۇشبۇي، خىيابانلىق، ھۇزۇرى جان ئارامى بۇ .

ئېرىق بويلارى مەجنۇنتال، سۈيى ئەكسىدە جۇپ شولا،
سەير ئەتمەكنى ئىستەر كىم، ئېسىل مەنزىل قارارى بۇ .

شېكەر شەنبە سامادا ئەل، ناۋات يەكشەنبە ھەرئان كۈي،
نە كۈيكى، دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن بۇلبۇل ئاۋازى بۇ .

قېنىق كۆك چاي خۇمارى دىل، شېرىن سۆھبەت كۆڭۈل مەيلى،
ساتار بىرلە مۇقام تەشنا يۈرەك ئاشناسى — يارى بۇ .

شۇبۇ گۈلشەندە مەشرەپتە بىھاجەتتۇر تەكەللۇپمۇ،
كىمكى كەلسە تۆردىن جاي ئالۇرلەر، ئۆز دىيارى بۇ .

ھەۋەس قىلساڭ يارەن، قەشقەر بېغىنى بىر تاۋاپ ئەتكىن،
بەخت جامىدا مەي يۇتقان ئازاد ئەلنىڭ باھارى بۇ .

## قەشقەر ئۇستىسىغا

ھۈنەرۋەنگە پىرى — ئۇستاز قولى گۈل ئەي چېۋەر ئۇستا،
ئاياندۇر شۆھرىتىڭ ئەھلى جاھانغا شۇ قەدەر ئۇستا .

سىنىڭ بىرلە ئاتالغاندۇر ھۈنەرلەر قىبلىسى قەشقەر،
سىڭدۈردۈڭ ئەل ـ ۋەتەن نامى يولىدا قانۇ تەر ئۇستا .

ھۈنەر بابىدا ھەيراندۇر يېتۈك ئەقلىڭگە ئەفلاتۇن،
قارا مىس ئايلىنار زەرگە قولۇڭ تەگسە ئەگەر ئۇستا .

ياسايسەنكى ياغاچتىن گۈل تىزىپ ھەر تۈرلى ساز ـ ئەسۋاب،
نە سازكى، كىم ئىشتكەي بىر ناۋا، «بۇلبۇلمۇ» دەر ئۇستا .

چىمەندوپپاڭ چىمەنزارى بېرەر جەننەتكە ئەندازنى،
نە ئەنداز، پەردازى جەننەت گۈلدىن بىنەزەر ئۇستا .

بېغىڭنىڭ لالىسىدەك ئۈز چېچەك نۇسخا نەپىس مونچاق،
نە مونچاق، چېھرىدە قىزنىڭ جۇلاسى نۇر ـ ھۆكەر ئۇستا .

بېرىپ ھېكمەت سۈيىدە دەم سوقارسەنكى قۆيۇچتىن تىغ،
نە تىغكى، سۆلتى ئەرگە سىنىڭدىن يادىكار ئۇستا .

ئۆتەر يىللار، لېكىن ئەجرىڭ بۈيۈك سەنئەتكە شاھتۇر،
نە شاھىت، شاھىتى تارىخ، يەنە تاپ شان ـ زەپەر ئۇستا .

1979 ـ يىلى سېنتەبىر، قەشقەر .

# تارىمغا مۇھەببەت

سۈيۈڭنى ساپ، سۈزۈك دەيمۇ، بويۇڭنى تالۇ بوستانلىق،
كەچۈر، بۇ پاك سۈپەتىڭنى يالا ـ يالغاندا ياپقانلىق .

باياۋاندىن ئاقۇرسەن، ئۆپقۇنۇڭ كۆرمەيدۇ ھېچ سايە،
سۈيۈڭدىن نەپ ئالۇر ئەمما ئېقىندىن پەستە چاتقاللىق .

ئېگىز تاغدىن غۇلاچ ئاتساڭ سېنىڭ ئالدىڭدا توسقۇن يوق،
يالاپ قىرغاقنى يول ئالساڭ سۈيۈڭدە لايمۇ ئاققان لىق .

سۆيۈك لاي دەپ نېچۈن تەركى مۇھەببەت ئەيلىسۇن ئوغلۇڭ،
مۇھەببەتتۇر ماڭا لايىنى سۈرۈپ شىددەتتە ئاققانلىق .

تىرىكلىكتىن بېشارەتمۇ ئاشالماي قىر، سۈرەلمەي لاي،
يېشىل زۇمرەت كەبى چاقناپ سۈزۈك كۆلچەكتە ياتقانلىق .

1981 ـ يىلى سېنتەبىر، ئۈرۈمچى .

# كۆكلەم

بىلمەيمەن، ئاپىرىدە بولۇپ دۇنيا،
كۆكلەمنىڭ قانچە كېلىپ كەتكىنىنى.
بىلمەيمەن، قانچە كۆڭۆل ـ يۈرەكلەرنى
ئىللىتىپ شادلىق بەخش ئەتكىنىنى.

مەن، بىراق كىچىككىمدىن ئاشىق ئىدىم
كۆكلەمگە، تۈرلۈك ـ تۈمەن مۆجىزىگە.
تېرەكلەر ئۈزۈن ـ ئۈزۈن تارتسا پوتلا،
كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى كۆزلىرىمگە .

يامىشىپ سۆگەتلەرگە ئوينار ئىدىم،
چوكاننى سۇندۇراتتىم، نەي ياسايتتىم.
يەر بېتىدىن تېشىپ چىقسا قۇرت ـ قوڭغۇز،
كولايتتىم تۆشۈكىنى، تاڭ قالاتتىم.

باشلايتتىم ئېرىق ئېتىپ «سۇچىلىقنى»
«دەريا»دا تولۇپ ئاقسا ئەگىز سۈيى.
بەزىدە ئوغۇل تۇرۇپ قۇلىقىمغا
قىساتتىم ئېچىلغاندا كاككۇك گۈلى.
... ...
ھە شۇنداق شوخلار ئىدىم، تاقلار ئىدىم،
بىلمەيتتىم بىراق بۇنىڭ سەۋەبىنى.

بىر كۈنى باللارچە شۇنداق سوئال
ئۆزىگە ئەسىر قىلىپ ئالدى مېنى.

شوخلىنىپ كەتكەن پەقەت مەنلا ئەمەس،
ئەنە ئۇ قوزا نېچۈن تاقالايدىكىن؟
نېمىشقا ئۆستەڭلەردە شارقىرار سۇ؟
قۇشلار ھەم چاڭگا تىزىپ ھارمايدىكىن؟

(بالىدا باللارچە ئەقىل بار ـ دە!)
سوئال بوپ قالدى ئۇ چاغ سوئاللىرىم.
ئەمدىچۇ، بۇرۇت چىقىپ يىگىت بولدۇم،
جاۋابنى تاپتى چىگىش خىياللىرىم.

بىلدىمكى، كۆكلەم پۈتكۈل تەبىئەتنىڭ
قايتىدىن ھاياتلىققا يەتكەن چېغى.
ئاپتاپتىن نېچۈن جانلار سۆيۈنمىگەي؟
قەھرىتان قىشنىڭ سوغى كەتكەن چېغى...

1966 ـ يىلى مارت، خوتەن.



# مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس

نەغمىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرىنىڭ ئاۋازى ئىنسان روھىغا مەنىۋى ئوت تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر .

— «تەۋارىخى مۇسىقيۇن»دا ئەبۇ نەسىر فارابىينىڭ «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» ناملىق كىتابىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل .

ئەيا ساقىي شاراب تۇت، بىل بۇ دەم ئىلھام ماڭا ئۈلپەت،
نە ئىلھام، بىر زىبا گۈلئۈز مېنىڭ بىرلە قىلۇر ئىشرەت،
نە ئىشرەت، ئىشرەتى نەزمەم قۇرىغا گۈل تىزۇر رەت ـ رەت،
ئايان بولسۇن كۆيۈمدە كۆي ئاتاسى بىر بۈيۈك سەنئەت،
شاراب تۇت، ياق، مۇقامىڭ چال، چېلىپ دوستۇڭغا بەر رىغبەت .

تۇغۇلسام ئۆي ئىكەن نامرات، ئوقەت چاغلىق، بىسات ھەم ئاز،
لېكىن كۆردۈمكى تۆر تامدا نەقىشلىك داپ بىلەن جۇپ ساز،
قاچانكى مەن سوراپ قالدىم: پەقىرغا بۇ نېمە پەرداز؟
ئاتام ئېيتتى: ئۇنى چالساق قورساق ئاچ گەر، لېكىن مۇڭ ئاز،
شۇئان سايراتتى تەمبۇرنى ماڭا كۆرسەتتى بىر ھىممەت .

يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلمەستى تۇمەن بازغانۇ سەندەلدە،
كى بولدى سۇ مۇقامنىڭ مەرغۇلى بىر مۇڭنى بەرگەندە،
ۋە سەزدىم شۇ مۇقام ئەۋجى بىلەن پەرھاد كۆچى تەندە،

غېمىم يوقتى مادارىدىن تاغلىنى مىڭ پارە ئەتكەندە،
نە تاغ، ئەھلى مۇقامغا ئەيلىدىم تاغدىن ئېگىز ھۆرمەت .

ھالا شۇندىن بېرى نە دىلرەبا خەندىگە رايىم يوق،
نىگارىمكى مۇقام، ئۆزگە نىگاردىن ھېچ تەمەيىم يوق،
نىگاركى مېھرى يالقۇنلۇق، ئۇنىڭسىز دىل ئارامىم يوق،
ئۇنى سۆيگەن كەبى سۆيگەن يەنە بىر خۇش ناۋايىم يوق،
ئەگەر تەشنا بىتابدۇرمەن مۇقامدۇر نەق شىپا ـ شەربەت .

سىگاھ ئويغاتسا ھەر تاڭدا يېشىل قىرغاقنى سەيلەتسەم،
سېغىندىم چىن گۈزەللىكنى مۇقامى چەببيات چەكسەم،
چېلىپ مەن چارىگاھ دەيمەن ئەجەمدىن ئۆز ئانا ئۆلكەم،
يېپىشقايمەن مۇشاۋرەك ۋەجدىن چىنلىققا مۇستەھكەم،
كى ئېيتسام پەنجگاھ، يۈكسەك تۇيۇلدى بۇ ئەجىر ـ مېھنەت .

كى ئۆزھال ـــ ھالى مەزلۇمنىڭ، نە مەزلۇم بولمىسۇن غەمناك؟
ئازادلىق دەپ ئازاب چەككەن بوۋام دادى مۇقامى راك،
بايات ـــ باتۇر جەمەتىمنىڭ تېگىنى ئەسلىتۇر ھەر ۋاق،
جۇدالىقتا ئوشاقتىن ھەر جۇنۇن دەرمان ئالۇر ئانداق،
ناۋانىڭ قۇدرىتى نىمجاننىمۇ ئەيلەر باھادىر ـ مەرد .


تەكەللۇپ بىرلە جەننەتتە قىلۇرمەن گەر غەزەلخانلىق،
تاپار مەندىن مۇرادقا ھۆرىلەر ھاسىلى ئىمكانلىق،
نە ھۆر، چالسام تىرىكلەر جىسمىدىن قاچقاي پەرىشانلىق،
تېۋىپلەر ئوردىسى ئىچرە مېنىڭدۇر تەختى سۇلتانلىق،
قازاندىم شول سەۋەب دىلكەش بولۇپ سەنئەتتە خوپ شۆھرەت .

جاھان سەنئەت كۆكىدە ئەل مۇقامنى ماھى چولپان دەر،
چىمەنىدە شەرقىنىڭ بۇ كەبى چولپان تۇغۇلغان دەر،
كى بىلمەسلەر سورار ـــ بۇ يۇرت نېچۈن داڭدار ئاتالغان دەر،
بىلەر كىم: ھەر گىياھ، ھەر جان ئۇسسۇل، كۈيدىن يارالغان دەر،
شۇبۇ نام بىرلە ئالەمگە تونۇلدى بۇ ۋەتەن جەننەت.

ئىجاد شۇڭقارى نەسلىمنى نېچۈن مەن ئىپتىخار بىلمەي؟
مېنى چوڭ قىلدى شۇ ئەجداد مۇقام بىرلە ئىبىتىپ ئەللەي،
ئۇ تۇتقان ساز ـ تەۋەررۇكنى نېچۈن بىر ياخشى يار بىلمەي؟
ئۇنى جان بىرلە قوغداشنى نېچۈن ئەھدۇ ـ قارار بىلمەي؟
نومۇسچان ھەر مىراسخور تاجىدا بۇ دۇركى بىر زىننەت.

سورالسا گەر مىراسخور تۆھپىسى مەنكى ھامان پەستە،
ئۈمىدكە ھېچ جاۋابىم بولمىدى ئوتتۇزغا يەتمەستە،
قۇرۇق گەپتىن ئۈزۈپ قول، ئىش قىلاي دەپ گۆرگە كەتمەستە،
ئايان قىلدىم ئىرادەم گال قەلىمىم بىرلە مىڭ تەستە،
بولۇر ئارزۇ شېرىن قانچە، لېكىن كۈلمەيدۇ بىمىھنەت!

1980 ـ يىلى ماي، ئۈرۈمچى.



# يۇلغۇن چېچىكى

يوق سەندە قىزىلگۇل ھۆسنىچە سۆلەت،
يوق بەلكى ئەدناسى رەيھاندەك پۇراق .
ئەمەستۇر سۇمبۇلچە ئەۋرىشىم قەددىڭ،
بېزىمەس بەرگىڭنى يا يېشىل ياپراق .

شوخ بۇلبۇل ئىشقىغا ئەمەسسەن نائىل،
يوق ساڭا باغلاردىن ئالقانچە ماكان .
ياپرىقىڭ كۆرمەيدۇ شەبنەم ياكى نەم،
تەشتەكتە پەرۋەرىش ئەيلىمەس ئىنسان .

شۇندىمۇ خىسلىتىڭ، قەدرىڭ ئۆزگىچە،
تۇرىسەن چۆللەردە ھۆسنۈڭگە تولۇپ .
شاخلىرىڭ بورانغا ئەيلەيدۇ خىرىس،
تۇرىسەن باياۋان قەيسەرى بولۇپ .

قۇم كۆچسە كۆمۈلمەس بەستىڭ ھېچقاچان،
ئوق كەبى شىددەتتە يىلتىز سوزىسەن .
بىر غېرىچ قۇم كۆمسە، بوي سوزۇپ بىر گەز،
دۆڭ ـ دۆڭدە ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرىسەن .

تۆكۈلسەڭ قەبرەڭدۇر ئۆز جىسمىڭ تۈۋى،
رازىسەن چىرىشكە ئۆز جىسمىڭ ئۈچۈن .

دەرمانلىق شاخلاردا ئىككىنچى باھار،
ئېچىلار سەن كەبى چېچەكلەر گۈلگۈن .

بىتەلەي ئادەممەن (بولسامچۇ ھېكىم!)
ياساردىم سېنىڭدىن شەربەت، داۋالىق .
ئىچىشسە تېنى ساق، دىلى مەجرۇھلار،
ھېچ ئەجەب ئەمەستى تاپسا شىپالىق ...

1980 ـ يىلى سېنتەبىر، كورلا .

# ياشلىق ناخشىسى

قۇياش چېچىپ ئالتۇن ئاپتاپ نۇرلىرىنى،
قار - مۇز ئېرىپ، كۆلۈپقىنە كەلسە باھار .
ئويغىنىدۇ ئۇيقۇسىدىن دالا - ئېدىر،
رەڭمۇرەڭ گۈل - چېچەكلەرگە تولۇپ باغلار .

ئوخشىتىمەن شۇ باھارنى ۋەتەن ساڭا،
مەنكى سەندىن قۇۋۋەت ئېلىپ ئۆسكەن گىياھ .
ئىللىق قۇياش نۇرى بىلەن ياشىرارمەن،
سېنىڭ ئۈچۈن قەد كۆتۈرۈپ تىك قىيادا .

ئەي ۋەتىنىم، ئۆزۈڭ بەرگەن ياشلىقىمنى،
قوبۇل قىلغىن، سوۋغا قىلىپ تۇتتۇم ساڭا .
قىش كەلسىمۇ ئەسلا غازاڭ تاشلىماسمەن،
قارا بۇلۇت قىرو تاشلاپ ئۆتسە ماڭا .

ئۆمرۈم بويى ئۈزۈلمەيدۇ ناخشىلىرىم،
تاغ - دېڭىزدىن ھالقىپ، كېتەر ئۇزاقلارغا .
ئوينىتارمەن مىليون مەستخۇش يۈرەكلەرنى،
ھەر كۈيلىرىم ئايلىنىپ خۇش پۇراقلارغا .

* * *

كۈز شاملى سويلاپ ھەريان ئۇچۇشقاندا،
ياپراقلىرىم قىش قارىغا يولۇققاندا .
ناخشىلىرىم كۆكنى يېرىپ قىلۇر جەۋلان،
ئايلانسىمۇ قۇرت ـ قوڭغۇز ئۆلۈك جانغا .



# بايرام تەنتەنىسى

بۈگۈن ئەلدە بەلەن توي، كۈي ـ ناۋا ياڭرايدۇ ھەر ياندىن،
ئۇچار كۆككە يۈرەكلەر ئالقىشى قەشقەرۇ تۇرپاندىن .

ياساپ سەل ئاققىنى دەريا ئەمەس، دەرياسى شادلىقنىڭ،
ھاياجان ئۆركىشى مىڭ گەز ئېگىز ھەر كاتتا فونتاندىن .

جۇلالىق كەڭ زېمىن ھۆسنى قىزىل تاڭ جىلۋىسى بىرلە،
تۇتاش گۈلدەستە ئوتقاشتەك كۈلەر جەڭ قوينى ـــ مەيداندىن.

خۇشاللىقنى قىلۇر ئىزھار مۇقام يۈرتى ئەجەم بىرلە،
بولۇر پەيدا تۈمەن داستان بۇدەم چەكسىز ھاياجاندىن .

بۈگۈن چۈنكى تويۇڭدۇر ئەي ۋەتەن، قۇتلۇق كۈنىڭدۇر ھەم،
شۇڭا شەنىڭگە ياڭرايدۇ قوشاق كۈرمىڭ غەزەلخاندىن .

ئېچىلدى شەپقىتىڭ بىرلە بەخت شاخىدا گۈل ـ غۇنچە،
سائادەت ياغدى قوش ـ قوشلاپ سېنىڭدەك ياخشى غەمخاندىن .

مانا سەندە يېڭى دەۋران، يېڭى ئۆرلەش ـ سەپەرلەردە،
جاسارەت ئۇرغۇدى دىلدا ئۆزۈڭ بەرگەن ھەر پەرماندىن .

پورەكلەپ ئاچتى گۈل سۆيگۈڭ بىلەن ھەرنە ئۈمىد ئەمدى،
كېلەچەككە نەزەر سالساق گۈزەلدۇر ئەتىمىز ئاندىن .

گۈزەل كۈي بىرلە كۈيلەيدۇ شۇڭا شەنىڭنى ھەر مىللەت،
سالام! دەپ ئېھتىرام بىرلە گۈزەل پامىر، تىيانشاندىن .

تويۇڭنى ئەتكىلى تەبرىك بۈگۈن تىنزدىم شۇبۇ كۈينى،
ساداقەتتىن ياساپ مىسرا، ساڭا بەخشەندە ۋىجداندىن .

1971 ـ يىل سېنتەبىر، چىرىيە.



# دوستۇم بولساڭ

دوستۇم دېدىڭ مېنى، ماڭا قول ئۇزاتتىڭ،
مەنمۇ قولۇم سۇندۇم ساڭا سېخىيلارچە .
سەنمۇ مېنى، مەنمۇ سېنى بىلشمەيلا
«سىردىشپ»مۇ كەتتۇق گويا يېقىنلارچە .

لېكىن، ساڭا ئېيتاي مۇنۇ سۆزلىرىمنى،
ئاڭلاپ باققىن قېنى ئەگەر رەنجىمسەڭ .
هايات مسلى مەۋج ئۇرغان كەڭ دېڭىزدۇر،
شۇ قايىنامدا دولقۇن يېرىپ ئۈزەلسەڭ .

دۈشمەن كەلسە ئەلگە قارا كەلكۈن بولۇپ،
كۆكرەك كېرىپ ئۇنى ئارتقا سۈرەلسەڭ .
ۋەتىنىمدۇر سېنى، مېنى تۇغقان ئانا،
ئۇنى ئەزىز — ئەۋزەل بىلىپ سۆيەلسەڭ .

ئەگەر خەلقىم ئوت ئىچىگە كىرگىن دېسە،
يالقۇن ئىچرە مەغرۇر كۆكرەك كېرەلسەڭ .
دوستۇڭ ئۈچۈن باشقا كەلسە جاننى بەرمەك،
دادىلمساڭ، قولغا قولنى بېرەلسەڭ .

دوست دېيىشسەك سەنمۇ مېنى، مەنمۇ سېنى،
هېچ ئايرىلماس سىرداش ـ دىلداش بولۇپ كەتسەك .

شۇ ئەمەسمۇ چىن دوستلۇقنىڭ گۈللىگىنى،
بىر ئارماندا سوقسا بىر جۈپ سادىق يۈرەك .

1975 ـ يىلى ئاۋغۇست ، چىرىيە .



# قىلىچ ۋە قەلەم

ئەجدادىم كەچمىشى ئۆگەتتى ماڭا،
قىلىچ ۋە قەلەمنى مەھكەم تۇتۇشنى .
ھەر زامان ئۆزۈمگە بىلىمەن پەرز،
خەلقىمنى، ئېلىمنى ئەلا كۆرۈشنى .

ۋەتىنىم ئانامدۇر، نامى مۇقەددەس،
تەييارمەن، شۇم رەقىب قەدەم تاشلىسا .
ئاستىمدا ئۇچقۇر ئات، قىلىچ ئويىنىتىپ
بارارمەن قان كېچىپ جەڭلەر ئالدىدا .

دوستلىرىم، بىلىڭلار جەڭچى دەپ مېنى،
قوش قورال مەڭگۈلۈك مېنىڭ ھەمراھىم .
ۋەتىنىم كۆرسەتسە قايسى نىشاننى،
ھۇررا ... دەپ چاملاشقا تەييارمەن دائىم .

1968 ـ يىلى ئىيۇن، چىرىيە .

# ئۇرمىدا

تومۇز پەسلى، تىكلەنگەن قۇياش
ئورما قايناق قىردا — ئېتىزدا .
مەنمۇ غۇلاچ تاشلاپ بارىمەن
ئالتۇن باشاق تولغان دېڭىزدا .

كۆڭلۈم جەڭنىڭ ئىشقى بىلەن مەس
(كىممۇ بىلسۇن ئۇنچە ئۇستىدىن)
ئورغاق بىسى سېرىلىپ كەتتى .
بىخەستىلىك تۆپەيلى، سول قول —
چوڭ بارمىغىم سىجىلىپ كەتتى .

شۇ ئان پەيدا بولدۇڭ دوختۇر قىز
كۆكتىن ئۇچۇپ چۈشكەندەك گويا .
تاڭماق ئۈچۈن قىلدىڭ ئىلتىماس،
داكاڭ تەييار، قولۇڭدا دورا .

— ھېچقىسى يوق — دېدىم ئۇيۇلۇپ،
سولدىن قالماق ئېغىر تۇيۇلۇپ .
ئېڭىشتىڭىز، ھەش - پەش دېگۈچە
تېڭىق پۈتتى دورا قويۇلۇپ .

قىردا قويۇپ سومكاڭنى، بەلدىن —
ئورغاق ئېلىپ سولۇمغا چۈشتۈڭ .

— ئۆزۈم ئوراي — دېدىمىۇ، كەتتىڭ
ئىشداشلارنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈڭ .

ساڭا باقتىم سىنچىلاپ ئەمما
كۆرەلمىدىم چارچاشتىن ئەسەر .
قەلبىڭدە ئوت كۆيەركەن مىسلى
ماھىركەنسەن ئىشتا شۇقەدەر .

— رەھمەت! — دېدىم مېھرىڭدىن قىزچاق
شىپا بەردىڭ، كۈچ بەردىڭ ماڭا .
ئورغاق ئېلىپ قولۇمغا مەنمۇ
جەڭگە چۈشتۈم، ياندىشىم ساڭا .

*　*　*

تومۇز پەسلى، تىكلەنگەن قۇياش
ئورما قايناق قىردا — ئېتىزدا .
يېڭى ھېسقا چۆمۈپ بارىمەن
ئالتۇن باشاق تولغان دېڭىزدا .

1974 ـ يىلى ئىيۇن، غۇلجا .



# تېرىم پەسلى

قاتار ـ قاتار سەپ تارتىشىپ ئۆتتى كۆكتىن تۇرنىلار،
مۇزمۇ ئېرىپ كەلدى باھار يېزىمىزغا — دالىغا .
دېھقانلارنىڭ قەلبى چۆمدى خۇشاللىققا، ھەر كۈنى —
يېتىپ باردۇق ھەممە بىردەك ئېتىزغا تاڭ ئالدىدا .

كۆچۈرۈلدى نەچچە ئونلاپ تاغ ـ تاغ ئوغۇت يەلكىدە،
دەۋرىمىز ئىلھامى بەرگەچ تېنىمىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت .
ياڭرىدى ناخشا ساداسى جور بولۇپ تورغاي بىلەن،
ئويغىنىپ مەۋسۇممۇ تاقتى دەل ـ دەرەخكە گۈل ـ چېچەك .

باشلىدۇق تېرىم جېڭىنى ئىشلىدۇق بەس ـ بەس بىلەن،
بېرىدى پەسلنى بىزنىڭ قۇچقان ھەربىر شەرەپ ـ شان .
بىلىمىز، ھەر تامچە تەردىن كۈز كۈنى قەد كۆتۈرەر،
قامتى پەلەككە يەتكەن بۇندا مەغرۇر تىيانشان .

ئىشلەيمىز يەڭلەر تۈرۈپ، يېڭىچە غەيرەت بىلەن،
بۇ گۈزەل نۇرلۇق زاماندا بەختىمىز تاپقاچ كامال .
ھەر كۆكلەم بويىنغا مىڭلاپ غەلىبىدىن مونچاق ئېسىپ،
ئۆتىدۇ سەھرادا بىزنىڭ ھەر باھار شۇنچە خۇشال .

1966 ـ يىلى مارت، چىرىيە .

# ناخشاڭ بىلەن

نۇر بىلەن رەڭگارەڭ گۇللەر ئېچىلغان،
سەھنىدە كۆرۈندۈڭ سالامىڭ بىلەن .
كۆڭۈللەر زوقىنى تارتتىڭ ئۆزۈڭگە،
چولپاندەك گۈل چىراي ـ جامالىڭ بىلەن .

ئاۋازىڭ زال بويلاپ ياڭرىدى بىردىن،
جىم بولدى جىمى ياق، جىملەندى شۇدەم .
سەكرىدى يۈرەكلەر تىنىمسىز ئەمما،
ئۈيندى ئاجايىپ ناخشاڭ بىلەن تەڭ .

جۈپ قارا كۆزۈڭدە كۆرۈنەر يالقۇن،
گوياكى قىزىلگۈل چېھرىدە شەبنەم .
ئوخشاتتىم تاڭدىكى يۇلتۇزغا سېنى،
ئوخشاتتىم چولپانغا يەنە قويسام زەن .

ئۆمرۈمدە ئاڭلىغان ناخشام ھېسابسىز،
ھەيرانمەن بۈگۈنكى شادلانغىنىمغا .
ۋە ياكى ياشلىقنىڭ ئادىتىمۇ بۇ،
ئېيتقىنا، سىر بارمۇ ياكى تىلىڭدا؟ ...

ناخشاڭمۇ تۈگىدى، سەھنىدە كۆزۈم،
ۋە بىراق، قەلبىمدە باشقا بىر سادا .

**ناخشمۇ، ئەپسۇنمۇ ئېيتقىنىڭ زادى،**
**نە ئۈچۈن بۇ سەزگۈ بەخشەندە ماڭا؟ ...**

1969 ـ يىلى فېۋرال، چىرىيە .



# ئىجات قوشىقى

باھار پەسلى بولدى، ئىشلە، بۈگۈن ئىلكىڭدە ئىمكانىڭ،
ئىجاد ئەتمەككە ئۈندەيدۇ سېنى ھەر سەپتە دەۋرانىڭ،
تۈگۈن، تىلسىمنى يەشمەككە سەرپ ئەت ئەقلى ـ دەرمانىڭ،
مۆجىزە ئاسمىنى ئۆزرە قانات قاق، ئەيلە پەرۋازىڭ،
كى تارىخ سەھىپىسى ئۆزرە پۈتۈلسۈن تۆھپە ـ داستانىڭ .

ئېسىمدە، بىر زامان تۆت شۇم قۇرۇپ ھەر جايدا قاپقاننى،
ناكا قىلدى مەرىپەت كانىدىن گەۋھەرلە قازغاننى،
قىلىپ مىڭ ياڭزا رەڭۋازلىق سېتىپ ئىغۋانى ـ يالغاننى،
دېدى «ئاقلىق» ۋەتەنچۈن ئىزدىنىپ مەردانە ماڭغاننى،
ئۇ چاغ قەلبىڭدە ئۆرلەيتتى رەقىبكە قەھرۇ ـ ۋولقانىڭ .

بۈگۈن پەيمانى توشقان ئەل سۈرۈپ مۇدھىش تۈتەكلەرنى،
بىراقلا قىلدى كۇمپەيكۇم ئاشۇ ياۋ، پور كۆتەكلەرنى،
بەجا ئەيلەپ زەپەردىن دىلدىكى ئوتلۇق تىلەكلەرنى،
پەۋەس تولدۇردى شادلىققا شۇئان مىليون يۈرەكلەرنى،
شۇبۇ شانلىق يېڭىش بىرلە چېچەكلەپ كۆلدى ئارمانىڭ .

ئەنە باق، شۇ زەپەرنىڭ بايرىقى كۆكتە لەپىلدەيدۇ،
ئىجادقا چاقىرىپ زۇڭلى گويا مۇنبەردە سۆزلەيدۇ،
كۆنگە مىڭ مۆجىزە مەرغۇلى ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ،

خەلق جەڭدە، ۋەتەن جەڭدە، دەۋر چاقى گۈرۈلدەيدۇ،
ئىجاد ئىشقى بىلەن يانسۇن يۈرەك ـ قەلبىڭدە گۈلخانىڭ .

جاپا ـ مۇشكۈلگە بوي بەرمە، كۈرەش، مېھنەتنى يار ئەتكىن،
يەنە پەرھادچە خىسلەتنى، چىدام ـ غەيرەتنى يار ئەتكىن،
مەرىپەت باغىغا گۈل تەر، چېچەكلەت، يوقنى بار ئەتكىن،
ۋەتەننى بۇ چېچەكلەردىن تۇتاش باغ ـــ لالىزار ئەتكىن،
ئاشۇ گۈل ھۆسنىدەك كۈلسۇن نۇرانە ئەتە ـــ ئىقبالىڭ .

ۋاقىت مىسلى يۈگەنسىز ئات ئاڭا يەتمەككە بەل باغلا،
ياساپ پەندىن قانات، ئۇندىن ئۇچۇپ ئۆتمەككە بەل باغلا،
يىگىرمىنچى ئەسىرمۇ خوشلىشىپ كەتمەكتە، بەل باغلا،
چۆكۈپ تىلسىم سۈيىگە ۋە ئۇنى يەشمەككە بەل باغلا،
ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىل، تالمىسۇن بۇ يولدا كارۋانىڭ .

ۋەتەندۇر ئەڭ ئەزىز غەمخور، جېنىڭ بىرلە ئاڭا كۆيگىن،
ئۇنى گۈللەت ئىجادتىن بەلكى بۇ يولدا جاپا چەككىن،
ئانا مېھرى ساڭا سىڭگەن، ئاڭا لايىق جاۋاب قىلغىن،
تۇمەن دىل ھۆرمىتى شۇندا سۆيەر ئوتلۇق پىشانەڭدىن،
ۋەتەن ئەھلىنى شاد ئەيلەپ تارالسۇن تۆھپىكار نامىڭ .

ئۆگەن دوستلار، ئىجاد ئەتكىن يولۇڭدا نۇر چىراغىڭ بار،
ئۇلۇغ ئەل ۋە ۋەتەن باركى، ھېسابسىز ئەقلۇ ـ كانىڭ بار،
سەپەرلەردە ساڭا باش ئۇ جاپالىق يولدا رولچىڭ بار،
ئىجاد روھىڭنى كۈيلەشكە مېنىڭدەك كۈيچى يارىڭ بار،
جىمى ئالەمگە داڭ كەتسۇن، ئىجادىڭ، كۈلكە ـ خەندانىڭ .

1977 ـ يىلى ئاپرىل، ئۈرۈمچى .

# هاياتتىن خاتىرىلەر

ئانامدىن تۇغۇلۇپ يەرگە يان بېسىپ،
دۇنياغا كۆزۈمنى ئاچقاندا ئۇدۇل،
كىملەردۇ
شۇبھىلىك كۆزىنى شۇندا،
تاشلىشىپ بەستىمگە سوراق قويغاندۇ
«ئېيتىڭلار، بۇ بوۋاق قىزمىكەن ـ
ئوغۇل؟»
چىرقىراپ ئىڭرىغان چاغلىرىمدىمۇ
ئەر ئىدىم،
نەچچە يىل ئۆتتى قوغلىشىپ .
شۇڭلاشقا تەقدىرمۇ ئېغىرلىقىنى —
سالغۇچى كىشىلەر قېتىغا تولۇق،
ئېھتىمال مېنىمۇ قىلغاندۇ قوبۇل!
شۇ ئوغۇل سۆزىگە يارىشا تەقدىر،
تېگىشلىك قىسمەتنى بەرگەندۇ ماڭا .
ئېھتىمال
يىگىتلىك غۇرۇرى ئۇچۇن،
يامانلار كۆزىگە
تۆھمەتلىرىگە،
بولغاندۇ بۇ تېنىم ئوپئوچۇق قورۇل .
شۇڭمۇ ئون توققۇز يىلىم كۆكسىگە

قارايمەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ رەت ـ رەت .
ئويلايمەن،
ھاياتىم خۇددى گۈركىرەپ
بۇژغۇنلار چاچرىتىپ
قايىنغان دېڭىز .
تۇرمامدۇ ھەر يىلىم بەتلىرىدە كۆپ
خۇشاللىق،
يا ئېغىر ياشلىق ھاياتتىن،
ئۇنتۇلماس تامغىلىق،
ئىزتىراپلىق ئىز .

كائىنات ھېچقاچان بولمايدۇ تىنچ،
گاھ ئاسمان بۇلۇتلۇق،
گاھى يوپيورۇق .
بەزىدە چاقماقلار چاقسا پارقىراپ،
بەزىدە كۆك سەتھى تۇمانلىق ـ جۇتلۇق .
سەن ئەركەك ئىكەنسەن،
خۇددى ئاشۇنداق،
ھاياتىڭ ئۆتۈشى كېرەك ئېگىز ـ پەس .
بەزىدە بېشىڭغا كېلەر ئۆلۈممۇ
ھەتتاكى ئۆلۈمدىن ئېغىر بىرنەپەس!
ماڭىمۇ قانچە رەت چۈشكەندۇ شۇنداق
ئۆلۈمدىن ئېغىر كۈن
(ئۇنتۇلماس كۈنلەر)،
شۇ ئېغىر كۈنلەردە تۆھمەتلەر تولغان،
مۇھتتىن كۈچ بىلەن نەپەسلەر ئالماق!
ۋە لېكىن ئۆگەندىم
ياشاپمۇ قالدىم

شۇ قاتتىق كۈنلەردىن قانداق ئۆتتۈشنى .
گەجگەمگە رودۇپاي ئوخشاش يېپىشقان
قايغۇلۇق
ۋەھىمىلىك ئاشۇ كۈنلەرنى
كۈچ بىلەن ئىرغىتىپ مەغرۇر يۈرۈشنى .
چۈشەندىم:
ئېغىر كۈن ئوغۇل بېشىغا
كېلىدۇ
كېتىدۇ
يەنە خۇشاللىق .
ئۆگەندى كۆزلىرىم يىغلاشتىن كېيىن،
تۆھمەتلەر ئۈستىدىن
خەندان كۈلۈشنى .
دېمەككى
ھاياتمۇ بولمايدۇ ھېچ ۋاق،
پەقەتلا يىغىغا، قايغۇغا ئاشىق .
قىش كەتسە
گۈل باھار كەلگەندەك كۈلۈپ
راھەتمۇ كېلىدۇ جاپاغا لايىق .
ئېغىر كۈن — جاپادىن قاچماسمەن ئەمدى،
ھەقىقەت يولىدىن قايتماسمەن ئەمدى .

1969 ـ يىلى مارت، چىرىيە .

# قەلب سۆزۈم

دەۋرىم بېغىنىڭ كۆلگىنى، قىلماقتا چەكسىز شاد مېنى،
ناخشامغا مەزمۇن ــ كۈي تولا، قەلبىمدە ئىلھام تاشقىنى .

ئىشقىمنى سانسىز كۆز قىلىپ، باقتىم يىراققا زەن سېلىپ،
كۆردۈم پورۇقلاپ قايىنىغان جەڭگاھتا جەڭنىڭ ئەۋجىنى .

كۆردۈم قولىدا تۇغ ـ ئەلەم، باسماقتا مەردلەر گاك قەدەم،
كەلمەكتە ئۇندىن كۈي ـ ناۋا قوزغاپ كۆڭۈلنىڭ زەۋقىنى .

ھەر ياندا بايرام ـ توي ئەنە، ياڭرار زەپەرگە تەنتەنە،
كۈيچى ھاياجان ئىلكىدە ياڭراتتى كۆككە نەغمىنى .

ئالتاي دۇتارنى قىلسا ساز، سايرايدۇ تارىم خۇش ئاۋاز،
ئەيلەيدۇ ئىزھار دەۋرىگە شائىر ساداقەت ـ ئەھدىنى .

پامىر ئۇسۇلدا پىرقىراپ، سىرغىيدۇ قەشقەر چەكسە داپ،
سۆزلەيدۇ تەمبۇر سەھنىدە باغۋەنۇ بوستان قەدرىنى .

باقسام قاياققا مەيلى مەن، ئىلھام قولىدىن مەينى مەن ــ
يۇتتۇم ۋە كۆردۈم قىشى يوق، ئىللىق باھار ـ ياز پەسلىنى .

گۈللەر ئېچىلدى ھۆپپىدە، رۇخسارىمىز گۈل ھۆسنىدە،
سۇرمەكتە خەلقىم بەھۇزۇر، گۈلگۈن ھاياتنىڭ پەيزىنى .

سايراشقا ئوبدان پەيت ماڭا، كەلدى گۈلستان قويندا،
قىلدىم قەسەمىياد كۆك يىرىپ، ئۇچماققا كۆزلەپ پەللىنى .

1968 ـ يىلى ماي، ئۈرۈمچى .



# يېڭى يىلغا

كەتتى غالىب، شانلىق ئاشۇ يىلدىن بېرى،
مانا ئەمدى يېڭى يىلنى كۈتمەكتىمىز .
كەل، يېڭى يىل ساڭا سوۋغا، ساڭا تەبرىك،
غەلبىلەردىن قولىمىزدا گۈل دەستىمىز .

كەلدىڭ ئەنە يۈزلىرىڭدە شوخ تەبەسسۇم
كۈلمەكتىسەن قاراپ زاۋۇت، خامانلارغا .
كەلمەكتىسەن بىزدىن يېڭى ئۈمىد كۈتۈپ،
قۇلاق سېلىپ بىزنىڭ نەغمە ـ ناۋالارغا ...

ئەي يېڭى يىل، ئەسلە ئۆتمۈش زامانلارنى،
ئاڭلىغانسەن قاچان مۇنداق ناۋالارنى .
ئۇ چاغلاردا سوغلا كېلىپ، سوغ كېتەتتىڭ،
خۇشالغىنا كۆرەلمەي تاغ ـ جىرالارنى .

ھېچ تېۋىشسىز ئۆتكىنىڭدە مەلىمىزدىن،
ئاڭلايتتىڭغۇ مۇڭلۇق يىغا ـ زارىمىزنى .
ئۆتكىنىڭدە يەر تەكتىدىن ــــ خاك ئاستىدىن،
ئاڭلايتتىڭغۇ ئىڭرىغان ئاھ ـ نالىمىزنى .

ئۇ چاغلاردا لەۋلىرىمىز چاك ـ چاك يېرىق،
تىرىك تۇرۇپ جاننى ئالغان ئالۋان ـ سېلىق .

تالاي يىللار بايىلار ئۈچۈن كولاپ كۆمۈر،
قان ـ تەر تۆكۈپ يەرنى تىلغاپ ئۆتكەن ئۆمۈر .

بىزنى قىيناپ ئۆتكەن يىللار كۆلپەتلىرى،
تەندىن ئۆتكەن ئازاب دىلغا بېرىپ يەتكەن .
قانچە جانلار كۆزىن يۇمماي ئارمان ئىچرە،
تەگسىز زۇلۇم گۆرلىرىگە كىرىپ كەتكەن ...

ئۇ چاغلاردا كۈتەلمەيتتۇق يېتىپ كەلسەڭ،
خۇشالغىنا كۆڭۈللەردىن سېنى قۇتلاپ .
كېتىشىڭدە ئۈن ـ تىنۇشسىز ئايرىلاتتۇق،
بىز قالاتتۇق ھەر كۈنۈڭدىن شۇنچە قاقشاپ .

كۆرەلمەيسەن ئەمدى ئۆتمۈش قارا تۈننى،
مەلىمىزدىن يىغلاپ ئۆتكەن ئاشۇ كۈننى .
تالاي يىللار ئۆتتى سەندەك ئالدىمىزدىن
قىل تاماشا قۇچقان شەرەپ ـ شانىمىزنى .

مەرھەمەت قىل، كۆرگىن ئەنە تارىم بويى،
باياۋاندا چېچەكلەتكەن بېغىمىزنى .
سېنى قارشى ئالۇر جەڭچى مەردانىلەر،
كۆرگىن ئەنە يەڭ تۈرۈشكەن ئوغۇل ـ قىزنى .

مەرھەمەت قىل، گۈزەل پامىر بويىلىرىغا،
تاشلىق ئارا قاتار كەتكەن بىنالارغا .
شوخ گۆدەكلەر سايراپ كۈلۈپ سېنى ئورار،
گۈزەل خوتەن ئەتلىسى ـــ گۈل تاۋارلارغا .


مەرھەمەت قىل، بىزنىڭ يېڭى يېزىمىزغا،
ئەنە بەختى كۈلگەن بوۋام ساڭا قارار .

ئىشچان دېھقان مول ھوسۇلدىن تاغلار ياساپ،
توسقۇن يېرىپ غەلىبىسىرى ئالغا بارار .

مەرھەممەت قىل، بىزنىڭ تەبرىك بەزمىمىزگە،
شۇنچە خۇشال سايرار غېچەك ـ دۇتارىمىز .
قۇلاق سالغىن ياڭرىماقتا كۆكنى يېرىپ،
دەۋرىمىزگە مەدھىيىمىز ـــ داستانىمىز .

كەپمۇ قالدىڭ، ساڭا سوۋغا، ساڭا تەبرىك!
غەلىبىمىزدىن قولىمىزدا گۈل دەستىمىز .
بوپ قالۇرسەن يەنە غالىب يىلدىن بىرى،
كۈرەشلەردە ئۇيقۇن يېرىپ ئۆزمەكتىمىز .

1973 ـ يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى.



# قايىلمەن

(خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش قىسىملىرىغا)

دالانى قار باسقان، قۇشلار ئۇۋىدا،
ئىشچى ئاكام ۋە لېكىن تاپمايدۇ تىنىم .
تاغۇ ـ تاش سىلكىنىپ كۆچەر ئورنىدىن،
ھەر نۆۋەت ھەيۋەتتە ئۇرغاندا مىتىن .

تېشىلدى قانچىلاپ تونېل مۇشۇنداق،
قاتلاندى قانچە رەت تاغلار بېلىدىن .
بۇ ئەمەس يا خىزىر، ئەۋلىيا ئىشى،
ئارمىيەم ھەممىگە قادىر ئەزەلدىن .

تونۇگون قولىغا ئالغان ئۇ مىلتىق،
قۇترىغان تەلۋىنى تىترەتكەن غال ـ غال .
ئەمدىچۇ، چېگرىدا جەڭچى ۋە ئىشچى،
مۇشكۇللەر قەھرىنى قىلىدۇ تارمار .

* * *

دالانى قار باسقان، قۇشلار ئۇۋىدا،
ئىشچى ئاكام ۋە لېكىن تاپمايدۇ تىنىم .

**ئالقشقا ھەقلىقسەن ئۇلۇغ ئارمىيەم،**
**سەن تامان ئاقماقتا ناخشام، ھۆرمىتىم .**

1966 ــ يىلى نويابىر، جىڭجۇ .



# گۈلەم

(چالا مۇخەممەس)

جاھاننىڭ باغلىرى سەندىن ئالۇرلەر ھۆسنى ئەندازنى،
ساڭا تەڭداش بولالماس ھېچ، ياقار ھەرنەچە پەردازنى،
تاماشا ئەيلىشەر جەننەت قۇشى سەندە كۆرۈپ يازنى،
كۆرەر ھەمدە تالۇ مەجنۇنلىدىن ھۆردىن ئۆتە نازنى .

گۈلەملىك ئۆيدە ئولتۇرسام ئۆزۈمنى باغدا چاغلايمەن،
ئېسىل گۈللەر يۇراق چاچتى دەبان ھېچ شۇبھە ئالمايمەن .
زىمىستان قىشتىمۇ كۆكلەم ھۇزۇرنى قۇچاقلايمەن،
گۈزەللىكلەر تامام ئۇشبۇ گۈلەمگە ياغدىمۇ دەيمەن .

ئەسىرلەر سەنئىتى — كۆركى گۈزەل ھۆسنۈڭگە جەم بولغاچ،
بوۋام ئۆز يۇرتىنى نۇسخا قىلىپ ئۆز رەڭگىنى قويغاچ .
تالۇ تال يىپلىرىڭ دەشتى قانۇ تەر مېھرىگە تويغاچ،
مىراسخور نەۋرىگە نەۋرە، سېنىڭ پەنجەڭنى چىلىڭ ئۇرغاچ .

يىراق يۇرتتا سەير قىلساڭ ئۆتۈپ گەر تاغۇ، ئوكياندىن،
سورار شۇندا بىراۋلار: سەن قەيەرلىك، قايسى بوستاندىن .
تاراتساڭ نامنى ئەلنىڭ كۆلەر كۆڭلۇم شەرەپ ـ شاندىن،
يىبىرىلماسمۇ يۈرەك، نامىم، غۇرۇرۇم ئۆسسە ئاسماندىن .

ئۈمىدىم شۇ ئۈزۈش ئىچرە پەقەت بىر يىپ بولۇپ ياتسام،
ۋە يا دەپتەر ـ قەلەممنى ساڭا بىر پەنجىگە ساتسام،
ئىجادىمدا سىنىڭدەك بىر چېچەك ــ غۇنچىنى ياشناتسام،
ئاشۇ گۈلنى ساڭا گۈل چەككۈچىنىڭ كۆكسىگە تاقسام .

1973 ـ يىلى ئاۋغۇست، خوتەن .



# ۋەتەنگە

جاھاندا بولمىغاي ئۆزگە ھالاۋەت،
دىيارى سۆيىدىن قەترە يۇتماقتىن .
پەرزەنتكە بولمىغاي ئۆزگە ۋەزىپە،
ئانىنىڭ سۆزىنى ئەستە تۇتماقتىن .
ئانىسىز دۇنياغا كۆز ئاچماس زىجان .
ۋەتىنىم قەرزىڭ بار زىممەمدە ھامان .

ۋەتەنچۈن جەڭلەردە قانلار ئاققۇزۇپ،
ئۆلسەم گەر كۆزلىرىم يۇمۇلغاي دەيمەن .
رەقىبى بېشىنى چورت ئۈزسەم ئاندىن،
جەسەتىم تۇپراققا كۆمۈلگەي دەيمەن .
ۋەتەنچۈن جان پىدا قىلماق ئارامدۇر،
مېھرىنى ئۇنتۇماق شەكسىز ھارامدۇر .

1974 ـ يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

# تاڭ ناخشىسى

ئېچىپ يۈز نۇر قۇياش ھەر تاڭ بېزەپ بوستانۇ - جەننەتنى،
بەخش ئەتكەندە ئاپتاپتىن زېمىن ھۆسنىگە زىننەتنى .

قىلىپ نەغمە سەھەرنىڭ پەيزىنى سۆرگەندە شوخ بۇلبۇل،
ھايات كارۋانى ئاچقاندا ئۆمۈردىن بىر يېڭى بەتنى .

يېڭى تاڭغا باقارمەن كەڭ جاھانچە ھۆرمىتىم بىرلە،
يىغىپ ھەر بىر قاراشىمغا جىمى ئىشقىمنى، ئىززەتنى .

ئاشۇ چاغ تاڭ قۇياشىغا تۈمەن مىڭ ئېھتىرام دەيمەن،
قېتىپ نەزمەمگە كۆڭلۈمدىن ئاڭا تاشقان مۇھەببەتنى .

1978 - يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى .



# تۇرپان سىكىلى

## 1. قۇتلۇق سەپەر

ئەتىگەن، خۇشخەن [1] مۇنارى ھۇسنىدە،
لالىدەك چاقنار شەپەقنىڭ جىلۋىسى .
ئىلكىدە تاڭ شادلىقىنىڭ بۇ شەھەر،
چېھرىدە قايناق ھاياتنىڭ بەلگىسى .

تۇرىمەن ۋوگزالدا شۇنچە ئىنتىزار،
كۈتىمەن قۇتلۇق سەپەرنى زارىقىپ .
ئېھ، مانا قوزغالدى پويىز چاقلىرى،
جۈپ رېلىس بويلاپ شەرققە يول ئېلىپ .

شۇڭغۇدى قەلبىم ھاياجان قوينىغا،
زوقلىنار كۆڭلۈم يىراققا ئىنتىلىپ .
كەڭ زېمىن ھۆسنىدە ھۆرمەت نەزىرىم،
قايتىدۇ ئىلھام بېغىدىن گۈل تېرىپ .

بارىمەن يالقۇن نەپەسلىك ئات بىلەن،
بىپايان تاغۇ دالانى ياڭرىتىپ .

---

① — ئۈرۈمچىدىكى قىزىلتاغ .

بارىمەن ئۆتكۈر قەلەمنى چىڭ تۇتۇپ،
جەڭگىۋار تۇرمۇش سىپىگە ئاتلىنىپ .

چالدى كۆي پويىزمۇ ئاستا پۇشقۇرۇپ،
شوخقىنا چىرتىلدى قەلبىم تارىسى .
ئاچتى يۈز چەكسىز گۈلستان ـ لالىزار،
ئىھ، ئەنە ئالدىمدا تۇرپان ۋادىسى .

ئاڭلىدىم: ئىپتىماقتا بۇلىۇق[1] مەرھابا،
ئېتىدىم مېھرىنى مەينىڭ تەمىدىن .
گۈل تۇتۇپ كەلدى ئاتەشتاغ قىزىمۇ،
بەردى جاي يارغول[2] گۈلستان قوينىدىن .

## 2. يالقۇنتاغ باغرىدا

شۇنچە زور تاغنىڭ بەھەيۋەت قامىتى،
قىپقىزىل يالقۇن سۈپەتلىك تاشلىرى .
سانجىلىپ كۆچمەن بۇلۇتلار كۆكسىگە،
كۆك تىرەپ تۇرماقتا مەغرۇر باشلىرى .

باغرىدا جەننەت جامالى نۇرلىنار،
ئېتىكى چەكسىز ئۈزۈمزار ۋادىسى .
ئۇردى جۇش قەلبىم قېتىدا ئىپتىخار،
ئىھ، بۈگۈن مەن شۇ ئۈزۈمزار بالىسى ...

تىكىلىپ باقتىم بۇ تاغنىڭ بەستىگە،
زوقلىنىپ ئالتۇن دىيارنىڭ ھۆسنىگە .

---

① ② — جاي ناملىرى .

جەڭگىۋار، جۇشقۇن ھاياتنىڭ كارۋىنى،
يول ئېلىپ ماڭماقتا پارلاق ئەتىگە.

پايانسىز كەڭ ئېتىز ـ قىردا تېرىمنىڭ ئەۋجىنى كۆردۈم،
يېگىت ـ قىزلار تىرىشقان تەك، چېلىشنى ـ بەيگىنى كۆردۈم.

راۋان ئاقماقتا تارلاڭ[1] دىن ئۈزۈمزار قوينىغا شەربەت،
ئەجەب تاتلىق كۈنى ئەلنىڭ، باياشات ـ بەختنى كۆردۈم.

كۆمۈلگەن گۈلگە يالقۇنتاغ، چىمەنزار باغرى[2]، يارغولمۇ،
چېچەكلەپ قۇملۇقى دەشتنىڭ ياسانغان پەيزىنى كۆردۈم.

ئېلىپ كەتمەن قولۇمغا مەن قوشۇلدۇم بۇ قوشۇن ـ سەپكە،
ياشارغان مايسىدىن تۆككەن تېرىمنىڭ ئەكسىنى كۆردۈم.

بۈگۈن بۇندا ماڭا ئۇستاز كۆيۈمچان پەھلىۋان دېھقان،
ئەقىل ـ جىسمىمگە كۈچ قاتقان دېڭىزدەك مېھرىنى كۆردۈم.

دېگەندە مەن ئەبەدكە بۇ ئېسىل روھقا بولاي ۋارىس،
گويا شۇ روھ بىلەن كۈلگەن ئۇلۇغۋار ئەتنى كۆردۈم.

## 3. كارىزچىنىڭ قەلبى

كەپتۇمىش تۇرپانغا بىر چاغ ئەۋلىيا،
(ئاڭلىدىم شۇنداق رىۋايەت ـ پەتىۋا.)
تىلسىمات قىلغاچقا تاغنى قارغىشى،
سۇ ئىمىش ئابىھاياتتىن ئەتىۋا.

---

① ② ــ جاي ناملىرى.

مەن بۈگۈن تۇرسام شۇ تاغنىڭ قوينىدا،
ئىشىنەي قانداقمۇ كونا گەپكە مەن .
تاغ ئۆزى ئىپتار جاھانغا لەۋزىنى،
قاندى دەپ تەشنالىقىم ھۆر تاك بىلەن .

راست، ئەنە گۈل رەڭ دالانى قاندۇرۇپ،
باغرىدا ئاقماقتا ئەلۋەك شەربىتى .
تۇتۇشار تىزگىننى غەيۇر سۇچىلار،
خالىدۇر چاك ـ چاك يېرىقتىن يەر بېتى .

بۇندا ھەم ھېچكىم سامادىن سۇ تىلەپ،
باش ئېگىپ تۇرماس ئىلاھنىڭ ئەمرىگە .
ئۆزى تەر تۆككەن كارىزغا ئۆزى باش،
ئىگىدۇر يەر، سۇ، ھوقۇقتا ـــ ھەممىگە .

ئويدىمەن: قانداق كارامەت كۈچ بىلەن،
بۇ زېمىن قانغاندۇ زۇمرەت سۇ بىلەن .
تاللىسام مىسرالىرىمنىڭ سازىنى ـــ
ئاتىسام، سۆيسەم مۇبارەك قولنى مەن .

شۇ ھەۋەس ئارزۇ ئېتىمغا قامچا بوپ،
كۆرگىلى كەلدىم كارىزچى مەردلىنى .
چىلك تۇرۇپ باتۇرلار تۇرغان سەپتە مەن،
تۆككىلى كەلدىم پېشانە تەرىنى .

كېلىپ كارىزغا ـــ مەيدانغا كۆرۈپ جۇشقۇن قىياپەتنى،
يېرىپ يەرنىڭ تېگىدىن سەل ئېقتقان بۇ كارامەتنى .

شۇئان مەنمۇ شمايلاپ يەڭ، كىرىپ كەتتىم يېڭى جەڭگە،
كارىز قازغان دېھقانلاردىن ئۆلپ ئۆلگە، جاسارەتنى .

شاگىرت ـ ئۇستاز بولۇپ بىر تەن، كۆرەش مارشنى تەڭ توۋلاپ،
يۈرۈپ كەتتۇق هامان ئالغا بۆسۈپ توسقۇن ـ مۇشەققەتنى .

بىرى تۇتسا ماڭا سىنچاي، بىرى سۈرتتى پېشانەمنى،
شۇ چاغ سەزدىم قېرىنداشلىق مۇھەببەتنى، هارارەتنى .

يېنىمدا پېشقەدەم دېھقان — (يېقىن دوست ۋە سىرداشىمىز)
راسا ئەۋجىگە يەتكۈزدۇق قىزىق سۆزلەرنى — سۆھبەتنى .

دېدىم: رەھمەت چېلىشچانلار ماكانى ئەھلى تۇرپانغا،
دېدى: مەڭگۈ بوشاشمايمىز يېڭىپ هەردەم قانائەتنى .

دېدىم: زەپمۇ تېمەن ـ روھلۇق ئىكەنسىز، چارچىماسكەنسىز،
دېدى: دەۋرانە بەرگەندۇر پولاتتەك چىڭ بۇ قامەتنى .

بۈگۈن تۆككەن تېرىمگە هەم هوسۇلغا مەن خوجا تۇرسام،
نېچۈن ئويلاي پاراغەتنى، ئارام ئالماقنى — راھەتنى .

بار مسال: «قايتمايدۇ يولۋاس ئىزىدىن،
مەرد يىگىت قايتمايدۇ ئېيتقان سۆزىدىن .
جان تىكىپ تاكى بۇ ئۆمرۈم پۈتكىچە،
ماڭمەن كومپارتىيىنىڭ يولىدىن .»
دېدى ـ دە، دېھقان تۇگەتتى گېپىنى،
چاقندى سۇنماس ئىرادە كۆزىدىن .

پاھ! دىدىم، چوڭقۇر دېڭىزدەك مەنىلەر!
لاي ئاياغ ئاددىي دېھقاننىڭ سۆزى بۇ .
چاقنىغان ئەلگە مۇھەببەت ئاتەشى
قىپقىزىل گۈلخان يۈرەكنىڭ ئۆزى بۇ!

ئويلىدىم: شۇنداق زەبەردەس كۈچكە باي
پەھلىۋان پەرھاد سۈپەتلەر بار ئىكەن .
ئازغىنە تۇرپان چۆلى ھېچقانچە گەپ
يۈركىنەر پۈتكۈل جاھانمۇ گۈل بىلەن .

## 4. خوش! تۇرپان

ئىچكىلى مېھرىڭ سۈيىنى سەن تامان ئۇچقاندا مەن،
ئۆز ئانام قوينىنى تاپتىم بۇ گۈزەل بوستاندا مەن .

شۇ ھامان چەكسىز مۇھەببەت قوينىغا كەتتىم چۆمۈپ،
جانجىگەر ئوغلۇڭ بىلىپ قۇچىقىڭ ئاچقاندا مەن .

تاۋلىدىڭ مېھنەت ـ كۈرەشنىڭ قوينىدا ھەردەم مېنى،
كۈچ ـ مەدەت بولدۇڭ سەپەردە ھەر قەدەم باسقاندا مەن .

كۈيچى شوخ بۇلبۇل بولۇپ قاتتىم كۈيۈمگە خىسلىتىڭ،
سايرىدىم سەندە ئىجادىم مېغىزىن چاققاندا مەن .

سەندىكى ئۆتكەن مىنۇت تالىق مۇقەددەس مەنگە،
ياشنىدىم باغىڭدا ئىشچان باغۋەنىم تاپقاندا مەن .

خوش، بۈگۈن ئوغلۇڭ شەھەرگە ــ يۇرتىغا قايتماقتىدۇر،
تەربىيەڭ ساقلاي ئەبەدكە تاغ ـ داۋان ئاشقاندا مەن .

خوش، مېنىڭ ئۇستازلىرىم خوش، خوش گۈلىستان تۇرپانىم،
ئۈمىدىڭ ئاقلاي قىلىپ جەڭ شان قۇچۇپ مەيداندا مەن .

1976 ـ يىلى ئاپرېل، تۇرپان .



# ئالقىش ساڭا

قەلبىمدە تۇغۇلار ئوتلۇق ھاياجان،
ھەرقاچان نامىڭنى تىلىمغا ئالسام .
دەۋرىمنىڭ گاڭ بىلەك باتۇر ئوغلىسەن،
ئىرادەڭ پەرھادتەك ئەي خاڭچى تاغام .

ئەجرىڭ بار ھەر سەپتە، ھەسسەڭ بار سېنىڭ —
يۈك باسقان پويىزنىڭ مېڭىشلىرىدا .
مىڭلىغان پېچلاردىن پولات سۈيىنىڭ،
دەرىيادەك سەل ياساپ ئېقىشلىرىدا .

ئىستانوك چاقلىرى ئايلىنار غۇر ـ غۇر،
سايرايدۇ شەنىڭگە ئېيتىشىپ ناخشا .
قەھرىتان سوغدىمۇ ئۆيىمىز ئىسسىق،
كېچىمۇ يوپيورۇق كۈندۈزدەك گويا .

شەرىپىڭ تۈمەن مىڭ داستانغا لايىق،
دەۋرىمنىڭ خىسلىتى جەملەنگەن سەندە .
قولۇڭدا گاڭ قورال، بارسەن ئالغا،
زېمىننىڭ تەكتىدە چېلىشتا ـ جەڭدە .

* * *

**قەلبىمدە تۇغۇلار ئوتلۇق ھاياجان،**
**ھەرقاچان نامىڭنى تىلىمغا ئالسام .**
**ئالقىشقا ھەقلىقسەن ئەي ئىشچى تاغام،**
**سەن تامان ئاقدۇ ھۆرمىتىم، ناخشام .**

1973 ـ يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى .



# ئەتلەسكە مۇخەممەس

نەۋ باھار خۇش جلۋىسى ھۆسنۈك ئارا جەۋلانەدۇر،
ھەر سەھەر كۈلگەن شەپەق سەندىن خجىل ھەيرانەدۇر،
رەڭمۇ رەڭ دۇردۇن، تاۋار بىر سەن ئۈچۈن مەستانەدۇر،
كۆكتە ھەم ھەسەن ـ ھۈسەن ئىشقىڭ بىلەن سەدپارەدۇر،
گۈلسەن يۇرتۇم، ئېتىڭ، داڭقىڭ بۈگۈن يېگانەدۇر .

ياپېشىل ياپراق بىلەن ئىشچان موماما باقسا غوزەك،
قول سېلىپ غۇنچە كېلىن تال ـ تال قىلىپ تارتسا يىپەك،
ئۇستا ئاتام ساپ تەرىدىن بەرسە ھۆسن تاقسا بىزەك،
موكىلار قوينۇڭ ئارا ئويناپ ئۇسسۇل چاچسا چېچەك،
تەخلىنىپ تۇرساڭ يېنىپ كۆڭلۈم كۈلۈپ خەندانەدۇر .

يەلپۈنۈپ تۇرساڭ ئەزىم قاش دولقۇنى سەندىن ئايان،
يېشىللىڭ پەسلى باھار باغدىن دېرەك، يايرايدۇ جان،
ساپسېرىق زەرباپلىرىڭ پەرداز ئۈچۈن ئالتۇنغا كان،
دەرگۇمان بولسا ئەگەر ھۆسنۈڭگە بىر باقسۇن جاھان،
قىزىللىڭ گۈلخان گويا گۈلشەن ئاڭا پەرۋانەدۇر .

بارچە رەڭ پايۇ پېتەك بولغاندا سەن سۇلتان ئەگەر،
مىڭ قانات تاپمىش سابا مەڭزىڭگە لەۋ ياققاندا ھەر،
قىزلىرىم توي ـ بەزمدە كىيسە تېنى يايراپ كېتەر،

قانچە ئۇزنى موددىنى رەشقلى سىنلى زەرداب ئىتەر،
بار لاتا خان بولسا گەر چىھرىلى ئاڭا گۈلتاجدۇر .

چىن سۆزۈم، سەن ئەتلسىم يۇرتۇمغا نام، رىزقىم دىسەم،
ساڭا رەڭ بەرگەنلىگە ئالەمچە بار ئىشقىم دىسەم،
ئاشۇ سەنئەت ۋە ئاشۇ مىھنەتتە جان ـ جىسمىم دىسەم،
قولى گۈل ئەجدادلىرىمغا دىلدىن قوشاق تىزدىم دىسەم،
مەن ئۈچۈن ھەر تال يىپەك پۈتمەس شېئىر ـ داستانەدۇر .

1974 ـ يىلى ئىيۇن، خوتەن .



# ھەسەن ئۇستام

مەلە ئىچى باراقسانلىق يول بىلەن،
ئېتىز ياققا ماڭغان چېغىم ئەتىگەن .
نەچچە ھارۋا چىقىپ كەلدى ئالدىمدىن،
ناغرا ـ سۇناي چېلىپ، ناخشا ـ كۈي بىلەن .

(توي كۆچتىمۇ دېدىم ئاستا ئۆزۈمگە)
ھەيۋەت بىلەن كەلدى كارۋان يېقىنلاپ .
سەپ ئالدىدا ئۇچۇۋاتقان ھارۋىغا،
قاراپ قالدىم زوقۇم بىلەن سىنچىلاپ .

پەشكە قونغان ھەسەن ئۇستام ئەمەسمۇ؟
«ئوھۇي!» دېدىم، سوراپ قالدىم سۆز قېتىپ .
«سەپەر نەگە بۈگۈن بۇنچە ئەتىگەن،
ھارۋىلارغا تاغدەك ـ تاغدەك يۈك بېسىپ؟»

سۆز باشلىدى ئۇستام شادلىق ئىچىدە:
«چىقتۇق ئۇكا بۈگۈن راسا ئارماندىن .
مول ھوسۇلنى ئېلىپ ماڭدۇق دۆلەتكە،
چەشنى چەشلەپ تۇنجى ئالغان خاماندىن .»

سۆزمۇ تۈگەپ قامچا لەرزان سىلكىندى،
سېمىز ئاتلار ئۇچتى گويا تۇلپاردەك .

ئەنە قامچا تۇتقان قولدا تارتۇق ئىز ،
«يالت» قىلدى ئويغا قوچاق ئاچقاندەك .

كۆز ئالدىمدا بولدى ئۆتمۈش نامايان،
كۆردۈم تارىخ ئاشۇ قانلىق تامغىدىن .
ھەسەن ئۇستام بايغا كالا ئورنىدا،
كۆتەك ھارۋا سۆرەپ يۈرگەن چاغلىدىن .

* * *

ئىككىنچى ئاي، شۈرغانلىق چىغىر يول،
كونا ھارۋا تۇرار يولدا يېگانە .
ئاغرىق ئۆكۈز ئۆلگەن سوغۇق دەستىدىن،
يىغلىماقتا ئۆكسۈپ ھەسەن بىچارە .

چورۇق تارتقان پۇتى ئۇنىڭ مۇزلىغان،
يەتمىش ياماق چۈشكەن جۇۋا ئۇستىدە .
قاچاي دېسە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق،
مىڭىپ كەتتى زورغا باينىڭ ئۆيىگە ...

كاركىرايدۇ مەنسۇر ھەدەپ دېۋەيلەپ،
«كۆرستىمەن قىيامەتنى كۆزۈڭگە .
ئۆكۈزۈمنىڭ خۇنى يەنە قېتىلدى،
ئاتا ـ ئاناڭ تاشلاپ كەتكەن قەرزگە .»

پىرقىرايدۇ ھەسەن لىمغا ئىسقىلىق،
تەنلىرىدە سويلار باينىڭ قامچىسى .
تۆن قوينىغا تاراپ كەتتى ئاھۇ ـ زار،
بېسلغاندا ئاڭا قۇللۇق تامغىسى .

*　　*　　*

ئەل بەختىگە يېڭى دەۋران يۈز ئاچتى،
تاڭمۇ ئاتتى، كەتتى زۇلمەت باشلاردىن .
ھەسەن ئاكا ئالدى بايدىن ئەنتىنى،
ئۈندى چېچەك تۆككەن قانۇ ـ ياشلاردىن .

شۇندىن بېرى داۋام سەپتە جەڭچى ئۇ،
قىزىل جالا تاققان قامچا قولىدا .
ئەل ئىشىغا تەقدىم قىلىپ بارىنى،
ئالغا ماڭدى ئەلنىڭ داغدام يولىدا .

بۈگۈن يەنە ئەل غېمىنى يەيدۇ ئۇ،
ئۆتۈپ كەتتى كارۋان باشلاپ ئالدىمدىن .
جۇت ـ بوراندا قانات قاققان بۈركۈتكە،
يېڭى قوشاق تاشتى يەنە قەلبىمدىن .

1970 ـ يىل ئاۋغۇست، خوتەن .



# بۇ بوۋاي شۇنداق

تېرىلغۇ چاغلىرى، كۈنلەر ئالدىراش،
شاد ئەمگەك ئەۋجىدە قاينايدۇ دالا .
گۈركىرەر تراكتور ناخشىغا تەڭكەش،
ياڭرايدۇ باش باھار نەغمىسى بۇندا .

تۇرسۇنكام بۈگۈنمۇ بىللە بىز بىلەن،
قولى گۈل تېرىمچى قىزلار يېنىدا .
ئۇرۇقنى تاللايدۇ پىشقان كۆز بىلەن،
كۈن بويى تىنمايدۇ، ھارمايدۇ ئۇندا .

ساقلى ئاقارغان بۇ بوۋاي شۇنداق —
بىز بىلەن ئىشلەيدۇ كېچەيۇ كۈندۈز .
تېنىگە يەتمىسە بىرەر زەخمەت دەپ،
بەزىدە ئۇنىڭغا دەيمىز يۈزمۇيۈز:

— تۇرسۇنكا، ھاردىڭىز ئارام ئالمىسىز،
ئاتمىشتىن كەم ئەمەس، بەلكى يېشىڭىز .
بۇ سىزنىڭ قېرىلار ئۆيىدە خۇشۋاق،
راھەتكە بۆلىنىپ ياشار چېغىڭىز .

ئۇ دەيدۇ: «جىمى ياق ئۆرلەش قاينىمى،
مەنمۇ شۇ قاينامدا قاينايغۇ دېدىم .

بۇ مېنىڭ ئەمگەككە ئۆگەنگەن قولۇم،
تېرىلغۇ پەسلىدە تاپسۇنمۇ تېنىم .»

دەيدۇ ـ دە، قايىنغان مېھنەت سېپىدە،
ئۇچىدۇ گوياكى تۇلپار ـ ئات بولۇپ .
بۇ ئازاد زاماندا ياشىنغان قەلبى،
بەختىيار ھاياتنىڭ زوقىغا تولۇپ ...

تۇرسۇنكام بۈگۈنمۇ بىللە بىز بىلەن،
كەتمىنى كۈمۈشتەك چاقنار قولىدا .
شۇ تاپتا گاڭ بىلەك ھايات يۈيگۈڭ ئۇ،
بارىدۇ ھەر قىين ئىشنىڭ ئالدىدا .

1969 ـ يىلى ئاپرېل، چىرىيە .



# سايرام

كەڭ سامادا پەرۋاز ئەيلگەن
بۇلۇت ئەكسى ئوينايدۇ سۇدا .
بۇژغۇن پۈركۈپ يۈگۈرگەن دولقۇن
سۆيۈپ تويماس قرغاقنى گويا .

مەشرىق رەڭدار كەشتدەك ئوتلاق
باش قويۇشقان چەكسز ئۇپۇققا .
مەغرىب ياقتا تۇرار گدىيىپ
كۈمۈش قالپاق ئاستىدا چوققا .

1974 ـ يىلى ئاۋغۇست، غۇلجا .

# گۈل يېزام

گۈل يېزام، قوينۇڭ باھاردۇر، مەن گويا كۆلگەن چېچەك،
يىلتىزىم چوڭقۇر، بويۇڭ سۆيدۈم راسا تاشلاپ پىلەك،
جەڭ بىلەن ئوغلۇڭنى ھەردەم تاۋلىدىڭ گاڭدىنمۇ بەك،
شول ئۈچۈن كۆلمەكتە دىلدا قاينىغان ئارزۇ ـ تىلەك،
ھۆرمىتىڭ قەلبىم تۆرىگە ئورنىدى، يايدى ئېتەك .

يات شەھەردىن كەلگىنىمدە سېنى يات دەپ ياتسىنىپ،
كەڭ قۇچاق ئاچتىڭ بىراق، ئوغلۇڭنى ئۆز باغرىڭ بىلىپ .
ھەم يەنە تۇتتۇڭ ماڭا مېھرىڭنى گۈلدەستە قىلىپ،
خۇش ئېتىپ كۆڭلۈم، جىمى غەم ـ غۇسسىلەرنى يوق ئېتىپ،
شۇ مىنۇت شادلىق يېشى تۆكتۈم، كۆلۈپ كەتتى يۈرەك .

ئىش ـ چېلىشنىڭ قوينىدا ئالەمچە كۈچ قاتتىڭ ماڭا،
بىخ ئىدىم، تەشنا ئىدىم، تاڭ شەبنىمى چاچتىڭ ماڭا،
قامىتىم شەمشاد بۇگۈن، ئىقبالغا يول ئاچتىڭ ماڭا،
قىپقىزىل چوغدەك شەرەپ ـ شان گۈلنى تاقتىڭ ماڭا،
ھەر قىيىن ئىش ئالدىدا بولدۇڭ مادار، بولدۇڭ يۆلەك .

قىش كۈنى قار ـ مۇز كېچىپ، زەمزەم ئېلىپ كەلسەم ساڭا،
باش باھار، تەر ئاققۇزۇپ پاختا، قوناق تەرسەم ساڭا،
كۈزدە شۇ  ئەجرىم تۆپەيلى ئالتۇن باشاق بەرسەم ساڭا،

مول ھوسۇل پەسلىڭدە — كۆزدە بىر قاراپ كۈلسەڭ ماڭا،
بولمىغاي ئوغلۇڭغا شادلىق، ئىپتىخار ئۇندىن بۆلەك .

سەن ئۆزۈڭسەن جەننىتىم، كۆڭلۈم مېنىڭ سەندە ئاۋات①،
سەندە شان، سەندە ئەجداد، سەندىدۇر قايناق ھايات،
ئاسمىنىڭدا كۆك يېرىپ قاقمەن مەغرۇر قانات،
جور بولۇپ خەندان ئۇرارمەن، بۇلبۇلۇڭ كۈلگەندە شاد،
سەن ئاتەش ـ گۈلخان، ئەبەدكە ئايلىناي پەرۋانىدەك .

1974 ـ يىلى ماي، ئۈرۈمچى .



① ئاۋات — يەر نامى.

# گىلەم ئۇستىسىغا

سىخلارغا كىردىم مەن بۇگۈن كۆردۈمكى پەسلى گۈلباھار،
سىخلار جامالى شۇنچە ئۈز مىسلى گۈلستان ـ لەيلىزار .

پاھ، بۇندا رەت ـ رەت دەستىگاھ ئوخشايدۇ گۈللەر بەرگىگە،
سەر خىل گىلەملەر ھۆسندە كۆرمىڭ چېچەكلەر تاۋلىنار .

سايرايدۇ بۇلبۇل خۇشناۋا، رەيھانۇ ـ سۇمبۇل گۈل ئارا،
جۇشقۇن سەپەردە ـ بەيگىدە ئۆرلەيدۇ باتۇر ئىشچىلار .

گۈلزارنى بىر ـ بىر ئارىلاپ شادلىققا تولدۇم بىھېساب،
مەردانىلەرنىڭ شەنىگە دىلدىن بۇلاقتەك كۆي ئاقار .

بۇندادۇر، شوخ بىر بوۋاي قەلبىم تۆرىدىن ئالدى جاي،
چاقنايتتى چوغدەك كۆزىدە پۇتمەس شىجائەت، كۈچ ـ مادار .

شاگىرتى ئېيتتى: «ئۇستىمىز ھەر ئىشتا باشچى، ئۈلگىمىز
زاۋۇتتا تېخنىك پېشقەدەم، تىللاردا داستان نامى بار .»

كۆك قۇچتى ئىلھام كەپتىرىم، ئۇستامنى دىلدىن ماختىدىم،
ئېيتتىم: «بوۋامدىن ئۆرگىلەي، بولسۇن شەرەپلەر سىزگە يار .»

ئېيتتى: «ئازاد بۇ تاڭدا مەن ئىمكانىغا يول بار چاغدا مەن
ئەجرىمنى تۆكسەم بىر ئۆلۈش بولماي نېچۈن مەن بەختىيار!؟»

ئېيتتىم تەشەككۈر مىڭ قېتىم، چۈشتى چېچىغا كۆزلىرىم
كۈرمىڭ گىلەمچى كەچمىشى پىكرىمگە بەردى ئىختىيار .

*   *   *

ئۆتمۈش، زۇلۇمخور بايدا پۇل، كۆرگەنتى خوۋلۇق قايسى قۇل،
بايلارغا ئىشلەپ تاپمىدىڭ تىرناقچە ئىززەت ـ ئېتىۋار .

يۇڭغا قېنىڭدىن رەڭ بېرىپ، چىقساڭ گىلەمنى تەخ قىلىپ،
بايۋەچچە ياتسا ئېغناپ پەگاھدا قىلدىڭ ئاھۇ ـ زار .

ئول چاغ گىلەمچى بولغىنىڭ ئابدال ـ تىلەمچى بولغىنىڭ،
نامراتقا زىندان كاج پەلەك قىيناپ جېنىڭنى قىلدى خار .

باي بۇيرۇغانغا ياق دېسەڭ مۇدھىش زاماندىن داد دېسەڭ،
دار بوپ تېنىڭگە دەستگاھ ئۆمرۈڭ گۈلنى باستى قار .

نىمجانلىرگە جان كۈتۈپ ھۆرلۈككە ھەر دەم تەلمۈرۈپ،
تارىم بويىدىن تەلپۈنۈپ مەشرىققە باقتىڭ ئىنتىزار .

*   *   *

بەختىڭنى دەپ كومپارتىيە قىلدى ساڭا تاڭ ھەدىيە
كەتتى زىمىستان، تۇغدى كۈن، يۇتتى نادامەت كەلدى ياز .

خەندانە كۈلدۈڭ شۇندا شاد ياغدى سائادەت قاتمۇ قات،
كەلدى ناۋاتتەك بۇ زامان ئەمدى ساڭا يات نالە ـ زار .

باققىن يەنە كەڭ تاشلا كوز ئەلنىڭ باھارى شۇنچە ئۈز،

يوللاندى گۆرگە تۆت قارا چۈپرەندە بولدى شەرمسار .

چەككن گىلەمگە بۇ ئىپسل دەۋرانىنى چەك، بوستانىنى چەك،
دەۋرانغا گۈلخان ئىشقمز بولسۇن نامايان بىغۇبار .

پەنجەڭنى ئۇر، قۇچ شان ـ شەرەپ، دۈشمەن ئۇجۇقسۇن سوققا يەپ،
ئوغلۇڭ دىلدا تا ئەبەت شانىڭنى كۈيلەش ئەھدى بار .

ئۆمرۈم ئىجادى بولسا جەم، بىر تال گۈلۈڭگە تۇرسا تەڭ
دەيمەن مۇرادىم بولدى ھەل، قەلبمگە تولغاي ئىپتىخار .

1977 ـ يىلى ئۆكتەبىر، خوتەن .



# تەكە

ئەجەب هەيۋەت زور سەن، ئېگىز سەن
تاغقا تولغان تاغلار ئارىسى .
باغرىڭ باهار، بېشىڭدا ئاق چاچ،
دەيمۇ سېنى تاغلار ئانىسى .

كۆچمەن بۇلۇت هالقىپ ئۆتەلمەي،
بەلدە كېزەر هالسىز تۇرقىدا .
نەزەر سالدىم چوققاڭغا شۇئان
كۆزۈم كۆكتە، دوپپام قولۇمدا .

1974 ـ يىلى ئاۋغۇست، غۇلجا .



# ئالمىدىن بىر سۆز

باققا كىردىم تەشنالىق بىلەن،
بىر تال ئالما ئۈزدۈم ـ دە، يېدىم .
«ناۋاتمۇ سەن شاختا يېتىلگەن،
نېچۈن رەڭدار، تاتلىقسەن» دېدىم .

كەلدى جاۋاب: «باغنىڭ يېغى بۇ،
تەمنى تاپتىم باغۋەن ئەجرىدىن .
ھەيران بولما ھۆسنۈم سىرى شۇ،
رەڭنى ئالدىم باغۋەن مەڭزىدىن .»

1974 ـ يىلى ئاۋغۇست، غۇلجا .



# ئۈمۈرگە خىتاب

ئەي ئۈمۈر!
نېمانچە يۈگرەكسەن، گويا —
تاغدىكى تۇماندەك تارقاپ كېتىسەن .
گۇناھسىز بوۋاقنىڭ چېھرىگە سېخىي
قورۇق ھەم ساقاللار تاشلاپ كېتىسەن .

مىنۇتنىڭ قەدىمى كۈنلەرگە يېتەر،
يىللارنىڭ تېغىنى باشلاپ كېلىسەن .
بىر تالاي كۆڭۈللەر خۇشالدۇر سەندىن،
ۋە تالاي كۆزلەرنى ياشلاپ كېلىسەن .

چۆلدىكى تۆگىدەك چامدايسەن ئاستا
ۋە ياكى چېقىندەك چاقناپ ئۆچىسەن .
نەۋباھار شېخىدىن گۈللەر تۇزۇتۇپ،
زىمىستان قەھرىدەك داغلاپ كېتىسەن .

يول بولسۇن!
خۇشامەت كۈتمىگىن مەندىن،
يالۋۇرۇپ ئاۋارە بولمايمەن، بىراق
ئىلكىمدە بولسا گەر ھەتتا مىنۇتنىڭ،
شۇ مىنۇت تۆھپىسىز قالماس ئەسلا ئاق .

يول بولسۇن!
قىيندۇر ساڭا ھەممىدىن
چېھرىڭدىن ئىترەكنىڭ ئىزىنى تاپماق .
مەن ئۈچۈن پەرقى يوق ئىككى ئالەمنىڭ
ئەل ئۈچۈن جان بەرسەم، ئەل ئاچسا قۇچاق .

1974 ـ يىلى سېنتەبىر ، ئۈرۈمچى .



# رۇبائىيلار

يىگىرمە بەش باھار ئۆتتى، كېلىپ كەتتى،
پەلەك باشقا نى ھالەتلەر سېلىپ كەتتى .
ھالا ئالدىم كەچۇرمىشتىن ئەقىل ئانچە
ناھاتىكى، بۇ نادانلىقنى ئېلىپ كەتتى .

1976 ـ يىلى يانۋار .

تىنىچ ياتسام دېمەڭلەر: بۇ ئۈزۈپتۇ جان،
بىلىڭلار تېپتىنىچ تاغدىن تاشار ۋولقان .
بۈگۈن ئۆچكەن ئېتىم ئەتە بولۇپ يانغىن،
شېرىن چۈش، بارچە يالغاننى قىلار گۇمران!

1976 ـ يىلى ئاۋغۇست .

ئامانكى بۇ تېنىم، مەڭگۈگە بەختىم بار،
قولۇمدا بۇردا زاغرام باركى قەنتىم بار .
ئۈمىدنىڭ ئۇچقۇنى ئۆچمەيدۇ دىللاردا،
شۇڭا دەيمەن ھامان شاھانە تەختىم بار .

1976 ـ يىلى ئاۋغۇست .

تاپاۋەت قىلمىدىم ۋىجداننى مال چاغلاپ،
شۇ ۋەجدىن ھەر بالا كەلسە كېلۇر قوشلاپ .

پۇشايمان يوق، شۇ روھ ئۆمرۈمگە ھەمراھدۇر،
تۇرۇپدۇرمەن يەنە جەڭگاھتا بەل باغلاپ .

1976 ـ يىلى ئاۋغۇست .

تاپا ـ تەنە، غەيۋەت دېگەنلەر
ئۇلۇغ ئىستەك ئالدىدا نېمە؟
ياخشى كۈننىڭ كەلسە يامنى
ئالغا باققىن، ھەرگىز ئۇھ دېمە!

1974 ـ يىلى ئۆكتەبىر .

ياشلىقىم يالقۇن گويا، تۇتىشار تۈنلەرگە ئۇ،
ياڭرىتار ناخشا ـ قوشاق تاڭدا شاد كۈنلەرگە ئۇ .
يەر ـ زېمىن ملىڭ گەز قېلىن مۇز بىلەن قاپلانسا گەر،
لاۋۇلداپ يانغىن بولۇپ كۆرۈنەر كۆزلەرگە ئۇ .

1968 ـ يىلى ئۆكتەبىر .

كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن شۇ ئالقانچە يەر،
ناملىڭ بىلەن قوشاق قاتسام زىكرىمدىسەن .
جەنۇب دېسەم جان سۆيىنەر، جانان ۋەسلىڭ ـ
ئىشقىڭ بىلەن سۇرسەم خىيال پىكرىمدىسەن .

ياق، نېمشقا كەڭرى قوينۇڭ ئالقانچە دەي؟
ئالەم نەرقى غۇرۇرۇڭغا تولۇپ تۇرساڭ .
مەن نېمشقا مۇساپىر دەپ غەم ـ غۇسسە يەي؟
مىسلى زەنجىر ـ رىشتىڭ بىلەن تۇتۇپ تۇرساڭ .

1974 ـ يىلى ماي، غۇلجا .

# بىر دوستۇمغا

يېتەر ئەمدى، تارتقىن بېشىڭنى
غەپلەت ئۇيقۇسىغا بولما كۆپ ئەرمەك .
ئەرزىمىدۇ گۈللىگەن قوۋناق چېغىڭنى
نەدىكى مىشچانلىغا سوۋغا قىپ بەرمەك .

كۆنلىرىڭ ئۆتەمدۇ لاي سۇدەك ئاخىر
قەلبىڭگە چىن بەخت گۈلىنى تەرمەي .
بۆگۆنچە ئۆگەن، بىل، ئەتىگە شۇندا
پەرىمۇ چىدالماس كۆڭلىنى بەرمەي!

1975 ـ يىلى سېنتەبىر، ئۈرۈمچى .



# ۋەتەن ھەققىدە قوشاق

ئۇلۇغ جۇڭخۇا مېھرلىك ئەل ئانام بار مېھربان سەندەك،
جىمى ئالەمنى مىلك كەزسەم تېپىلماس جانجان سەندەك .

يېڭى دەۋران تېڭى بىرلە جامالىڭ مىسلى جەننەتتۇر،
جاھان باغىدا كۆلمەستۇر يەنە بىر گۈلسىمان سەندەك .

چىمەنىڭ ئىچرە خەلقىم ئۆز مۇرادى بىرلە ئۈلپەتتۇر،
قىلىپ پەرۋىشنى مېھنەتتىن ياراتتى ھۆر ماكان سەندەك .

نېمەتكە كەڭرى قوينۇڭ باي، ئاقار مايدىن تۈمەن دەريا،
خەزىنەم بار تېغىڭ ئالتۇن، تېگى گەۋھەرى كان سەندەك .

ۋە مەيلى تاغ ـ دېڭىز ئاتلاپ باراي مەشرىققە، مەغرىبكە،
غۇرۇرلۇق بۇ بېشىم ئۈستۈن ماڭا بار نام ـ نىشان سەندەك .

ئەگەر كۆڭلۈم تىلەركى گۈل مىساللىغ ۋەسلى دىلدارنى،
كۆڭۈل مۈلكۈمدە جاي تاپماس سېنىڭسىز بىر جانان سەندەك .

جېنىمنىڭ ئالدىدا بىر تال جېنىم سۆيگەن گىياھ ياخشى،
ماڭا يوق بۇ جاھاندا ھېچ ساڭا تەڭ پاسبان سەندەك .

پەيدا بولسام ساڭا قەبرەم قېزىلسا تۇپرىقىڭ ئۆزرە،
ئامان بولسا بېشىڭ مەنمۇ ئۆمۈرلۈك شادىمان سەندەك .

1978 ـ يىلى ماي، ئۈرۈمچى .



# دوستۇمغا

ئۆگەنگىن، كۆككە ئۇچ دوستۇم ئىلىمدىن ئەل ئاۋات بولسۇن،
ساڭا دەۋران ئاتا قىلغان جاسارەت گاھ قانات بولسۇن،
مۇشەققەت ئالدىدا يانما ھامان قەددىڭ پولات بولسۇن،
بەختلىك كۆڭۈللىرى ئەلنىڭ باياشات، قەنت ـ ناۋات بولسۇن،
ئىجادىڭ ئالدىدا دۈشمەن كۆيۈپ شەرمەندە ـ مات بولسۇن .

ئۆمۈرنىڭ قىممىتى مېھنەت، ئىجاد مېھنەتكە يولداشتۇر،
پېشانەڭدىن تۆكۈلگەن تەر يۈرەك بىرلە تومۇرداشتۇر،
ھالال تەرسىز مەرىپەت باغىدا گۈللەر ئېچىلماستۇر،
ئاڭا بۇلبۇل تۆگۈل بەلكى بىكار قۇشقاچمۇ قونماستۇر،
ئەگەر گۈلزارغا خۇشتارسەن تەرىڭ تۆك، باغ ئاۋات بولسۇن .

ئەگەر كۆڭلۈڭ جانان ئىستەر، جانانغا جان پىدا ئەتكىن،
يېتىپ ئارماندا ئاھ چەكمەي سەۋەب قىل، كۆپ جاپا چەككىن،
ئىجاد ھەممەتكە باغلىقتۇر ئاڭا چىندىن كۆڭۈل بەرگىن،
ئىلىم سەھراسىدا مەجنۇن بولۇپ دەريايۇ تاغ كەزگىن،
ئەجىر قىلماي قاياقتىن يار ۋىسالى ئىلتىپات بولسۇن .

مىراس قالدۇردى ئەجدادلار جاپا بىرلە تۆكۈپ قان ـ تەر،
گۆھەر، ئالتۇن ياتۇر بۇندا ئۇنىڭ قەدرىنى بىلسەڭ گەر،
ھۈرۈنلارغا ھارامدۇر ئۇ، ئۇنى بىلمەس ئەجىرسىزلەر،

گۆھەرگە دۇر ـ گۆھەر قاتقاي ئۇنى جان بىرلە سۆيگەنلەر،
ئىلىم جەڭگاھىدا جۇرئەت ساڭا تۇلپارۇ ئات بولسۇن .

مەرىپەت چەشمىسى پۈتمەس تۈمەن قەترە سۈمۈرسەڭ گەر،
گويا چۆللەردە كارۋانغا ھايات زەمزەمى بىلسەڭ گەر،
ساڭا پۈتمەس گۆھەر بەرگەي ئۇنى جان بىرلە سۈزسەڭ گەر،
ۋە ھەتتا بەرمىگەي تاشمۇ جاپاسىدىن ئۆكۈنسەڭ گەر،
ئەگەر زەمزەمگە تەشنا سەن دىلىڭدا ئىجتىھات بولسۇن .

ئاگاھ بولكى چايان يەڭلىغ تەمەننا چىرمىشۇر ھەرۋاق،
قىلىپ ناز، مەست ـ بىھوش ئەيلەپ تىنىڭگە نىش ئۇرۇر ھەرۋاق،
تەمەنناسىز كىشى تاشتىن مىسالى دان ئالۇر ھەر ۋاق،
چىگىش سىرنى ئايان ئەيلەپ شەرەپنى قوش تاپۇر ھەرۋاق،
ئەگەر قىلساڭ شەرەپ ئارزۇ، تەمەننا ئەسلي يات بولسۇن .

ئىلىم ئاتلىق جانان كەلمەس ئۆزىچە، سەن جانان ئىزلە،
جانانىڭ بىرلە كۈلمەككە ئىبرەم باغ ــ گۈل ماكان ئىزلە .
زەپەر باغىدا توي تارت، تويىدىمۇ خەلقىڭگە شان ئىزلە،
كىلەچەككە گۈزەل مەنزىل ئاسايىشلىق زامان ئىزلە،
ئۇتۇق ـ تۆھپەڭ بىلەن خەلقىم دىلى ھەردەمدە شاد بولسۇن .

1979 ـ يىلى ماي، ئۈرۈمچى .

# باھار كەلدى

باھار كەلدى، باھار دەۋرىم بېغىنى ياشنىتىپ كەلدى،
قەدىم ئەل ھۆسنىدە جەننەت جامالى چاقنىتىپ كەلدى .

سىراپ ئەتتى سۇبھى تالڭ شەبنىمى غۇنچە ــ چىمەنلەرنى،
چېچەكلەر جىلۋىسى بىرلە ئىپار ــ خۇش ھىد چېچىپ كەلدى .

ئېتىپ تەبرىك تۈمەن بۇلبۇل شۇبۇ گۈل پەسلى ــــ كۆكلەمنى،
تەشەككۇرنى قىلىپ ساز شاد ناۋا ــ كۈيگە چېلىپ كەلدى .

سەھەرلەر شوخ سابا ئىلھام گۈلۈمنى ھەر سۆيۈپ ئۆتسە،
تەپەككۇر پەرىسى قەلبىم بېغىغا گۈل قىسىپ كەلدى .

تۇغۇلدى بۇ قوشاق شۇندا ئۇلۇغ دەۋرىمگە ھۆرمەتتىن،
باھار ئاپتىپى كۈلگەچ گۈل باھار بىزگە بېقىپ كەلدى .

1978 ــ يىلى ئاپرېل، ماناس .

# داستانلار

# داستانلار

# پولات

## بىرىنچى باب «نۆلدە بەش»

سەھەر پەسلى، تۇمان ئۆزەر تاغنىڭ بىلدە،
قىلۇر جىلۋە رەڭدار گىلەم قاپتال يۈزىدە .
سۆيەر سەلكىن كوكاتلارنى سالقىن دەم بىلەن،
يالتىرايدۇ تاڭ شەبنەمى گۈللەر لىۋىدە .
زەپ يېقىملىق كۆيگە ماكان تاغلار ئاراسى،
قۇش تىلىدىن ياڭرار بۇ دەم تاڭنىڭ ناۋاسى .

كۆك سەتھىدە غۇۋالاشتى چولپان جامالى،
يۈتتى ئاستا تەبىئەتنىڭ سۈت رەڭ رومالى .
كىيدى زەر تاج كۈمۈش چاچلىق تاغلار بېشىمۇ،
چاچتى شولا ئۈپۈقتىن كۈن ئوتقاش مىسالى .
يىراقلاردا غۇۋا ئۆيلەر، باغلار كۆرۈنەر،
قىق ـ قىق قىلىپ خوراز ئۈنى ئاستا ئۆزۈلەر .

كەڭرى ئويمان تىك قىيالىق تاغنىڭ ئارىسى،
يار بويىدا قىمىرلايدۇ ئادەم قارىسى .
قوللىرىدا ئۈچ ئاياغلىق دۇربۇن ۋە ياكى —

بەزىسدە ئالا بوغماق ئۆلچەم خادىسى .
قول بايرىقى ئېگىز ـ پەسكە يەلپۈنەر بەزەن،
خادىلار تەڭ يېقىن ـ يىراق يۆتكىلەر بەزەن .

دۇربۇن تۇتقان شۇ يىگىتنىڭ ئېتى ئەخمەتجان،
بىرى غازى، بۇرۇتلىرى ئەمدى خەت تارتقان .
قوشبۇلاقتىن ئۆسۈپ چىققان يېڭى تېخنىكلار —
لەقەملىرى ئەل ئاغزىدا ئېپىتىلار «چاققان» .
ئەتىمالىم قىزلار ئۆزى قويغان لەقەم بۇ،
لەقەم قويماق قىزلار ئىشى، ياراشقان ھەم بۇ .

مانا ئۆتتى ئۈچ كۈن، بۇلار تاغنىڭ ئىچىدە،
داۋام ئەتتى ئۆلچەش ـ سىزىش كۈندۈز ـ كېچىدە .
سۇ ئامبىرى پىلانىغا بولدى مەستانە،
سان ـ سىزىقلار ئايان ھەتتا تۈندە ـ چۈشىدە .
ئۇلار بىلەر توسماق ئۈچۈن كەلكۈن ـ قىيانىنى،
خەرىتىگە سىزماق كېرەك توغرا پىلانىنى .

بۈگۈن يەنە تاغدا ئۇلار چىقتى گەمدىن،
قالماسلىقى كېرەك ئىدى ئۆلچەش ئەتىدىن .
نېمشقىدۇر تۇغان ئورنى كەلمەس روبىرو،
ئۇلنى زادى سالماق كېرەك يارنىڭ نەرىدىن؟
كۆپەيمەكتە دەپتەردىكى سانلار كۈن ساناپ،
قانائەتتىن يىراق ئەمما تاپقان ھەر جاۋاب .

ئەخمەت سۈچى دۇربۇن بىلەن كۆزلەپ يىراقنى،
ئىشدىشغا قىلدى شەرەت سىلكىپ بايراقنى .

ئەڭ ئاداققى سانىنى يازدى دەپتەر بېتىگە،
«نۆلدە بەش»نىڭ ئۇدۇلغا قويدى سوراقنى .
ئۇنىڭ بۇ دەم كۆزلىرىدە شادلىق كۈلكىسى،
يالترايتتى چېكىسىدە ماڭلاي ئۇنچىسى .

غازى يۈگۈرۈپ قايتتى چاققان دۇربۇن قېشىغا،
كۈلكە ئۇنى كەڭرى سايىنى كىيدى بېشىغا .
قورام تاشقا خەرىتىنى يايدى قولمۇ قول،
قوللىرىغا سىزغۇچ ئېلىپ چۈشتى ئىشىغا .
ئاق قەغەزگە ئىز سالاتتى يۈگۈرۈك قېرىنداش،
تەسەۋۋۇردا ياسلاتتى تۆپتۈز تۇغان ـ قاش .

ــ ئۇھ، ــ دەۋەتتى غازى، شۇئان سۈرتتى يۈزىنى،
ــ يېشىلمەكچى بۇدو جەزمەن سىرىنىڭ تۈگۈنى .
ــ سانىماستىن سەككىز دېمە، ــ دېدى ئەخمەتجان،
ئىما قىلدى ئاكا ناگان تاشلاپ كۆزىنى .
ئۇ بىلەتتى، ئۇمىد قۇشى كەلدى قانچە رەت،
كەلدى ئەمما قونماي ئەگىپ كەتتى قانچە رەت .

مانا دەپتەر بەتلىرىمۇ بىر ـ بىر ئۆرۈلدى،
مۇھىم قوزۇق ــ «نۆلدە بەش»نىڭ ئورنى كۆرۈندى .
ئەڭ ئاداققى زۆرۈر سانىنى تاپتى ئەخمەتجان،
بىراق ئۇنىڭ قوشۇمىسى بىردىن تۈرۈلدى .
ئىككى يىگىت خەرىتىگە ئېڭىشتى ئاستا،
سىزىق بويلاپ كۆزلىرىنى تىكىشتى ئاستا .

ــ ھەي! ــ دېدى ـ دە، تاشلاپ ئاستا ئەخمەت قەلەمنى،
خورسەندى ئۇ ئۇياق ـ بۇياق تاشلاپ قەدەمنى .
دېدى: «مۇشكۈل سىرلىرىغا يەتمىدى ئەقلىم ــ
قانداق قىلاي كارغا كەلمەس دىتسىز مېڭەمنى!»
مۇشتۇمدا چېكىسىگە دۈك ـ دۈك ئۇردى ئۇ،
ئۆز ئەقلىگە ئۆزى كايىپ ئويغا چۆمدى ئۇ .

بۇ ئۇتۇقسىز ئەمگەكىدىن كۆڭلى غەش بولۇپ،
ئولتۇرۇشتى ئۇلار بىردەم تاشتا زوڭزىيىپ .
ھېلى كۈندۈز ئاسمىنىدەك غازىنىڭ چېھرى ــ
تۇمانلاشتى شوخ كۈلكىلەر بىردىن يوقىلىپ .
ئەتراپ جىمجىت، غەمسىز قۇشلار چىر ـ چىر قىلاتتى،
گاھ ئېگىزلەپ، گاھ ئۆرلەپ پىر ـ پىر قىلاتتى .

گەرچە ئۇلار جىمجىت بۇ تاپ قىلماس ئۈن ـ تىنىش،
مۈمكىن ئىراق بۇ ھالەتنى تىلسىز پەم قىلىش .
ھەق جاۋابىنى تاپالمىدى ھەممەتلىرى ھېچ،
ئۆزئۆلدى دەل قاق بېلىدىن ئۆلچەش ۋە سىزىش .
تۆكۈلگەن تەر چېچەك ئاتتى، ئەپسۇس توساتتىن ــ
ھەر شېخىدا مېۋە تۇتتى ئەگمەچ سوراقتىن .

تېخىنىك يېڭى، بىلگىنى ئاز، تۇتقان ئىشى تەس،
تېپىلمىدى مۇھىم قوزۇق ئورنى «نۆلدە بەش»،
كۆز ئالدىدا قىيان پەسلى، چوڭلار ئۈمىدى ــ
يىگىتلەرنىڭ كۆڭلى نېچۈن بولماس بۇنچە غەش؟
شىرىق ـ شىرىق ۋاراقلىسا دەپتەرنى شامال،
خىجىللىقتا تاشلار ئىدى ئەخمەتنى بۇ ھال .

تۇنجى بولۇپ تۇردى چاچراپ ئورنىدىن غازى،
دېدى: «ئاكا، ئەمدى قانداق قىلىمىز زادى؟»
ئەخمەت سۇچى چىن دىلىدىن ئېيتتى بۇ سۆزنى:
— ئىش بېشىدا پولات تېخنىك بولسىچۇ كاشكى!
بولسا ئىدى پولات تېخنىك دېيىشتى شۇندا،
ھۆرمەت بىلەن ئۇنى تىلغا ئېلىشتى شۇندا.

## ئىككىنچى باب پولات

ئاستا! — دېدى ئىما بىلەن سېسترا ئايشەم،
يىگىتلەرگە تىنچلىقتىن بەردى ئاگاھ ھەم.
كىردى ئۇلار پۇت ئۇچىدا شىپ - شىپ دەسسىشىپ،
دىدارلىشىش تەشنالىقى دىللاردا بۇ دەم.
بۆلمە سۈرلۈك، ھەممە قاردەك ئاپئاق تۇراتتى،
دورا ھىدى دىماغلارغا گۈپ - گۈپ ئۇراتتى.

كۆردى ئۇلار ئۇستازىنى ئۇستىدە كاتىنىڭ،
كۆردى ھوشسىز ھالىتىنى تېخنىك پولاتنىڭ.
ئۇنىڭ قاپاق چېچىكىدەك ئۆڭسىز چېھرىدە،
كۆردى ھەمدە بەلگىسىنى جۇشقۇن ھاياتنىڭ.
ئاسما ئوكۇل نەيچىسىدىن چىپىلداپ تامچە،
ئۇرار ئىدى ئەجەل - ئاپەت بېشىغا قامچە.

ئۆرۈپ تۇرۇپ ئايشەم بۇدەم دەپتەر بېتىنى،
يىگىتلەرگە پىچىرلىدى ئۇشلاپ لېۋىنى.
— پولات ئاكام مەزمۇت ئىكەن ئىسمىغا لايىق،

غالب كەلدى قىينىسمۇ ئاغرىق جېنىنى .
رىماتىزىم يېنىك ئەمەس، جاراھەت ھەمدە،
جاراھەتمۇ ئاز گەپ ئەمەس ماجالسىز تەندە .

گەز باغلىغان كالپۇكلىرى تېخىنىڭ شۇ تاپ،
مىدىرلىدى بىر ـ بىرىدىن تەسلىكتە ئاجراپ .
پىچىرلايتتى تەكرار ـ تەكرار «نۆلدە بەش» دەيتتى،
ئىش بېشىدا يىگىتلەرگە قىلغاندەك خىتاب .
تومۇر تۇتۇپ ئايشەم دەم ـ دەم ئۆلچەپ باقاتتى،
قىزىتمىسى مىنۇتسېرى پەسلەپ باراتتى .

غازى ھەمدە ئەخمەت شۇندا ئاستا ئېغىشتى،
ئۇستازىنىڭ جامالىغا كۆزلەر تىكىشتى .
«نۆلدە بەش»نى تەكرارلىدى تېخىنىك يېنىشلاپ،
بىراق لەۋلەر ھايال ئۆتمەي قايتا يېپىشتى .
كىرپىكلەرگە ياش ئۇنچىسى قوندى قاتارى،
يىغىسىنى مىڭ تەسلىكتە باساتتى غازى .

*    *    *

بۇ تاپ ئالەم دېڭىز گويا، دولقۇن كېلەتتى،
شاۋقۇن سېلىپ گۈركىرەيتتى، كۆككە يېتەتتى .
يەلكەن كەبى شۇ دېڭىزدا چايقىلىپ تېخىنىك،
ئەس قىرغىقى ساھىلىغا تىنماي ئۈزەتتى .
داۋام ئەتتى شۇ قىرغاقنى ئىزدەشنى پولات،
قىرغاق تامان پالاق ئۇرۇپ تېزلەشتى پولات .





ئالدى مانا ئۆز قوينىغا قىرغاق پولاتنى،
پىكىر قۇشى ئاستا ـ ئاستا يايدى قاناتنى .
ھاياتنىڭ سەھىپىسى ئاچتى ئاڭا يۈز،
سەپەر قىلدى تېخنىك تەنھا چاپتۇرۇپ ئاتنى .
گاھ ئوڭدا، گاھ چۈشىدە ئويلار سۈرەتتى،
كارتىنىلار كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىر ئۆتەتتى .

*   *   *

بالىلىقنىڭ سەبىي چېغى سەككىزدە پولات،
ئاتتى پارلاق ھۆرلۈك تېڭى، نۇرلاندى ھايات .
يالاڭغىداق ئاتىسىنىڭ بولۇپ ھەمراھى،
دەردمەنلەرنىڭ مەجلىسگە بارغاندا پولات؛
نامراتلارنىڭ كۆز يېشىنى كۆردى شۇ چاغ ھەم،
كىچىك مۇشتى چويۇن كەبى تۈگۈلدى مەھكەم .

ئاشۇ ئاخشام ئاي ئۈزەتتى كۆكتە ـ سامادا،
بار تەبىئەت سەگدەيتتى سالقىن ھاۋادا .
قانلىق ئۆتمۈش دەپتىرىنى بىر ـ بىر ۋاراقلاپ،
مۇڭ تۆكەتتى نامرات ئاتا ھويلا ـ تالادا .
كېسىك بارماق تارىخىغا نۆۋەت يەتكەندە،
كىچىك پولات سوراق قويۇپ جاۋاب كۈتكەندە .

— ئاڭلا، — دېدى ئاتا «سۆزنى ئېيتسام مەن ئۇدۇل،
بىر ئېچىق سۇ بەدىلگە كېسىلگەن بۇ قول .
ئوقۇ ئوغلۇم، مىراب بولغىن، سۆزلە ئەل ئۈچۈن،
مىراب ئەمەس ئادىل سۇچى — ئەلنىڭ يارى بول!»

ـــ ماقۇل! ـــ دېدى كېسەل قولغا تىكتى پولات كۆز،
ياش قەلبىگە ئۆچمەس بولۇپ ئورناشتى بۇ سۆز .

*　*　*

ئۆتتى يىللار، جۇشقۇن چېغى كەلدى پولاتنىڭ،
ئىلىم ئىشقى ياش دىلىنى تارتتى پولاتنىڭ .
چىراي ئاچتى سىر پەردىسى هارماس بالىغا،
هېكمەت ئارا بىلگەنلىرى ئاشتى پولاتنىڭ .
كىچىك پەرهات تاغ قازاتتى ئىشقىدا ئەلنىڭ،
(پەن ئەمەسمۇ ساپ جەۋهىرى تۆكۈلگەن تەرنىڭ؟)

تېخى ئەستە ئىمتىهاندىن ئۆتكەن ئاشۇ كۈن،
ئىنستىتۇت تەييارلىقى پۈتكەن ئاشۇ كۈن .
پايناپ يېزا ئۆز ئوغلىنى قالدى ئۇزىتىپ،
پولات ئوقۇش ئارزۇسىغا يەتكەن ئاشۇ كۈن .
ئۇ چاغ شادلىق دەرياسىدا ئاققانىدى ئۇ،
ئۈمىدىنى ئەلنىڭ دىلىغا تاڭغانىدى ئۇ .

كەلدى پولات مەكتىپىگە ـــ قايناق شەهەرگە،
شىجائەتنىڭ كەمرىنى باغلىدى بەلگە .
سۇ ئىلمىنى قىلدى تەهسىل هارماي كۈنۈتۈن،
ئىجتىهاتتا ئۇلاپ تاڭنى تاكى سەهەرگە .
قۇيۇچ قوشقان شەمشەر بىسى تاشتىن يانامدۇ؟
مەجنۇن يىگىت جانانىدىن جانىنى ئايامدۇ؟

ھە، قەدىردان خۇش پېئىللىق ئەسقەر مۇئەللىم،
ئاڭا بەردى ئاتەش كەبى مېھرىدىن تەلىم .
پولاتجانغا بولدى باغۋەن، تەشنا دىلىنى ـــ
مەرىپەتنىڭ شەربىتىدە قاندۇرۇپ دائىم .
ئۇستاز مېھرى ئاڭا ئەقىل بەرگەن ئەمەسمۇ؟
ياش كۆچەتنى ئەھيا قىلغان باغۋەن ئەمەسمۇ؟

ئاشۇ يىللار، پولات دىلىدىن شۇنچە شادلىنىپ،
ئوقۇش پۇتۇپ ماڭغىنىدا جەڭگە ئاتلىنىپ ،
دېدى ئەسقەر: «زىممەڭدىدۇر ئەلنىڭ ئۈمىدى،
ئۇنتۇما ھېچ، مۇشەققەتتىن بارغىن يول ئېچىپ .»
ئۇستازىنىڭ قولىنى چىڭ سىققانىدى ئۇ،
قەسەم بېرىپ يىراقلارغا ئۇچقانىدى ئۇ .

* * *

يىللار ئۆتتى، ئۇ باسمىغان تاغلار قالمىدى،
تاغلار توستى، بۇركۇت بولۇپ تاغدىن ھالقىدى .
ھەر ئىزىدىن زۇمرەت ئېقىن ئاقتى جۇش ئۇرۇپ،
ياكى چۆلدە ئوكيان ياساپ شەربەت ساقلىدى .
شۇنداق شەربەت ئوكيانىدىن پۇتتى يەتتىسى،
ئۇندىكى سۇ ھالال تەرنىڭ كۇرمىڭ قەترىسى .

مىڭ لەنەتلەر تۆت گىزەندە قۇترىغان چاغلار،
غازاڭ بولدى پەن ـ مەرىپەت گۈلشىنى ـــ باغلار .
زەي تۇرمىدىن يادىكار بوپ قالدى كېسەللىك،
ئىجادلىرى پولاتجانىنىڭ بولدى خارۇزار .

شاياتۇنلار سالدى باشقا كۆرمىگەن بالانى،
ئۆتتى كۆڭۈل جاراھەتى تاپماي داۋانى .

*　　*　　*

ملك تەشەككۇر، كەلدى قۇتلۇق مۇبارەك چاغلار،
نۇرغا تولدى پەن - مەرىپەت گۈلشىنى — باغلار .
رەزىللەرگە بەردى مەركەز ئادىل - ھەق جازا،
ئۆكتەبىرنىڭ كەلگۈنىدە يۇيۇلدى داغلار .
پولاتجانمۇ بولدى ئازاد كۆرمىگەن بالادىن،
جاراھەتى پۈتتى دەۋران بەرگەن داۋادىن .

باھار كەلدى، باھار كۈيى قاپلاپ سامانى،
يۈرۈش مارشى گۈرۈلدەتتى تاغۇ دالانى .
يەڭ تۈرۈشتى يېڭى جەڭگە كۈرمىگەن باھادىر،
دۇلدۇل بولۇپ ئۇچتى كۆككە تارىم پايانى .
ئېھ، ھاياجان شەربىتىنى يۇتتى پولاتمۇ،
ھۇررا توۋلاپ سەپ ئالدىغا ئۆتتى پولاتمۇ .

ئەمدى ئۇنى مۈشكۈل، يېڭى جەڭلەر كۈتەتتى،
كۈرەش زوقى دىل مەيلىنى مەپتۇن ئېتەتتى .
پىلانىنى كۈتەر ھەممە يېڭى ئامبارنىڭ،
ئەل ئىشەنچى ئاڭا چەكسىز دەرمان بېرەتتى .
ئۇ بىلەتتى، پۈتسە تۇغان گۈللەر دەشتى - چۆل،
توكمۇ بولار، ماشىنىلار ئوينار شوخ ئۇسسۇل .

شۇ ئۇمدتە پولات تاغقا بارغان چېغدا،
«نۆلدە بەش»كە بار كۈچىنى سالغان چېغدا؛
كىممۇ بىلسۇن «پىر» قىلدى ـ دە، بىردىن يەر ـ پەلەك،
تىك قىيانلىڭ دەل لېۋىدىن ماڭغان چېغدا .
سىرقىراشتى پەيلەر، شۇئان تورلاشتى كۆزى،
ئاندىن كېيىن بولدى نېمە، بىلمەيدۇ ئۆزى ...

*   *   *

خىيال يىپى ئۈزۈك ـ ئۈزۈك، ئويلار گادىرماش،
چاقپەلەكتەك پىرقىرايدۇ ئالەم، ئېغىر باش .
كۆزلىرىنى ئاچماقچىيۇ تەنلەر ماجالسىز،
قاپقىغا تۈگمەن تېشى ئېسىلغان ئوخشاش .
شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ يەنە پىكرى سۇزۇلدى،
كۆز ئالدىدا ئاڭا تونۇش ئەسقەر كۆرۈندى .

ــ قېنى؟ ــ دەيتتى ئەسقەر ئاڭا ــ گاڭدەڭ ئىرادەڭ،
مەكتىپىڭدە، ئەل ئالدىدا ئېيتقان ئىپادەڭ؟!
تۇر ئاياققا، كۈتەر سېنى ئۇستاز ھەمدە ئەل،
كۈتەر سېنى كۈرەش ئەۋجى، ئۇندا يېڭى جەڭ!
شاگىرتىنى يېڭى جەڭگە ئۇندەپ مۇئەللىم،
ئاستا شۇ چاغ غايىب بولدى سۆزلەپ مۇئەللىم .

ئۇستاز سۆزى خىجىللىققا سالدى پولاتنى،
كۈچ دىلبىرى ئۆز قوينىغا ئالدى پولاتنى .
ئوتلۇق ئۇندەش مەلھەم كەبى بەردى شىپالىق،
ھېسلىرىغا قىلدى بەخش بىر جۈپ قاناتنى.

كىرىشكەن كۆز ـ كىرپىكلىرى يېرىلدى ئاستا،
يۇلتۇز كەبى جۇپ كۆز شۇئان ئېچىلدى ئاستا .

ئېچىلدى كۆز، تۇمانلاشقان ئاسمان ئېچىلدى،
يىگىتلەرنىڭ دىل قېتىغا ئاپتاپ چېچىلدى .
ئەندىشىنىڭ بۇلۇتلىرى تارقاپ، بۆلەكتىن —
ئۈمىد ـ تىلەك مەشئىلىگە ئوتلار يېقىلدى .
ئايرىلغاندا بىر كۈن ئىكەن مىڭ يىلدىن ئۇزاق،
ئەمدى يۈرەك بۇ شادلىقنى سىغدۇرار قانداق؟!

تۈنجى بولۇپ غازى ئاكا تاشلاپ ئۆزىنى،
«مىش ـ مىش» قىلىپ يىغلىۋەتتى ياشلاپ كۆزىنى .
— پولات ئاكا، ئەھۋالىڭىز قانداق؟ — دېدى ئۇ،
ئۇستازىنىڭ يۈزلىرىگە ياقتى يۈزىنى .
ئېڭىشكەنچە ئەخمەت ھەمدە سېسترا ئايشەم،
كۆز يېشىنى يېڭى بىلەن سۈرتەر ئىدى ھەم .

سىلاپ تۇرۇپ غازىجاننىڭ بېشىنى تېخىنىك،
دېدى، — ئۇكا، كۆز يېشىڭنى سۈرتكىنە ئىتتىك .
مانا قارا، يىغلايدىغان باركەن نېمىسى —
تۇرمامدىمەن ھالىم ياخشى، بەستىممۇ تېتىك .
ئاندىن پولات ئەخمەتجانغا قاردى بىردىن،
گەپنى تەشتى جىرادىكى ئۆلچەش ئىشىدىن .

— ئەمدى، — دېدى ئەخمەت يەرگە باقتى شۇ ھامان،
خىجىللىقى كۆزلىرىدىن بولدى نامايان .
غازىنىڭمۇ يۈزى ھەمدە كەتتى ئوت ئېلىپ،

يەرگە قاراپ ئەخمەت بىلەن تۇردى يانمۇ يان .
«قىلالمىدۇق» دېسىمۇ بۇ راست گەپنىڭ ئۆزى،
تەس گەپ ئىكەن بىراق شۇنى ئېيتماقنىڭ ئۆزى .

تەستىقلىدى ئۇشبۇ ھالەت پەمنى ـ قىياسنى،
بەجا قىلدى پولات ھەمدە لايىق ئاياشنى .
ـــ ھېچقىسى يوق، جەڭ قىلىمىز بىللە ئۇچەيلەن،
ـــ دېدى شۇئان ياستۇقىدىن كۆتۈردى باشنى .
كۆتۈردى ئۇ، ئەمما بېشى قايدى پىررىدە،
يۆلەپ قويدى ئايشەم ئۇنى ياتقان يېرىدە .

دېدى ئايشەم، ـــ تېخى قىرىق سىزدە ھارارەت،
قىمىرلاشقا سىپستىرادىن يوقتۇر ئىجازەت .
ـــ مەن نېمشقا، ـــ دېدى پولات،
دېدى ۋە ئايشەم،
ـــ ھېچبولمىسا بىر كۈن چىداڭ، بىر كۈن نىھايەت!
دوختۇر دېگەن قازى، ئاڭا كۆنمەي ئىلاج يوق،
ئاشۇ يىلدەك ئۇزاق كۈننى كۈتمەي ئىلاج يوق .

## ئۈچىنچى باب ئايدالادا بىر كېچە

كېچە پەيزى زەپمۇ گۈزەل تاغدا ئۇشبۇ تاپ،
كۆككە زىننەت بېغىشلايدۇ يۇلتۇز پارقىراپ .
پىچىرلاشقان ئاشىق كەبى شوخلاپ تاغ سۈيى،
تاش ئارىلاپ ئاقار ئاستا شىر ـ شىر شىرقىراپ .
تاغ شامىلى كوكاتلارنى پۈۋلەپ ئۆتۈشەر،
تاڭ سوۋغىسى ـــ غۇنچىلارنى سۈيلەپ ئۆتۈشەر .

يېڭى ئۇچۇم قۇش بالىسى تاڭنى كۈتىدۇ،
ئۈۋىسىدىن «كۇر ـ كۇر» قىلىپ ئۆرلەپ قويىدۇ.
چىغ تۈۋىدىن توپا كولاپ چاشقان تىنىمسىز،
شىتىرلايدۇ ئەتە ئۈچۈن ئولجا يىغىدۇ.
خىجىل بولۇپ ئايمۇ ئەنە پەسكە ئېگىلدى،
ئەتىمالىم نېمىلەردۇر يەردىن كۆرۈندى.

مەيلى ئايمۇ خىجىل بولسا بولغاندۇر، بىراق —
بۇندا چېدىر روجىكىدىن پارلايدۇ چىراغ.
تىركەپ پولات قېرىنداشنى دەپتەر بېتىگە،
بۇ دەم پىكىر تۈرلىرىنى تاشلايدۇ ئۇزاق.
كۆزلىرىدىن پۈتمەس ئىشەنچ چاقناپ تۇرىدۇ،
ئۇيقۇ ئەمەس، زېھنى ئۆرلەپ ياشناپ تۇرىدۇ.

قوشۇمىسى ئۇنىڭ قاتتىق تۈرۈلەر بەزەن،
گاھى تۇرۇپ خەرىتىگە ئېڭىشەر بەزەن.
پىكىر تورى نېمىلەردۇر سۈزسە دېڭىزدىن،
چېھرىدە شاد كۈلكە ئۆزى كۆرۈنەر بەزەن.
ئۆز ـ ئۆزىگە گاھى بىردىن پىچىرلاپ ئاستا،
يەنە خىيال ئوكيانىغا چۆكىدۇ قايتا.

بۇ چاغ ئۇيقۇ ئالەمدە ئوينار يىگىتلەر،
بەخىرامان شېرىن ـ شېرىن چۈشلەر كۆرۈشەر.
مىيىقىدا كۈلدى غازى، گويا پۈتكەن ئىش،
ئۇلار ئامبار تۈغىنىدا سەيلە ئېتىشەر.





شادلىقدىن سەكرىدى ئۇ شۇندا بىر يولى،
يىپىنچىنى ئۆرۈپ چىقتى كۆكرەك ۋە قولى .

شاكىچىكنىڭ كۆلكىسىگە ئۈنسىز جور بولۇپ،
پىسسىڭىدە كۆلدى پولات دەپتەرنى قويۇپ .
قول سوزغاندا تۈزەتمەككە يوتقاننى بىراق —
كۆزلىرىنى ئاچتى بىردىن ئەخمەت تولغىنىپ .
بىر چىراغقا، بىر پولاتقا باقتى يېنىشلاپ،
تۇرۇپ كەتتى ئورنىدىن ئۇ غازىنى باشلاپ .

«ھەي!» دەۋەتتى شۇئان پولات، ئەمما كېچىكتى،
منۇت ئۆتمەي يىگىتلەرمۇ تەپتەخ بولۇشتى .
ئېھتىمالىم تاڭ ئاتتى دەپ ئالدانىدى ھېسسى،
كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تىپتىنچ تۇرۇشتى .
مېھىر يانغان كۆزلىرىدىن چاقنىتىپ شولا،
يىگىتلەرگە قىلدى پولات بۇ سۆزنى شۇندا:

— تاڭ ئاتقىلى خېلى بارغۇ، ئۇخلايلى ئۇكام،
كېچىكمەيمىز ئىشنى ئەتە ئەتىسەكمۇ داۋام .
دېدى ئەخمەت: «ھەر ئاخشىمى ئۇخلاشقا بىزنى —
ئۈندەيسىزۇ، تۈن بويى سىز ئالمايسىز ئارام .
بىزلەرغۇ ساق، دەردى بارغۇ سىزدە كېسەلنىڭ،
تەن ساقلىقى مۇھىم نەرسە ئادەم دېگەننىڭ .»

دېدى ھەمدە، — دوختۇر سۆزى چىقىپتۇ ئەستىن،
كۆز يۇممايسىز ھازىرغىچە تاكى شام ـ كەچتىن .
سىزمۇ ئۇخلاڭ ياكى بىزمۇ ھەمدەم بولايلى،

باشقا يول يوق سىزگە ئەمدى شۇنداق دېمەستىن .
ــ توغرا! ــ دېدى ئەخمەتجاننىڭ گېپىنى غازى،
شۇ تەرىقە تاپتى ئىشنىڭ ئېپىنى غازى .

ھەقلىق ئىدى شاگىرتىنىڭ ئېيتقان سۆزى ھەم،
بىلەر ئىدى پولاتجاننىڭ ھەتتا ئۆزى ھەم .
ئىشلىسۇنمۇ بىر ئۆزى، ياق! بولدى بولار ئىش،
يۇمۇلمايدۇ يىگىتلەرنىڭ ئەمدى كۆزى ھەم .
چاقماق كەبى ئاشۇلارنى ئويلاندى پولات،
ئويلاندى ـ دە، كۈلۈپ تۇرۇپ سۆز ئالدى پولات:

ــ ئىش بېشىدا يالقۇن، گەپتە چاقماق يىگىتلەر،
شۇ تۈپەيلى مەن سىلەرگە ئامراق يىگىتلەر .
مەيلى بوپتۇ، مەنمۇ ئىشلەي باشلاپ سىلەرنى،
تەس ئىكەنغۇ سىلەرگە تەڭ تۇرماق يىگىتلەر .
خۇشلۇقدا يىگىتلەر تەڭ دىڭلاپ قۇلاقنى،
بۇيرۇق كۈتۈپ چۆرىدەشتى تېخنىك پولاتنى .

ــ ئېيتسام بۇنى «نۆلدە بەش»كە ئائىت تېپىشماق،
قوزۇقلارنىڭ جاي ـ جايىنى تەكشۈرۈپ چىقماق .
ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ تۈگدۈم تۈگۈچنى،
ئەمدى زۆرۈر ئاشۇ مۇھىم تۈگۈننى تاپماق .
سۆزلىگەنچە پولات ئىشەنچ ـ ئىدراك تۆكەتتى،
يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىدە بىر شادلىق كېزەتتى .

تاقلاپ كەتتى غازى شۇ چاغ شادلىقى پاتماي،
پەنەر ئالدى قوللىرىغا پىرقىراپ ئايىماي!

دېدى: «تاپتىم ئېيتارىنى پولات ئۇستامنىڭ،
ئەخمەت ئاكا، تېز بولماسەن سوزۇلۇپ ياتماي .
قانداق دېدىم، بىكار يېتىپ كۆتمەي تاڭنى بىز،
قوزۇقلارنى تەكشۈرەيلى ئاتلاپ ھاڭنى بىز .»

ــ شەيتان! ــ دېدى تېخنىك كۈلۈپ ماختاپ غازىنى،
چاغلاپ باقتى يىگىتلەرنىڭ ئەلپاز ـ ھالىنى .
تەييار ئىدى يولۋاس كەبى غەيۇر جەڭچىلەر،
كۆكرەك كەرگەن ھەتتا ئىشقا ئاتاپ بارىنى .
جۇپ كۆزلەردىن چاقناپ تۇرغان ئىقبال كۆرۈنگەچ،
بۇ ھالەتتىن پولاتجاننىڭ كۆڭلى سۆيۈنگەچ .

ئېيتتى پولات، ــ قېنى باتۇر، چاققان يىگىتلەر،
پەرھاد بولۇپ مۇشەققەتنى يارغان يىگىتلەر .
ئەلگە كۈلخان ئىشقمىزدىن تاڭنى كۈلدۈرۈپ،
راس ئىشلەيلى كۆكتە بولۇپ چولپان يىگىتلەر!
ئۇچتى شۇندا شوخ يىگىتلەر سوڭداپ پولاتنى،
تۈن پەردىسى قۇچىقىغا تاشلاپ قاناتنى .

*   *   *

ئېھ، گۈزەللىك! گۈزەللىكمۇ شۇنداق بولاركەن،
چوغدەك قەلب تۈن قوينىغا زىننەت قوشاركەن .
يەردە يۇلتۇز، يۇلتۇز ئەمەس، نۇرلۇق چىراغ ئۇ،
كۆك سەتھىدە ھۆكەرنىمۇ نۇرسىز قىلاركەن!
ئاقار يۇلتۇز كۆكتە دەيدۇ، كۆكتە ئەمەس ئۇ،
كۆكتە ھۆكەر، خىجىللىقا تولغان پەۋەس ئۇ .

يغلىدۇ ئۈچ تال چىراغ، گاھى تارايدۇ،
يېقىنلايدۇ بىر ـ بىرىگە ياكى ئۇزايدۇ .
قاش تاشلىشىپ ئۇياق ـ بۇياق تەۋرىنىپ گاھى،
ئىشەنچىسى بىر ـ بىرىگە زەپمۇ يارايدۇ .
ھاياجاننىڭ بەزمىسىدە ئوتلىشىپ جانى،
قۇربان ئېتەر ئۇلار بۇدەم ئۇيقۇ ـ ئارامنى .

يېگىتلەرنى باشلار پولات، يەردە ئۇزەر ئۇ،
گۇمانى بار قوزۇقلارنى بىر ـ بىر كۆرەر ئۇ .
چىراغ بىلەن نۇرغا پۈركەپ جىمجىت دالانى،
تاش تۈۋىدە توختاپ بەزەن ئويلار سۈرەر ئۇ .
ئېنىقلىشىپ قوزۇقلارنى ئۆلچەر چەن سېلىپ،
ئۆتۈپ كېتەر ياكى ئاڭا شەرتلىك ئەن سېلىپ .

ئۇلار ئاتلاپ كەلگىنىدە چىغلىق جىراغا،
چىغ تۈۋىدىن ئۈركۈپ تورغاي ئۇچتى ھاۋاغا .
«كۇر» قىلدى ـ دە، قانات قاقتى جۈپتى قوغلىشىپ،
ــ ئوھوي! ــ دېدى ئەخمەت شۇئان باقتى ساماغا .
باقتى ھەمدە تاغ كەينىدىن كۆردى ئۇپۇقنى،
ئۇپۇق ئارا جىلۋە ئەتكەن سۈت رەڭ يورۇقنى .

ــ قاراڭلارچۇ! ــ دېدى ئەخمەت «تاڭنىڭ ھۆسنىنى»،
ھاياجاندا قىلدى ئىزھار تاڭنىڭ زوقىنى .
تاشلاپ نىگاھ ئۇپۇق تامان باقتى پولاتمۇ،
تاماشا قىپ تاغدا گۈزەل تاڭنىڭ پەيزىنى .

غازىغىمۇ تاغ سەھەرى گۈلدەك كۆرۈندى،
دىل جامىغا تاڭ كۆركىدىن شادلىق قۇيۇلدى .

بۇ چاغ ئايان كەڭ ئۇپۇقتا چەكسىز گۈزەللىك،
قىزىل تاجى چوققىلارنىڭ شۇنچە سۆلەتلىك .
مەرۋايىتتىن مونچاق ئاسقان كۆپكۆك يوپۇرماق،
تاڭ ساباسى ئەركىلەتسە تىترەيدۇ تېتىك .
سازەندە قۇش تەقەززاسى تاپقاچ ئارامنى،
كۈي باشلىدى خۇش ئاۋازدا سازلاپ مۇقامنى .

— ئەجەب! — دېدى باققاچ پولات چوغدەك قۇياشقا،
— كۆرۈپ قانچە سەھەر - تاڭنى يەتتىم بۇ ياشقا .
بۇگۈن تاڭمۇ، كۈنمۇ گۈزەل،

گۈزەلدۇر بارچە،
بۇگۈن ھەي - ھەي! بۇ سەھەرنىڭ پەيزىدۇر باشقا!
ھەق سۆز دېمەك، ئەل ئىشقىدا كۆيگەن كىشىنىڭ —
لەززىتى قوش، چەككەن جاپا، سۆيگەن ئىشىنىڭ .

## تۆتىنچى باب پولاتتەك بول!

تۈن يېپىلىرى شۇ تەرىقە تاڭغا ئۇلاندى،
تاغ قاپتىلى كۈن ئاتەشى تەپتىدە ياندى .
ساي تورغىيى كۈي توختىتىپ مۇڭدەپ، ئۆزىنى —
ھالسىز ياپراق، لويىلارنىڭ ئاستىغا ئالدى .
يىڭناغۇچلار ئوينار پەقەت پەرۋاز ئەيلىشىپ،
قانىتىنى پال - پۇل قىلىپ كۆكتە لەيلىشىپ .

تاشلار بىتى مەش مسالى، ئوت كەبى ئاپتاپ،
يېلىنجايدۇ كۆكۈچ قۇملار ئۈستىدە چاقناپ .
ئىشلەر ئەنە پولات ھەمدە ئىشچان يىگىتلەر،
كىلەر سايدا چاقچاقلىشىپ تاشمۇ تاش ئاتلاپ .
يەرۇ ئاسمان مەيلى پىچىتەك پۈركسۇن يالقۇن،
شۇندا پەقەت داشقال كۆيەر، تاۋلىنار ئالتۇن .

— قېنى ئۇكا، — دېدى پولات ئەخمەتكە قاراپ،
— بىر سايرىۋەت، بەلەن ناخشا - ئاھاڭغا توۋلاپ .
ھۇرۇن تورغاي ئۇيقۇسىدىن ئويغانسۇن چۆچۈپ،
سىنىك دىلنى سەگەتكۈچى مۇقامىڭ ئاڭلاپ .
— ماقۇل! — دېدى ئەخمەت شۇئان قىردى گېلىنى،
جور بولغىلى غازى بەلدىن ئالدى نېيىنى .

گۈڭشىدا — گۈزەل باغدا،
گۈلباغنى كۆرۈپ قالدىم .
خۇشبۇي گۈل - چېچەكلەردىن،
گۈلدەستە تىزىپ ياندىم .

كۆڭلۈمنى قېتىپ گۈلگە،
يارىمغا تۇتاي دەيمەن .
ئىشلەشتە بولۇپ داڭدار،
كۆڭلىنى ئۇتاي دەيمەن .

ئىشقى بىلەن نېيىنى شوخ پۈۋلىسە غازى،
ئاشار ئىدى تاغ بېشىدىن ناخشا ساداسى .
يانغۇ بەردى مەلە ياقتىن كۈيگە ئەجەبا —

زەپ يېقىملىق، زەپمۇ لەرزان ناخشا ئاۋازى .
قايىل بولۇپ كۆيگە ھەممە «ھاي - ھاي» دېيىشتى،
قوللىرىنى قۇلىقىغا كاناي قىلىشتى .

گۈگۈشىدىن — گۈزەل باغدىن،
گۈلدەستە تىزىپ كەلدىم .
گۈللەرگە شىپا خۇشبۇي،
ئەل مېھرى قوشۇپ كەلدىم .

مېھرىمنى قېتىپ گۈلگە،
ئىشچانغا تۇتاي دەيمەن .
يارىمغا بولۇپ ھەمدەم،
قېشىدا قالاي دەيمەن .

— ئايشەم! — دېدى ئەخمەت شۇدەم چاندى سۆزىدىن،
«ۋىل» قىلدى - دە، بىر ئوت سىيىپاپ ئۆتتى يۈزىدىن .
«ئايشەم!» دېدى، ھاياجانىنى كۆردى پولاتمۇ،
ئەخمەتجاننىڭ ئىشق ئوتى يانغان كۆزىدىن .
ۋىلىق - ۋىلىق كۈلدى غازى «يەڭگەم كەلدى» دەپ،
چىمدىپ قويدى ئەخمەت ئۇنى «ئەمدى بولدى» دەپ .

راستتىن ئايشەم چىقىپ كەلدى قول سىلىپ بىردىن،
تاغ گۈللىرى چوغ مىسالى كۈلگەن ئېدىرىدىن .
خىجىل بولۇپ شوخ چېچەكلەر بەردى ئاڭا يول،
چىقىپ كەلدى بىر گۈل گويا گۈللەر ئىچىدىن .
ئايشەم تولغان، توق قىزارغان رەيھان ئەمەسمۇ؟
ناخشىسىغا بۇلبۇل خۇشتار، ھەيران ئەمەسمۇ؟

ئەخمەتجاننىڭ يۈزى شۇندا گۈلدەك قىزاردى،
پولات كۆلۈپ سىپىترانىڭ ئالدىغا باردى .
دېدى ئاكا: «قەدىمىڭىز بولسۇن مۇبارەك —
يولىڭىزغا قاراپ كۆزلەر گۆھەرى ھاردى .»
كىنايىلىك چاقچاق بىلەن كۈلدى ھەممىسى،
كۆتۈرۈلدى خىجىللىقنىڭ سۈرلۈك پەردىسى .

— خۇش كېلىپسىز! — دېدى ئەخمەت،
— خۇش كېپسىز بەلەن،
سىزگە بىزنى يوقلايدىغان كۆنمۇ بار ئىكەن!
— ئېلىپ كەلدىم تېخنىك ئۈچۈن دورا ـ شىپالىق،
دېدى ئايشەم، — سىزنى كۆرمەي ملىڭ يىل چىدارمەن .
چاقچاق دېسە ئايشەمگە ھېچ تەڭتۇش يوق ئىدى،
ئەل ئىچىدە ئاكا ھۆرمەت ـ ئالقىش قوش ئىدى .

شوخ كۈلكىلەر بېسىلغاندا ئايشەم ئاچتى گەپ،
— پولات ئاكا، مەن ئاتايىن كەلدىم سىزنى دەپ .
كېسىلىڭىز كۆرمەك ئۈچۈن ئەۋەتتى باشلىق،
دېدى تېخنىك جاپا چەكتى چۆلدە بىزنى دەپ .
قېنى ئەمدى جىم بولۇڭلار ھاي ـ ھاي يىگىتلەر،
تېخنىكنى مەن داۋالاشنى باشلاي يىگىتلەر!

تىڭلىغۇچنى ئېلىپ ئايشەم كىيدى خالاتنى،
— ئوھوي! — دېدى، زېھنى بىلەن تىڭشاپ پولاتنى .
— كەنتتىكى ئىش ھەققىدە سۆزلىگەن سىڭلىم،
كۆرگۈم كەلدى گۇگىشېدىكى جۇشقۇن ھاياتنى .

گەپنى بۇراپ تېخنىك ئىشنى ياپقانتى بىلىپ،
سېسترا قىز ئېيتتى شۇئان جىددىي تۇس ئېلىپ .

ــ پولات ئاكا، ھە دېسىلا گەپنى بۇرايسىز،
راستتىن ئېيتسام بۇ كېسەلگە ئاددىي قارايسىز .
ئاڭلىمايسىز يېنىك ئىشلەپ دەم ئال دېسەكمۇ،
ياكى كېسەل ياستۇقىغا باشنى قويامسىز؟
كايىش بىلەن ئايشەم سوئال تاشلاپ تۇراتتى،
بۇ سوراقنى پولات خۇشخۇي ئاڭلاپ تۇراتتى .

ئېيتتى پولات: «سىڭلىم راستتىن ھەقلىق سۆزىڭىز،
چېچەنسىز ۋە بىزدىن ھەسسە سەزگۈر ئۆزىڭىز .
سانجىلغ قېنى يىڭنىڭىزگە مۇسكۇلۇم تەييار،
دورا بېرىك، ئىچكىنىمنى كۆرسۇن كۆزىڭىز .»
ھا ... ھا قىلىپ كۈلدى پولات كەمتەرىن شۇنچە،
سېسترادىن سۆيۈنۈپ چىن قەلبىدىن شۇنچە .

گېزى كەلسە كۈلكىدىن ھېچ قالمىدى ئايشەم،
كۈلۈپ تۇرۇپ جاراھەتنى باغلىدى ئايشەم .
ئوكۇل قويغاچ سۆزلىۋەتتى نەچچە پەرھىزنى،
سومكىسىنى مۇرىسىگە تاشلىدى ئايشەم .
تېخنىك ئۇچۇن سېستراغا دېدى ـ دە، «رەھمەت»،
پەيتنى پايلاپ چاقچىقىنى باشلىدى ئەخمەت:

ــ توختاپ تۇرۇڭ ياخشى دوختۇر بىز ئۇچۇن جىندەك،
نېمىلەر دەپ سوقار ئىكەن بىزنىڭ بۇ يۈرەك .
ئەجەب ئەمەس كېسەل بولسا تاپسا شىپالىق،

نېمشقىكىن بۈگۈن سەل ـ پەل رىتىمى تېزرەك .
چاندۇرمىدى تىڭلىغۇچنى چاپلىدى ئايشەم،
ئەخمەتجانغا سۆزنى شۇنداق باشلىدى ئايشەم:

ــ بىتابكەنسىز، كېسەل سىزگە بەكمۇ ئاياندۇر،
ئەل ئالدىدا ئېيتماق بىراق يۈزگە ياماندۇر .
خالىسىڭىز،
خالامسىزكىن، ئەتە يا ئۆگۈن،
ھېچبولمىسا خالىي يەردە ئېيتماق ئاساندۇر .
ــ ئېيتىڭ، ــ دېدى ئەخمەت ئۈزمەي كۆزنى قىزدىن،
ــ ياق! ــ دېدى قىز قاچتى ئەمما ئارقىغا بىردىن .

ئىما قىلدى پولات قېنى قوغلا دېگەندەك،
دېدى غازى: «ئىست، يىگىت بولامدۇ سەندەك .»
غۇرۇر كۈچى ئايغىغا بەردى دەرماننى،
ئەخمەت شۇئان قىزنى قوغلاپ كەتتى قۇيۇندەك .
قوغلاپ كەتتى بار كۈچ بىلەن تاشلاپ قەدەمنى،
قىر كەينىدە قوغلاپ يەتمەك ئۈچۈن ئايشەمنى .

كۆرمەك ئۈچۈن گۈل ئۈلارنى بويلار سوزاتتى،
چىغ تۈۋىدىن ئۈركۈپ قۇشلار شاخقا قوناتتى .
ساپ مۇھەببەت كۈلكىسىدىن زوقلىنىپ شۇنچە،
مېھمانلىرى شەرىپىگە سايراپ قوياتتى .
«كاككۇك» دەيتتى، نەلەردىدۇر كاككۇك كۈلەتتى،
كاككۇكمۇ بۇ تاماشىدىن يايراپ كېتەتتى .

گۈل ئېچىدە مسلى ئۇلار بىر جۈپ كېپىنەك،
قوغلىشاتتى سايدا گويا ئاھۇ ـ كېيىكتەك .
تۇتتى يىگىت قىزنى نەچچە، تۇتتىيۇ ئەمما
قوللىرىدىن ئاجرار ئىدى سىرغىپ بېلىقتەك .
قىز قاچىدۇ، قىز نېمىشقا كىرمىسۇن سۆزگە،
كوكاتلىقتا قوغلىششىنىڭ لەززىتى ئۆزگە .

قاچماس ئەمدى سېستىرا قىز قالدى ئاياغتىن،
كۈتكىنى شۇ، ئەخمەت ئۇنى تۇتتى تۇساتتىن .
ھارغىن كۆزلەر،
خۇمار كۆزلەر ئۇچراشتى قايتا،
ھالال مەقسەت ئالدى لەززەت ياشلىق ھاياتتىن .
ئېگىز ئۆسكەن گۈل ـ كوكاتلار بەردى پاناھنى،
ئاتا قىلدى تاغ سەگۈسى سالقىن ھاۋانى .

ئەخمەت دېدى: «بىتابلىقنىڭ داۋاسى قايدا؟»
ئايشەم دېدى: «كۆزدە، چىراغ پارلىغان چاغدا .
پولات ئوخشاش جاسارەتنى مەڭگۈ يار تۇتۇپ،
قېنى، پەندىن تۆھپە گۈلى كۆلدۈرۈك سايدا!»
ـــ جەزمەن، ـــ دېدى، ئەخمەت، گۈللەر بەردى پاناھنى،
چىن سۆيگۈنىڭ تەشنالىقى تاپتى شىپانى .

## بەشىنچى باب شەمشادنىڭمۇ يىلتىزى تۇپراقتا

كەچكى قۇياش چوغ مسالى چاقنار ئۇپۇقتا،
زەر جىيەكلىك شايى ـ شەلپەر ئوينار ئۇپۇقتا .
تاشلار قىزىل، جىلغا قىزىل، بار ئالەم قىزىل،

گىدەيگەن زور چوققىلارنىڭ قالپىقى كاتتا .
تال ـ تال شولا بۇلۇتلارنىڭ كۆكسىنى تەشكەن،
سايغا گۈلزار ــ باغۇ جەننەت ھۆسنىنى بەرگەن .

ئەنە سايدا ئالتۇن رەڭلىك تونغا پۈركىنىپ،
شوخ يىگىتلەر چېدىر تامان كېلەر يول ئېلىپ .
كېلەر ئەخمەت، ئۆشنىسىدە دۇربۇن ساندۇقى،
كېلەر پۈتمەس شادلىقنى تووۋلاپ كۈي قىلىپ .
«سايرا» دېدى مۇرىسىگە قاقتى پولاتمۇ،
بوم ئاۋازدا كۈيگە سادا قاتتى پولاتمۇ .

«ئەنە» دېدى، غازى شۇئان يارنى كۆرستىپ،
چۈشتى ئۇلار پەسكە، ئاتلىق ئادەمنى كۆرۈپ .
پۈتلىرىدا يەڭگىل چورۇق، ئاستىدا بوز ئات،
كېلەر ئىدى تاشمەت قويچى ئەگمىدىن ئۆتۈپ .
قۇچاقلاشتى ئۇلار قىزغىن، ئەھۋال سوراشتى،
دىدارلاشقان يېقىنلارنىڭ شادلىقى تاشتى .

«قانداق تاغا، قويلار ئامان، تۆللەر خەتەرسىز؟
كەپىمىزگە بېرىپ بەلكى توختاپ ئۆتەرسىز؟
دېمىسەممۇ ئالدىرايسىز مەلگە جەزمەن،
يا بولمىسا بۇگۈن قونۇپ ئەتە كېتەرسىز؟»
تەكەللۇپسىز ماڭدى قويچى چېدىرغا كەتتى،
چاي ئۈستىدە سۆز داۋامى ئەۋجىگە يەتتى .

ــ راستتىن ئېيتسام، مەلە ياقتا ھېچبىر ئىشىم يوق،
تاغ كەينىدە قويلار ئامان، تۆلدىن كۆڭۈل توق .

كەلدىم پەقەت چۈش مەزگىلى ئاتلاپ خەۋەرنى،
بۇ سايدىكى ئۆلچەش ئىشى ـــ ئامبار توغرۇلۇق .
ـــ سۆزلەڭ تاغا، ـــ دېدى ئەخمەت قويچىنى سۈيلەپ،
سەگەكلەشتى پولاتنىڭمۇ دىققىتى ئۆرلەپ .

ـــ شۇنداق قىلىپ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولدۇم،
قوينى دەرھال باللارغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم .
ساقلاپ كەلگەن تەۋەررۈكنى سالدىم قوينۇمغا،
ساينى كۆزلەپ بوز ئېتىمغا قامچىنى ئۇردۇم .
گۈگۈم بۇ چاغ سايغا ئاستا ياپتى پەردىنى،
يۇلتۇز كۈلۈپ زىننەتلىدى ئاسمان قەرىنى .

شۇندا قويچى ئوڭ قولنى قوينىغا سالدى،
ئاۋايلاپ ئۇ قويندىن بىر تۈگۈچنى ئالدى .
ھۆرمەت بىلەن بۇ تۈگۈچنى ئاچقاندا پولات،
ھەيرانلىقى ھەسسە ئۆرلەپ داڭ قېتىپ قالدى .
ئەخمەت ھەمدە غازى سىرلىق قەغەزگە باقتى،
سۆز كېمىسى پەرۋاسىزلىق سۈيىدە ئاقتى .

ـــ كۆيۈك قەغەز! ـــ ئويلىمايلا دەۋەتتى غازى،
ـــ ئۆلچەش ئۈچۈن قانچىلىكتۇر پايدىسى زادى؟
ـــ ئاجايىپ ئىش، خەرىتىگە ئوخشايدۇ بىراق
دېدى ئەخمەت، ـــ خەت يازغۇدەك بولسىچۇ كاشكى .
تاشمەت قويچى ئاتلاپ بۇنى خورسىندى بىراق،
سالدى ئەمما ئۈمىد بىلەن تېخنىكقا قۇلاق .

پولات كۆرۈپ خەرتتنى كۆڭلى بۇزۇلدى،
يگتلەرنى ئەدەپلمەك ئەپسز تۇيۇلدى .
«ئۇكجانلار!» دېدى شۇندا بەش يىل بۇرۇنقى،
بر كەچۈرمش كۆز ئالددا بر ـ بر كۆرۈندى .
يورۇتاتتى پولات بۇ چاغ تارىخ بېتىنى،
يورۇتاتتى مسلى گۇڭگا دىللار قېتىنى .

*   *   *

ئاشۇ چاغلار، كۆكتە تۇمان، دىل يارا كۈنلەر،
چېچەك سولغان، باغدا بۇلبۇل بىناۋا كۈنلەر .
دەملەر بوغۇق، ئەلنىڭ ئۇمد ـ ئەركى كىشەنلىك،
جاراھەتلىك يۈرەك دەردى بىداۋا كۈنلەر .
نەگە باقساڭ ئاپەت قۇشى ئەركىن كېزەتتى،
يەلكىلەردە مۇدھىش قىسمەت دەۋران سۈرەتتى .

زۇلمەت بىراق قانچە باسسا ئاسمان يۈزىنى،
كۆرستەركەن يۇلتۇز شۇنچە چاقناپ ئۆزىنى .
ئاشۇ كۈنلەر چولپان كەبى چاچتى پولات نۇر،
بورانلاردا شۇڭقار بولۇپ تاۋلاپ ئۆزىنى .
قۇيۇنلاردا تۇردى مەغرۇر تاغدەك ـ قىيادەك،
جۇتنى يەڭدى قىيادكى سولماس گىياھدەك .

شىددەت بىلەن ئۇرسۇن مەيلى دولقۇن قاتمۇ قات،
نومۇس بىلدى ئۆز يولىدىن تايماقنى پولات .
يېڭى ئامبار پىلاننى كۆڭلىگە پۈكتى،
باشلىۋەتتى خەرتتىگە ئالماقنى پولات .

قولداش ئىدى ئاڭا ھەممە، ئاما مەدەتكار،
يولداش ئىدى سايدا ـ جەڭدە ئوت يۈرەك ياشلار .

كۈنلەر ئۆتۈپ ئۆلچەش ئىشى ئۇتۇق تاپقاندا،
يۈكسەك پىلان ئىجادكارغا كۈلۈپ باققاندا .
شۇم چايانلار ئۇۋىسىدىن چىقتى ئۆمىلەپ،
ئەدەپ كەتتى تۆھمەت بىلەن پاسات ھەر ياندا .
ئەلنىڭ ئىشى قارا كۆڭۈل ياۋغا يارامدۇ؟
چايان بىر كۈن نەشتىرىنى سالماي قالامدۇ؟

ئىش ئۈستىدە پولات، گۇم ـ گۇم دۇمباق چېلىندى،
بىر زەربىدىن ئاجراپ ئىشك ئەنسىز ئېچىلدى .
ئالتە توك ـ توك شوئار توۋلاپ كىردى ئېتىلىپ،
ئۆرلەپ قۇيۇن، دەپتەر، كىتاب بەرى چېچىلدى،
سۆرۈن تەلەت بىرى شۇئان چىقتى ئالدىغا،
بىرى ئۇنىڭ ئېيتارىنى سالدى يادىغا .

ـــ توۋا قىلماس بۇرژۇئاغا بۇيرۇق، ـــ دىدى ئۇ،
ـــ بولدۇڭ ئۇلۇغ ئىنقىلابنا قۇيرۇق، ـــ دىدى ئۇ .
ـــ ئىشنى توختات، شۆشىبەنگە تاپشۇردۇق سىنى،
ئىككى كۈنلۈك ئويلاش ۋاقتى بەردۇق، ـــ دىدى ئۇ .
بۇ تاپ بۆلمە بوشلۇقىدا غوۋغا ئاقاتتى،
شاۋقۇن غەزەپ پىلتىسىغا ئوتلار ياقاتتى .

يولسىزلىقتىن پولات ئاران باستى ئۆزىنى،
«كاتىنۋاش»قا تىك قادىلىپ ئېيتتى سۆزىنى .
ـــ ئېيتىڭلارچۇ، بۇ ئىشىمدا، مەندە نە گۇناھ،

مەقسەت پەقەت مول قىلماقتۇر ئەلنىڭ سۈيىنى .
ئۇنىڭ بۇدەم كۆكرەكلىرى ئۆرلەپ تۇراتتى،
بۇ هال يۈرەك قاتلىرىنى تىغدەك تىلاتتى .

— سەنچە تېخى ئىسيانچىغا ئۆچلۈك قىلامسەن،
سېسىق نامىڭ، قىلمىشىڭنى بىلمەي يۈرەمسەن؟
‹ئاق›لىششقا باشلاپ خەقنى، ئالداپ ئاممىنى،
خاتا يولغا ماڭغىنىڭنى سەزمەي يۈرەمسەن؟
پولاتجاننى يەڭمەك ئاڭا بەك تەس تۇيۇلدى،
ئىسقىرتتى ـ دە، كاتتىۋاش، تەڭ دۇمباق ئۇرۇلدى .

تېخىنىك شۇندا بىلدى روشەن ئىشنىڭ تەكتىنى،
سۆز باشلىدى تاغ مىسالى رۇسلاپ قەددىنى:
— قولدىن بېرىڭدىن كەلگىنىنى مەيلى قىلىۋەر،
پۈكەلمەيسەن بىراق كۈچەپ شەمشاد بەستىنى .
بۇ سۆز تامام پاش ئەتكەچكە «نوچى» قەستىنى،
ئىشقا سالدى ئاخىر ئۇلار ئىپلاس ۋاستىنى .

ھەدېگەندە ئىككى ـ ئۈچى ئارقان چىقاردى،
غوۋغا سېلىپ پولاتجاننىڭ ئالدىغا باردى ،
كۆردى ئەمما كۆز ئالدىدا قەددى ھەيۋەت تاغ،
قورقۇنچاقنىڭ قاچتى بىردىن ماغدۇر ـ ماجالى .
پولات بۇ چاغ قەھرىمانە، تەمكىن تۇراتتى،
روجەك بىلەن ساي تەرەپكە مەغرۇر باقاتتى .

— باغلا! — دېدى، ئاچچىقىدىن تىترەپ كاتتىۋاش،
ئالدى چوماق، رەزىللىكتە بولدى ئۆزى باش .

خەرىتىگە قول ئۇزاتتى، ئەمما پولاتنىڭ —
بىلىكىگە ئارقان چۈشتى، باشلاندى باغلاش .
— خەرىتىنى، — دېدى پولات، قولى باغلاندى،
تىلسىز دىلى پۈتمەس غەزەپ ئىلكىدە ياندى .

— مانا ساڭا، — دېدى «نوچى» تامغا يېپىشتى،
قالغانلىرى پولاتجاننى مەھكەم تۇتۇشتى .
خەرىتىنى سويدى تامدىن، تاشلىدى يەرگە،
چەيلەپ ـ چەيلەپ شارت قىلدى ـ دە، ئوتنى يېقىشتى .
ئوتنى ياقتى غالىبانە كۈلدى كاتتىۋاش،
ئوتتىن گويا بىر كارامەت كۆردى كاتتىۋاش .

«ئاھ!» دەۋەتتى پولات ئەجرى كۆيگەننى كۆرۈپ،
ئالغىنىدەك ئۆز تېنىدىن بىر پارچە يۇلۇپ .
«ئاھ!» دەۋەتتى يالقۇن تامان ئىنتىلدى، بىراق —
غوۋغاچىلار ئۇنى سۆرەپ ئەكەتتى سۈرۈپ .
ئۆرتەنگىنى قەغەزمىدۇ ياكى يۈرەكمۇ؟
پولات ئۇچۇن ئازاب بولماس ئۇندىن بۆلەكمۇ .

...

— ئاندىن كېيىن، — دېدى ئەخمەت تاشمەتكە قاراپ،
تاشمەت ئاڭا بەردى مۇنۇ سۆز بىرلە جاۋاب:
— دەل پەيتىدە بىرىپتىمەن مەنمۇ يېزىغا،
ھەيران بولدۇم ئەنسىز چۇقان ـ غوۋغانى ئاڭلاپ .
يۈگۈر، — دېدىم، يۈگۈردۈم ـ دە، كىردىم بۆلۈمگە،
ئىشلار غەيرىي، ئىشەنمەيلا قالدىم كۆزۈمگە .

شۇ ئەسنادا پولاتجاننى سۆرەپ چىقىشتى،
مېنى توستى، مەن ئېتىلدىم، تىللاپ قېلىشتى .
كۆردۈم شۇندا كۆيۈپ تۇرغان قەغەزنى بىردىن،
يۈرىكىمنىڭ قات - قاتلىرى شۇنچە ئېچىشتى .
دېدىم ئۇنى پولات تېخنىك سىزغان ئەمەسمۇ؟
كۆپ ئەجرىنى ئاڭا قۇربان قىلغان ئەمەسمۇ؟

ئۆچۈردۈم - دە ئوتنى، ئۇنى قوينۇمغا سالدىم،
ئەتراپىمغا قاراپ - قاراپ كەينىمگە ياندىم .
شۇندىن بېرى ئۆتتى يىللار، قويچىمەن تاغدا،
بۇنى كۆرسەم پولاتجاننى يادىمغا ئالدىم .
ئوغلۇم، مانا مۇشۇ بولۇپ ئۆتكەن كەچۈرمىش،
شۇندىن بۇيان باھار پەسلى كەلدى - كېتىپ قىش .»

ئايدالادا يانار ئىدى گۈلخان گۈرۈلدەپ،
ياتار ئىدى تەبىئەتمۇ ئۇيقۇدا مۈگدەپ .
يىگىتلەرنىڭ كۆكسى بۇ دەم تىنچسىز ئەمما،
چايقىلاتتى ھېسلىرىنىڭ دولقۇنى ئۆرلەپ .
كۆتۈردى - دە، خىياللاردىن بېشىنى غازى،
ئاستاغىنا سۇرتىۋالدى يېشىنى غازى .

تېخنىك بۇ دەم ئۆز پىكرىگە بەرگەن ئىختىيار،
باقار ئىدى خەرىتىگە شۇنچە ئىنتىزار .
ئامان قالغان بىر بۇرجەكنى كۆردى يېنىشلاپ،
بىردىن ئۇنىڭ چىرايىغا بولدى كۆلكە يار .
يىگىتلەر بۇ ئالامەتكە بۆلدى دىققەتنى،
«تىنچ بول» دېدى تاشمەت نوقۇپ غازى، ئەخمەتنى .

دىدى پولات: «تاشمەت ئاكا، رەھمەت سىز ئۈچۈن،
بەختىمىزگە بۇنى ساقلاپ كەپسىز بىز ئۈچۈن .
مانا مۇشۇ بۇرجىكىدە رەقەم ساق ئىكەن،
بۇ ئاساسنىڭ پايدىسى بار شەكسىز بىز ئۈچۈن .»
تاشمەت قويچى شادلاندى بۇ تۆھپىسى بىرلە،
يىگىتلەرمۇ تەبرىكلىدى كۆلكىسى بىرلە .

## ئالتىنچى باب ئۆتكەلگە ھۇجۇم

تۈنمۇ ھەسسە، كۆكتە يۇلتۇز، چاقنايدۇ ھۆكەر،
پىل - پىل قىلىپ يەر يۈزىگە تاشلايدۇ نەزەر .
بىر - بىرىگە دەيدۇ ھەتتا «كۆردۈم كارامەت،
نېچۈن سايدا تا شۇ چاغقا ئۆچمەيدۇ پەنەر؟»
ئەمما ھەيران ھۆكەر - يۇلتۇز بىلگەي قەيەردىن،
چوغدەك چېچەك كۈلمىشنى تۆكۈلگەن تەردىن .

چىراغ ئەمەس كۆيگىنى، بۇ كۆيگەن يۈرەكلەر،
ئىجاد ئاتلىق جانان ئىستەپ يانغان تىلەكلەر .
ئۇلار راستتىن ئۇنتۇغانمۇ كىرپىك قېقىشنى،
ياق، ئۇيقۇغا ئەسىر بولماس بىزنىڭ زېرەكلەر .
نېچۈن تالسۇن كۈتكەن پەيتلەر كۈلۈپ باققاندا،
كۆز ئالدىدا يار ۋىسالى قۇچاق ئاچقاندا .

قەلىمىنى سىياھدانغا قويدى - دە، تېخنىك،
ئەسنىۋالدى، قولىدىن قاس چىقاردى ئەپلىك .
(ئادىتى بۇ) قايناق سۇنى كەلتۈردى غازى،
ئاق تابلېتنى غۇرت - غۇرت قىلىپ يۇتتى - دە، تېخنىك .

قۇتچاقنى روبىرودا قويدى ئەخمەتنىڭ،
ئاڭا بىردىن ئاغدى ئويناق كۆزى ئەخمەتنىڭ .

ئاغدى كۆزى، كۆردى ئۇندىن تال ـ تال دورىنى،
كۆردى ئوماق جىلۋە ئەيلەپ تۇرغان يارىنى .
چەكتى شۇندا ئىشتىياقنىڭ تاتلىق ھېسلىرى،
بىر يېقىملىق سەزگۈ بىلەن قەلبى تارىنى .
بۇ شىپاغا يارنىڭ قولى تەگكەن ئەمەسمۇ؟
شۇ قول مەيلى شاخلىرىنى ئەگكەن ئەمەسمۇ؟

ئاغدى كۆزى، كۆردى ئۇندىن تال ـ تال چېچەكنى،
چېچەكلىكتە ئۆز بوينىغا چۈشكەن بىلەكنى .
كۆز ئالدىغا ئىختىيارسىز كەلدى تۈنۈگۈن،
كۆردى ۋاپا ۋەدە قىلغان سادىق يۈرەكنى .
يىل ئۆتتىمۇ، يىلمۇ ئەمەس، ئۆتتى پەقەت كۈن،
بۇ كۈن ئۇزاق تۇيۇلاركىن ئەخمەتكە نېچۈن؟

چۈنكى، يىگىت كۆرسە ئىدى ھەر كۈن يارىنى،
بىراق سايلىق توسار ئىدى ئايرىپ ئارىنى .
زۇمرەت ئېقىن ئاققۇزار ئۇ مەلگە ئەمدى،
بەخش ئەيلەپ بۇ ئىش ئۈچۈن ئەخمەت بارىنى .
ئۇ چاغ ئېقىپ سۇ بىلەن تەڭ ئۆستەڭ بويىلايدۇ،
ئەتە ـ ئاخشام يارى بىلەن بىللە ئوينايدۇ ...

«يالت» قىلىپ پولات ئاڭا بىر كۆز تاشلىدى،
كۈلۈپ قويدى، شۇنداق قىزىق چاقچاق باشلىدى .

— ۋاي ئۇكامەي، كۆڭلۈك يەنە قاچتى مەلگە،
سېغىندۇردى سېنى قىزنىڭ قىيغاچ قاشلىرى .
— ياقەي! — دېدى، تىرنىقىنى كولىدى ئەخمەت،
قۇتىچاقتىن نەزىرىنى بۇرىدى ئەخمەت .

— بىلمەس دېمە قاناتلىنىپ ئۇچقان ئويۇڭنى،
تاقىتىڭ ـ تاق كۆرمەك ئۈچۈن ئايشەم گۈلۈڭنى .
پۇرسەت كېلەر، بولاي ساڭا تويدا توي بېشى،
ئاشۇ چاغدا جۈپ قىلارمىز تەنها بويۇڭنى .
سۆز ئورنىدا باقتى ئەخمەت مېھرىبان كۆزگە،
ھاياجاندا تىلى ئۇنىڭ كېلەمدۇ سۆزگە .

قاقاق ئۇرۇپ كۈلدى غازى «جىم!» دېدى تېخنىك،
تاشمەت ئاكا ئۇيقۇسىدىن غەم يېدى تېخنىك .
ساي تۈنىگە ھەۋەس بىلەن باقتى روجەكتىن،
زوقى بىلەن سۆز يىپىنى ئۈلدى تېخنىك .
گەپلىرىدىن ئاكىلارچە شەپقەت ياغاتتى،
بۇ مىجەزى يىگىتلەرگە بەكمۇ ياقاتتى .

«ئېھ، ئۇ چاغدا ساينىڭ نامى قالار ئاتاقتىن،
سەلمۇ، توپان بالاسىمۇ قاچالماس قاشتىن .
بۇندىن مىسلى قان تومۇردەك تارالسا ئۆستەڭ،
تاغ كەينىدە كۈلەر جەننەت مىسالى راستتىن .
توك سىملىرى نۇر تارقىتار مەلگە — ئۆيگە،
تەڭكەش بولۇپ ماشىنىلار كۈلەر شاد كۈيگە .

شۇ چاغ ئالتۇن تاغ مسالى خامان راسلايمز،
ئايدىڭ ـ يورۇق باراڭلقتا توينى باشلايمز .
مويسپىتلەر مەمنۇن بولۇپ قوش توي دېيشەر،
ئاشۇ چاغ مەشرەپ بىلەن توينى قۇتلايمز .
قېنى ئۇكا، بىر كۆلگىنە، كۆلگىنە تاتلىق،
شۇ توي ئۇچۇن بىزگە زۆرۈر نېمە قىلماقلىق؟»

ــ ئىشلەش كېرەك! ــ دېدى ئەخمەت بىردىن قىزىشپ،
توي چاغلىرى كۆز ئالدىدىن ئۆتتى تىزىلىپ .
ــ ئىشلەش كېرەك! ــ دېدى غازى باتۇر قىياپەت،
ــ توغرا! ــ دېدى شۇندا پولات باشنى لىڭشتىپ .
جىمجىت كېچە، كېچە قوينى جىمجىت ئەمەس، ياق!
بارار ھۇجۇم ئۆتكەللەرگە، شىجائەت قايناق .

* * *

ئەتىگەن! ئېھ، ئۇلۇغلۇقتا تاجى بىر كۈننىڭ،
كۈتكەن پەسلى مەۋجۇداتىنىڭ، غۇنچىنىڭ ـ گۈلنىڭ .
پەيزى گويا بىر ئۆمۈرنىڭ قوۋناق چېغىدەك،
گۈزەللىكتە سەھنىسى ئۇ كۈيچى بۇلبۇلنىڭ .
ساپ سۆيگۈدىن بېشارەتتۇر خۇشبۇي ھاۋاسى،
شۇ ھاۋادىن ئالغان بىردەم تەننىڭ داۋاسى .

ئەنە شۇنداق ئەتىگەننىڭ بېرى، نۇر قۇياش ــ
لالەرەڭگە كۆمگەن ئېدىر ـ سايلارنى تۇتاش .
بېسىپ كېتەر شوخ كۈلكىلەر قۇشلار سازىنى،
بىر سادادىن ياڭراپ تۇرار بۇندا تاغۇ تاش .

بىر ساداكى، ھاياجانلىق دىلنىڭ ئۈنى ئۇ،
كۆكنى قۇچقان شان ـ زەپەرنىڭ نەغمە كۈيى ئۇ .

غەلىبە قىلدۇق دەيدۇ غازى شادلىقا پېتىپ،
سەكرەر بادامدوپپىسنى ئاسمانغا ئېتىپ .
بىر ـ بىرىنى تەبرىكلىشەر ئەخمەت ۋە پولات،
قۇچاقلىشار قوللىرىنى مەھكەم سىقىشىپ .
تاشمەت قويچى قىلدى تەييار قاڭتۇرۇپ ئاتنى،
مەلە تامان قامچىلاشقا ئۇچقۇر قاناتنى .

چۇلۇۋۇرنى تۇتتى ئاتنىڭ دېدى ۋە غازى،
ــ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە مەن باراي زادى .
ــ مەنچۇ؟ ــ دېدى ئەخمەت شۇندا كەسكىن ئاھاڭدا،
جىلە بولۇپ غازىنىڭ ئۇ ئالدىغا باردى .
ئىككى قولدا قالدى بۇ دەم تىزگىنى ئاتنىڭ،
سۆز ـ ھۆكمىنى كۈتەر ئىدى ھەركىم پولاتنىڭ .

كۆردى پولات، قارىماققا ئاددىي بۇ تالاش،
ئۈمىد بىلەن كۆز تىكەتتى ئەمما ئىككى ياش .
ئويلىدى ئۇ بۇدو لايىق ئەخمەتكە نۆۋەت،
مۇمكىن ئاڭا دوختۇرخانا ئالدىدا توختاش .
ــ ئاتلان! ــ دېدى تېخنىك، ئەخمەت كەتتى خۇش بولۇپ،
تىزگىننى ھەم بەردى ئاڭا غازى دومسىيىپ .

بىر قامچىدا ئۇچتى ئوقتەك مەلگە بوز ئات،
كۆتۈرۈلدى ئاق بۇلۇتتەك چاڭمۇ قاتمۇ قات .
ــ ئۇچقىن يىگىت، خۇش خەۋەرمۇ ئۇچسۇن سەن بىلەن،

دېدى يىگىت ئۈچقان ياققا كۆز تاشلاپ پولات .
زەپمۇ ئوتلۇق، ئىپتىخارلىق سۆزلەر ئىدى بۇ،
ئەلگە ئارزۇ، ئىنتىزارلىق سۆزلەر ئىدى بۇ .

* * *

بۈگۈن قايناق تاغ ئارىسى، ئادەم بۇندا جىق،
تاڭ قۇياشى نۇر بېرىدۇ تۇغلارغا قېنىق .
تراكتورلار تەييار، مەزمۇت قوللاردا قورال،
تۇرار جەڭچى ـ باھادىرلار شەمشاد كەبى تىك .
قوش بۇلاقنىڭ تاغ قازارى ــ پەرھادلىرى بۇ،
جەڭ ئەۋجىگە ئىنتىلگۈچى جەڭ ئاتلىرى بۇ .

مۇدىر شۇندا كاناي بىلەن «دىققەت ـ تىنچ» دېدى،
بۇ مىنۇتلار تالاي يۈرەك كۈتكەن پەيت ئىدى .
داۋالغۇشتىن خالاس بولدى بىردىن كەڭ دېڭىز،
تاقەت قۇشى قانات قاقتى، پەرۋاز ئەيلىدى .
تۇردى شۇجى تاش ئۈستىگە چىقتى ئاشۇ چاغ،
توپقا قاراپ سۆزلىرىنى باشلىدى مۇنداق:

ــ بۈگۈن يەنە يېڭى جەڭگە قەدەم تاشلايمىز،
سايىنى توسۇپ سەل ـ قىيانغا ھۇجۇم باشلايمىز .
بولماق ئۈچۈن مول ھوسۇللۇق تۆھپىكار گۈڭشې،
ساپ تەر تۆكۈپ بۇندا ئوكيان ـ ئامبار ياسايمىز .
شۇجى تامان تىكىشكەنچە كۆزنى ھەر كىشى،
تىمتاس تۇرۇپ ئاڭلار ئىدى سۆزنى ھەر كىشى .





— بىر كېچەشنى سەمگىلارغا سالاي خالايىق،
تۈنجى كەتمەن توپا تاشلاش ئۈچۈن كىم لايىق؟
كىم كۆتۈردى ئامبار ئۈچۈن مىڭ جىڭ ئېغىر يۈك،
كىم ئىشلىدى ئامبار ئۈچۈن كۈن ـ تۈن جاپالىق؟
جامائەتنىڭ ئېيتارنى ئاڭلاپ كۆرەيلۇق،
دەڭلار قېنى، بۇ شەرەپنى كىمگە بېرەيلۇق؟

كەڭ دېگىزنىڭ شۇندا بىردىن شاۋقۇنى ئۆرلەپ،
سادا كەلدى توپ ئىچىدىن «بىزنىڭ پولات!» دەپ .
«بىزنىڭ پولات»
«تېخنىك پولات!»
«بىزنىڭ پولاتقا
لايىق ئۇلغا توپا تاشلاش، لايىق شان ـ شەرەپ .»
«بىزنىڭ پولات» دەيتتى تاغلار يانغۇ بېرەتتى،
«تېخنىك پولات» دەيتتى تاشلار تىلغا كىرەتتى .

ئېھ، يوق ئىكەن ئەلدىن ئۆزگە ئادىل تارازا،
كۆرەر ئىكەن ئەلگە سادىق ئوغلاننى تازا .
نېچۈن ئۇلار پولات ئۈچۈن ياغدۇرار ھۆرمەت،
چۈنكى پولات قەلبىدىكى ئادىمى تۇرسا .
ئەل ئوغلىغا ئەل دىلىدىن تاشاركەن ئالقىش،
چىن ئادەمگە چىن يۈرەكتىن ياغاركەن ئالقىش .

سەل قىزاردى تېخنىك ئاستا سۆزگە كىرىشتى،
— ئاما ماڭا بۇ شەرەپنى ئىنئام قىلىشتى .
مەنلا ئەمەس، ئۆلچەش ئىشى جەڭدە يىگىتلەر —
جاننى ئاتاپ، تەرلىرىنى تەقدىم ئېتىشتى .

يەنە بارغۇ تاشمەت ئاكا، ئايشەم قىزىمىز،
دېمەك سايدا ھەممىمىزنىڭ قالدى ئىزىمىز.

— دېمەك ...
ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ئەخمەت كۆرۈندى،
غازىنىڭ ھەم ئۇستازىدىن قەلبى سۆيۈندى.
بولدى ھازىر ئايشەم بىلەن تاشمەت ئاكمۇ،
شۇ مىنۇتتا مانا مۇنداق سۆزلەر قىلىندى:
— مىڭ ئاڭلىغان بىر كۆرگەنگە يەتمەس دەپتىكەن،
كۆپتىن بېرى پولات تېخنىك بىللە بىز بىلەن.

بايا يۇرەك سۆزىمىزنى ئېيتتى جامائەت،
سۆزلىمەيمىز ئۇزاقلاردىن باشلاپ ھېكايەت.
شاگىرتلارنىڭ چىن دىلىدا بىرلا ئۆتۈنۈش —
قېنى ئۇستام بۇ كەتمەنگە ئەيلەڭ مەرھەمەت!
ئىككى قوللاپ ئاڭا كەتمەن تۇتتى ئەخمەتجان،
باشلاپ بەردى باشلىق چاۋاك - ئالقىشى شۇئان.

پولات بىردىن يەڭلىرىنى مەھكەم شىمايلاپ،
شاگىرتىدىن كەتمىنىمۇ ئالدى ئاۋايلاپ.
تۇغان ئۇچۇن كەستى لېنتا، سالدى ئۇل توپا،
يۇرەكلىرى ھاياجانىنىڭ ئىلكىدە يايراپ.
ئۆرلەر ئىدى ئالقىش بۇ تاپ تاغلار بېشىدىن،
تېخنىك كۆزى نەمخۇش ئىدى شادلىق يېشىدىن.

* * *

بۇ يەر جەڭگاھ، ئايھاي بەلەن جەڭنىڭ نەغمىسى،
تاغ قىزىشتا قىز ـ يىگىتلەر پەرھاد ھەممىسى .
كۆك قەرىدە جەۋلان قىلۇر ئەۋجى مۇقامنىڭ،
كۆڭۈللەرنى مەپتۇن ئېتەر ئەمگەك پەدىسى .
ئوتنى يېقىپ شوخ يىگىتلەر تېزدىن مۆكۈشەر،
گۇمبۇرلىتىپ ئېگىز تاغنى بەلدىن ئۈزۈشەر .

تراكتورلار تۇمشۇقىدا تاغنى تۈرتىشىپ،
گۈرۈلدەيدۇ كۆكۈچ ـ كۆكۈچ ئىسلار پۈركىشىپ .
كوزۇپىغا ماشىنىلار يۈكلىشىپ تاشنى،
تات ـ تات قىلىپ سىگنال بېرەر ئوقتەك ئۆتۈشۈپ .
ھارۋىكەشلەر قامچا سىلكىپ «تىر» دەپ كېلىشەر،
پولات چىۋىق، سېمونتلارنى يۆتكەپ كېلىشەر .

بىر تەرەپتە زەربىدارلار ئۆستەڭ يارىدۇ،
توما ئۇچۇن چاسا ـ چاسا تاشلار قازىدۇ .
گۇمبۇرلىشىپ تەگكەن پولات بازغان زەربىدىن،
تاش بېتىدە «ۋال ـ ۋۇل» قىلىپ ئوتلار يانىدۇ .
قىز ـ يىگىتلەر بىر ـ بىرىگە سىنچاي تۇتۇشار،
قىزىق دېمەي ئىشتىھادا غۇرت ـ غۇرت يۇتۇشار .

ئەنە پولات شۇنچە خۇشال ئىشلەپ يۈرىدۇ،
ئىش ئورنىنى كۈندە ھارماي نەچچە كېزىدۇ .
بىر قولىدا يۆگەم مېتىر، بىرىدە قەغەز،
گاھ بۇ يەرنى، گاھ ئۇ يەرنى ئۆلچەپ كۆرىدۇ .
نەگە بارسا شۇ يەر قايناپ كۈلكە ئۆرلەيدۇ،
نازۇك ئىشلار تەرتىپىنى بىر ـ بىر سۆزلەيدۇ .

ئەخمەت بىلەن غازى ئەنە قاشىنىڭ بويىدا،
ئەس ـ يادى قاشنى پۈختا ئىشلەش كويىدا .
ياشلار ئۈچۈن مەسلىھەتكە تەييار ھەر قاچان،
تاۋلار ئەقىل شەمشىرىنى جەڭنىڭ ئوتىدا .
بۇندا ئىشلەر قىزلار ھەمدە، كەلدى پولاتمۇ،
تىنچ دېگەن ئىشارەتنى بەردى پولاتمۇ .

چىقىپ كەلدى ئايشەم شۇ چاغ قاشنىڭ ئۈستىگە،
سومكا ئېسىپ، توم چېچىنى تاشلاپ كۆكسىگە .
ـــ قاراڭ دوختۇر، ـــ دېدى ئاڭا گۈلسۈم قىزىقچى،
سۆز باشلىدى ھەر كىشىنى قىستاپ كۈلكىگە:
ـــ مۇشۇ تاپتا مەنمۇ سېنى ئىزدەي دېگەنتىم،
سۈچى يىگىت ئەھۋالىدىن غەممۇ يېگەنتىم .

ئېھتىمالىم قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتىمۇ،
يا تېنىگە تاسادىپتىن بىر دەرد يەتتىمۇ .
قاپلاپ كەتتى يۈزلىرىنى بىردىن قىزىللىق،
جىمجىتلىققا مايىل بولۇپ قالدى ئەپتىمۇ .
تىڭشاپ باققىن جېنىم دوستۇم تېزدىن يىگىتنى،
ئايرىمسۇن بىر تاسادىپ بىزدىن يىگىتنى .

سومكىسىدىن تىڭشىغۇچنى ئالدى ـ دە، ئايشەم،
تىڭشاپ كۆردى ئەمما ھەيران بولدى ـ دە، ئايشەم .
ـــ ھەممە نورمال، ـــ دېدى، بىردىن ئۆرلىدى كۈلكە،
پەقەت شۇ چاغ بۇ چاقچاقنى بىلدى ـ دە، ئايشەم .
كۈلۈپ كەتتى شۇندا ئۆزى ئوت ئالدى يۈزى،
ئوت ئالدىيۇ، كۈلكىگە ھەم جور بولدى ئۆزى .





بىراق، گەپتىن قۇتۇلدۇرۇپ شۇ چاغ ئايشەمنى،
ياڭراپ كاناي سايرىۋەتتى، چالدى «ئەجەم»نى .
چالدى، ئاندىن ئىشچانلارنى ئاتىدى بىر ـ بىر،
خەۋەر قىلدى ئىش سۈرئىتى ھەمدە رەقەمنى .
ھەممە بىردەك خۇش خەۋەرگە سالدى قۇلاقنى،
شادلىق ھېسسى ئۆز قوينىغا تارتتى پولاتنى .

«زەربىدارلار تەشمە تېشىپ ئۆتتى داۋاندىن،
بىر باراۋەر ئاشتى سۈپەت، سۈرئەت پىلاندىن .
بۈگۈن بىزگە ماشىنىمۇ ئەۋەتتى ھاكىم،
ھەپتە بۇرۇن پۈتەر دېمەك ئامبار قىياندىن .
بۇ كۈرەشتە يەنە رېكورت ـ پەللە ياراتتۇق،
يۈكسىلىشىنىڭ تارىخىدىن يېڭى بەت ئاچتۇق ...»

شۇ چاغ زەپەر شادلىقىغا تولدى دىل پەۋەس،
تەنتەنىنىڭ شوخ كۈلكىسى قايىندى بىر پەس .
ئۆز ـ ئۆزىگە دېدى پولات ئىپتىخار بىرلە:
«پاھ، شۇقەدەر تېزدۇر بىزدە پەللىگە ئۆرلەش!»
كۆز ئالدىدا ئەتە ئەنە، تويماي باقتى ئۇ،
ھاياجانىنىڭ ئاسمىنىدا قانات قاقتى ئۇ .

## خاتىمە سۈدىكى جۈپ شولىلار

يەتتىنچى ئاي، ياز قۇياشى كۆپكۆك ھاۋادا،
يېلىنجايدۇ ياز ئاپتىپى تاغدا ـ دالادا .

زۇمرەت سۈيى ئۇپۇق ئارا كۆككە يېقىپ لەۋ،
يالتىرايدۇ كۈمۈش ئوكيان ئالتۇن ۋادىدا .
سۇ ئاستىغا چۆككەن تاغلار، چوققا ـ ئاراللار،
ئېگىز قاشتا سايە تاشلاپ يەلپۈنەر تاللار .

سۇ يۈزىدە جۈپ ـ جۈپ بولۇپ ئاق قۇ ئۈزۈشەر،
قانات قېقىپ تۇمشۇقنى ئەركىن سۈركىشەر .
شوخلۇق قىلىپ بىر ـبىرىنى قوغلىشار بەزەن،
ئۆز ئەكسىنى سۇدا كۆرۈپ يايراپ كېتىشەر .
ئاق قۇ ئەمەس، بۇندا يەنە قولۋاق كېلىدۇ،
قولۋاق بىلەن مانا بىر جۈپ ئامراق كېلىدۇ .

سۇ بېتىدە ئەكسى ئەنە چوغدەك رومالنىڭ،
رومال چەككەن چېھرى گۈلەر ساھىبجامالنىڭ .
سۇمبۇل چاچلار سۇ تەكتىدە تولغىنار ئاستا،
ماڭلىيىدا شوخ قوللىرى سەلكىن شامالنىڭ .
ئاق قۇلار جۈپ، گۈزەل ھەمدە جۈپسىز بولامدۇ؟
گۈل شېخىغا بۇلبۇل كېلىپ قونماي قالامدۇ؟

سۇدا يەنە كېلىشكەن، بىر قامەت كۆرۈندى،
سايە قولۋاق گىرۋىكىدىن ئاڭا سۇرۇلدى .
گۈلشەن ئارا گۈلگە گويا قوندى كېپىنەك،
كۈلدى ئاق قۇ، كۈلدى سايە، دىللار سۆيۈندى .
لىپ ـ لىپ قىلىپ ئۇلار تامان دولقۇن تارالدى،
جۈپ شولا ھەم قوللىرىغا پالاقنى ئالدى .

بۇلار تامان كەلگىنى ھەم قولۋاق ئىدى ئۇ،
قولۋاقتىكى ئورتا ياشلىق قوشماق ئىدى ئۇ .
يانلىرىدا بىر جۈپ غۇنچە ـ بىر جۈپ پىئونىر،
بۇ سەيلىگاھ سەيلىسىنىڭ ئامراقلىرى ئۇ .
كەلگەن ئۇلار مۆجىزاتنى ئاڭلاپ يىراقتىن،
ئىشچان سۇچى ئاتىسىنى يوقلاپ يىراقتىن .

ئۇلار شۇدەم قىزىق ـ قىزىق چاقچاق قىلىشتى،
ساپ تەرىنىڭ ھۇزۇرىدىن لەززەت ئېلىشتى .
شوخ باللار ئويناپ كەتتى قولۋاق ئاتلىشىپ،
كۆلكىلەردىن جۈپ ئاق قۇلار ھەيران قېلىشتى .
ئۇلار شۇندا ئەتراپىغا سالدى نىگاھنى،
كېلەر ئىدى جۈپ ـ جۈپ كىشى تاشلاپ پالاقنى .

كەلدى ئۇلار، سۇ ئۈستىدە مەيدان تۈزۈلدى،
كۆكرەكلىرى چوغدەك قىزىل گۈلگە كۆمۈلدى .
بىرى ئەنە ئۇزاقلارغا قىلدى ئىشارە،
يەنە يېڭى مەنزىل ئۈچۈن مەيدان كۆرۈندى .
پاھ، شۇقەدەر شاد كىشىلەر، قايناق ھايات بۇ،
سەپ بېشىدا ماڭغىنى دەل بىزنىڭ پولات ئۇ .

1979 ـ يىلى ئاپرېل، ماناس ــ ئۈرۈمچى .

# قارا ۋە ئاق

مادەری ئەيیامنىڭ ئاق پاختىدەك پەرزەندىسەن،
تەگمەسۇن دەپ كۆز ساڭا قىلمىش قارانى ئىتبار .
(زامان ئانىسىنىڭ ئاق پاختىدەك پەرزەنتىسەن،
كۆز تەگمىسۇن دەپ، ساڭا قارا رەڭنى لايىق كۆرۈپتۇ .)

— تەجەللىي : «قەسىدە»دىن

**مۇقەددىمە**

تەبىئەت شۇقەدەر ئەپچىل، چېۋەر قول،
سىزغاندۇر خىسلىتى رەڭدار سۇرەتنى .
يەرنىڭمۇ، كۆكنىڭمۇ سۆلىتى ئۆزگە،
نامايان ئەيلەيدۇ كۇرمىڭ سۈپەتنى!

تاغلارنىڭ قامىتى قوزغار دىلدا زوق،
گۈزەللىك تاجىدۇر گۈلزار يەر بېتى .
شوخ بۇلبۇل سازىدەك پەيزى ھۇزۇر يوق،
ئاھۇ كۆز بۇلاقلار جانىنىڭ شەربىتى .

پەسىللەر ئىنئامى ــ بەھرى كۆڭۈلنىڭ،
كۆكلەمدە گۈل ـ چېچەك، يازدا يېشىللىق .
ياپراقلار زەر رەڭدە چاقنىشار كۈزدە،
قىش كۆكى تورزۇتار ئاق قارنى يېنىك ...

جانانىدەك بۇ رەڭدار، نازلىق تەبىئەت،
كىمنىمۇ باغرىغا تارتماس قۇچاقلاپ .
يازغانىمىز شۇڭمۇ، يازارمىز بەلكى ــ
قىزىلنى، يېشىلنى، كۆكنى ... ئۇلۇغلاپ .

قارىمۇ تەبىئەت ئىلكىدە بىر رەڭ،
قارا ھەم بار قىلىپ تۇرغان ئاقنى ئاق .
بى شەككى، دۇنيادا شۇنداق قارا بار،
پاختىدەك تۈس ئالغان ئاقتىن ياخشىراق ...

## بىرىنچى باب يەكشەنبە كۈنى

يول ـ يوللار تارىلار بۇندىن ئۇزاققا،
يول ـ يولدا باش قويۇپ ياتار جۈپ رېلىس .
ئۆتۈشەر تۇرىندەك تىزىلىپ ۋاگون،
ئەتراپتا رىتىملىق، ھەيۋەتلىك تىۋىش .

يول ئۈستى، ئاي كەبى سۈتتەك ئاق چىراغ،
نەدىدۇر شامالچى ئىشلەر كۆچۈنۈپ .
شامالار جۆنىشەر كوچا ـ كويلارغا ،
تىنىمسىز غۇيۇلداپ، چاڭلار كۆچۈرۈپ .

گۈلدۈرلەپ بەزىدە چاقماق چېقىپ،
يەر چاقماق لەرزىدە تىترەيدۇ يېنىك.
قوڭغۇراق جىرىڭلاپ، بىر تۈپ پارقىراق —
يۇلتۇزلار كۆچىدۇ سىرغىپ پەسكە تىك.

ۋە بىراق بۇندا يوق چەكسىز كەڭ دالا،
ياكى يوق ئاق بۇلۇت ۋە يا كۆك ئاسمان.
بۇندا يوق ياپيېشىل چۆپلۈك – چىمەنلىك،
يوق ياكى جىلۋىدار گۈلشەن – گۈلستان.

بۇندا يا سايرىماس خۇشناۋا بۇلبۇل،
يا چەكسىز يايلاقلار يايمايدۇ ئېتەك.
بۇندا يوق كۆي توۋلاپ ئاققان سۈزۈك سۇ،
بۇژغۇنغا لەۋ يېقىپ تۇرغان تال – تېرەك.

بۇندا تام – تورۇسمۇ، تاشلارمۇ قارا،
تاشلاردىن تامچىلاپ ئاققان سۇ قارا.
ئاياغلار تەكتىدە يوللار قارا ھەم
شىپالمۇ، رېلىسمۇ، ۋاگونمۇ قارا.

دەل ئاشۇ قارا جاي ئىچرە جەمۇ جەم،
قالپىقى چىراغلىق تۈت گەۋدە ئەنە.
ئالدىدا چوڭ بۇرغا كۆرۈنەر غىل – پال،
ئاق شولا كېسىشىپ ئۆتكەندە ئەنە.

بىرەيلەن كۈلۈچنى ئويىنىتار ئەپچىل،
بىرىنىڭ قولىدا چېرتىيوژ – دەپتەر.

ئىككىيلەن زاپچاسنى قىلىشار تەييار،
چاقنىتىپ ماڭلايدا ئۈنچە كەبى تەر .

ھە مانا، ئاردىن تەلئەت ئىسمىلىك،
يىگىتنى ئىشدىن توختىتىپ بىرى .
دېدى: «ھوي، ئىش ۋاقتىڭ توشتى ئۇكىجان!»
«راست» دېدى سائەتنى كۆرستىپ بىرى .

تەلئەتجان كۇلۇچنى قويدى نائىلاج،
توك بۇرغا تەرەپكە ئالدى بىر قاراپ .
تار يولدىن ئېگىلىپ ئۆتتى، ئەمدى ئۇ —
چوڭ يولدا كېلەتتى ئىتتىكلەپ شۇ تاپ .

ئۇ ئىدى ئورتا بوي، قامەتلىك يىگىت،
يېشىنى شۇ تاپتا بولمايتتى بىلىپ .
قانداقتۇر خۇشاللىق چاقنايتتى ئۇنىڭ —
كۆزىدىن تۆكۈلگەن نۇرغا قېتىلىپ .

ئۇ كەلدى كېپىكتەك ئاتلاپ شىپالدىن،
كاجۇۋا[1] ئۈستىگە تاقلاپ چىقتى - دە،
قوڭغۇراق ساداسى بەردى ئىجازەت،
ئېگىزگە ئۆرلىدى بۇندىن لىككىدە .

*  *  *

[1] كاجۇۋا — گوھنلۇڭ — تىك كۆمۈر قۇدۇقلىرىدا چىقىپ - چۈ-
شۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما.

ئاردىن كۆپ بولسا ئۆتتى بەش مىنۇت،
مۇنچا ياق بىر قەدەم تاشلاپ باقتى ئۇ .
بىر قاراپ سائەتكە «ئاپلا!» دېدى ۋە
تەشنالىق سۇيىدە شۇڭغۇپ ئاقتى ئۇ .

ئۇ ماڭدى ئالدىراپ ئۆي تامان شۇندا،
ھاياجان ئاياغقا دەرمان بېرەتتى .
جىسمىنى نېمدۇر تارتقاندەك كۆچەپ،
ماڭغانچە قەدىمى تېزلەپ كېلەتتى .

كىم بىلسۇن، ئاسماندىن چۈشتىمۇ سادىق،
تەلئەتنىڭ ئالدىدىن چىقتى توساتتىن .
يەكشەنبە پەيزىدىن خۇشۋاخ ئىدى ئۇ،
چاقچاقنى دۆك قىلىپ كەلدى ئۇ قاتتىن:

«ھەي ئاداش، تۆمۈردىن سوققان جانمۇ بۇ،
نېمشقا بۇگۈنمۇ ئۇپراپ يۈرسەن؟
ياشلىقنى دۇكانغا سالمايدۇ جۇمۇ،
بۇرغاڭدىن قانچىلىك پايدا كۆرسەن؟»

تەلئەتنىڭ چاقچاققا بارمۇ تاقىتى،
سادىقنى سىلكىشكە بارماس يا تىلى .
شىركەيپ ئىشداشقا ئېيتتى يېلىنىپ:
«يولۇمغا ماڭغىلى قويساڭچۇ مىنى!»

تەتۈرلۈك، كاجلىققا ئامراق مەست دېگەن،
چاقچاقنىڭ زىل يېرى كاجلىققا تۇتاش .

نەئىلاج، سادىقنى باشلىدى تەلئەت،
ئىككىسى ئۆي تامان ماڭدى ئالدىراش .

* * *

مانا بۇ ئاددىيلا بېزەلگەن ھۇجرا،
روجەكنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئۈستەل .
داستىخانغا تىزىلغان كۆزنىڭ نېمىتى،
ياغلىق نان، قاق، كىشمىش، كەمپۈت بەرى تەل .

مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل ئالمىخان ئاچا،
مېھماننى نېمەتكە ئۈندەپ تۇرىدۇ .
گاھ ئالما، گاھىدا نەشپۈتنى سويۇپ،
تەخسىگە تولدۇرۇپ، خوش دەپ تۇرىدۇ .

مېھمانچۇ؟ خۇش پىچىم كەلگەن گۈزەل قىز،
ئاق ئۆڭلۈك، قەلەم قاش، قىسقا بۇدۇرچاچ .
ئۈستىدە تار كۆڭلەك، پۈتىدا توپلەي،
چوڭ ئويناق كۆزىدە تاقەتسىز قاراش .

قىزىق چاي تۆت قېتىم ئالماشتى مانا،
ئىشكمۇ ئېچىلدى ئاخىرى بىردىن .
تەلئەتجان ئېتىلىپ كىردى، ئىزمۇ ئىز —
كەلدى ھەم سوڭدىشىپ سادىق كەينىدىن .

ھۇپپىدە قىزاردى تەلئەت كىرىپلا،
قىزاردى، ئەيىبنى كۆردى ئۆزىدىن .

— كەچۈرۈڭ، ساقلاتتىم، — دېدى ئاستىلا،
كۆزىنى قاچۇردى قىزنىڭ كۆزىدىن .

ئالدىغا پەشتاما تارتقان ئالمىخان،
سۆزلىدى گۈلشەنگە بولۇشقان ھالدا:
— ئاپئاق قىز سېنى دەپ چىقسا شەھەردىن،
ھەي ئوغلۇم، نېمىسى يۈرگىنىڭ خاڭدا؟

سادىقمۇ گەپ دېسە ناقىس ئەمەس ھېچ،
گەر گېزى كەلگەندە تارتىنىماس بىزە .
دېدى: «قىز ئالدىڭغا كەلسۇنمۇ ئىزدەپ،
كۆمۈرگە مىلىنىپ يۈرۈپسەن سەنزە!»

گۈلشەنچۇ، تۇراتتى قاققان قوزۇقتەك،
تەلئەتنىڭ تۇرقىغا دەم - دەم كۆز سېلىپ .
يىگىتنى تۇنجى رەت كۆرگەن كەبى ئۇ،
زۇۋانسىز، كۈلكىسىز سىرلىق تۇس ئېلىپ .

تەلئەتمۇ تۇز، ساددا كۆڭلىدىن شۇندا،
گۈلشەنگە تەكەللۇپ قىلدى قايتىلاپ .
ھە مانا، گۈلشەنمۇ كەلدى زۇۋانغا،
دېدى ئۇ سوغ كۆزدە تەلئەتكە قاراپ:

— خوش ئەمدى، كۈتكىنىم يېتىدۇ سىزگە،
شەھەرگە قايتمىسام بولماس شۇ تاپتا .
نېچۈنكى، چىڭقىلىپ ئاغرىيدۇ بېشىم،
دوختۇرغا بارمىسام بولماس شۇ تاپتا .





سومكسن بىلەككە سالغان پېتى ئۇ،
ئىشكتىن قۇيۇندەك چىقتى شۇنچە تېز.
تەلئەت كۆپ ئويلاندى، بىلمىدى ئەمما،
نېمشقا بىسەۋەب رەنجىپ قالدى قىز؟

## ئىككىنچى باب ئۈنىڭ دەردى

كۆز يېشى ئۈنچىلىك ئەرزان ئەمەستۇر،
چۆگۈندىن تۆككەندەك بولماس تۆككىلى.
كۆرۈنەر كۆزدىنلا چىققان كەبى ئۇ،
ۋە بىراق، يۈرەكنىڭ نازۇك ھېس تىلى.

شۇ تاپتا گۈلشەننىڭ ئەھۋالى ئوسال،
ياستۇقنى ھۆل قىلىپ كۆز ياش تۆكەر ئۇ.
ياسىداق ھۇجرىدا تەنھا بىر ئۆزى،
بارغانچە ئۈن سېلىپ ئۆكسۈپ كېتەر ئۇ.

ئەدىيال ئۈستىگە تاشلانغان تېنى،
سىلكىنسە سىم كارىۋات لۆمشۈيدۇ بۇ دەم.
چۇۋۇلغان چېچىغا سالغان قامال چىلىك،
ئىختىيار ئىلكىدىن قاچقان قولى ھەم.

نېمىدىن شۇنچىلىك دەردكە قالدى ئۇ،
نېمشقا لەيلىنى تىللايدۇ ھامان.
لەيلى كىم، گۈلشەنگە قىلدى ئۇ نېمە؟
تولدۇردى كۆڭلىگە قانداق پۇشايمان؟

* * *

«مۇھەببەت بەربىر ئەركىن نىمە ئۇ»
دەر ئىدى يىگىرمە يېشىدا گۈلشەن .
بۇ يىلچۇ، ۋاپادىن بەردى قەسەمنى،
ئۈچىنچى يىگىتنىڭ قېشىدا گۈلشەن .

ئارىدىن ئۆتمىدى ھەپتە، پەقەتلا —
كۆڭلىگە ياقمىدى «دەلدۈش»، «ماي چاپان» .
ئويلىدى، بىر ئۆمۈر بەتبۇي ئىچىدە،
تۇنجۇقۇپ ئۆتەمدىم، جان بولسا جاھان!

بۇ ئۇنىڭ ئىش كۈتۈپ يۈرگەن پەيتلىرى،
بىر مەھەل كۆڭلىمۇ قالدى ئەرمەكسىز .
ئۆزگىلەر تانسىدا ئوينىسا جۈپ ـ جۈپ،
قالدى ئۇ جورىسىز ھەمدە تىرەكسىز .

كۆپ ئۆتمەي ئاتىسى يول تاپتى ئاغا —
ئەمەلنىڭ سايىسى بەردى پاناھلىق .
كەسپىمۇ يارىشىپ قالدى، بولدى ھەم
بىر ئۈستەل، ئورۇندۇق ئۇنىڭغا تالىق .

ئەڭندە بىر مودا ھەر ئاينىڭ بېشى،
ئۆزگىچە كىيىمدىن ھۆسنى ئېچىلدى .
شۇندىمۇ پۇل باشقا، ئەرمەك باشقا ھەم
شۇ سەۋەب گۈلشەننىڭ كۆڭلى چېچىلدى .

بىر كەچتە تەنھالا چىقتى سەيلىگە،
زېرىكىش دەستىدىن بولماقتا خالاس .

توساتتىن لەيلىنى ئېلىپ ئېسىگە،
دوقمۇشتىن قايرىلىپ ماڭدى ئالدىراش .

«لەيلى» دەر ئىدى گۈلشەن ئىچىدە،
«ئىككى يىل مۇقەددەم كۆرگەنىدىم بىر .
پارتىداش ئىدۇققۇ مەكتەپتە، بىراق
ئايرىلدۇق ھېچ سىرداش بولالماي ئاخىر .

كىم دېدى، لەيلىنى دوختۇر بولدى، دەپ؟
ۋاي ياقەي، بىر خاڭدا سېستىرا دەيتتى .
ھېلىغۇ سېستىرا، دوختۇر بولسىمۇ،
خاڭدا نە ياخشى ئىش، خوۋلۇق كۆرەتتى؟»

پۈتمەيلا گۈلشەننىڭ خىيالى شۇنداق،
بىر ئاددىي ئىشىككە كېپقالدى شۇدەم .
بوسۇغا ئۈستىدە ئۇچراشتى ئۇلار،
شوخ كۈلكە ئۆينىمۇ بىر ئالدى شۇدەم .

— ھە، قېنى سېستىرا، قانداق كۈنلىرىڭ؟
ئۆتەمدۇ خاڭ تامان قاتناپ يۈرۈپلا؟
— ئوقۇيمەن كۇرستا ئىشتىن تاشقىرى،
كېلىمەن شەھەرگە ئىشتىن چۈشۈپلا .

— ئوقۇيمەن دېدىڭمۇ يەتمەسمىدى شۇ،
ئون يىللىق ئوقۇشتا ئالغان بىلىمىڭ؟
پايدىسىز ئىش ئۈچۈن قانداق يىراقتىن،
كۈلكىلىك، ئوقۇشقا كىردىم دېگىنىڭ .

— ياق، گۈلشەن، ئون يىلغۇ ئوقۇدۇق، ئەمما
ئون يىلنىڭ بەزىسى بەرمەي كەتتى نەپ .
تولدۇرماي بولامدۇ ئاشۇ كەملىكنى،
سىزنى مەن ھېلىمۇ بىلىمەن ئاز دەپ .

بۇ كۈنلەر مەن ئۈچۈن غەنىيمەت پەيتلەر،
كۇرستا ئۆگىنىش ئىمكانى تولۇق .
ئادەممۇ ئاز ئەمەس، ھەتتا دەقىقە،
ۋاقتىمۇ مەنىسىز ئۆتمەيدۇ قۇرۇق .

— ئۇنداقتا ياشلارمۇ كۆپمۇ سىلەردە؟
— ياش دەمسەن؟ كۆپلىرى تەڭتۇش، بىز دېمەت .
دەم ئېلىش كۆڭۈللۈك، ئوقۇش ئۈنۈملۈك،
بەك قىزغىن ئۆتىدۇ ئۇندا ھەر سائەت .

مۇنداق - دە! — دېدى - دە، گۈلشەن بولدى جىم،
لەيلىگە كۆڭلىدە ھەۋەسى كەلدى .
كۆرۈندى كۆزىگە يۈرگەندەك گويا،
بىر تالاي يىگىتلەر ئىچىدە لەيلى .

چىمەلتەك قولىنى چىشلەپ قالدى ئۇ،
ئويلىدى: ئۆزى كىم، لەيلى زادى كىم؟
مۇھەببەت بەيگىسى قوزغاتتى يەنە،
گۈلشەننىڭ جىسمىدە قانداقتۇر سېزىم .

* * *

ئۆيگە قايتقاندا گۈلشەن شۇ كەچتە،
دومسايدى، توساتتىن قالدى خۇيلىنىپ .
كۆرستىن گەپ ئاچتى، ئاتىسى ئەركە —
قىزىدىن كېتەلمەي قالدى قۇتۇلۇپ .

ئەتىسى ھەممە ئىش پۈتتى دېگەندەك،
ئاتىسى تامغىنى باستى ئۆزىلا .
مەكتەپكە ئېلىنىپ گۈلشەن — كەنجى قىز،
پارتىدا ئولتۇرغان تۈنجى كۈنىلا:

«قاش دېگەن ھە مانا مۇنداق بولىدۇ،
يىگىتنىڭ ھۆسنىگە لايىق قاپقارا .
چاچلىرى پارقىراق ھەمدە قويۇقكەن،
كۆزلىرى چوغ سۈپەت چاقناركەن گويا .

سېمىزمۇ، ئورۇقمۇ ئەمەسكەن قەددى،
ئۆڭمۇ، ھەي ئىسست، بولسىچۇ ئاپئاق .
بوز كىيىم كىيگىنى قاملاشمىغان ئىش،
پۈتنىغا كىيسىچۇ ئوبدانراق ئاياغ ...»

كۆردى ئۇ تەلئەتتىن شۇنداق سۈپەتنى،
تەلئەتكە تارتىنماي بەردى تونۇشلۇق .
ياردەممۇ سورىدى گۈلشەن يىگىتتىن،
ۋە تۈنجى ياردەممۇ بولدى ئوڭۇشلۇق .

لەيلىچۇ، تەلئەتكە بەرسۇنمۇ ئاگاھ،
ياق، شۇنداق ئاگاھقا قانداق ئاساس بار؟

تەلئەتكە ياقامدۇ شۇتاپ بۇ ئاگاھ،
دېمەسمۇ گۈلشەنگە كۈنداش، ئىچى تار؟

جىم يۈردى لەيلىمۇ، گۈلشەن يېپىشىپ،
تەلئەتكە يېقىنلاپ باردى شۇنچە تېز .
يىگىتنىڭ دىتىغا ياقتى كۈنسېرى،
«تارتىنماس»، «تىرىشقاق» خۇلقى بىلەن قىز .

بۇ كۈنلەر ئۇزاقتا بارماستىن بىراق
ئوقۇشنىڭ مەزگىلى توشۇپمۇ قالدى .
پارتىداش بوپ قالغان قىزغا، يىگىتكە،
ئايرىلىش پەيتلىرى بولۇپمۇ قالدى .

سېسترا لەيلىمۇ جۆنىدى خاڭغا،
ئوقۇشتىن ئەلاچى دىپلومنى ئېلىپ .
گۈلشەن ۋە تەلئەتمۇ خوشلاشتى ئاخىر،
كۆزلىرى تويۇشماي قالدى تىكىلىپ .

يۈتتى سۆز، كېلەركى يەكشەنبە كۈنى،
گۈلشەننى ئۆيىگە چىللىدى تەلئەت .
«يەتتە كۈن!» دېدى ۋە گۈلشەن ئىچىدە،
ساناشقا باشلىدى كۈن ئەمەس، سائەت .

سائەتتىن ياسالدى كۈنلەر، كۈن ئۆتۈپ،
كۈتكەن شۇ يەكشەنبە كېپقالدى ئاخىر .
ئەتىگەن قىزىرىپ چىقماستىن قۇياش،
قىز ئۇدۇل خاڭ تامان ئاتلاندى ئاخىر .

يول بويى بىر تاتلىق ئويغا چۆمدى ئۇ،
«تەلئەتنىڭ كۆزى تۆت بولغاندۇ» دېدى .
«ھەم ئۇنىڭ كۆز چېقىپ تۇرغان ئۆيلىرى،
قىز ـ يىگىت مېھمانغا تولغاندۇ» دېدى .

ۋە بىراق، نېمشقا يىغلىماس گۈلشەن؟
كۆرگىنى ئالمخان ــ بىر لەقۋا خوتۇن!
بارى شۇ لاي سۇۋاق ئۈچ ئېغىزلا ئۆي،
ئۈستىلى تۆت چاسا، بەندىڭلار ئۇزۇن ...

ۋە بىراق نېمشقا ھۆڭرىمەس گۈلشەن؟
تەلئەتنى كادىر دەپ ئويلار ئىدى ئۇ .
كۆرگىنى بوز چاپان، قارىۋاي ئىشچى،
ۋە شۇنداق خاڭچىنى خالاپمدى ئۇ؟

... ...

كۈن ئۆتتى، ئەتىسى چۈشمۇ بولدى ھەم
گۈلشەننىڭ كۆڭلى ھېچ تارتمىدى تاماق .
يىغىدىن چېھرىمۇ سولدى تامامەن،
لەۋلىرى قان قېچىپ ئاقاردى ئاپئاق .

نېچۈنكى، بۇنچىلىك دەردنى تارتقۇچە،
قۇلاقنى يوپۇرسا بولماسمىدى ئۇ؟
تاشلاندى بۇرۇنمۇ ھەر ـ ھەر يىگىتلەر،
يەنە بىر يىگىنى تاپماسمىدى ئۇ؟

شۇندىمۇ كۆزىگە كۆرۈنسە ھەر چاغ،
قولتۇقلاپ يۈرگىنى لەيلىنى تەلئەت .
يۈرىكى ئۆرۈلۈپ، ئۆرلەيتتى يىغا،
ئىلكىدىن ئاجرايتتى چىدام ۋە تاقەت .

تەلئەتنى سۆيگەنچە سۆيسۇنمۇ ۋە ياي؟
كۈندىشى لەيلىگە بەرمەس ئۇچۇن نەپ .
بىر قارا خاڭچىنىڭ يىنىدا ئەمما
بىر ئاق قىز ئۇيالماي يۈرسۇن نىمە دەپ؟

كۆڭلىنى ئاختۇرۇپ باقتى قانچە ئۇ،
ئويلىدى، كۆيمىسە زىخمۇ، كاۋاپمۇ .
ئۇچى يوق يىپ كەبى چىچىلغان پىكرى،
تاپمىدى يىغىدىن ئۆزگە جاۋابمۇ .

ئەنسىزلىك ئېپكەلدى ھالى بۇ قىزنىڭ،
ئانىسى كۆڭلىنى تەشۋىشكە سېلىپ .
پەپىلەپ ئەركەمسەن، قوزامسەن، دىدى،
قىزىغا ياققۇدەك گەپلەرنى قىلىپ .

ئارىدىن ئۆتمىدى ئاشپىشىم پۇرسەت،
ئويلاندى، ئاقىۋەت تاپتى ئامال قىز .
ئالدىغا يايدى ـ دە، بىر ۋاراق قەغەز،
قەغەزدە قەلىمى يۈگۈرەر ئىدى تىز .

* * *

«نەقەدەر يېقىملىق پەيزى شەھەرنىڭ،
شەھەردە ياشاشنى خالىماس كىممۇ؟
كەچلىكى كۇلۇبتا كىنو ـ تىياتىر،
خۇماردىن چىققۇچە يايرىماس كىممۇ؟

بۇ رەڭدار ھاياتنى كۆرمەي ئۆمرىدە،
ئۆتكەنلەر دۇنياغا قانداق كەلدىكىن؟
تاغلاردا، دەشتلەردە، خاڭلاردا تېخى،
يۈرگەنلەر ئۆزىنى ئادەم دەمدىكىن؟»

شۇ ئويدا ئۆزگە قويغاچ تەمەننا،
پوچتىنغا خەت ئېلىپ كېلەتتى گۈلشەن.
تىرناقچە ئىزى يوق چېھرىدە غەمنىڭ،
ھەممىگە سەپسېلىپ كېلەتتى گۈلشەن.

ھە ئەنە، قەدىمى قىزنىڭ توساتتىن،
تۆت كوچا ئاغزىدا قالدى ئاستىلاپ.
ئەڭنىمۇ يېپيېڭى، تۇرقى كېلىشكەن ـــ
يىگىتكە پىنھاندىن ئالدى بىر قاراپ.

ئۆزگە ئاستىلا قويدى سوراق ئۇ:
«كىم ئىدى؟ ۋە ئۇنى كۆردۈم نەدە مەن؟»
ئاڭغىچە ئالدىغا كېپقالدى يىگىت،
سوردى يىگىتمۇ يۇمشاق سۆز بىلەن:

ـــ ئەسسالام ئاپئاق قىز، قانداق ھالىڭىز؟
تونۇماي قالماسسىز بەلكى مېنى سىز؟

ئەسلەڭچۇ، ئۇچرىشىپ قالدۇق ئەمەسمۇ،
تەلئەتنىڭ چىبىنى ئىچكەن چىغىڭىز!

جۇغىدە قىلدىيۇ، گۈلشەننىڭ تېنى،
چاندۇرماس ئۇچۇنلا تۇتتى ئۆزىنى.
— ھە، ۋىبىيەي، تونۇماي قاپتىمەن راستتىن! —
دېدى قىز، سادىقنىڭ كۆتتى سۆزىنى.

— بىلمەيسىز، تەلئەتكە دوستىمەن ئەزەلدىن،
گۆدەكلىك چاغدىنلا ئاداش ئىدۇق بىز.
راست ئېيتسام، تۆنۈگۈن قىلغان ئىشىنى
بولمايدۇ يۈزىگە سالمىسام ھەرگىز.

...

بۇ سۆزلەر يارىغا سەپكەن كەبى تۇز،
گۈلشەننىڭ زىتىغا تەگدى شۇ تاپتا.
يىگىتنىڭ گېپىنى بۆلدى، دېدى ئۇ:
— خاڭ ياققا قايتارسىز بەلكى شۇ تاپتا؟

— قايتايمۇ - قايتمايمۇ ئەركىم قولۇمدا،
ھەر ئايدا ئىشلىسەم مەيلى قانچە كۈن،
پەمم بار دوختۇردىن ئىسپات ئالغىلى،
تاماشا دۆڭ ماڭا، ئايلىق ھەم پۈتۈن!

— دەيمەنكى، تەلئەتكە بار ئىدى خېتىم،
قانچىلىك تېز تەگسە ياخشى شۇنچىلىك!

— سز ئۇچۇن هاجەتكە تەييار بز دېگەن،
ئۇنداقتا هازىرلا قايتمەن ئىتتىك!

بېكەتكە ئاتلاندى راستتىن ئالدىراپ،
سادىقجان تەلئەتكە قىزدىن خەت ئېلىپ .
«قاملاشتى» دېدى ـ دە، گۈلشەن ئىچىدە،
كەيندىن يىگىتكە قالدى كۆز سېلىپ .

## ئۈچىنچى باب كۈتۈلمىگەن ۋەقە

سېنتەبىر ئايلىرى كۈزدىن بېشارەت،
قۇياشمۇ ئۇنچىلا كەتمەس قىزدۇرۇپ .
سايىسىز دۆڭلەردە ئۆسكەن چۆپ ـ گىياھ،
قارا رەڭ تۇپراققا ئۇخلار باش قويۇپ .

قىزىغان باش كۈزنىڭ تەپتىدە ئۆتتەك،
جاي ـ جايدا چېچىلىپ ياتقان قارا تاش .
سايلاردىن غۇرقىراپ ئەسكەن شامالدىن،
قارا چاڭ بولىدۇ ياپراققا هاپاش .

كۆرۈنەر دۆڭدىرەك، يولدىن ئۇ چەتتە،
بۇك سايە تاشلىشىپ تۇرغان دەرەخزار .
كۆرۈنەر بۈكلۈكتىن دوختۇرخانىنىڭ،
راملىرى هاۋارەڭ، تاملىرى ئاق قار .

— ئۆمرۈمدە چۈشۈپتۇ هاجىتىم بىرلا،
جەننەتنى بەرگەندەك خۇش بولاي سىزدىن .

بۇ نۆۋەت قىلسىڭىز ياخشىلىق لەيلى،
يىنىپمۇ قالىدۇ بىر كۈنى بىزدىن .

ـــ تونۇشلۇق جايىدا بولسۇن قانچە رەت، ـــ
بولمايدۇ دېيىشمىگىۇ، جەزمەن گېپىم ـ گەپ .
مۇمكىنمۇ يالغاندىن يازغىلى سادىق ـــ
تېنى ساق ئادەمگە ئىسپات، كېسەل دەپ؟

ـــ بۇنچىلىك تاش چىشلەپ تۇرماڭا لەيلى،
گەر ئېيتسام راست گېپىم سىزنى ئۆز بىلىپ .
يۈرەيمۇ يەتتە قات يەرنىڭ تەكتىدە
ھەر كۈنى قاپقارا چاڭغا مىلىنىپ؟

ـــ ئۇيالماي نېمە دەپ يۈرىسىز سادىق،
بۇ گەپلەر قانداقچە چىقتى ئېغىزدىن؟
ئېيتىڭا، كۈتەمدۇ ئەل ۋە دەۋرىمىز،
ياش تۇرۇپ لاغايلاپ يۈرۈشنى سىزدىن؟

ـــ بۇ ... بۇ ... بۇ، تەھلىلچى ئىكەنسىز لەيلى،
نەلەرگە ئەگىتىپ كەتتىڭىز گەپنى؟
ـــ تەھلىلنىڭ زىيىنى يوققۇ، ـــ دېدى قىز، ـــ
كۆرسەتتىم پايدىلىق توغرا تەرەپنى!

ئالايلۇق، تەلئەتنى دوست دەپ يۈرۈيسىز،
ئۇ نېچۈن خاڭغىلا تۆكىدۇ تەرنى؟
كۆمۈرنى ھېسابلاپ جاندىن ئەتىۋار،
خالايدۇ نېمىشقا قاپقارا يەرنى؟

ئۇ بىلەر ياشلىقنىڭ قەدرىنى ئوبدان،
ھەم بىلەر قەدرىنى قىلغان ئىشنىڭ .
تۇزۇكتۇر تەلئەتتىن ئالسىڭىز ئۆلگە،
ئىزىدىن ماڭسىڭىز شۇنداق ئىشچىنىڭ .

— بۇ گەپچە، ياقىدۇ تەلئەت ماڭا دەك،
ھە بىلدىم، ئۇياقتىن بىر گەپ ئۇقۇپسىز .
گۈلشەننىڭ پەش قاقماق بولغانلىقىنى
ئاڭلاپلا تەلئەتنى كۆزلەپ قويۇپسىز!

«ھەي سادىق ...» توختىدى سۆزىدىن لەيلى،
ئەدەپلەپ قويماقمۇ بولدى، دېدى، — ياق .
سادىقنىڭ ئاچچىقتىن ئېيتقان سۆزىدىن،
ھېس ئەتتى بىر ئۆندەش ھەمدە بىر سوراق .

ھە مۇشۇ ئاق بىنا ئىچرە ئاق ئۆيدە،
سۆھبەتلەر راس قىزىپ كەتكەن چېغىدا؛
سۆھبەتتە بىر ئاگاھ ھەمدە بىر سوراق،
لەيلىنىڭ پىكرىنى چەككەن چېغىدا؛

تېلېفون توساتتىن تېز - تېز جىرىڭلاپ،
لەيلىنى ئويغاتتى تەگسىز ئويىدىن .
«ھە» دېدى، «كىم» دېدى، «قانداق؟» دېدى ئۇ،
تۇرۇپكا تاق قىلىپ چۈشتى قولىدىن .

* * *

ئاق بۆلمە ئىچىدە جىملىق، سۈكۈنات،
سايىسىز چىراغنىڭ ئاستىدا تەلئەت .
ئەسۋابلار ئالمىشار قولدا تىنۇشسىز،
قوللاردىن ھاياتقا قويۇلار شەپقەت .

تامچىدۇ دورىسى ئاسما ئۇكۇلنىڭ،
كۆرۈنۈپ بارماقچە نەيچىدىن چىپ ـ چىپ .
كەينىگە بۇرۇلسا لەيلى ھەر قېتىم،
كۆز يېشى سىرغىيدۇ مەڭزىدىن چىپ ـ چىپ .

بۇ مىنۇت سەدپارە تەلئەت ئۈچۈن ئۇ،
ئاغرىقنى تەڭ بۆلۈپ تارتسا ئىدى، ئېھ!
ياراتسا غايىبتىن شۇنداق مۆجىزە،
يارىلار پۈتۈپلا قالسا ئىدى، ئېھ!

تەلئەتكە نە ئۈچۈن بۇنچە كۆيەر ئۇ؟
بۇ ئىشقا ھەيراندۇر لەيلى ئۆزىمۇ .
يا بارچە دوختۇرغا ئورتاق ھېسمۇ بۇ؟
بۇ ھېسقا ھەيراندۇر لەيلى ئۆزىمۇ!

ئۇ بىلەر، تەلئەتتىن تۈتتى ئۇ پىنھان،
تەلئەتنىڭ سۆيگۈسى يانغان دىلىنى .
ئەسلەيدۇ پەقەتلا شېرىن چۈش كەبى،
بۇ خاڭدا ئۆتكۈزگەن ئىككى يىلىنى .

ئىككى يىل ئالدىدا تېببىي كۇرسنى،
پۈتتۈرگەن لەيلىگە كەلدى مۇھىم چاغ .

چوڭ بولغان شەھرىگە باقتى ئۈمىدتە،
نەزەرىدىن چەتتىرەك ئىدى يېزا ـ تاغ .

بولدى ئىش ئارزۇنىڭ ئەكسىچە، لەيلى،
خىزمەتكە بۆلۈندى خاڭغا شەھەردىن .
ئولتۇرغان يېرىدە قالدى قېتىپلا،
قۇلاققا مۇشت كەبى تەگكەن خەۋەردىن .

ئۆزىدىن سەۋەبنى ئىزدەپ كۆردى ئۇ،
ئوقۇشتا تۆۋەنمۇ؟ ئەلا ئىدى، ياق!
كەسپتە نۇقسان يوق، ئەخلاقى بەلەن
ۋە دوستلار بىلەنمۇ ئۆتكەن ئۆم ـ ئىناق .

تۇغۇلۇپ كۆرمىگەن خاڭنى شۇئان ئۇ،
كۆمۈرنىڭ رەڭگىگە قىلغاندا قىياس .
قاپقارا كۆرۈندى دوختۇرخانا ھەم
تەقدىردىن مىڭ قاقشاپ، تۆكتى تالاي ياش .

بارمىدى خاڭغا ئۇ، ئۆتتى ھەپتىمۇ،
ۋە ياكى كەتمىدى كۆڭلىدىن غەشلىك .
بىر كۈنى تور توقۇپ ئولتۇرغان چېغى،
توساتتىن چېكىلدى تاشقىرقى ئىشىك .

ئۇ ئاچتى ئىشىكنى، باقتى تالاغا،
ناتونۇش يىگىتنى كۆردى شۇھامان .
ئىشىكنى جاق قىلىپ ياپماق بولدىيۇ،
ئالدىدا كۈلۈپلا تۇراتتى مېھمان .

دېدى ئۇ: «ئۆزىڭىز لەيلىمۇ؟»
ــ لەيلى،
ئۆيگە باشلىدى لەيلى قورۇنۇپ .
داسقاندا بەھۇزۇر ئولتۇردى يىگىت،
دېدى ۋە سىنچايىنى بىر ئوتلاپ قويۇپ:

ــ مەن ئۆزۈم ئىشچىمەن خاڭدا، دەم ئېلىش ــ
كۈندە كېلىشىم يوقلاي سىزنى دەپ .
كەتتى ئۇ شۇ قېتىم، كەلدى زېرىكمەي ــ
ھەپتىدە ئۈچ نۆۋەت لەيلىنى ئىزدەپ .

ئۇ دەيتتى: «خاڭچىلار ئېھتىياج سىزگە .»
سۆزلەيتتى خاڭچىنىڭ كىرسىز قەلبىنى .
ئۆندەيتتى لەيلىنى جەڭلەر قويىنغا،
سۆزلەيتتى بىباھا ياشلىق قەدرىنى .

قوزغىتىپ قەلبىدە خاڭغا مۇھەببەت،
لەيلىنى ئاخىرى باشلاپ كەلدى ئۇ .
يولداشلىق مېھرىدە ئەپچىل قول بىلەن،
ياتاقنى ئوڭلىدى، ئاقلاپ بەردى ئۇ .

لەيلىمۇ كۆنۈكتى خاڭغا كۈنسېرى،
قارىمۇ كۆرۈندى كۆزىگە ئاپئاق .
تەشنالىق ئىچىدە ئىزدەندى ئىلىم،
كەسپىگە چىن دىلدىن باغلاپ ئىشتىياق .

ھە بۇگۈن، ھەممگە ــــ خاقڭغا تونۇش ئۇ،
ماختار ئەل: «بتابقا غەمخان لەيلى» دەپ .
خالڭ ئۇچۇن بارىنى تەقدىم ئەتتى ئۇ،
قايتۇردى خالڭ ئاڭا شۆھرەت، شان ـ شەرەپ .

كم سۆيمەس لەيلدەك قىزنى، ھە ئاڭا،
قانچىلار ئىشقدىن خەتلەر يېزىشتى .
نام ـ ئابرۇي بارىنى كۆز ـ كۆز قىلشىپ،
بەزىلەر ئاھ دېدى، قاشمۇ ئېتىشتى .

شۇندىلا ياناتتى بىرلا كىشگە،
پىنھانە سۆيگۈنىڭ ئوتىدا لەيلى .
كۆيۈمچان يىگىتنىڭ چېھرىدە بەزەن،
كۆرەتتى چۇشىدە، ئوڭدا لەيلى .

بەختىيار سېزەتتى گاھى ئۆزىنى ـــ
خىيالەن ۋىسالنىڭ تەختىدە كۆرسە .
بەزىدە ئۆزىدىن كۈلەتتى، دەيتتى:
«ئۆزگىلەر كۆيەمدۇ، ئۆزىلا كۆيسە؟»

ئارىدا ھەمساۋاق بولدى يىگىتكە،
يۈرەكتە سىر پىتى قالدى سىر بىراق .
تەلئەتنىڭ مۇھەببەت سەھنىسى ئۆزرە،
گۈلشەنمۇ كۆرۈندى ئۆتمەي كۆپ ئۇزاق .

سۆيگىنى، ياق، دوستى شۇ يىگىت تەلئەت،
ھە بۇ دەم ئالدىدا ھوشسىز ياتاتتى .

ماغدۇرسز لەۋلرى مدىرلاپ بەزەن،
نبمدۇر دەر ئدى، جۆيلۆپ قوياتتى .

*  *  *

كۆن ئۆتتى، خەۋپتن قۇتۇلدى تەلئەت،
قوغلاندى ئەجەلنىڭ قۇشلرى باشتىن .
هوشنى ئلكگە ئالدى مانا ئۇ،
جان تاپتى ئاق خالات كيگەن قاياشتىن .

ۋە ئاچتى كۆزنى تەستە كۆچىنىپ،
نۇر ـ شولا مېهرگە بەردى مەيلنى .
تاپقاندا دۇنيادىن ئككنچى هايات،
تۇنجى رەت يېندا كۆردى لەيلنى .

كۆردى ـ دە، لەيلنى تەلئەت شۇ هامان،
هايالسز قايتىدىن يۇمدى كۆزنى .
ئەستلك ئوكيانى چايقالغان چېغى،
ئۇپقۇنلار قوينغا ئاتتى ئۆزنى .

...

ئوت دېسە هەركمنىڭ ياشلىق دەۋرنى،
لايىقتۇر ئۆسمۈرلۈك ئۇچقۇن دېيىشكە .
كېسلدى كنىدكى خاتىدا تەلئەتنىڭ،
باشلدى ئەقلنى خاتىدا بىلىشكە .

ئوقۇدى، ئۇلغىيىپ ئۆستى يېشمۇ،
ئوقۇشتىن بىلگنى ئارتتى ئۇنڭكى .

مەكتەپتىن خوشلىشىش پەيتى يەتكەندە،
ئاشۇ خاڭ كۆڭلىنى تارتتى ئۇنىڭكى .

ئاتىغا شۇنچىلىك ياقتى ئوغلىنىڭ،
ئۆز كەسپى ــ ئىشىغا بولغىنى ۋارىس .
دېدى ئۇ: «ئاتاڭدەك خاڭچى بول بالام،
خاڭچىلار سېپىدە ئۆسكىن ۋە يېتىش!»

ئۇ كىيدى كۆك رەڭلىك ئىشتان، بۆز چاپان،
كەمەرلىك بېلىگە توكداننى [1] ئېسىپ .
دوپپىدەك ياراشتى بېشىغا قالپاق،
چىرىغى چاقنىدى كۈندەك نۇر چېچىپ .

چۈشتى ئۇ ھەر كۈنى يەرنىڭ تەكتىگە،
پېشقەدەم ئىشچىلار يېنىدا خۇشخۇي .
ئىشلىدى، كۆمۈرگە تۆكتى تەر، بىراق
كۆڭلىدە تۇغۇلدى قانچە سوراق ـ ئوي:

«نېمىشقا قايتۇرۇپ قازغاندا كۆمۈر [2]
تېشىلەر تىك تۆشۈك [3] شۇنچە ئۇزاقتا؟
سىجىللىق ئېغىردۇر، نېمىشقا، ئىشنىڭ ــ
ئۈنۈمى ئاز ھەمدە سۈرئىتى ئاستا؟»

---

① توكدان ــ خاڭچىلار بېلىگە ئېسىۋالىدىغان كىچىك ئاككۇمۇلياتور.

② قايتۇرۇپ قېزىش ــ كۆمۈر قېزىشتا قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل، يەنى خۇيسەي.

③ تىك تۆشۈك ــ كۆمۈر قاتلىمىدىن رەسمىي كۆمۈر قېزىشتىن بۇرۇن تەييارلىق ئۈچۈن تېشىلىدىغان تىك تۆشۈك.

بۇ سوئال تەلئەتنىڭ سەزگۈر قەلبىدە،
بىخ كەبى ھەردەمدە ياشناپ تۇراتتى .
«مەن تېخى يېڭىلا كەلگەن ئىشچىغۇ»
دەر ئىدى، بۇ ئوينى تاشلاپ قوياتتى .

يىل ئۆتتى، ئىچىدە ياتماي قالدى گەپ،
ئاتىغا مەلۇملۇق بولدى بۇ ئوي ـ ئىش .
ھاياجان ئىچىدە مۇزەپپەر كاڭجاڭ،
تەلئەتكە ئەيلىدى ئىلھام، كۈچ بەخش:

«شۇ تاپتا كۆڭلىنى تاپتىڭ ئاتاڭنىڭ،
ئەقلىڭنى ئىشقا سال، چوڭ تۇت يۈرەكنى .
ئۈسكۈنە زامانغا ماس كەلسۇن، يەنە —
ئىشلىتىپ يۈرەمدۇق جوتۇ، كۈرەكنى؟!»

بۇ سۆزدىن تەلئەتنىڭ ئاشتى ئىشەنچى،
ئىزدەندى يېڭىچە بۇرغا ئۈستىدە .
قانچىلاپ تۈن ـ ئاخشام قاقمىدى كىرپىك،
ئۆرلىدى جۇش ئۇرۇپ قۇدرەت بەستىدە .

ۋاقتى زىق، شۇندىمۇ سۆيگۈ ئوتىدىن،
ياش قەلبى ھېچقاچان قالمىدى خالىي .
كىتابتىن بەزىدە كۆتۈرسە باشنى،
لەيلىگە ئاغاتتى ئۇچقۇر خىيالى .

مەكتەپتە ئوقۇدى لەيلى بىلەن ئۇ
ۋە بىراق جاي ئالدى گۈلشەن قەلبىدىن .

ئۇستۇنلۇك قازاندى كۆڭلى مۇلكدە،
گۇلشەننىڭ گۇل يۈزى، نازى لەيلىدىن .

ھە بۈگۈن، ئىلگىرى تۈنجى سىناقتىن،
گۇلشەندىن ۋاقىتسىز كەلدى ئاڭا خەت .
ئوقۇدى، قىينالدى، قالدى ئاخىرى،
تەڭلىكنىڭ تۈگمىنى ئىچىدە تەلئەت .

بۇ ھالدا ئۆزىنى تۇتتى خېلى چىڭ،
قۇدۇقتا يول سالدى ئۇنتۇپ ھەممىنى .
جەم بولدى مەيداندا نەچچە جۈپ كۆزلەر،
سىناقتا تەلئەتمۇ تۇردى يېڭىنى .

«باس!» دېدى توك يولى تۇتاشتى دەرھال،
كۆمۈرگە چۆككىلى باشلىدى بۇرغا .
يانچۇقتىن نېمىدۇر ئىزدىدى تەلئەت،
ئەپسۇسكى بىر قەغەز ئۇرۇندى قولغا .

ئايلاندى بېشىمۇ بۇرغا بىلەن تەڭ،
«تارت!» دېدى، توك يولى قالدى ئۈزۈلمەي .
نەگىدۇر تاقالدى بۇرغا گاچ قىلىپ،
نە ئامال، ھەيرەتتە ھەممە دېدى «ھەي ...»
...
بولدىكىن نە ئىشلار، بىلمەس بۇ دەم ئۇ،
ئاق بۆلمە ئىچىدە كۆردى ئۆزىنى .
يانچۇقتا سىلىندى قولى يەنە بىر،
ئەپقاچتى لەيلىدىن چەتكە كۆزىنى .

*   *   *

ئالدىراپ ئىككى رەت چېكىلدى ئىشىك،
«كىم؟» دېدى، كىملىكى بولغاندا ئېنىق .
خۇشياقماس ئاھاڭدا لەيلى «ھە» دېدى،
بوسۇغا ئۈستىدە كۆرۈندى سادىق .

كىردى ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ،
تەلئەتىنىڭ يۇمۇلغان كۆزىگە باقتى .
بېشىنى چايقىدى، ئۇھ تارتىپ، ئۇنىڭ —
قاتمۇ قات تېگىلغان يۈزىگە باقتى .

«بىھۇدە ھەۋەسنىڭ پايدىسى شۇمۇ؟
ھەي، جانغا كۆيمىگەن بىچارە ئاداش .
قىزدىنمۇ، ئىشتىنمۇ تەلىيىڭ يوقكەن،
جېنىڭدىن كەچكىلى قاپسەن تاس ـ تاماس.»

يەنە بىر ئۇھ تارتىپ، ئۆزىچە سادىق،
ئېچىنغان ئەلپازدا ئېيتتى بۇ گەپنى .
بېشىنى چايقىغاچ چىقتى ئىشىكتىن،
لەيلىنىڭ كۆزىدە كۆرگەچ غەزەپنى .

سادىقمۇ جۆنىدى، لەيلى شۇتاپتا
خىياللار ۋادىسىن كەزمەكتە ئىدى .
سادىقنىڭ ھېلىلا ئېيتقان سۆزىدىن
بىر يېڭى گۇماننى يەشمەكتە ئىدى .

ھە مانا گۇمانمۇ يېشىلدى ئوچۇق،
لىپ قىلىپ كەچكەندە گۈلشەن ئېسىدىن.
بار چاتاق كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ ئەنە،
سادىقنىڭ «بىتەلەي» دېگەن گېپىدىن.

ئۇنداقتا تەلئەتكە بولمامدۇ ئۇۋال؟
زېھنىمۇ چېچىلىپ، توختامدۇ سىناق؟
«ھەي گۈلشەن!» دېدى ـ دە، نەپرەت بىلەن ئۇ،
«سۆزلىشىپ كۆرەيمۇ تەلئەت ئۈچۈن؟ — ياق!»

ئويلايتتى ھەر ئامال لەيلى شۇ تاپتا،
تەلئەتنى بۇ دەردتىن ئەيلەشكە خالاس.
ئويلايتتى، تەلئەتكە دەم ـ دەم باقاتتى،
ھەر باقسا كۆزىگە يۈگرەر ئىدى ياش.

## تۆتىنچى باب قارا ۋە ئاق ئارىسىدا

ئادەمگە ئاتىمۇ، ئانىمۇ ئەۋزەل،
دوستۇڭنىڭ قەدرىمۇ ئۇندىن كەم ئەمەس.
بىتابى نائىلاج بولغان چېغىڭدا،
سەن ئۈچۈن بىلىنەر دوختۇر مۇقەددەس.

تەلئەتمۇ ئارزۇلۇق يالغۇز بىر ئوغۇل،
تەشۋىشكە سالمىدى كىمنى بۇ ھالدا؟
دوختۇرلار خىزىردەك قۇتقۇزدى ئۇنى،
جان مۈلكى قالغان چاغ ئاپەت ـ دوقالدا.

بەزەن ئۇ دوختۇرنىڭ كۆزىدىن خالىي،
ئوقۇيتتى كىتابنى مەستانە بولۇپ .
ئۆچ ـ تۆت بەت تۆگەتتى، ئۆرۈيتتى يەنە،
ئوقۇغان بەتلەرنى باشتىن ياندۇرۇپ .

گايىدا مۇشتلايتتى بېشىغا دوك ـ دوك،
جەم بولماس زېھنىدىن رەنجىپ ـ ئۆكۈنۈپ .
نەگىدۇر قادايتتى كۆزىنى گاھى،
ياستۇققا تاشلىنىپ، يانچە يۆلىنىپ .

شۇ چاغدا نۆۋەتچى كىردى بۆلمىگە،
كەينىدىن سوغدىشىپ گۈلشەن كۆرۈندى .
كىرگىنى ياق، ئەسلا گۈلشەن قىز ئەمەس،
تەلئەتكە پەيزى خوپ گۈلشەن كۆرۈندى .

غايىبتىن كۆچ كېلىپ تارتقان كەبى ئۇ،
بىر ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى ئاياققا .
«خۇش كەپسىز! — دېدى ئۇ، — ئولتۇرۇڭ گۈلشەن،
ھارغانسىز كەلگۈچە بىزنىڭ بۇ ياققا .»

گۈلشەنچۇ، زورمۇزو كۈلدى قىسقىلا،
چاقماقلىق سومكىدىن ئالمىنى ئالدى .
تومپۇچكا ئۈستىگە قويدى ئاستىلا،
دېدى ئۇ: «كەچۈرۈڭ، ئاز بولۇپ قالدى .»

تەلئەتنىڭ كۆزىدە ئوينىدى شادلىق،
كۆرگىنىم ئالمىمۇ، ئالتۇنمۇ؟ دېدى .

مۇھەببەت بەلگىسى ئالما دېگەن — شۇ،
سۆزنى ئۇ يادىغا كەلتۈرگەندى .

شۇڭمۇ ھۆرمىتى تاشتى ئۇنىڭكى،
ئالمنى كەلتۈرگەن قىزغا يۈرەكتىن .
دېدى ئۇ: «خەتتىكى شەرتنى، تەلەپنى،
ئۇيلىشىپ كۆرەرمىز ئەمدى بۆلەكتىن .»

ئۆزىنى شۇ ھامان تارتىپ خىيالدىن،
چۆچۈدى چۈشىدىن قورققان كەبى قىز .
«نەلەردىن سۆز ئېچىپ يۈرسىز تەلئەت،
بۇ ھەقتە مەن تېخى ئاچماستىن ئېغىز؟!»

بۇ سۆزدىن گاڭگىراپ قالدى يىگىتمۇ،
شۇھامان كۆڭلىدىن كەچتى بىر قىياس .
ئېھتىمال خاتادۇر كەلگىنىنى قىز
شەرتىگە پۇشايمان قىلدى دەپ قاراش .

سورىدى گۈلشەندىن قايتىلاپ تەلئەت:
— ئۇنداقتا خەتتىكى شەرتكە كېلەيلۇق .
قەلبىمنى چۈشىنىڭ گۈلشەن، مەن ئۈچۈن،
راست گېپىم خاڭدىنمۇ ئەۋزەل يېرىم يوق .

— ئوبدان گەپ، بىلسىڭىز نى - نى يىگىتلەر،
بۇ خاڭدىن كېتەلمەي ئاۋارە بوگۈن .
ئاتامنىڭ ئەركىسى بولمايچۇ قىنى،
كېلەمدۇ بۇنچىلىك پۇرسەت سىز ئۈچۈن.

— يىراقنى كۆزلەيلى گۈلشەن ئىككىمىز .
— يىراقنى كۆزلىسەم شەرتىم شۇ مېنىڭ،
ئاتامنىڭ ھىممىتى قولدا تۇرۇپتۇ،
بولمىسا، ئۆزىڭىز بىلگەننى قىلىڭ!

— خوش تەلئەت، — يەلكىگە ئاستى سومكىنى،
قىز كەتتى چورت ئۈزۈپ سۆزىنى قايتا .
كاللىسى قايغاندەك بولدى تەلئەتنىڭ،
ياستۇققا تاشلىدى ئۆزىنى قايتا .

* * *

«ئېھ كۆمۈر! قاپقارا تاشتەك نېمىسەن،
ملىڭ باقسا دورىلىق ئاقمۇ سەندە يوق .
توزۇساڭ، توزانمۇ تۈندەك قارادۇر،
جىسمىڭدىن كۆرۈنمەس زىنھار نۇر - يورۇق .

پىنھانە ياتىسەن تۇپراق تەكتىدە،
جايىڭمۇ رەڭگارەڭ دۇنيادا ئەمەس .
ئاپتاپتىن، ئايدىڭدىن يوقتۇر نېسۋەڭ،
رەڭگىڭگە ئۆزگە رەڭ قىلماس يا ھەۋەس .

شۇندىمۇ قۇدرىتىڭ چەكسىز ھېسابسىز،
تۆھپەڭدىن رازىدۇر ئەقلى پۈتۈنلەر .
ھارارەت، نۇر - ئىسسىق ئېلىشار سەندىن،
رەڭگىڭدىن يىرگىنىپ قاچمايدۇ بەدەر .

بەزىلەر قاقلىشار ئاپئاق تېنىنى ـــ
تەپتىڭگە، چوغ بولۇپ يانساڭ يېلىنجاپ .
ئېلىشار تۇندىمۇ بەھرىنى كۆنىنىڭ،
سىم بىلەن ۋەسپىڭدىن تاراتساڭ ئاپتاپ .

قايىنماس قازىنى سەنسىز ھېچقاچان،
ئالمدەك قىزىرىپ پىشماس نېنىمۇ .
كۆيمىسەڭ ئۆزگىلەر يولىدا كۆل بوپ،
دەملىنىپ ھور چىقىپ تۇرماس چېيىمۇ .

بۇ ھالدا ئۇلارغا قەدرىڭ بار، بىراق
نە ئۈچۈن قېچىشار رەڭگىڭدىن يىراق؟
نە ئۈچۈن سۆيگۈگە ئەرزىمەس رەڭگىڭ؟
نە ئۈچۈن يارالماي قالغانىدىڭ ئاق!»

خىياللار كۆكنى كەزگەچ ھە شۇ تاپ،
كىتابنى، دەپتەرنى جايلاپ تىۋىشسىز .
ئادەمسىز پۈرسەتتە تەلئەت ئىشككە ـــ
ماڭغاندا قەدەمنى تاشلاپ تىۋىشسىز .

توساتتىن ئېچىلىپ قالدى ئىشىكمۇ،
كەينىگە داجدى تەلئەت بىر قەدەم .
شۇ ھامان لەيلىنى كۆردى، لەيلىمۇ
جىددىيلىك ئىچىدە ئېيتتى ئاڭا ھەم:

ـــ ھوي تەلئەت، كۆتۈرۈپ بۇنچە بوغچىنى،
ماڭدىڭىز نەلەرگە قاچماقچى بولۇپ ،

قايتقلى دوختۇردىن يوقتۇر ئىجازەت،
يارىڭىز ساقىيىپ بولماستىن تۇرۇپ!

گېپىنى ئوڭشىدى ملك تەستە يىگىت،
يىلىندى (ئۆمرىدە بەلكى تۇنجى رەت) .
«دوختۇرغا ئېيتسىڭىز، ئەھۋالىم ئېنىق،
ئېھتىمال بېرىپمۇ قالار ئىجازەت .»

تەلئەتنىڭ گېپىگە چىنپۇتۇپ لەيلى،
دوختۇرنى ئىزدەشكە يول سالدى شۇ ئان .
پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپلا تەلئەت،
ئاسقاقلاپ ئاستىلا ماڭدى يول تامان .

*　　*　　*

ــــ ئەسسالام تەلئەتجان، قايتاي دېدىڭمۇ؟
راست ئەمدى ساقىيىپ قاپسەن خېلىلا .
ئەكېلە بوغچاڭنى، كەپسەن ئۆزۈڭمۇ ــــ
يېنىڭغا باراي دەپ تۇرسام ھېلىلا .

سادىققا ئاستىلا تەلئەت سۇندى قول،
سادىقمۇ بوغچىسىن ئالدى ئۇنىڭكى .
كەيپتىن ساز بولۇپ قالغاچ مىجەزى،
ئاغزىمۇ جىمماي قالدى ئۇنىڭكى .

ــــ ھوي ئاداش، شۇنچىلىك ئاغرىتتىم ئىچىم،
ھوشۇڭنى يوقىتىپ ياتقان چېغىڭدا .

ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرەرسەن ئەمدى،
دۇنياغا قايتا كۆز ئاچقان چېغىڭدا .

بىلگەنسەن، سەۋەنلىك ئۆتتى سېنىڭدىن،
كۆمۈر دەپ ئۆزۈڭمۇ كەتتىڭ كۆمۈر بوپ .
چامىڭغا تۇشلۇقراق ئىش قىل، سىناقتىن —
تۆزۈكرەك، ئالغىنىڭ كۆڭلۈڭنى يۇلۇپ .

تەلئەتنىڭ ئاچچىقى كەلدى بۇ سۆزگە،
ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتتى، بىراق ئۇ .
جىسمىغا ئولاشقان تىترەكنى بېسىپ،
سادىققا جاۋابەن دېدى مۇنداق ئۇ:

— يۇر بىللە، ساڭمۇ ئېيتار گېپىم بار،
ئۆيدىلا سۆزلىشىپ ئالايلۇق ئوبدان .
قايرىلىپ دەرەخزار كوچىغا تەلئەت،
جۆندى سادىقنى باشلاپ ئۆي تامان .

شوخ سايراپ رادىئو، قايناپ كەتتى خاڭ،
غەربىي تاغ بېشىغا مىنگەندە قۇياش .
بەزىلەر قايتىشتى قۇدۇقتىن - ئىشتىن،
بەزىلەر ماڭماقتا ئىشقا ئالدىراش .

چوڭ يولدا كەلمەكتە سادىقمۇ شۇ تاپ،
(تەلئەتنىڭ يېنىدىن يانغىلى نە ۋاق .)
يۆتكەيدۇ قەدەمنى ئاستا شۇ قەدەر،
شۇ ئاستا قەدەمدە ماڭغىلى نە ۋاق .

قولنى يانچۇققا سالغان پېتى ئۇ،
ئۇچرىغان تاشلارنى تەپكەچ كېلىدۇ.
تەلئەتنىڭ سۆزىنى دەڭسەپ كۆڭلىدە،
مەنىسىن بىرمۇ بىر يەشكەچ كېلىدۇ.

ئويلايدۇ: «تەلئەتنىڭ كۆڭلى ئاق، بىراق —
بىلمەيمەن ئېيتقىنى راستمۇ راست ئەمەس!
خاڭ بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن ئىشچىنىڭ
ھەي تاڭەي، ئىستىقبال تاپماقلىقى تەس.

ھە مەيلى، ئىستىقبال بار دەپ قوياىلۇق،
بار بولسا، تەلئەتتەك پاكلارغىلا خاس.
مەن چەكسەم مۇبادا تەلئەتتەك جاپا،
ئىشنەر كىم ماڭا، كىملەر دېگەي راست!؟

بوپتۇلا، جېنىمنى قىيناپ نە قىلاي؟
ئىستىقبال تاپقۇچە بەلمۇ ئېگىلەر.
بىر كۈنۈم خۇش ئۆتسە، بىر كۈنگە ھېساب،
ئازمىدۇ بۇ خاڭدا مەندەك نېمىلەر؟»

ئويلاندى، ئوي بىلەن قاتتى كاللىسى،
بارغانچە كۆپەيدى گادىرماچ ئويلار.
ئىستىقبال قاياقتا، غايە قاياقتا،
ھەر ياققا سوزۇلغان ئالدىدا يوللار ...

ئۇ كېلىپ شۇ يولنىڭ بىرىدىن ئاستا،
شان ـ شەرەپ تاختىسى يېنىغا يەتتى.

تاختايغا بىر بېقىپ ھەيران بولدى ئۇ
ۋە ھەتتا كۆزىگە ئىشەنمەي كەتتى:

ئۇ كۆردى قىپقىزىل گۈللەر ئىچىدە،
ئىلغارلار نامىنى ھەمدە سۈرەتىنى .
تەلئەتمۇ نامى بار ئىلغارنىڭ بىرى،
ئۇ كۆردى يارمەمەت ھەمدە ئەمەتنى!

يارمەمەت كىم ئىدى، ئەمەت كىم ئىدى!
سادىققا كىملىكى، ئەسلى ھەم ئايدىڭ .
ھە ئۇلار يەڭگۈچى بولغان ئەمەسمۇ،
جاڭجالدا ئالدىدا تېخى بىر ئاينىڭ .

«خاڭدىكى ئۈچ نوچى ئىچىدە ئەمدى،
قالدىمۇ بىر ئۆزۈم يالغۇز نوچى بوپ؟
ئۆزۈمنى ئۇلاردىن ئەقىللىق دەيتتىم،
كەتكەنمۇ يا مېنىڭ ئەقلىم بۇلغۇنۇپ؟!

تەلئەتنىڭ دېگىنى راستمۇ، بۇ ئىشلار —
ئۇ قىلغان سۆزلەرگە ئەمەسمۇ ئىسپات!
ياخشىلىق يولىغا ماڭسا قالاقمۇ،
راستتىنلا يۇقارمۇ قالاق دېگەن ئات؟»

ئويلاندى تاختايغا يۆلىنىپ سادىق،
تېنىدىن ماغدۇرى قاچقاندەك بولۇپ .
يۈرىكى سىقىلىپ، قىزىدى يۈزى،
خىجىللىق ئوتىدا يانغاندەك بولۇپ .

* * *

سۇرئەتتە مسالى دۇلدۇل تەپەككۇر،
كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە نە ـ نەگە كېتەر .
پەرۋازى چاقماقتەك، تالماس قاناتلىق،
كم ئاڭا منگەشسە ئالەمنى كېزەر .

تەلئەتمۇ ئالەمنى كەزمەكتە مانا،
شۇ ئۇچقۇر دۇلدۇلنى هارماي قامچىلاپ .
ئولتۇرار تۆردكى هۇجرىدا يالغۇز،
روجەكتىن دەممۇ دەم يۇلتۇزغا قاراپ .

«هەر كىشى دۇنياغا ئاچقان چېغى كۆز،
تەھققكى، سياقتىن سانىلۇر ئادەم .
تۇرمۇشنىڭ كەڭ، رەڭدار سەھنىسىدىن ئۇ،
جاي ئېلىپ، هاياتقا تاشلايدۇ قەدەم .

هەر ئادەم يەلكىسى هەرگىز ئەمەس بوش،
يۇكلەنگەن ئادەملىك بۇرچى يەتكۇچە .
تۆهپىدىن، گۇناهدىن بەرگەي هېسابنى —
ۋىجدانىنىڭ ئالدىدا، ئۆلۈپ كەتكۇچە .

كىملەردۇر دۇنياغا كەلدى، كەتتى هەم
قالدۇردى تۆهپىدىن يۇتكەن نام ـ ئاتاق .
كىملەردۇر كەلدىيۇ، يۇمماي تېخى كۆز،
ئۇنتۇلدى دىللاردىن ئالماي جاي، بىراق .

مەن قاچان دۇنياغا كۆز ئاچتىم شۇ چاغ،
بۇرچۇمۇ تۇغۇلدى جىسمىم بىلەن تەڭ .
ئانامنىڭ چېھرىدەك تۇرمۇش مېھرىمۇ،
كۆرگىنىم نۇر ـ ئاپتاپ، دۇنيا ئىدى كەڭ .

ئاشۇ نۇر ئاچقان چاغ ئەقلىم كۆزىنى،
مەن ئىدىم تامچىسى جۇشقۇن ھاياتنىڭ .
مەن ئىدىم بەختىيار، نامى غۇرۇرلۇق،
ئىشچىنىڭ پەرزەنتى ــ بىرى ئەۋلادنىڭ .

غايە ئېھ، ئادەمنى ئازدۇرماس ماياك،
يوللارغا نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش ـ كۈن .
تىلەكنىڭ پەرۋىشكار، غەمخان ئانىسى،
دىللاردا ئەيلىگەن قۇدرەتنى پۈتۈن .

مەن شۇ چاغ ئىشچىدەك بولسامتىم، دېدىم،
مېھنەتنى ھەممىدىن ئەلا ـ چوڭ كۆرۈپ .
ئۆز غايەم، بۇرچۇمنى قىلماقتا ئادا،
ئىشچىلار سېپىدە تۇردۇم يەڭ تۈرۈپ .

ھە قېنى، ئىشچىدەك بولدۇممۇ بۈگۈن،
غايەمنىڭ يولىنى قىلدىممۇ داۋام؟!
ئەل ئۈچۈن قوشۇلدى ھەسسەم قانچىلىك،
يول ئوچۇق، نە ئۈچۈن كۆڭلۈم بىئارام؟!»
... ...
ھۇجرىدا ئولتۇرار تەلئەت خىيالچان،
بىر ياقتا كىتابى، ئالدىدا دەپتەر .

زېھنىنى زورىغا جەملەپ باقار ئۇ،
قۇرلارغا جان كىرىپ، سۆزلىشەر خەتلەر .

سۆزلىشەر، تەلئەتكە بىرەر مەسلىھەت،
«ئۇنتۇغىن مىشچاننى، ئۇنۇت ئۇنى ئىگىمىز!
ئۇ ئەسلا بىلمىگەي قەدرىڭنى سېنىڭ،
ئۇنتۇغىن گۈلشەننى، ئۇنۇت ئۇنى تېز!

خالىق ئىچرە جەك قىلساڭ بولماس يۆلەك ئۇ،
ئىقباللىق يولىدا قاتماس جانغا ـ جان .
قارىدىن يىرگەنگەن ئاقلار سەن ئۈچۈن،
بولالماس ئۆمۈرلۈك ھەمراھ ھېچقاچان .

باق قېنى، بىز ـــ خەتلەر كىمنىڭ ئەمگىكى؟
يازغانتى كىم ساڭا يارىدەمدە بولۇپ؟
كىم ئاشۇ سەن ئۈچۈن كەچكەن ئارامدىن،
ئۇھ دېمەي قانچە رەت تاڭلار ئاتقۇزۇپ؟

گەر پەرھاد ئېرۇرسەن، تەھقىق شىرىن ئۇ،
تاغ چاپساڭ، جىسمىڭگە قاتقان مەدەت ئۇ!
گەر تاھىر ئېرۇرسەن، زۆھرە ئۇ ساڭا،
بىر ئۆمۈر ۋاپادار يارىڭ ئەبەد ئۇ!

ئەزەلدىن قەدىناس دوستۇڭ ئىدۇق بىز،
زېھنىڭنى بۆلەكتىن ئەيلە بىزگە جەم .
زىممەڭدە ئەل ـ ۋەتەن ئارزۇسى تۇرار،
خالىق سەندىن كۈتمەكتە دادىل بىر قەدەم! ...»

قۇرلاردىن مىسالى چاچراپ چىقتى ئوت،
دەپتەردىن كۆزنى يۆتكىدى تەلئەت .
كۆزنى يۆتكىدى، ئېچىلدى مىسلى،
مەدەتكار لەيلىگە تالىق يېڭى بەت .

## بەشىنچى باب  ئىككىنچى قەدەم

لاپ ئەمەس، تاماقتىن كەتمەيدۇ دېسە،
لەززىتى ئالمىخان ئەتكەن تائامنىڭ .
تەمنى توختىماي ماختىسا ئېرى،
«قولى گۈل، — دەر ئىدى تەلئەت، — ئانامنىڭ .»

ئوخشىغان كەچلىكى لەڭمەن بۇگۈنمۇ،
سەيلىرى ساپسېرىق، چاچلار كەبى چۆپ .
ئېھتىمال ئىشتىھا كەممۇ، ھېچبىرى
يېمىدى بىر تەخسە ئاشنى تۈگىتىپ .

ئۆزئارا زورلىشىپ باقتى ئۇچەيلەن،
ئۆزئارا قىلىشتى تەكلىپ ـ تەكەللۇپ .
يان ئۆيگە كىردى ـ دە، ياپتى ئىشىكنى،
تەلئەتمۇ ئاستىلا داسقاندىن تۇرۇپ .

ئۇندىمەي قېلىشتى بۇندا ئىككىسى،
ئاردا بىرھازا جىملىق بولدى خان .
سىرداشتى ئاتىمۇ ئاچچىق ئىس بىلەن،
خىيالىنىڭ يىپىنى ئۈزدى ئالمىخان:

— ھە قېنى، بىرنېمە دېسلە ئادەم،
ئوغۇلنىڭ ئىشىنى قانداق قىلغۇلۇق؟
ئاغزىمنىڭ يەتتە قات تېرىسى چۈشتى،
كۆپ سۆزلەپ تەلئەتنى ئۆيلەش توغرۇلۇق!

يەنىلا جىم ئىدى ئېرى شۇ تاپتا،
موخۇركا تۈتەتۈنى ئۆرلەيتتى ھەدەپ.
ئۈندىمەس ئېرىدىن غەش بوپ تېخىمۇ،
ئالمىخان ئۈننى ئۆرلەتتى ھەدەپ:

— بۇ ئۆيدە بارى - يوق تەلئەت بىر بالا،
بېشىنى بىز ئەمەس، كىممۇ سىلايدۇ؟
ئۆزگىنىڭ بولسۇنچۇ شۇنداق بالىسى،
بېشىغا كۆتۈرۈپ، ئامەت تىلەيدۇ.

تەلئەتنى شەھەرگە يۆتكەش ئىشىغا،
قادىروپ جۈيجاڭدىن بار تۇرسا كېپىل.
بىز بىراق تىرەجەپ تارتساق ئارقىغا،
تەلئەتنىڭ ئالدىدا بولمامدۇق خىجىل؟

تەلئەتكە كۆيۈنسە گۈلشەن يات تۇرۇپ،
تۇرىمىز بىز ئاتا كۆيمەي نېمىشقا؟!
سىلىزە، ئىس پۈركۈپ ئولتۇرماي قاراپ،
بىرنېمە دېسلە ئەمدى بۇ ئىشقا!

كاڭجاڭمۇ ئۈنچىلىك قىلمىدى ئاچچىق،
(چۈنكى ئۇ نامى بار تېرىكمەس ئادەم).

ئۆسكىلەڭ قېشىنىڭ مويلىرى ئەمما،
قوشۇما يېيىندا تىكلەندى بۇ دەم .

ئۇ ئاستا تۆردىكى ساندۇقنى ئېچىپ،
ئاۋايلاپ بىر كونا بوغچىنى ئالدى .
شىرەگە قويۇپلا يەشكەندە ئۇنى،
ئالىمخان بىر قاراپ، داڭ قېتىپ قالدى .

داڭ قالدى، سەپسېلىپ باقتى قانچە رەت،
ئويلاندى، كۆزىگە قويدى گۇمان ئۇ:
— هوي ئادەم، بۇ قارا مەينەت كۆمۈرنىڭ،
بارقانچە قىممىتى؟ — دېدى شۇئان ئۇ .

راست ئېيتتىڭ ئالىمخان، مەينەت كۆمۈر بۇ،
بار بىراق بۇنىڭدا ئۇستامنىڭ قېنى!
— ئۇستامنىڭ؟
— هە ئۇستام، ياكى ئاتاڭنىڭ .
— بۇ ئۆزى قانداق گەپ، ئېيتىمالا قېنى؟

سۇكۇتكە پاتقاندەك كاڭجاڭ بولدى جىم،
كۆزلىرى نەگىدۇر مىختەك قادالدى .
ئۇھ تارتتى يۈرەكنى ئەزگۈدەك بىردىن،
شۇ يىراق ئۆتمۈشنى ئېسىگە ئالدى:

— ئەل غەملىك، باشلاردا كۈلپەت ئۇ چاغلار،
ئاپەتنىڭ ئىلكىدە يوقسۇل تەقدىرى .

قوش سۆرەپ بايلارغا، قاقشال بولسا تەن،
تەنلەرگە ئوت ياققان يۇرتنىڭ بەگلىرى .

كۆز يۇمدى شۇ كۈنلەر يالغۇز ئاتامۇ،
ئون تۆت ياش چېغىمدا بولدۇم مەن يېتىم .
ئەجدادىم قەرزىگە بايلار قىلدى قۇل،
قۇللۇقتا كۈندە مىڭ تىلغاندى تېنىم .

زار قاقشاپ ئاللاغا قىلدىم نالىمۇ،
نالەمۇ بەختىمگە ئاچالمىدى يول .
بىر ئاخشام چۈشۈمدە كۆردۇم ئاتامنى،
ئۇ شۇندا چەت يۇرتقا شىلتىپ قالدى قول .

دەرد، دەشنەم دەستىدىن قاچتىم باش ئېلىپ،
يول بەردى يېنىدىن ئاق دىل رەۋەندە .
ئاي ـ ئايلاپ تىرمىشىپ يەتتىم بۇ يۇرتقا،
كۆزلىرىم گەجگەمدە قايناي دېگەندە .

بۇ يۇرتنى جەننەتنى تاپسام دەر ئىدىم،
جەننەتنى تاپمىدىم، تاپتىم دوزاخنى .
سەرسانلىق ئىچىدە بولدۇم قەلەندەر،
راست ئېيتسام، تەس كەلدى باقماق قورساقنى .

ئاچلىقتىن ماجالىم كەتتى ئاقۋەت،
پاتقاقلىق تام تۈۋى بولدى ماكانىم .
بىر كۈنى ئەھۋالىم سورىدى بىرى،
جاۋابەن: ــ يېتىمچى، سەرسانمەن، ــ دېدىم .

مىڭ شۈكۈر، ئامىتىم كەپتۇ شۇ كۈنى،
يېتىلەپ ماڭغاندا مېھرىبان ئادەم.
كۆز ئىدى، لاي كېچىپ كەلدۇق خاڭغا بىز،
ۋەيرانە كەپىگە باستىم مەن قەدەم.

ئالمىخان ئېرىدىن ئۈزمەي كۆزىنى،
تۇرغانچە تاقىتى بولدى بۇ دەم تاق.
دەر ئىدى: «سىلىگە بەرگەن پاناھلىق،
كىم ئىدى؟ ھە قېنى، ئېيتسىلا پاتراق!»

تاقىتى تاق بولغان بىرلا ئۇ ئەمەس،
ھۇجرىنىڭ ئىشىكى قايرىلغان قىيا.
تەلئەتمۇ كەچمىشنى ئاڭلار ئىدى ھەم
يۈرىكى كۆكرەككە سىغمايتتى گويا.

شۇ سىرلىق كۆمۈرگە كاڭجاڭ باقتى بىر،
چېھرىدە قايغۇنىڭ ئىزلىرى ئاشتى.
تىترىدى قارامتۇل، قېلىن لەۋلىرى،
سۆزگە مۇسىبەت زارى ئۇلاشتى.

«ۋەيرانە كەپىگە كەلدىم مەن شۇ كۈن،
ئاچ، يېلىڭ تۆت جانغا بىر جان قوشۇلدى.
تاپقاننى تەڭ يېدۇق، ئەمما مەن ئۈچۈن —
يۈك بولۇپ قالغىنىم ئەپسىز تۇيۇلدى.

ئاخىرى بىر كەچتە يىغلاپ ساپتىمەن،
چوڭ ـ كىچىك: كەتمىگىن، بىزدە قال، دېسە.

ئېيتتىمكى، ئىش قىلاي ئەمسە مەنمۇ،
باللىق ماجالىم يەتسە ـ يەتمىسە .

كۆز يېشىم سۇرتتى ـ دە، مېھرىبان ئادەم،
نامراتنىڭ خوۋلۇقى نامراتقا، ــ دېدى .
خاڭجاغا يالۋۇرۇپ چاپتى قانچە كۈن،
مەقسىتى: ماڭا ئىش تاپماقتا ئىدى .

ئېھتىمال يادىڭدا بار دۇر سېنىڭكى،
يېشىڭمۇ ئۇ چاغدا توققۇز ياكى ئون .
خاڭجاغا يالىنىپ بولدۇم كۆمۈرچى،
بۇرۇتۇم تېخى خەت تارتماستىن بۇرۇن .

قاق سۆڭەك بوپ قالدى ئۇستام ــ ئاتاڭمۇ،
شۇ زۇلمەت دوزاختىن تاپتى كېسەلنى .
ئىككىمىز يانمۇ يان سۆرەيتتۇق كۆمۈر،
مۇكچەيتكەن جاپانىڭ دەھشىتى بەلنى .

بىر كۈنى بەشىمىز ئىشلەپ تۇراتتۇق،
تەشۈىشتە جېنىمىز ئالقانغا ئېلىپ .
ئۆملەپ گۆر ئىچرە كولايتتۇق كۆمۈر،
ئاچ قورساق تالچىقىپ، جوتۇنى چېپىپ .

جىنچىراغ ئوتىدەك ئۇچقۇن كۆرۈندى،
خەتەرنىڭ ئەلچىسى، خاڭنىڭ يولىدا .
گۈڭتۈلار تىترىشىپ كەتتى توساتتىن،
ئوينايتتى يىلاندەك قامچا قولىدا .

ئۇستامنى شۇ ياققا بۇيرۇشتى ئۇلار،
ھەي لوخەن، تېز بولغىن، يولنى ئەت! — دېدى .
ياق! — دېدى، ئۇستامغا ياغدى قامچىلار،
مەن باراي! — دېدىمۇ، گۇڭتۇ «كەت!» — دېدى .

جىگەرلىك، قورقۇمسىز ئادەم ئىدى ئۇ،
يادىمدا كۆزىدىن يانغان ئوت ئۇنىڭ .
گۇڭتۇنى كەلتۇرۇپ سالدى بىر كاچات،
توۋلىدى: «لەھەتكە يوللانسۇن جېنىڭ!»

گۇڭتۇلار رەھىمسىز غالجىر ئىت ئىدى،
قان ئىچتى شۇھامان ئۇستامنى تالاپ .
مۇشت ئاتتىم، غالچىلار سۇندۇردى قولۇم،
يىغلىدىم زارۇ زار، ئۇستامغا قاراپ .

ئالەمدىن خوشلاشتى بىچارە، بىراق،
جان ئۈزۈش ئالدىدا ئاچتى ماڭا كۆز .
قان بىلەن بويىلىپ كەتكەن ئاغزىدىن،
ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىقتى مۇنۇ سۆز:

«شۇ پېتى چۆرگىلىمەس چەرخى پەلەكنىڭ،
قىساسنى يادىڭدا ساقلا بالام چىك!
زۇلمەتنىڭ چېكىنى ئىزدە، خاڭدىمۇ —
كۈن چىقسا خۇش بولار روھىمۇ مېنىڭ!»

ئاھ ئۇردۇم، ياش تۆكتۇم، مەندە نە ئىلاج،
مەرھۇمنىڭ جەستى خاڭدىن ئالدى جاي .

بۇ ئۆتمۈش شاھدى ـــ قانلىق كۆمۈرگە،
ھەر باقسام شۇ سۆزنى سۆزلەيدۇ بوۋاي ...
...

ساقلىدىم يىل ـ يىللاپ قانلىق كۆمۈرنى،
ئۇستامنىڭ ئاخىرى كۆلدى ئارمىنى .
مەرھۇمنىڭ دېگىنى كەلدى، شۇندىمۇ
بىر سوئال كۆڭنى تۈن قىينايدۇ مېنى .

خاڭنىڭغۇ ئىگىسى بولدۇق ۋە بىراق
بۇ خاڭنىڭ كەلگۈسى كىمگە تەئەللۇق؟
ماشىنا ئىشلىتەر كىملەر بۇ خاڭدا،
ئىگىلەپ تېخنىكا ـ ھۈنەرنى تولۇق؟

خەلقنىڭ ئۈمىدى بولغايمۇ ئادا،
قاق بەلدىن ئۈزۈلسە خاڭنىڭ ئىشلىرى؟
بۇ ئۈمىد دەل يېڭى ئەۋلاد ئۈستىدە،
ئوغلىمىز دەل ئاشۇ ئەۋلادنىڭ بىرى .»

بۇ مىنۇت ئالىمخان سەگەك شۇنچىلىك،
لىڭشىتتى ئېرىننىڭ سۆزىگە باشنى .
تەلئەتمۇ ئۆتمۈشتىن ئاڭلاپ شىكايەت،
ئەلەملىك كۆزىدىن سۈرتەتتى ياشنى .

* * *

كۆن كەچىنىڭ شەپىقى ئۆچكىلى نە ۋاق،
سەيياھتۇر يېڭى ئاي ئاسمان بېتىدە .

پىلدىرلاپ كۆز قىسار جىلۋىگەر يۇلتۇز،
چىلتەكلىك بۇلۇتنىڭ ئاپئاق چېتىدە.

خاك ھۆسنى ئايدىڭدىن ئاقتۇر بۇ گۇگۇم،
يۇلتۇزغا نۇر بېرىپ چاقنايدۇ چىراغ.
نەددىدۇر پۇشقۇرۇپ ئىشلىسە ناسوس،
ۋاگونلار تاق ـ تۇقى تارقايدۇ يىراق.

تا باشتىن پەرقى يوق بۇندا كۈن ـ تۈنىڭ،
ئۈزۈلمەس مېھنەتنىڭ نەپسى بىر پەس.
ئىشقا ئالدىرار كىمدۇر، كىم خۇشال،
قايتىدۇ قۇدۇقتىن ناخشا توۋلاپ پەس.

ھە ئاشۇ قايتقانلار سېپىدە سادىق،
كېلىدۇ ئىسمىنا ئالمىشىپ ھەمدە،
كېلىدۇ، كەيپى سۇس، ئويچان نېچۈندۇر،
قەدىمى ئاستىلاپ، سالپىيىپ ھەمدە.

كېلىدۇ، ھېچ تەگسىز ئويلار بىلەن ئۇ،
كەچمىشنى ئالدىدىن بىر ـ بىر ئۆتكۈزۈپ.
دولقۇنلار ئاتىدۇ ئېڭىدا ئويان،
كېلىدۇ دولقۇنلار ئەۋجىدە ئۈزۈپ.

ئويلايدۇ تەلئەتكە باغلاپ ئۆزىنى،
ئىككىسى چوڭ بولۇپ ئۆستىغۇ بىللە.
مەكتەپكە تەڭ كىرىپ، ئوقۇش تۈگەتتى،
خانچىلار سېپىگە ئۆتتىغۇ بىللە.

قەدرىنى بىلگەچكە ھەربىر مىنۇتنىڭ،
تەلئەتكە بىلىممۇ بولدى يار ـ جانان .
ئالدىغا مۇھەببەت قويغاندا سىناق،
خالىڭ ئۆچۈن بارىنى ئەيلىدى قۇربان .

ئۆزىچۇ، ۋاقىتقا سالماستىن يۈگەن،
كۆڭلىنى كۆمۈردىن تۇتتى كۆپ يىراق .
ئۆمرىگە ئېچىنىپ تەلئەت ئۇنىڭكى،
تۇرمۇشنىڭ يولىدىن بەردى كۆپ ساۋاق .

كۆپ يىللار بولدىغۇ غەپلەت بەندىسى،
باھانە ئەيلىدى يالغان كېسەلنى .
ۋاقىتدا بەردىغۇ تەلئەتمۇ ئاگاھ،
«ئالدىما ئۆزۈڭنى، ئالدىما ئەلنى .»

ئاقىۋەت چاندىغۇ بۇ ئىش بولدى لەت،
تەشكىلنىڭ جازاسى كەلدى ئۇنىڭغا .
قول سۇندى ياردەمگە يەنە شۇ تەلئەت،
ئۆمدىتە كاپالەت بەردى ئۇنىڭغا .

ئۇ كېلەر كۆرگەنچە ئەقلى كۆزىدە،
دوستىنىڭ نۇر كەبى خىسلەتلىرىنى .
قەلبىدە سىزىدۇ چەكسىز پۇشايمان،
شۇ خىسلەت كۆرسەتسە ئىللەتلىرىنى .

كېلىدۇ، ئۆزىگە تاشلايدۇ سوراق،
«ھەي سادىق، ئۆزۈڭنى ياش دەپ يۈرەمسەن؟

ئۆچمەكتە دىلىڭدا ياشلىق يالقۇنى،
ئۆمرۈڭگە ھېچ مەنە بەرمەي ئۆتەمسەن؟

تېنىڭدىن ماغدۇرنى كەتكۈزدى جېدەل،
سەن ئىچكەن شارابتىن ئەقلىڭ بولدى مەست!
ئىشرەتلەر ئەيلىدى سەزگۈڭنى بىھوش،
تار قىلدى يولۇڭنى بىمەنە ھەۋەس!

ئويناشلار چەتلەتتى مېھنەتتىن سېنى،
مېھنەتتىن يالتىيىپ، مېھنەت دېدىڭ پەس.
مۈشكۈلگە تېز پۈكۈپ، مۈشكۈلدىن قېچىپ،
كۆزلىدىڭ راھەتتىن ئالماقنى نەپەس.

قانچە رەت ئورنۇڭدىن قىلدىڭ سەن نومۇس،
خاڭچىمەن دېيىشكە بارماي تىلىڭمۇ.
كەسپىڭنى قارا دەپ قاچتىڭمۇ ئەمما،
قارىنى يۇقتۇرۇپ ئالدى دىلىڭمۇ.

شاخ ئاتلاپ، گۈل تاللاپ بولدۇڭ قانچە لەت،
سەن ئەمما ئالمىدىڭ بۇندىن ھېچ ساۋاق.
تەڭلەشمەي ئەمگەكتە تەلئەت بىلەن سەن،
مۇھەببەت بابىدا قوغلاشتىڭ ئاتاق.

ھەي، باشتا غەپلەتتىن تارتساڭ بېشىڭنى،
تولماستى قەلبىڭگە بۇنداق ئازاب - دەرد.
پۇشايمان قىلدىڭمۇ — ئىشنەر كىملەر،
دوستۇم دەپ تارتقايمۇ يېنىغا تەلئەت ...»

كېلىدۇ قۇدۇقتىن چىققان پېتىچە،
كېلىدۇ رېمونت زالى تامان ئۇ .
ئىشكىنىڭ ئالدىغا يەتتى، پەم بىلەن
روجەكتىن تەلئەتكە باقتى شۇ ئان ئۇ .

* * *

هارارەت تاجىدۇر دۇنيادا نېمە؟
بەزىلەر پېچ ئوتى دەركەن، بۇ گەپ راس .
ئوت تىللىق ئەجدىها پۇركەر ئۇندا ئوت،
ئاقىدۇ سۇ بولۇپ سەلدەك تۆمۈر ـ تاش .

دۇنيادا نېمىدۇر تاجى چىدامنىڭ؟
بەزىلەر دەيدىكەن ئالماس چىداملىق .
دەيدىكەن، گەر ئۇندىن ياسىلىپ شەمشەر،
تاش چاپسا، تاش جىسمى يېرىلار تەھقىق!

پېچ تەلئەت قەلبىگە كۆچكەن بۇ ئاخشام،
چىدامدا ئالماستىن قالماس بۇ دەم ئۇ .
ئۆرتەيدۇ جاپانى پېچتەك ئاتەشى،
مۇشكۇللەر تېشىدىن ياناماس بۇ دەم ئۇ .

ئىشلەيدۇ، قولىدا چېرتيوژ، بولقا،
ئىشداشلار ئۇيقۇدا ياتقان بۇ كېچە .
يوق ئوتلۇق كۆزىدە ئۇيقۇدىن بەلگە،
ئىشلەيدۇ بىر بۈيۈك ئىستەك ئىچىدە .

ئشلەيدۇ، چارچاشنى ھەيدەپ ئۇزاققا،
جسمدا بهېساب قۇدرەت سېزىدۇ .
يۈز ئاچسا ئالددا شانى سناقنڭ،
قەلبدە بىر تاتلىق ھېسلار كېزىدۇ .

«ھەي، تاشتەك كۆمۈرنى ئۇۋۇتۇپ ئۇندەك،
ماشنا پىرقراپ ئايلانسا ئۇ چاغ .
پۈتتۈرۈپ سائەتتە كۈننڭ ئشنى،
قاتلاملار تەكتگە يول ئالسا ئۇ چاغ .

مەڭگۈلۈك خوش دېسەڭ جوتۇ، كۈرەككە،
پورەكلەپ ئېچلسا تۆھپە گۈلى ھەم .
ئشداشلار كۆرگەندە ئشتىن ئۈنۈمنى،
يۇتۇشسا شادلقنڭ جامدا زەمزەم .

خۇش بولسا بوۋامنڭ روھى، ئاتامۇ،
كانچىنڭ ئوغلدەك ئش قلدڭ دېسە .
ئومۇمنڭ تەرىگە قوشۇلسا تەرىم،
شۇ تەردىن گۈل ئۈنۈپ، خاڭنى پۈركسە .

شۇ گۈلزار ئچدە كۈلسە لەيلمۇ،
ھەي تاڭەي، بۇ گەپكە نېمە دەر لەيلى؟ ...»
خيالى يەتتى ـ دە، شۇ يەرگە ئاستا،
غڭشدى ئۇ «يارىڭ بارمكن مەيلى .»

ناخشنى ئەمدىلا ئېيتقان ئدى ئۇ،
ئېچلدى چوڭ زالنڭ ئشكى ئاستا .

كۆرۈندى كۆزنگە لەيلىنىڭ چېھرى،
تېزلەشتى رىتىمدىن يۈرىكى ئاستا .

كۆرۈندى ئۇنىڭغا ئاپئاق خالاتلىق،
لەيلىنىڭ قارىلاق يۈزى ئاقتىن ـ ئاق .
توم قاشلار كۆرۈندى بەرگى قىياقتەك،
قوي كۆزلەر گوياكى ئوينىاق جۈپ بۇلاق .

كۆرۈندى خال بولۇپ چېكىم ـ چېكىم داغ،
كۆرۈندى ئويماقتەك چوڭ ـ چوڭ ئېغىزمۇ .
كۆزنگە ئىشەنمەي ئويلىدى تەلئەت،
«لەيلى دەپ يۈرگىنىم پەرىمۇ، قىزمۇ؟»

تەشنانىڭ كۆزىدە بولغاي نە گۇمان؟
پەرىمۇ لەيلى ھەم، لەيلىمۇ پەرى!
سۆيگۈنىڭ كۆزنگە باقتى، دېدى ئۇ:
«لەيلىدىن ئارتۇقتۇر پەرىنىڭ نەرى؟»

ئۇ كەلدى، كېلىپلا سورىدى ئەھۋال،
«ھە مانا تۆت تابلېت، كەچلىك دورىڭىز .
تاماقمۇ ئەۋەتتى ئالمىخان ئاچام،
ئېيتىڭا، ئاغرىمدۇ قانداق قولىڭىز؟»

ھېس ئەتسۇن بۇ دەمدە ئاغرىق نېچۈن ئۇ،
ياق، تەنىنىڭ ئاغرىقى كۆچكەن يۈرەككە .
باشلايدۇ سۆزىنى نەدىن ئەمدى ئۇ،
راست، دىلغا لەيلىدىن دەرمان كېرەكتە!





ھەي ئىشقى ھاياجان ئوغرىسى تىلنىڭ،
بۇ مىنۇت ئىلكىدىن قاچتى تىل ـ سۆزى .
لەيلىگە تىكىلىپ قالدى ئۇزاق ئۇ،
تىل ئەمەس، شۇ تاپتا سۆزلەيتتى كۆزى .

شۇ قاراش ــ ئاتەشىن ئوتتەك قاراشتىن،
لەيلىنىڭ ۋۇجۇدى ياندى ئوت بولۇپ .
تەلئەتكە ئېگىلدى غۇنچىدەك لەيلى،
تەن ـ جانلار ئەبەدىي كەتتى قوشۇلۇپ ...

چوغلاندى چىراغلار كۈندەك بۇ چاغدا،
تەلئەتنىڭ يېنىدىن ئۇزىدى لەيلى .
ئالەمنى ئالغاندەك تەلئەت بولۇپ خۇش،
قەلەمگە سوزغاندا قولىنى ئەمدى .

ئېچىلدى ئىشخانا ئىشكى بىردىن،
لەيلىدىن كېيىنلا سادىق كىردى ـ دە .
ھاياجان ئىچىدە تىترەك ئۈن بىلەن:
ــ قۇتلايمەن بەختىڭنى دوستۇم! ــ دېدى ـ دە .

تەلئەتنىڭ قولىنى قاتتىق سىقتى ئۇ،
ئەيىبكار ھالەتتە سالدى شۇ ئان باش .
ئىككى كۆز بۇلىقىغا تىكىلدى تەڭلا،
جۈپ قولنى سۇغىرىپ نەملەر ئىدى ياش .

* * *

خاك ئانچە كەك ئەمەس، تارماق ئۇدۇل يول،
چىڭدالغان تۇۋرۇكتە تىرىلىپ قاسناق .
كېسىشەر بوشلۇقتا دەستە ـ دەستە نۇر،
كۆمۈرنىڭ بېتىدە جىلۋە قىلار ئېتەر ئاق .

مىسالى شۇتاپتا خاك ئىچرە ھۆكەر،
بولغاندۇر ھۆكەردەك ئۇنلاپ چىراغ جەم .
قالپاقلار ئالدىدىن يېپىلار شولا،
شولىلار ئالدىدا كۆرۈنەر ئادەم .

كۆزگە كۆز بېقىشار، كۆزلەردە سوئال،
نەپەسلەر ئۈستىدە شاھتۇر ئېھتىيات .
تەقەززا قۇش، مىسلى تاقەتتۇر قەپەس،
قۇش ئۇچماق قەستىدە راسلايدۇ قانات .

يۈرەكنىڭ تىۋىشىن ئاڭلار قۇلاقمۇ،
قان ـ قانلار تومۇرغا پاتماي تېپەر بەك .
توپ ئىچرە تەپتىشتۇر جىملىق ھەيۋىتى،
شۇ تەپتىش ھەركىمگە سۆزسىز قويار چەك .

شۇ كۆزلەر، چىراغلار تىكىلەر پەسكە،
ئېڭىشكەن ئادەملەر شەكلى يېڭى ئاي .
ئىشلەيدۇ ماشىنا يېنىدا تەلئەت،
كۈلۈچنى، مايدانىنى تۇتقان قولى ماي .

ئۇ ئىشلەر ئىشىغا باغلاپ ئىشەنچنى،
تەشۋىشنى ئىشەنچتە ھەيدەپ شۇ تاپتا .

چىچىنى ماڭلايغا چاپلاپ قارا تەر،
سىرغىيدۇ يۈزنى بويلاپ شۇ تاپتا .

ئۇ كۈلدى، ھە مانا پۈتتى جىمى ئىش،
ئۇچراشتى نەچچە جۈپ كۆزنىڭ نۇرى تەڭ .
تەلئەتنىڭ يېنىدا سادىق تۇردى تىك،
چەبدەسلەر جەڭ ئۈچۈن مەھكەم تۇردى يەڭ .

«باس!»
شۇندا بېسىلدى بىردىن كۇنۇپكا،
ئايلاندى پۇرقىراپ بۇرغا بىسمۇ .
شەمشەردەك چىشلىرى چۆكتى كۆمۈرگە،
تېشىلدى كۆمۈرمۇ ھەتتا تېشىمۇ .

چۆكمەكتە كۆمۈرگە نەشتەر كەبى ئۇ،
بىر مېتىر، ئۈچ مېتىر، ئەمدى تۆت مېتىر!
كۆك يېرىپ بىراقلا ئۇچتى قەپەستىن،
تاقەتنىڭ قاناتلىق قۇشلىرى ئاخىر .

پاھ! ئالقىش ياڭرىدى شۇندا يەرەكتىن،
دىللاردا ھاياجان، شان تاپتى سىناق .
گەر بولسا خاڭ ئەمەس، يەرنىڭ بېتى بۇ،
تارقايتتى بۇ سادا ئېھ قانچە يىراق ...

ھە ئەنە تەلئەتنىڭ يۈزدە كۈلكە،
سادىقنىڭ كۆزدە ئوينار تەبەسسۇم .

ئوغلىنىڭ يېنىدا ئاتمۇ بىللە،
كۆلگەندە كۆرۈنەر لەيلى بەك مەسۇم .

## خاتىمە

قىش قارى ئورنىدا ھۆسنى باھارنىڭ،
كۆك مۇزنىڭ ئورنىدا كۆكلەر كۆك چىمەن .
بار جانلار ئېلىشار كۆكلەمدىن تىنىق،
تال ـ تاللار سۆيۈشەر ئويناق سۇ بىلەن .

بۈك ياپراق ئارىسى — ئىشرەت دالدىسى،
شوخ قۇشلار سايرىشار، ئوينار جورىلار .
كۆل ئۈزرە يانمۇ يان ئۈزۈشەر ئاق قۇ،
جەننەتنى ئېرەمدە يايرار جورىلار .

باغ ـ باغنىڭ ھۆسنىدە رەڭدار گۈل ـ چېچەك،
جاي ـ جايدا سەيلىچى جانلار ئۈچۈن جاي .
نەق بۇندا ئولتۇرار گۈلشەن يېگانە،
بىر توچكا ئۈستىدىن ئەنە كۆز ئالماي .

ئاق ئۆڭلۈك يۈزنى تىرىگەن ئاق قول،
ئاق كۆزلۈك ھالقىسى شولا چاچار ئاق .
جۇلالىق سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرى،
ئاق ئەتلىك پۇتىدا كىرسىز ئاق ئاياغ .

ئاق قىزنىڭ ئالدىدا ئەنە خىشلىق يول،
يول ياققا بۇرۇلدى قىزنىڭ نىگاھى .

لاپ قىلدى، يۈزىگە ئۇلاشتى يالقۇن،
شۇ يالقۇن يامىردى يۈرەككە تاكى .

يامىردى، كۆردى ئۇ شۇنداق مۆجىزات،
جۇپ ئامراق سەيلىچى ئۆتتى ئالدىدىن .
ئۇ ئىدى ئۆزىدەك ئاپئاقمۇ ئەمەس،
ئەڭنىمۇ ئاددىيلا، قارىلاق ئاندىن .

گۈلشەننىڭ جىسمىنى باستى شۇ چاغ مۇڭ،
ھەسرەتلىك كۆزىدىن چاقناپ ھاياجان .
يول ياقتىن نەزىرىن ئالدى يۇلۇپ ئۇ،
قار رەڭلىك ئاق رومال نەملەندى شۇ ئان .

* * *

ئاچچىق ياش بەلگىسەن ھەسرەت، نىدادىن،
ئاق ئەي ياش، كۆكلەمدە تاشقاندەك بۇلاق!
ئاق سەلدەك ئېرىسۇن كىرمۇ دىلدىكى،
چايقاپ ئوت يۈرەكنى، يۈرەك بولسۇن ئاق!

1982 ـ يىلى، كورلا ــــ ئۈرۈمچى .

# دوستۇمنىڭ خاتىرىسى

بىز ئىلىم ئەھلىنىڭ يوقىلىشىنى باشتىن كەچۈردۇق .
— ئۆمەر ھەييام
«رسالەئى جەۋھەرى . مۇقەددىمە»دىن

**مۇقەددىمە**

**نە ئۈچۈن ياش تۆكسۈن مەن كەبى ئەركەك؟!**
**ناھاتكى، ياش تۆكۈپ تولدۇردۇم ۋاراق .**
**ھەسرەتتىن تۆرىلىپ ئۆسكەن نىيەتنى،**
**نە پايدا كۆڭۈلدە ساقلاشتىن ئۇزاق؟**

**سىز دەرسىز ، يىگىتكە ياش تۆكمەك ئەيىب،**
**بىلىمەن، نومۇسى كۆز ياش يىگىتنىڭ .**
**ئېسىمدە، ئاتامۇ ئېيتقان ئۆلۈمگە —**
**رازى بول ۋە ئەمما تۆكمە كۆز يېشىڭ!**

**بىلىمەن، تۆكۈلەر كۆز ياش چاناقتىن،**
**يۈرەكنىڭ قاتلىرى مەنبەسى بىراق .**
**خۇشلۇقتىن، قايغۇدىن كۆز ياش تۆكۈشنى،**

بىلمىگەن تىرىكتىن مۇردا ياخشىراق .

بىلىڭكى، دوستۇمغا يىغلايمەن بۈگۈن،
يىغلىشىم شۇ بىرلا دوستۇمغا ئەمەس .
بۇ سىزنىڭ دوستىڭىز ۋە ئۇنىڭ دوستى،
نامىنى ياد ئەيلەپ ئالغان بىر نەپەس!

## بىرىنچى بۆلۈم   ئۇ مېنىڭ دوستۇم ئىدى

## بىرىنچى باب  يامان چۈش

باغ قوينى بوستانلىق، مېھمان بۇندا ياز،
زۇمرەت كۆل سۇيىدە ئەكسى قۇياشنىڭ .
بويلىرى باراڭلىق، ئايۋان ـ سارايلىق،
ماكانى بۇ بۈگۈن مويسىپىت، ياشنىڭ .

كۆل بويلاپ يۈگرىشەر خۇشچاغ باللار،
باراڭلار ئاستىدا ياڭرايدۇ مۇقام .
ساھىبخان جۇۋانلار قولىدا پەتنۇس،
مېھمانلار ئالدىدا لەززەتلىك تائام .

ئۆيمۇ ئۆي دوستلارنى يوقلاپ يۈرىمەن،
ئۈستۈمدە زەر گۈللەر توينىڭ لىباسى،
كۆيئوغۇل بولماقلىق غۇرۇرى مەندە،
ئۆرلەيدۇ شەنىمگە تەبرىك ساداسى .

بۇ دېمەك ـــ ئۆز تويۇم ئۆتمەكتە خۇشال،
ملك ئەپسۇس، توساتتىن ئۆزگەردى بۇ ھال .

كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئايلاندى چەرخ،
جىلۋىلىك ئاپتاپقا چاڭ سالدى زاۋال .

كۆل بويى سۇپىدا تۇرغان چاغلىرىم،
چاقماقلار ئوت چېچىپ، ئۆزگەردى ھاۋا .
بۇلۇتلار ئېتىلدى تاغلار كەينىدىن،
قۇتراشتى، غوۋغالار سالدى كۆك ئارا .

سۇر رەڭدە تۇس ئالدى ئاسمان گۈمبىزى،
قۇياشمۇ كەينىدە قالدى تۇماننىڭ .
گۈلدۈرلەپ يەر ـ ئاسمان سالدى ۋەھىمە،
تىپتىنچ كۆڭلىگە تىرىكنىڭ ـــ جاننىڭ .

قىيامەت دەھشتى يەتتى باشلارغا،
توي ئەھلى بىر پەسكە ھاڭ ـ تاڭ قىلىشتى .
چوڭلارنىڭ كۆڭلىدە ئەندىشە قات ـ قات،
كىچىكلەر چۇرقىراپ ھەريان قېچىشتى .

ھەي! دېدىم، تويۇمنى بۇزغان كىم ئۆزى؟
كىم زادى تىنچلىقنى ۋەيران ئەيلىگەن؟
كىم زادى باشلىغان كۈندۈزگە گۈگۈم،
كىم زادى توي ئۈچۈن ماتەم تىلىگەن؟

شۇھامان ئاسماندا كۈرۈنۈپ دىۋە،
تۇمانلار سەتھىدىن ھۆرپەيدى ماڭا .
دېدى: «سەن گۇناھىڭ بىلمەمسەن تېخى،
توي ئويناپ كۈلۈشنى كىم قويدى ساڭا؟!»

گۈلدۈرلەپ ئوت ئالدى چاقماقلار يەنە،
بولدى ھەم دۈشمەن پەلەكتىن غايىب .
شىلتىيمەن قوللىرىم ئاسمانغا پەقەت،
ئېغىزىم ھەرىكەتتە، ئاۋازىم غايىب .

*     *     *

جاڭگاللىق يولدا كۆچمەكتە تويۇم،
بارىمىز تىكەنلىك چاتقال ئارىلاپ .
يېنىمدا سۆيگىنىم، ئىككىمىز يالغۇز،
توي ئەھلى ئۇزاقتا كەلمەكتە بىراق .

چۆچۈدۈم، تۇساتتىن كۆردۈم سۆيگىنىم —
قولىدا پارقىراپ تۇرغان پىچاقنى .
كۆزۈمگە ئىشەنمەي باقتىم يېنىشلاپ،
بىلدىمكى ئەجىلىم ئاچقان قۇچاقنى .

كۆزىدە يېشىل نۇر، ئۆچكەن كۈلكىسى،
كۆكسۈمنى نىشانلاپ كەلدى ئېتىلىپ .
بىلدىمكى، ئەسلىدە دۈشمەن نەسلىگە،
ئالدىنىپ قاپتىمەن كۆڭلۈمنى بېرىپ .

شۇھامان سۆيگۈدىن نەپرەت تۇغۇلدى،
خەنجەرگە قول سوزدۇم، ئەمما قاچتى ئۇ .
«گۇناھىڭ شۇ پەقەت، دوست بىلدىڭ مېنى،
مەن قانداق ئىكەنمەن بىلگىن» دېدى ئۇ .

قوغلاشتۇق، بىر تاغنىڭ باغرىغا يەتتۇق،
توي ئەھلى ئىككى سەپ بولدى، ئۇرۇشتى .
تىغ ـ نەيزە، كۆكتمۇ، يەردىمۇ غوۋغا،
جىدەلدە كىملەردۇر قانلار تۆكۈشتى .

تاغ باغرى كۆل بولدى، بىردىن تولدى سۇ،
چوققىغا كەلكۈنلەر تەتۈر ئېقىشتى .
قانچىلاپ ئادەملەر تۇنجۇقتى، بىراق،
مەن داۋام ئەيلەتتىم ئۆرلەپ مېڭىشنى .

مەن ھامان ئۆرلەيتتىم، ئۆرلەيتتى سۇمۇ،
كەلكۈندىن قاچاتتىم كۆزلەپ چوققىنى .
تۇساتتىن كۆرۈندى سۇدا سۆيگىنىم،
ئۇ ياردەم تىلەيتتى سىلكىپ قولىنى .

مەن ئاڭا ئېگىشتىم تۇتتۇم قولىدىن،
يېنىمغا ياندىتتىم، چوققىغا يەتتىم .
بەھەيۋەت بىر مۇنار بار ئىدى بۇندا،
ئۇھ دېدىم، يۆلىنىپ بىر نەپەس ئالدىم .

قوزغالدى مۇنارە پىرقىراپ شۇندا،
قىسقانچە قوزغالدى مېنى ھەم بىللە .
پىرقىراپ چوققىغا يەتتىم، سۆيگىنىم
يېنىمدا تۇراتتى ھېلىھەم بىللە .

شۇ ھامان غايىبتىن كەلدى بىر ئاۋاز،
«ئەي پاسىق كىشىلەر ئاڭلاڭلار ھۆكمىم:

قالدىڭلار بۇ يەردە مەڭگۈ زۇۋانسىز،
سىلەرنى ئىبرەتنىڭ ھەيكىلى قىلدىم ! ...»

گۈلدۈرلەپ كۆك، تىمتاس يىتتى بۇ ئاۋاز،
كۆڭلۈمدە دىدىم ۋە «گۇناھىم نىمە؟»
«جاڭ ... جاڭ ... جاڭ»
قوڭغۇراق چېلىندى بىردىن،
ئويغاندىم چۆچۈپلا ئۇيقۇدىن ھەمدە .

ئويغاندىم، قارا تەر چېكەمدە مېنىڭ،
يۈرىكىم كۆكرەككە مۇشتتەك تېگەتتى .
تىنىقىم ئۆزگەرگەن، كۆرگىنىم چۈشمۇ —
ئوڭمۇ، كۆڭلۈمدە شۇ ئوي كېزەتتى .

ئويغاندىم قوڭغۇراق ئۈنى بىلەن تەڭ،
ئويغاندىم تاڭ ئەنە ئالدىمدا مېنىڭ .
تۇراتتىم مەن يەنە پايناپ يېزىدا،
ۋەيرانە ياتىقى ئىچىدە مەكتەپنىڭ ...

## ئىككىنچى باب 1976 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىدە

كۆڭلۈم غەش (غەشلىكىم چۈشتىنمۇ ئەمەس)
نە قىلاي چۈشۈمدىن رەنجىپ، ئاغرىنىپ .
يامان چۈش مەيلىغۇ، ئاندىن يامان كۈن،
تۇرامدۇ ھەر مىنۇت ئالدىمغا كېلىپ .

شۇ كۈنلەر مەن ئىدىم ئىسيانغا قورۇل،
تېگى يوق خىياللار قىينايتتى مېنى .

ۋە ياكى ئەتىدىن كۈتكەن ئۈمىدىم،
شەكىلسىز سايە بوپ ئالدايتتى مېنى .

كۈن ئۆتەر، كۈنلەرنىڭ قىسمىتى ئوخشاش،
قىسمەتلەر نېرۋامنى قوچۇپ ئۆتىدۇ .
ۋە بەزەن پىكرىمنى ئۈمىدسىز دۇنيا،
چىللايدۇ، قوينىغا تارتىپ كېتىدۇ .

كىم بۈگۈن بۇ مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈپ،
بۇرۇنقى شوخ يىگىت ئەخمەت شۇ دېسۇن؟
بىلىمەن، مەن بەلكى دۇنيا سارىڭى،
بىلىمەن، جىسمىم پاك، ئەقلىم ھەم پۈتۈن .

يادىمدا، داشۆگە بارغان چاغلىرىم،
قۇمۇلنىڭ سەھراسى ــــ نامرات يېزىدىن .
چامدىدىم ئىلىمنىڭ ئاشىنسى بولۇپ
ئەمگەكچان ئەجدادىنىڭ باسقان ئىزىدىن .

يادىمدا، ئوقۇشۇم پۈتكەن كۈنلىرى
يۇرتۇمغا ئىنتىلىپ يايدىم قاناتنى .
ئەۋلادنىڭ شەرەپلىك باغۋىنى بولدۇم،
باشلىدىم ئۇستازلىق جۇشقۇن ھاياتنى .

يادىمدا، بەش يىلدەك ئۆتتى ئارىدىن،
يىلتىزسىز قامغاقتەك كەتتىم شامالغا .
گۇناھىم كەم ئىمىش مەندە سىياسي،
پالاندىم سەھراغا كەلدىم بۇ ياققا .

توزۇدى يېڭى ئۆي توزغاق مسالى،
بچارە گۆدەكلەر قالدى ئاتسىز .
چېتىلدى گۇناهسز ئانسى هەمدە،
شەهەردە قالدى مۇڭ ـ قايغۇسى چەكسىز .

مەن ئۇچۇن ۋەتەننىڭ هەر يېرى ئوخشاش،
شۇ پاكىز نىيەتتە ئىشقا كىرىشتىم .
ياش ئەۋلاد قەلبىگە تېرىپ پەن گۈلى
مول مېۋە بەرمەككە كۈن ـ تۈن تىرىشتىم .

ئاقىۋەت ياخشى ئىش تاپتى چاتاقنى،
بىلمىنى قوماندان قىلدى دېيىلدىم .
هەيرانمەن شۇ چاغقا چىدىدىم كۆرمىڭ
ئاھانەت، ھەتتاكى كالتەككە تېنىم ...

ئەتىگەن بىلمەيمەن كۆڭلۈم نېچۈن غەش،
نە ئۈچۈن تومۇرۇم سەكرار ئىگىز ـ پەس؟
كىيىندىم بويتاقلىق ئادىتىم بىرلە،
ناشتىسىز سىنىپقا ماڭدىم شۇ نەپەس .

كىردىم ـ دە كۆز تاشلاپ چىقتىم ھەممىگە،
تۆتىنچى سىنىپقا ئۆتتۈم ئىبلىپبە .
(نە قىلاي ئەھۋال شۇ زامانىمۇ شۇنداق،
بۇ كۈنلەر كەسپىمنىڭ لازىمى كىمگە) .

باشلىدىم دەرسنى، ئەمما ئارقىدا
بىر بالا دىققەتنى جەم قىلمايدۇ ھېچ .

دېدىم ۋە غەشلىكنى ملىك تەستە بېسىپ،
«ئۆتۈنەي، ئەي ئۇكا، ئولتۇرغىن تىنچ!»

باللار جىم بولدى، ئىبرەت ئېلىشتى،
مەن سۆزلەپ باراتتىم ئۆزمەي سۆزۈمنى .
يەنە شۇ پارتىغا ئاغدى نەزىرىم،
تەرتىپسىز بالىغا سالدىم كۆزۈمنى .

ئۇچراشتى كۆزىمىز جىم بولدى بالا،
نېمىدۇر قولىدا كۆردۈم ئۇنىڭكى .
توۋلىدىم «ئويۇنچۇق ئويناپسەن نېچۈن!»
ئاچچىقىم غۇچچىدە تۇتتى مېنىڭكى .

ئاستىلا ئورنىدىن تۇردى ئەيىبكار
قەھرىمدىن ئۈيلىپ قالدىغۇ دەيمەن .
ئىنتىلدىم ئالدىغا، بەردى ئۇ ماڭا
بىر يېشىل دەپتەرنى قورقۇنچ بىلەن .

قاچاندۇر بىر چاغدا يېپىپىڭى دەپتەر،
بۇگۈنچۇ، مۇقاۋا سىرلىرى كۆچكەن .
قايغۇلۇق ھۆسنىدەك سولغان چېچەكنىڭ
ئۈستىدىن جۇپ گۈلنىڭ سۈرىتى ئۆچكەن .

پۈرلەشكەن ۋاراقنىڭ بۇرجەكلىرى ھەم
جۇت ئارا جان بەرگەن ياپراق مىسالى .
بېتىدىن ئاجرىغان ۋاراقلار تامام
ئۈستىدە كىر ـ توپا يىللار ئازابى .

خورلانغان مېيپكه ئاغرىتقاندەك ئىچ،
دەپتەردىن تۇنجى بەت ئاچتىم ئاۋايلاپ .
كۆزلىرىم يۇگۈردى بىر چاغ، بىر زامان،
گۈل چەككۈچ قەلەمنىڭ ئىزىنى بويلاپ .

ۋاھ ئەجەب تونۇشلۇق خەتلەرغۇ ئۆزى،
دىققىتىم جەم بولدى قۇرلار ئۈستىگە .
ۋە كۆردۈم «سەرسانىي» دېگەن بىر خەتنى،
سەرسانىي؟ ۋە ھەيران قالدىم بىر پەسكە .

سەرسانىي ــ بۇ مېنىڭ دوستۇم ئەمەسمۇ؟
سەرسانىي ــ تەخەللۇس، باتۇر ئەمەسمۇ؟
ھە مانا قۇر ئاستى تۇرسا دەلىللەپ،
سەرسانىي ــ بۇ بىزنىڭ شائىر ئەمەسمۇ؟

مېڭەمگە شۇ ھامان تولدى چىگىشلەر،
چىگىشلەر ئۇزاققا ئەكەتتى مېنى .
يىللارنىڭ كەينىدىن كەچمىش كۆرۈندى،
كەچمىشلەر ئۇزاققا ئەكەتتى مېنى .

## ئۈچىنچى باب سەرسانىي

قويماققا سەكرەشتە پولاتتىن مارشال،
ئادەملەر تىرىشىپ يۇرگەن چاغلىرى .
ئاپەتلەر ئەۋجىگە چىققان چاغلىرىدىن
يادىمدا، توپتوغرا بىر يىل ئىلگىرى .

شۇ كاتتا شەھەرگە كەلدىم ئۇزاقتىن،
شادلىنىپ مەكتىپىم قوينىغا كىردىم .
مەن ئەمەس، يۈز ـ يۈزلەپ بۇندا ئوغۇل ـ قىز،
كەلدىم ۋە شۇ جۇشقۇن سەپكە قېتىلدىم .

پاھ! مانا نەقەدەر ئىللىق چىرايلار،
بىر كۆرۈپ تونۇشتۇق ئۆزمۇ بولۇشتۇق .
تارتىنىش ھېسسىنى يەڭدى يېقىنلىق،
ھال ـ ئەھۋال سوراشتۇق، قولمۇ بېرىشتۇق .

بەش سەھەر، بەش ئاخشام ئۆتتى بىلىنمەي،
ئۈچ يۇرتلۇق ئۈچ بالا بولدۇق ياتاقداش .
پەيتمۇ يەتكەندە تۇنجى دەرسنىڭ،
سىنىپقا جەم بولدۇق ئوتتۇز ساۋاقداش .

ھە ئەنە كېپقالدى خالىق مۇدىرمۇ،
ئۇ ئىدى خۇش چىراي، سالماق، يېقىملىق،
چېچىدا مەزگىلسىز يىللار قىروسى،
ئورتا بوي، يېشىمۇ كۆپ بولسا قىرىق .

پارتىنى رەتلەشكە كېپقالدى نۆۋەت،
دەپتەرگە بىر قاراپ «ئەخمەت» دېدى ئۇ .
«بار!» دېدىم، يېنىمغا سەپلەندى بىرى،
پارتىداش دەل ئاشۇ باتۇر ئىدى ئۇ .

ئىچىمدە نە بالا بولدى دېدىم مەن،
جىملەندىم قولۇمنى ئاستا چىشلىدىم .

كۆڭلۈمدە تۇغۇلغان بىرقىسما قاراش،
باتۇرنى تۇنجى رەت كۆرگەن چاغلىرىم .

بەش كۈنچە ياشدۇق بىللە ياتاقتا،
ئېچىلىپ كۆلگەننى كۆرمەس ئىدىم مەن .
سورىساڭ هە دەيتتى، بولمىسا كەم سۆز،
تېگىگە چۈشىنىپ يەتمەس ئىدىم مەن .

تۈرۈلگەن ھەرقاچان كۆتمەك قاشلىرى
قوشۇما ئۈستىدىن كەتمەيتتى ئەجىن .
توك دېسە توك ئەمەس ياكى مۆرىمەس،
راست ئېيتسام، ئۇنىڭدىن ئەيمەندىم لېكىن .

قاچانكى يوقلىشىپ يۈرسەك ئوغۇل - قىز،
ياتاقتا بىرهازا چاقچاق بولاتتى .
قىزلارنىڭ گۈزەلى بەرنا سەلىمەم،
باتۇرغا ئاتايەن سۆزمۇ قاتاتتى .

باتۇرچۇ، شەلپەردەك بىردىن قىزىرىپ،
كۈلمەيتتى ۋە ياكى لام - جىم دېمەيتتى .
بۇ هالدىن ياپىرىم دەيتتىم ئىچىمدە،
يادىمغا ھەر تۈرلۈك ئويلار كېلەتتى .

بۇ ئويلار ئازمىدى، ئەمدى سىنىپنىڭ
ئۆگىنىش باشلىقى باتۇرجان ئىدى .
باتۇرجان قىزاردى ئەمما مۇئەللىم —
ئۆگىنىش ھەققىدە سۆزنى باشلىدى .

ياش يۈرەك قېتىدا جۇرئەت ئويغىتىپ،
ئىلھامنىڭ ئوتىنى ياقتى قىسقا سۆز:
چۈشتۇق بىز دەرستىن، ئەمما كۆرگىنىم
ئەجەبا، بۇ مىنۇت غەمدىن يىراق كۆز ...

*　　*　　*

نىغمەتىنىڭ قولىدا ئوينار چوتكىسى،
ھۈنەردە موزدۇزدىن زەررە كەم ئەمەس .
ھەر شەنبە كۆڭلى ھېچ تاپمايتتى ئارام،
شىبلىتى ئۈستىدە قىلمىسا بەس - بەس .

— بىر كېلەر ئالەمگە ئىنسان بالىسى،
بۇ تازا ۋاقتىدۇر ئويناپ - كۈلۈشنىڭ،
سەن كەبى يىگىتكە نەدۇر پايدىسى،
كىتابتىن باش ئالماي مۈگدەپ يۈرۈشنىڭ .

كەلگىنە باتۇرجان، كەلگىن، — دېدى ئۇ،
باتۇرمۇ كىتابتىن ئالدى بېشىنى .
ياتاقداش ئالدىغا كەلدى مۇلايىم،
جىم تۇرۇپ نىغمەتىنىڭ كۈتتى ئىشىنى .

پۇتۇڭغا كىيىپسەن چۈخەي ئۇكىجان،
ۋە بىراق بۇ قاششاق سەھرا ئەمەسقۇ؟
شىبلىتقا پۇل سورا خەت ياز ئاتاڭغا،
ئاتاڭدا بولمىسا، مەن بار ئەمەسمۇ؟

ئۆزىنى ئەپقاچتى ئاستا بۇرۇلۇپ،
كارىۋاتقا يۆلىنىپ باتۇر بولدى جىم .
جىم بولدى، كۆزلىرى تامغا قادالدى،
خىجالەت بولدىمۇ، غەممۇ بىلمىدىم .

شۇ ئاخشام ياتاقتا ئۆچكەندە چىراغ،
نېچۇندۇر ئۇيقۇممۇ كەلمىدى ئۇزاق .
بىلمەن باتۇرمۇ ئويغاق، خىيالى —
نەلەردە كېزەركىن، بىلمەيتتىم بىراق .

* * *

كۆكمۇ ئاق (ھەممە ئاق) يەر يۈزى ئاپئاق،
بىنالار بېشىدا كۈمۈش رەڭ قالپاق .
ئاداققى دەم بىرلە مۈگدىشەر گۈلزار،
ئاق لىباس ئاستىدا تىترىشەر ياپراق .

تەبىئەت قوينى جىم، سۈلتان سۈكۈنات،
پاھ، بۈگۈن تۈنجى قار پەيزى باشقىچە .
يول ئالدۇق ياتاققا كەچتە سىنىپتىن
تۇمانلىق ھاۋادىن يۇتقاچ قانغۇچە .

سوغمۇ بار يەتكۈچە، يوللار تېيىلغاق،
يۈگرەشتۇق قوللارنى سۈركەپ قولغا بىز .
توساتتىن «گۈپ» قىلدى يىقىلدى بىرى،
بىرھازا كۈلۈشتۇق، كەتتۇق ئالغا بىز .

ئۈچ كارۋات ئۈچىمىز تۇتقان ئۈچ ئۇۋا،
كەلدۇق ـ دە، خالىغان ئىشقا تۇتۇندۇق .
ساز بولدى نىغمەتنىڭ قولىدا دۇتار،
ئالدىم مەن قولۇمغا دەپتەر ـ تاپشۇرۇق .

باتۇرنىڭ ئارتۇقچە سۆزگە مەيلى يوق،
ياستۇقى ئاستىغا يايدى كىتابنى،
باشلىدى يېڭى قۇر دەپتەر بېتىگە،
ئويلايتتى كىتابتىن ئىزدەپ جاۋابنى .

«ھە» دېدى، نىغمەتجان ئۈزمەي نەزمىنى،
پەم بىلەن ئىشكىنى چەككەندە بىرى .
چېچىنى بىر تۈزەپ چاچراپ تۇردى ئۇ،
كىرگەندە سەلىمەم ـــ قىزلار گۈزىلى .

ئۈچەيلەن تىك تۇرۇپ قارشى ئېلىشتۇق،
ئۆتمەمسىز، ھە قېنى تۆرگە، دېيىشتۇق .
كىم بىلسۇن، بىر باغاق قولىدا قىزنىڭ
باتۇرغا بەرگەننى تۇيماي قېلىشتۇق .

قىز قاچتى، بىز بىلدۇق قارلىق بۇ ئۆزى،
قوغلىدۇق، قوغلاشتىن قالدۇق پايدىسىز .
يائاللا، شامالدەك قىزنىڭ يۈگرىشى،
قوغلاشتۇق، پەللىدىن ھالقىپ كەتتى قىز .

باغاقتا سوزۇلدى بىردىن ئالتە قول،
پۇرلەشكەن قەغەزنى ئاچتۇق باشقىدىن،

باتۇرنىڭ نامىغا كەتكەن بۇ قارلىق،
شەرتىنى ئوقۇدۇق قۇرلار ئاستىدىن .

ئوقۇدۇق نىغمەتنىڭ تۇتتى غۇرۇرى،
بىر بېقىپ باتۇرغا كۆلدى دىماغدا .
شەرتلەرنىڭ بىرىكەن قارلىق ھەققىدە،
بىر شېئىر، گەپنى ئۇ بۇردى ئاستا .

«بىلمەيسىز دوستلىرىم قىزلار دېگەننى،
ئالدىدا تىك تۇرۇش ئاددىي گەپ ئەمەس .
كۆڭلىنى ئالالماي ئۆلمەس شېئىردا،
دۇدۇقلاپ قالغاندىن ئارتۇق ئۆلۈم بەس .

باتۇرجان، شېئىردىن سەنغۇ ساۋاتسىز،
ئارتۇقچە قىينالما ئىشنى ماڭا قوي .
بۇ كەبى سورۇننى كۆپ كۆرگەن ئاكاڭ،
مەن يازاي، كۆڭلىگە ياققۇدەك ئوقۇي .»

جىلمايدى باتۇرغا نىغمەت ئاتايەن،
باتۇرنىڭ كۆزلىرى بەردى جاۋابنى .
رازىلىق دەپ بىلدى، نىغمەت قەلەمنى —
چىشلىدى، باتۇرجان ئالدى كىتابنى .

* * *

يەكشەنبە، سىنىپداش، يۇرتداش قىز - ئوغۇل،
كۆلكىسى تولدۇرغان بىزنىڭ ياتاقنى .

مېھمانلار ئالدىغا يايدىم ـ دە، گېزىت،
خالتىنى ئاچتىم ۋە تۆكتۈم ياڭاقنى .

قانداقمۇ ھەيدىسۇن تاتلىق مېغىزلار،
قارلىقنىڭ شەرتىنى كىمنىڭ ئېسىدىن .
كۆزىدە قىلىشتى قىزلار ئىشارە،
چاقچاقنىڭ يېپىمۇ ئۈزۈلدى بىردىن .

باتۇرجان بۇ ھالنى بىلمەمدۇ بىراق،
تارتىنىش ئوتلىرى ئۆرتەيتتى ئۇنى .
شۇندىمۇ يولداشلىق مېھرى يامان ـ دە،
يولداشلىق بۇيرۇقى ئۈندەيتتى ئۇنى .

ئۇ ئەمدى تەرنى سۈرتكەن چېغىدا،
نىغمەتمۇ پۇرسەتنى بىلدى غەنىيمەت .
(ئۆزىنى كۆرسەتمەك بولغان كىشىگە
كەلمەيدۇ خالىغان چېغىدا پۇرسەت) .

ئۇ تۇردى لىككىدە شۇنچە سىپايە،
چېچىلغان چېچىنى قويىدى بىر بېسىپ .
سورۇنغا ئاتالغان سۆلەت، كەيپى چاغ،
ئوقۇدى يېنىدىن دەپتەرنى ئېلىپ .

ئوقۇدى، بىر كۆزى قىزلار تەرەپتە،
بەزىدە قىزلارمۇ پىخ ـ پىخ كۈلەتتى .
بوينىدا بارماقتەك كۆپسە تومۇرلار،
ئۈزۈلمەس مىسرالار داۋام ئېتەتتى .

كۆپ ئەمەس، بەش مىنۇت كەتتى شەرت ئۈچۈن
ۋە لېكىن بۇ شەرتكە كۆنمىدى ھېچكىم .
نىغمەتتىن ھەممىنىڭ پەرۋايى پەلەك،
باتۇردىن كۆزىنى ئۈزمىدى ھېچكىم .

كۆز نۇرى ئۈمىدتۇر، كۆزى نۇر رىغبەت،
ھە مانا باتۇرمۇ تۇردى ئاياغقا .
ياڭرىدى ئۈنىڭ بوم، تەمكىن ئاۋازى،
گۈل قىزلار بىر ياقتا، كۆزلەر بىر ياقتا .

## قارلىق

كەچ كۈز پەسلى، بەرگى غازاڭ تۆكۈلگەن چاغ،
ياز قۇشلىرى يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن .
شۇنچە گۈزەل تەبىئەتنىڭ ھۆسنى بۇگۈن،
تۇنجى قار! يەر ـ ساماغا تولۇپ كەتكەن .

كەلدىڭ قىزچاق، كۈلۈپقىنا بىر يېقىملىق،
كۈلۈپ كەلدىڭ، بەردىڭ باغاق، قېچىپ ماڭدىڭ .
قارلىق!
چاقماق كەبى مەندىن شۇ ئوي كەچتى، لېكىن
«قوغلا» ـــ دېدىڭ پەللىگىمۇ يېتىپ قالدىڭ .

شەرتىڭ ئۈچۈن مەندىن شېئىر تەقدىم ساڭا،
چاقىر دەپسەن يەنە تالاي مېھمانلىرىڭ .
كۈتۈپ تۇرغىن، بىر تال قەلەمنى ئىككىمىز تەڭ
چىشلىگەن چاغ، شەرتى پۈتەر قارلىقىڭنىڭ .

مسرالار كەينگە ئۇلاندى ئالقىش،
ئالقىشتىن لەرزىگە كەلدى ياتاقمۇ .
مسرالار ئالدىدا بولغاندۇ خىجىل،
ئىھتىمال نىغمەتمۇ، مايلىق ياڭاقمۇ .

## تۆتىنچى باب  ئۇ كىم ئىكەن


«ئېھ، كەلسە ئاشىقىم كۆكلەم مەزگىلى،
يۈرىكىم شۇنچىلىك يايراپ كېتىدۇ .
كۆكلەمدە ئويغانغان نازۇك تەبىئەت
ئىلھامىم تارىنى سازلاپ كېتىدۇ .

قويغىنا ئۇكىجان ئەبجەق كىتابتىن،
باھارنىڭ سەيلىسى ـــ كەچلىكى ياخشى .
قويغىنا دەپتەرنى، تاشلا كىتابنى،
كۆكلەمدە ئاخشامنىڭ پەيزىسى ياخشى .»

تۇرغۇزدى ئورنۇمدىن نىغمەت يېپىشقاق،
تۇرتكەنچە ھويلىغا ئېپچىقتى مېنى .
راست، سەلكىن ئېسىدۇ، كۆكمۇ تۇمانسىز،
تاۋۇشسىز ئۈزىدۇ ئاسمان يەلكىنى .

يېڭىلا تۆرەلگەن ياپراق نوتىلار
ئۆسۈشەر بەس ـ بەستە بوي سوزۇپ شاختىن .
يوللارنىڭ بويلىرى، ھويلا ـ باغچىلار
بەستىگە تون كىيگەن چىمدىن ـ كوكاتتىن .





ھە مانا ئالدىمدا نىغمەت بارىدۇ،
گاھ توختاپ شۇڭقىلاردىن ياپراق ئۈزىدۇ .
بەزىدە ئوت ئالسا ئىلھام پىلتىسى
كۆكلەمنىڭ شەنىگە مىسرا تۈزىدۇ .

— كىم، — دېدى توساتتىن دوستۇم پىچىرلاپ،
شاخلارنىڭ كەينىگە ئالدى ئۆزىنى .
— تىنچ، — دېدى يېنىغا تارتتى مېنىمۇ
ئۇ قىزىل بىنادىن ئۈزمەي كۆزىنى .

سەپسالدىم، كۆردۈم ۋە بىر جۈپ قارىنى،
تۈرماقتا گۈپتى - گۈي يولنىڭ بويىدا .
بىرىدىن بىرىنىڭ تۈرقى سەل ئېگىز
دەپتەرمۇ، كىتابمۇ ئوينار قولىدا .

«ھە ئەنە بىرىغۇ باتۇر بۇ ئېنىق،
بىرىچۇ؟» پىچىرلاپ نىغمەت سۆزلىدى
«سەلىمەم بولىسچۇ؟
ياق، ياق بولسا شۇ
ئاكاڭنىڭ ئالدىدا باتۇر نېمىدى؟!»

يېتىلەپ بارماقتا ئاستا مېنى ئۇ،
بولغۇسى غوۋغانىڭ چاغلاپ شاھتى .
چىشلىرى رەشقتىن گۈچ - گۈچ قىلاتتى،
قىز تالاش جېڭىگە باغلاپ بىلىنى .

بىز ئەمدى كەينىدە بىر جۈپ سايىنىڭ،
سۆز ئەمەس ئاڭلىنار ھەتتا تىنىقمۇ .
دەيمەن ۋە ھە مانا باشلىنار غوۋغا،
بولامدۇ بۇندىن بەك پىشكەلچىلىكمۇ .

ياق، ئۇلار يۈزلەندى بىردىن ئاي تامان،
كۆردىمۇ بىزنى يە «قارت» قىلدى يۈرەك .
ئىككىدىن بىرىنىڭ باتۇرلۇقى راست،
بىرىچۇ، نىغمەتكە ئولاشتى تىترەك .

كۆرۈندى ئايدىڭدا بىزگە بەك ئېنىق،
سۆزىدىن، تۇرقىدىن خالىق مۇئەللىم .
بىر كۆرسە بىزنى ئۇ، ئاپلا، سەتچىلىك،
نەگىمۇ قويارمەن بۇ يۈزنى دېدىم .

نىغمەتمۇ ئېسنى يوقاتقان ھۆددەس ①،
تىنىقى بىلىنمەس، تۇرقى مىسلى بۇت .
شارت قىلىپ قاچامدۇق، بولمايدۇ بۇمۇ،
كۈتمەككە پۈتۈنلەي تۈشتۇق بۇندا بەش مىنۇت .

ئاڭلىنار بەك ئېنىق باتۇرنىڭ سۆزى،
«بىلمىدە مۇئەللىم موھتاج سىزگە مەن .
يوق گەرچە ئۆز ئاتام ياكى ئۆز ئانام،
قانداقچە ئۆزۈمنى مىسكىن سېزىمەن .»

باتۇرغا بۇرۇلدى بىردىن مۇئەللىم،
تۇتتى ۋە باتۇرنىڭ بىر جۈپ قولىنى .

① ھۆددەس — پۈتۈنلەي، تولۇق، تەلتۆكۈس.

«ئىيتقىنا، بۇ ئاخشام باشلاپ نىمشقا
بۇ قىزىل بىناغا ئىپكەلدىم سېنى؟»

بىلمەيمەن دېگەندەك باتۇر ئۇندىمەي
بېشىنى ئەگدى ـ دە، چايقىدى ئاستا .
ئۇھ تارتتى مۇئەللىم ئايغا بىر قاراپ،
سەل توختاپ سۆزىنى باشلىدى ئاستا .

«ئون توققۇز، يىگىرمە يىللار مۇقەددەم،
تېپتىنچ ئاخشىمى كۆكلەم پەسلىنىڭ .
بۇ قىزىل بىنادا بىزلەر جەم ئىدۇق،
كۆزىدە يالقۇنلۇق چاقناش ھەممىنىڭ .

سورۇندا ئاتاڭمۇ بىللە بىز بىلەن،
باش ئىدى ساۋاقداش مەرھۇم مۇتەللىپ .
سۆزلەشتۇق مۇقەددەس تۇپراق ھەققىدە،
غەزەپتىن زۇلمەتلىك تۈنگە ئوت يېقىپ .

ئۇ چاغلار، يامرىغان دۇنيادا ئۇرۇش،
فاشىزم گۇناھسىز قانلار تۆكەتتى
ئۇ چاغلار، ۋەتەندە ياپون تىرنىقى،
قامالى ئاستىدا ئوتلار كۆيەتتى .

ئۆرتەنسە زۇلۇمدىن جانۇ جىگەرى،
ياشايدۇ كىم غەزەپ تاقەتنى بېسىپ؟
ھالاكەت ئالدىدا تۇرسا ئۆز ئېلى،
چىدايدۇ كىم جەڭگە كىرمەي جان تىكىپ؟

جان تىككەن جەڭچىگە جەڭگاھمۇ يېقىن،
قەلەمنى تىغ قىلىپ ئاچتۇق بىزمۇ سەپ .
مۇقەددەس قوشۇنغا يىغدۇق ئىئانە،
ئەۋەتتۇق نەنجىڭغا بىزدىن سوۋغا دەپ .

يادىمدا، شۇ ئاخشام سورۇندا ئاتاڭ
قولىغا نەپرەتتىن ئالدى قەلەمنى .
ئادالەت ئۇنىنىڭ بولدى ۋەكىلى،
ياق، سەپتە كۆتۈرۈپ ماڭدى ئەلەمنى .


زاللارنى تىترەتسە ئالقىش ـ چاۋاكلار،
سەھنىدە چارچىماس ئارتىس ئىدى ئۇ .
ئادەملەر دېڭىزى چايقالغان بازار ـــ
رەستىدە مۇنبەردە قالتىس ئىدى ئۇ .

كۆپ ئۆتمەي ئىلىدا ھۆرلۈك بايرىقى
باشلىدى ئازادلىق ئوغلانلىرىنى .
بىپايان زېمىندا ھۆررا ساداسى،
گۆم قىلدى ئاسارەت قورغانلىرىنى .

ئاتاڭمۇ شۇ سەپتە بىر جەڭچى ئۇ چاغ،
قەلىمى ئۇپرىماس ئۆتكۈر تىغ ئىدى .
ئىبلىسنىڭ ئوقىدىن تېنىدە تاتۇق،
قالدىيۇ، بىر قېتىم تالدىم دېمىدى .

دەھشەتلىك ئوتلارنى كەچتۇق بىز بىراق،
ئالەمنى ئوڭشىلىپ كەتكەندۇ دېمە .





قانلارنى بىز تۆكتۇق قالدى شۇ پېتى
مىللەتنىڭ قايغۇسى بىز بىلەن بىللە .

ئاتاڭغا ئەڭ يېقىن سىرداش دوست ئىدىم،
ئۇ دىلدا بارنى ئېيتتى بىر كۈنى .
مەن ئۆلسەم سەن ھۆرلۈك پەسلىگە يەتسەڭ،
ئېيتقىنچۇ بايرامدا ئەسلەمسەن مېنى؟

ـــ قويغىنا، ـــ دېدىم مەن دوستۇمغا شۇ تاپ،
جەڭدىمۇ ـ تويدىمۇ مەڭگۈ بىللە بىز .
ئۇرۇلدى ياتاقنىڭ ئىشكى شۇندا
كۈتمىگەن چاتاقنى تۇيدى كۆڭلىمىز .

ساقچىلار ئاتاڭنى ئېپكەتتى، بىراق ـــ
ئىككىمىز بەخۇدۇك قولمۇ سىقىشتۇق .
ئاتاڭنىڭ كۆزىدىن ئۆچمىدى كۈلكە،
خوشلاشتۇق مەنىلىك سۆزمۇ قىلىشتۇق .

ئاتاڭمۇ قىستاققا ئەگمەي ئۆتتى بوي،
كۈن ئۆتتى، كۈنلەرمۇ قوغلاپ ئۆتتى ئاي .
پالىدى گومىنداڭ سەھراغا ئۇنى،
ھېچ ئىلاج بولمىدى سەھراغا ماڭماي .

پالاندى دوستىمىز ئەمما ئۇنىڭدىن،
ھۇمكىنمۇ مەسلەكنى سۇرگۈن ئەيلىمەك؟
تاشلامدۇ ئۇ باشتا ئالغان قەلەمنى،
ھۇمكىنمۇ شەمشادنىڭ قەددىنى ئەگمەك؟

ياڭرىدى ئوخشاشلا ساداسى ئۈنىڭ
«سەرسانىي» ئۈنىڭغا بولدى تەخەللۇس .
جەڭگىۋار مىسرادىن كۆچكە تولاتتى،
مەكتەپتە زىيالىي، تۈرمىدە مەھبۇس ...»

يۈرىكىم قېتىدا قانداقتۇر سىزىم،
يېنىمدا نىغمەتمۇ قاپتۇ ئۈنتۇلۇپ .
ئاڭلايتتىم ھېكايە پىنھاندا ئەمەس،
سىنىپتا تۇرغاندەك تەمكىن ئولتۇرۇپ .

«ئازادلىق پەيتلىرى كەلدى تاڭ نۇرى —
تەڭرىتاغ بويىغا بەردى ھاياتلىق .
تاڭ ئۆچۈن جەڭ قىلغان جەڭچى بايرامدا،
كۆڭلىدە سەزمىسۇن نېمىشقا شادلىق؟

بايرامدا جەم بولدۇق بىزمۇ شەھەردە،
پەيزىنى سۈرۈشتۇق تويىنىڭ قانغۇچە .
ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ قالاتتۇق دوستلار،
مەجلىستە، يا يولدا ئىشتىن يانغۇچە .

ئاتاڭنىڭ ئىلھامى جانلاندى راسا،
بايرامنىڭ شادلىقى سايراتتى ئۇنى .
شۇ ساھە ئەھلىنىڭ بولدى سەركىسى،
پېشقەدەم، ياش بەرى ماختايتتى ئۇنى .

باشلىدى ئاخشامغا تاڭلارنى ئۇلاپ،
ئەجدادلار مىراسى ئۈستىدە تەتقىق .

تىرىشچان باغۋەننىڭ تەرى ـ ئەجرىدىن
شاخ ـ شاخنىڭ گۈل ـ چېچەك ئاتمىقى تەھقىق .

بىلسەڭ گەر تەبىئەت قانۇنى شۇنداق،
باغ خالاس بولمىقى تەستۇر شامالدىن .
قەدىمدىن ئىنساننىڭ كەچمىشى شۇنداق،
مۈشكۈلدۇر يولنىڭ تۈز بولمىقى ئاندىن .

سىنىڭمۇ ئېھتىمال باردۇر ئېسىڭدە،
ئېچىلىش ـ سايراشتا ئوڭچى ئايرىلدۇق .
ۋاپاغا جاپانى بۇيرۇدى قىسمەت،
كۈرەشنىڭ ـ تەنقىدنىڭ نىشانى بولدۇق .

مەن ئىدىم ئاتاڭدىن كىچىكرەك ئوڭچى،
ئاتاڭنىڭ كۆرگىنى مېنىڭدىن بەتتەر .
بېشىغا كۈرەشتە بولدى مىڭ گۇناھ،
ئەزىزلەپ يازغىنى ـــ كىتاب ۋە دەپتەر .

بىر كۈنى تاڭ كېچە قايتتىم كۈرەشتىن،
تەنلىرىم جاراھەت، ھالىم تەڭ ئىدى .
توساتتىن ئىشىكنى قاققاندا بىراۋ،
ھەدەڭمۇ قورقۇپراق ئاستا « كىم» دېدى .

ـــ مەن، ـــ دېدى، دالاندا بىر ياش كۆرۈندى،
بىر باغلام قەغەزنى بەردى ماڭا ئۇ .
ئۇ كەتتى بوغچىنىڭ ئۈستىدە بىر خەت،
ئەلۋىدا خالىقجان، تەقدىم ساڭا بۇ .

شۇھامان قوللىرىم كۆيگەندەك بولۇپ،
جىغ قىلدى يۈرىكىم قالدىم مەن قېتىپ .
بۇ دېمەك ئۆزۈمدىن قورقۇشمۇ ئەمەس،
ئوقۇدۇم ئەنە شۇ باغلامنى ئېچىپ .

بىر باغاق، باغاقچە قاندىن پۈتۈلگەن،
بۇ كىتاب — بىر ئۆمۈر مېھنەتمۇ مۇشۇ .
كەچۈرگىن خەلقىمدىن، سەندىن خىجىلمەن،
ئەۋلادتىن ئۈمىدىم ئەلۋەتتە مۇشۇ . . .

مەن ئاچتىم كىتابنى، دوستۇم ئەجرىدىن،
پۈتۈلگەن دەستۇرنى ئاۋايلاپ ئاچتىم .
ھەر قۇرى ئالتۇندەك چاچتى نۇرىنى،
ھەر قۇرغا ھۆرمەتتە تىكىلدىم - باقتىم .

ئۇ ئىدى نەچچە مىڭ يىللار مۇقەددەم،
بوۋىلار قالدۇرغان مىراستىن تەتقىق .
ئەدىبلەر تارىخى، بايانلىرى ھەم
تومۇقى كەم ئەمەس، توغرا مىڭ بەتلىك .

شۈكۈركى، شۇ كىتاب پۈتمەستىن تېخى،
شۇ كىچە ئىلكىمگە ئۆتتى سالامەت .
باغرىمغا ئاۋايلاپ باستىم ۋە ئۇنى،
دوستۇمغا دىلىمدىن تاشتى مۇھەببەت .

ئارىدىن ئۆتمىدى ھەتتا بىر كېچە،
ئۆمرۈمنىڭ قايغۇلۇق چېغىنى كۆردۈم .

سەرسانىي ـــ شۇ دوستۇم ئۆلدى كۈرەشتە،
يامغۇردەك ياش تۆكتۈم، قايغۇغا چۆكتۈم .

.... ...

قوزغالدى ئۇلارنىڭ قەددىمى ئاستا،
باتۇرنىڭ كۆزىدە كۆردۈم گويا ياش .
ياش تولغان كۆزۈمگە ھەتتا مېنىڭمۇ
كۆرۈندى ئىككىيلەن ئايدىڭدا تۇتاش .

ئويلايتتىم، باتۇرجان ئەسلىي كىم ئىكەن؟
ئەۋلادى ئەمەسمۇ باتۇر نەسلىنىڭ .
مەن جەزمەن، مەن جەزمەن
دەيتتىم ئىچىمدە
بۇ سەيلە نۇر قوشتى ئەقلىمگە مېنىڭ .

سۆزلەيمۇ نىغمەتكە، سۆزمۇ بىھاجەت،
سۆزلەشنىڭ پايدىسى ئەمدى قانچىلىك؟
ئالماشتى قەلبىمدە دوستلار ئورنىمۇ،
مەن كەتتىم قەدەمنى تاشلايتتىم تېتىك .

## بەشىنچى باب كېيىنكى يىللاردا

«خۇش خەۋەر، خۇش خەۋەر!»
قولدا ژۇرنال
سىنىپقا كىرگەندە توۋلاپ سەلىمەم .
كۆردىكى باللار ئولتۇرار جىمجىت،
قالدى ۋە جايىدا توختاپ سەلىمەم .

سەلىمەم ئويلايتتى توشماي تەنەپپۇس،
نېمشقا ۋاقىتسىز كىردى مۇئەللىم؟
— ئولتۇرۇڭ، ھە قېنى ژۇرنالنى بېرىڭ، —
دېدى ـ دە، قولىنى سوزدى مۇئەللىم .

سەلىمەم ئولتۇردى، غاپپار مۇدىرمۇ
ژۇرنالنى ۋاراقلاپ تېز ـ تېز كۆرەتتى .
كەلگەندە يېڭى سان ھەر قېتىم شۇنداق
خۇش خەۋەر بىر تونۇش نامنى كۈتەتتى .

ئۇ ئاچتى بىرقانچە ۋاراقنى ئەمما،
ئاق ئىزلار قاپلىدى بۇرنى، يۈزىنى .
نا ئۈمىد قالدىمۇ تەھرىردىن ۋە يا
ژۇرنالدىن قاچۇردى ئاستا كۆزىنى .

سەلىمەم بۇ ھالنى سەزمەمدۇ لېكىن،
پارتىداش دوستىغا دەيتتى پىچىرلاپ .
«ھە قارا، ژۇرنالدىن غاپپار مۇئەللىم
باتۇرنىڭ شېئىرىنى كۆرمەكتە شۇ تاپ .»

سۆزلىگەن ئېغىز بىر، ئەمما قۇلاق كۆپ،
سىنىپقا تارالدى بىردىن بۇ خەۋەر .
ياشاپ كەت دېگىلى تاس قالدىم مەنمۇ،
دىلىمدا شادلىقىم ئاشتى شۇ قەدەر .

غەزەپتە جوزىنى چەكتى ـ دە، بىردىن،
مۇنبەرنىڭ ئالدىغا كەلدى مۇئەللىم .

چىرايى تولانلىق كۆكتەك تۇتۇلدى،
دىققەتكە كوماندا بەردى مۇئەللىم .

«بىر شېئىر بېسىلسا غوۋغا كۆتۈرۈش؟
بۇ دېمەك كۆرەڭلىك، ئۆزى مەغرۇرلۇق .
دىققەتتە ئاڭلاڭلار كۇلۇشكە بالدۇر،
سۆزلەيمەن ئاخشامقى سايلام توغرۇلۇق .

ئىمزاسىز ئاۋازدا نىغمەت بەشتە ئۈچ،
ئۆگىنىش ئىشىغا نىغمەت قارايدۇ .
نىغمەتجان يۈرەكلىك، تەكتىمۇ ياخشى،
كەمتەرلىك مىجەزى راستتىن يارايدۇ .»

«باتۇرچۇ؟ باتۇرچۇ؟» بۇنداق دەتالاش
ۋە لېكىن چىقمايتتى ھېچكىمدىن جاۋاب .
نىغمەتنى يېتىلەپ كەتتى مۇئەللىم،
سۆھبەتكە ئېپكەتتى، قالدۇق بىز قاراپ .

*　　*　　*

ئوتتۇز كۈن مۇقەددەم ئاخىرقى دەرس
ۋەقەسى كىمنىڭمۇ چىقسۇن يادىدىن .
يىقىلغان چېغىدا خالىق مۇئەللىم،
دوختۇرغا ئاپاردۇق مۇنبەر ئالدىدىن .

ئۇ قالدى دوختۇردا، غاپپار مۇئەللىم
ۋاقتلىق مۇدىرى بولدى سىنىپنىڭ .

دەسلەپتە بىلىندى ئوڭلۇق، تۈز كۆڭۈل،
ئۇسۇلى جايىدا، سۆزلىرى چىڭ ـ چىڭ .

ھە مانا بىر ئايمۇ ئۆتمەي ئارىدىن،
ئىلىمگە زوقمەنلەر پەگادا ئىدى .
نىغمەتنى كۆتۈرسە مەيلىدى ئەمما،
باتۇرنىڭ ئالدىدا نىغمەت نېمىدى؟

...

ھە بايا نېمىشقا ئۆتتى قىستۇرۇپ،
ئۇ تېخى نىغمەتنىڭ «تەكتى ياخشى» دەپ .
بۇ جۆيلۈش ئەمەسمۇ ياكى قۇسۇمەت،
نېمىدىن بېشارەت تەكتى دېگەن گەپ؟

ئېسىمدە، كىمدىنىدۇر ئاڭلىدىم بىر كۈن،
مۇئەللىم غاپپارنىڭ «تەكتى» ھەققىدە .
ھەرىكەتتە بۇنىڭدىن بەش يىل مۇقەددەم،
ئوك كەلگەن تەلىيى ــــ بەختى ھەققىدە .

ئەسلي ئۇ ئۆزىنى شۆھرەت بابىدا
سانارىكەن يېتىلگەن شائىر قاتارى .
ياشىسۇن سۆزىدىن باشلاپ شېئىرنى
قەلەممۇ تەۋرىتىپ تۇرارىكەن بەزى .

قەلەمداش رەقىبى خالىق ئاكىدىن
كۈچ سىناپ باققانىكەن تۆرنى تالىشىپ .

ياقماسكەن باتۇرنىڭ ئاتىسى ھەمدە
يۈرەركەن ھەسەتنى ھەمراھ — ئۆز بىلىپ .

پەيت كەپتۇ ئوگچىغا قارشى كۈرەشتە،
ئوت ئاپتۇ ئاداۋەت پىلتىسى بىردىن .
مەيداندا شوئارمۇ، سۆزمۇ شۇنىڭكى،
تەۋرەپتۇ ھەسەتنىڭ زىخچىسى بىردىن .

شېئىرلار ئوقۇسا تىترەپ غەزەپتىن،
يوق ئىكەن ئۇنىڭچە جەڭگىۋار شائىر .
شىكايەت قىلاركەن ھۆكرەپ ياش تۆكۈپ،
سولچىكەن، ئوگچىسى يازغۇچى، كادىر .

نامراتنىڭ بالىسى — نامرات ئاخىرى،
ئۆرلەپتۇ سولچىلار سەردارى بولۇپ .
كىرىپتۇ پارتىيە قوينىغا ھەتتا،
ئۆزگىنىڭ يېشىدا ئانكىت تولدۇرۇپ .

ياق، بىراق بۇ سۆزگە قانداق ئىشىنەي،
باقتىم - دە، شۇ تاپتا ئايغا روجەكتىن .
مۇئەللىم — شانلىق نام،
غاپپارچۇ نىچۈن؟
تولۇن ئاي داغلاردىن خالىي ئەمەسكىن؟

*　*　*

تاماقتىن قايتقان چاغ، ياتاققا كېلىپ
تاشلاندى باتۇرجان ئالدى كىتابنى .

كۆردۈم مەن شۇ ھامان ئۇستىگە پولىنىڭ
ۋاراقلار ئىچىدىن چۈشكەن لىپاپنى .

— ئال ئاۋۇ لىپاپنى، — ئىبىتتىم ئۇنىڭغا،
قولىنى ئۇزارتتى ئاستا ئالدى ئۇ .
ھاۋارەڭ قەغەزنى ئالدى لىپاپتىن
قەغەزگە بەخۇدلۇك كۆزنى سالدى ئۇ .

كۆز سالدى، ھەيرانلىق ئۇلاشتى ئاڭا،
كۆزىدە ئوينىدى بىردىن تەئەججۇپ .
تىترەيتتى قولىدا قەغەز ـ خەت يېنىك،
يۈزىگە قىزىللىق تەپتى ئۇلغىيىپ .

ھەيرانلىق شۇ مەھەل ئۆتتى ماڭمۇ،
ئويلايتتىم بۇنامە قايدىن كەلدىكىن؟
باتۇرنى ھاياجان قوينىغا تارتقان،
تىترەتكەن بۇ زادى قانداق خەت ئىكىن؟

ئالدىم ـ دە، خەتنى مەن تېز ـ تېز ئوقۇدۇم،
ھە مانا نېمىكەن بۇندا يېزىلغان!
سۆيگۈنىڭ يالقۇنلۇق مىسراسى بىلەن،
سەلىمەم نامىدىن گۈللەر تىزىلغان .

...

«ھە قېنى قىز ئۈچۈن قانداق جاۋابىڭ؟»
مەن دېدىم، باتۇرجان كولدى تۇنجى رەت .

ئىشكىتىن شەپىسى كەلدى ئاياغىنىڭ،
گېپىمىز بۆلۈندى، كىرگەندە نىغمەت .

## ئالتىنچى باب ئايرىلىش

يۇلتۇزلار چاقنىغان يازنىڭ ئاخشىمى
يېنىمدا بىر دوستۇڭ بولغاندا ئەگەر .
شۇ كۆلنىڭ بويىنى بىر سەيىر ئەتسەڭ
سەيىردىن يايرايدۇ كۆڭلۈڭ شۇقەدەر .

مەن بۈگۈن سەيلىدە يالغۇز مەن بىراق —
رەنجىش يوق باتۇرنىڭ كەلمەسلىكىدىن .
رەنجىش يوق مەنزىلگە ماڭغان يولچىنىڭ
ئاخشامنى بىكارغا بەرمەسلىكىدىن .

يالغۇز مەن، قاش بويلاپ ئاستا كېلىمەن،
دولقۇنلار سۆزىنى ئاڭلاپ بارىمەن .
يىراقتا چوقچايغان تاغلار قامىتى،
تاغلارغا كۆز سېلىپ ئويلاپ قالىمەن .

...

ئويلىرىم يىراقنى كەزمەكتە بىراق،
دەرەخزار كەينىدىن كۆردۈم بىرىنى .
تاقەتسىز قەدەملەر تاشلايدۇ بۇ دەم،
كۈتەمدۇ دوستى يا سۆيگەن قىزىنى .

ھە ئەنە بىرەيلەن كەلدى قاش بىلەن،
سىياقى بىر زىبا قىزدەك كۆرۈندى .
تاشلاردىن نىرىراق كەتسەمچۇ دېدىم،
نە قىلاي دوستلارنى چۆچۈتۈپ ئەمدى .

ھەي، تونۇش سۆزلەرگە بولدۇممۇ ھېرىس،
شەيتاننىڭ كەينىگە كىردىممۇ ۋە يا .
ئىشقىلىپ قوزغالغۇم كەلمىدى ھېچبىر،
سۆھبەتنىڭ شاھدى بولدۇم خالىيدا .

ـــ دىلبىرىم، بەك ئۇزاق ساقلاتتىڭ مېنى،
ـــ ھە بايا رايىم يوق دېدىمغۇ سىزگە .
ـــ مەن سېنى ...
ـــ مەن سىزنى ساقلاڭ دېدىممۇ؟
ـــ قورقامسەن، كىم قاراپ تۇرۇپتۇ بىزگە؟

ـــ پارچە گەپ ئاڭلاشقا ۋاقتىم يوق مېنىڭ،
گېپىم بار دەيتتىڭىز، ئېيتىڭچۇ قېنى؟
ـــ سەلىمەم، ئېيتمىسام بولمىدى ئەمدى
ئوتۇڭدا شۇنچىلىك قىيىنامسەن مېنى؟

ـــ ئوش!
ـــ ئوش دېمە، يۈرەكتىن چىققان سۆزۈم بۇ،
سېنىڭدىن ئۆزگىنى سۆيسەم مەن ئۆلەي .
ـــ بۇ گەپلەر مەشەدە قالسۇن نىغمەتجان
ـــ بۇ ... بۇ ... بۇ
ـــ خوش، بولدى ئەمدى مەن كېتەي .

— بەش مىنۇت، بەش مىنۇت، توختاڭ گېپىم بار،
ئەقلىڭىز نەلەرگە كەتتى سەلىمەم؟
ۋە ياكى ئۆزگىگە بەرگەنسىز كۆڭۈل؟
— نىم بوپتۇ ئۆزگىگە كۆڭۈلنى بەرسەم؟!

— ھە بىلدىم
(نىغمەتنىڭ ئاۋازى قاتتىق)
قىزچاققا زورلۇقمۇ ئىشلىتەر بەلكىم.
دوستلۇقنى سىناشنىڭ كەسكىن پەيتى بۇ،
مەيلىلا، كەلگەننى كۆرەيچۇ دېدىم.

— ھە بىلدىم، باتۇرغا بەرگەنسىز كۆڭۈل،
باتۇردەك نەرسىدىن پەرۋايىم نېمە؟!
— تىلىڭىز تارتىلسا خوپمىكىن دەيمەن!
— ئەتىنى ئويلاپراق سۆزلەڭ سەلىمە!

— كىملىكى بەش قولدەك بىزگە ئايانغۇ،
ئوگچىنىڭ پۇشتىدىن تامغان يېتىمنىڭ،
كونىلىق پېشىگە ئېسىلغان قۇل ئۇ،
رەقىبى بىزدىكى ئىلغار تۈزۈمنىڭ.

— جۆيلۈمەڭ!
— جۆيلۈشتىن يىراقمەن، ئەمما —
بىلىڭكى، تەقسىمات قالدى يېقىنلاپ،
بىلىڭكى، ھەر ئىشتا غاپپار مۇئەللىم
نىغمەتنىڭ يېنىدا تۇرماقتا قوللاپ.

— شۇنداقمۇ؟
— ئۇنڭدا گەپ يوق دېدىمغۇ،
يالغاننى سۆزلىسەم ھايۋان بوپ كېتەي .
— ئېيتىڭچۇ، سىزنى كىم ھايۋان بول — دېدى
مەن كېتەي
— بىر مىنۇت توختاپ تۇرۇڭ ھەي ...
— مەن كېتەي!

ئېھتىمال كەتتى سەلىمەم
(باياتىن ئەتراپ جىم ۋە تىمتاس ئىدى) .
ئەمدىچۇ، چىرىلداپ بىر توپ تومۇزغا
ھېچ تىۋىش ـ شەپىنى ئاڭلاتماس ئىدى .

* * *

ئەتراپى گۈلىستان، كۆجۈم دەرەخزار
مىسالى قار رەڭلىك ئاپئاق بالنىست .
ئالدىرار دوختۇرلار، سېستىرا قىزلار،
ئاڭلانماس ئاياغدىن ئەمما ئۈن ـ تىۋىش .

ھە مانا، بەشىمىز يەتتىنچى نومۇر
ئىشكى ئالدىغا بارغان چېغىمىز .
تەشنالىق ئوتىنى بېسىپ دوختۇردىن
رۇخسەتنى كۈتكەنچە تۇرغان چېغىمىز .

مۇدىرنىڭ ئاۋازى كەلدى ياتاقتىن
سۆھبەتنىڭ قارشىسى دوختۇر ئېھتىمال .

سۆھبەتكە قىزىقىپ سالدۇق قۇلاقنى،
دىققەتنى قۇلاققا جەم قىلىپ دەرھال .

...

ــ بولمايدۇ، بولمايدۇ يولداش مۇئەللىم،
پۈتمەدى سىزدىكى ئاغرىق يۈرەكتە .
مەكتەپنىڭ خىزمىتى خىزمەت بەرىبىر،
ساغلاملىق، ساقلىقنى ئويلاش كېرەكتە .

ــ سىز قىلغان ئەجىردىن دوختۇر ئەپەندىم،
ئاغرىقىم ساقايدى، ساق بولدۇم مانا .
ئويلاڭچۇ، ياتسۇنمۇ بۇندا كۆپ ئۇزاق
پەرزەنتى ـ باغرىدىن ئايرىلغان ئاتا؟

بۇ كۆڭلۈم ئېھتىمال سىزگە ئاياندۇر،
بالدۇرراق قايتۇرۇڭ بىر كۈن بولسىمۇ .
ئۆتتۈلگەن دەرسنى لازىم تولۇقلاش،
ئاخىرقى كۈرستا كۈن ـ تۈن بولسىمۇ .

بىر مىنۇت توساتتىن جىم بولدى ياتاق،
ئاۋازى ئاياغنىڭ توك ـ توك قىلاتتى .
قەلبىمىز قېتىنىڭ خالىق مۇدىرىغا
مۇھەببەت ـ ئىززىتى تاغدەك ئاشاتتى .

ــ ھە مەيلى مۇئەللىم قايتىڭ سىزگە بۇ،
ئىرادەم ھۆكمىگە قارشى قوشۇلۇش .

ياق بۇكى چىداملىق كىسەلگە ئەمما
دوختۇرلۇق ئۆمرۇمدە تۇنجى يول قويۇش .

— تەشەككۈر!
دوختۇرغا رەھمەت دېدۇق بىز ،
ئىشكنى ئاۋازسىز ئاچتۇق ئەدەپتە .
ئۇستازغا ئېگىلىپ بەردۇق سالامنى
قۇچاقلاپ بىر گەۋدە بولدۇق بىر پەستە .

يۇلتۇزدەك ئايلىنىپ ماڭدۇق چۆرىدەپ،
كۆيۈمچان ئاتىمىز — بۈيۈك ئادەمنى .
ئېھ، قانات بولسىچۇ دەيتتۇق شۇ تاپتا
مەكتەپنىڭ يولىغا باستۇق قەدەمنى .

* * *

نېچۈندۇر جىم بولدى نىغمەت نەچچە كۈن،
تەس كەلدى بۇ دورەم بەلكى ئىمتىھان .
ئاخشاملىق سەيلىدە بىر ئۆزى يالغۇز،
ئويىنايدۇ كۆزىدە پۈتمەس مۇڭ - پىغان .

باتۇرجان سىنىپتا، نىغمەت ياتاقتا،
بۈگۈنمۇ جىمغىنە بىللە ئىككىمىز .
يازىدۇ نېمىدۇر سىرلىق قەلىمى
قەغەزلەر ئۈستىدە يۈگرەر تىنىمسىز .

بىر چاغدا ئىشىككە تەمشىلىپ قالدىم،
قانداقتۇر ئىش بىلەن ئۆتتۈم يېنىدىن .

چۆچۈدى ئۇ بىراق پۈكلەپ خېتىنى
يوشۇردى، قېنىمۇ قاچتى يۈزىدىن .

«نېمىشقا نىغمەتتە بۇنچە ھودۇقۇش،
نېمىشقا يۈرىكى پوك - پوك بۇنچىلىك؟
ھەيرانلىق ئىچىدە قالدىم تەمترەپ،
جۈرئەت يوق، كۆزۈمگە باقماس نېچۈن تىك؟

ھە تېخى تۈنۈگۈن كىملەر بىلەن ئۇ
باتۇرنى كوچىلاپ يۈرگەن ئەمەسمۇ؟
كۆل بويى، ئاخشامدا، چۈجىنى كۈزدە
سانايمىز دەپ ئېنىق ئېيتقان ئەمەسمۇ؟»

*　　*　　*

ئوتتۇز ياش — ئېھتىمال ئۆمرۈم چارىكى،
شۇ چاغقا كۈرمىگ ئىش ئۆتتى بېشىمدىن .
مەكتەپنىڭ ئەستىلىك بىر كۈن - خاتىرە
كەتمەيدۇ ھېچقاچان ئەمما ئېسىمدىن .

زال ئىچى ھەيۋەتلىك، سەھنىمۇ كۆركەم،
سەھنىدىن پىلاكات تاشلىنار كۆزگە .
بۇ دېمەك خۇلاسە يىللىق سىناقتىن،
چوغ كەبى بايراقلار ياراشقان تۆرگە .

يۈرىكىم دۈپۈلدەپ تىنمايدۇ بۇدەم،
يەكۈندىن ئىچىمدە خام چوت سوقمەن .

يامانمۇ ئەمەستى جاۋابىم ئەمما
شۇندىمۇ ھەي تاڭەي، دەپلا قويىمەن .

باتۇرچۇ، تەھقىق ئۇ ئەلاچى بىراق
ئەۋلىيا ئەمەسمەن ئالدىن بىلگىلى .
دەر ئىدىم ئەقلىمىز قىلماس ھېچ نېسىپ،
دوست ـ دۈشمەن ئالدىدا رەسۋا بولغىلى .

يىغىنمۇ باشلاندى، ئىلمىي مۇدىرنىڭ
ئۈندىن ياڭرىدى بىردىن زال ئىچى .
تۆكۈلگەن بىر يىللىق ئەجرى ئۈستىدە،
ئاڭلايتتى زېھنىنى جەملەپ ھەر كىشى .

نام، يەكۈن بىر ـ بىرلەپ ئوقۇپ ئۆتۈلدى،
نىغمەتمۇ ۋە مەنمۇ ئەلنىڭ قاتارى .
باتۇردا تەپسىلىي توختالدى مۇدىر،
باتۇرغا يۆتكەلدى ھۆرمەت ئاۋازى .

ـــ ساۋاقداش باتۇرجان بەرگەن ئىمتىھان
ئۆز كەسپى بويىچە ئەلا ـــ بىرىنچى .
باتۇرجان تاپشۇرغان ئىلمىي ماقالە
دىققەتكە سازاۋەر، باردۇر قىممىتى .

كەلگۈسى ئۈمىدنىڭ يۇلتۇزلىرىدىن
ئۇستازلار نېمىشقا شەرەپ سېزمەيلى .
تەتقىقات ئىشىغا ھەممەيلەن ئۇنىڭ
ئىپتىخار ئىچىدە ئۇتۇق تىلەيلى!

تەۋرىدى شۇھامان پۈتكۈل زال ئىچى
نەزىرى باتۇرغا ئاغدى ھەممىنىڭ .
ئۇستازۇ ساۋاقداش ياڭراتتى چاۋاك،
ئالقىشى باتۇرغا ياغدى ھەممىنىڭ .

دوستىنىڭ شادلىقى ـ دوستىنىڭ شادلىقى،
بۇ دېمەك دوستلۇقتىن ئاددىي بىر ساۋات .
سەزگەندە ئۆزۈمنى كۆكتە ـ ئەرشتە،
ھاياجان كەپتىرىم قاققاندا قانات:

يا توۋا، دەۋەتتىم ئاستا ئىچىمدە،
بىر كۆرۈپ نىغمەتنىڭ مومدەك يۈزىنى .
يىغلامدۇ، كۈلەمدۇ بولمايتتى بىلىپ،
كۈلكىگە زورلايتتى ئەمما ئۆزىنى .

* * *

ئايرىلىش، بۇ سۆزگە تەستۇر ئىشەنمەك،
دوست ـ يارەن تۈغقاندەك يۈرگەن چاغلىدا .
جاپانى تەڭ تارتىپ كەلگەن ھۇزۇرنى
خۇش ئېيتىپ، ئۆتۈنۈپ ئۆتكەن چاغلىدا .

ئايرىلىش، بۇ سۆزنى مەنمۇ بىلەتتىم،
ۋە نەچچە ئېيتىپمۇ كۆرگەنمەن بىراق .
ئايرىلىش پەيتلىرى كەلگەندە باشقا،
راست گېپىم، ھەركىمگە تەسكەن چىدىماق .

كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە كەتتى بەش باھار،
چوغ كەبى بىر دەۋر پەيتلىرى كەتتى .
سەپ بولۇپ ئۆملۈكتە ئۇچقان تۇرنىنىڭ
يېگانە يول تۇتۇش، پەيتلىرى يەتتى .

ھە مانا، قاچانكى مەكتەپ بىناسى
ئالدىغا ھەۋەستە باسقاندەك قەدەم .
كۆك سىرلىق ئاپتوبۇس پەشتاقلىرىدىن
بىر ئېغىر تىنىقتا ئۆرلەيتتىم بۇ دەم .

ئاپتوبۇس ئەتراپى ئادەم دېڭىزى،
دېرىزە تۈۋىدە باتۇر تۇراتتى ـ
ھە ئەنە مېھرىبان خالىق مۇئەللىم
سوزۇلغان قوللارغا قوللار سوزاتتى .

گۈر قىلدى ئاپتوبۇس، «ھەي» دېدىم شۇندا،
تاقىتىم ئوت ئالدى قالماي ماتوردىن .
نەزىرىم ئۈزۈلدى بىر پەسكە شۇ چاغ،
كۆزلىرىم ياش بىلەن توسۇلدى بىردىن .

مەن كەتتىم يىراققا، قالدى جان دوستۇم،
قول سىلكىپ ئۇزىتىپ، مەكتەپ ئالدىدا .
كۆزلىرىم ئىلمىدىن گۈلخان ياسىغان
ئوتقاشتەك قىزارغان ھەيۋەت بىنادا .

... ...

## ئىككىنچى بۆلۈم  دوستۇمنىڭ خاتىرىسى

قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ،
قارا مەندە يوق .
قارامۇقنىڭ قاسراقىدەك
گۇنا مەندە يوق .
— خەلق قوشىقى .

## كۈندىلىك خاتىرىگە كىرىش سۆز

بىر ئۆمۈر ئۆلچەنەر يىل بىلەن يىلمۇ،
ئۆلچەنەر ئاي بىلەن، ئايلار كۈن بىلەن .
چۆلدىكى تۆگىدەك چامدىشىپ ئاستا
ئالمىشار بىر خىلدا تاڭلار تۈن بىلەن .

ۋە لېكىن تەقدىرنىڭ ئارتىسلىرى شۇ،
ئۆمرۈڭدە نى ئويۇن ئويناپ ئۆتىدۇ .
بەزىبىر يىلىڭدا شادلىقىڭ قات ـ قات،
ۋە بەزى يىلىڭدا بېشىڭدا قايغۇ .

ھە ئاشۇ قايغۇلۇق ياكى خۇشاللىق
پەيتىڭدۇر خاتىرەڭ بېشىدا باش قۇر .
يازسەن، بىر ئۆزۈڭ ئوقۇيسەن خالاس،
قەلەمدىن ئۆزگە ھېچ مۇڭدىشىڭ يوقتۇر .

مەن قاچان مەكتەپتىن ئايرىلدىم شۇ چاغ،
يېڭىچە تۇرمۇشنى باشلىدىم شۇندىن.
تۆت پەسىل بىلىنمەي ئۆتتى ئالمىشىپ،
كۆڭلىرىم ئىلىمگە سىرداش ئۇزۇندىن.

مۇشۇ ئاي، كۆڭلەرنى قانداق چۆشىنەي
كۆڭۈ كۆن بىر سوئال لەيلەر بېشىمدا.
داغدۇغا پىلتىسى ئالدى بىردىن ئوت
مەكتەپتە، زاۋۇتتا، ئېتىزدا غوۋغا.

بۇ پەيتلەر بوپ قالار بەلكى بىر دەۋر،
مەن ئەمەس، ئېھتىمال ھەركىم ئۆمرىدە.
نېمىلەر بولاركىن ھاياتتا ئاخىر،
باشلىدىم شۇ سەۋەب سەھىپە ــــ خاتىرە.

**يەتتىنچى باب  سۈيىقەست ئالدىدا**

غەربىي تاغ كەينىگە چۆكمەكتە قۇياش،
ئۇپۇقمۇ جىلۋىگەر قىزىنىڭ لېۋىدەك.
گۈل رەڭلىك شەپەقنى قوغلايدۇ تۇمان،
تاغلارغا گۇگۇمدىن تاشلايدۇ ئېتەك.

روجەكنىڭ ئالدىدا تەنھا مەن بۇ دەم،
روجەكتىن روبىرو تامغا قارايمەن.
تامدىكى بۇ ئەنسىز كۆڭلەر گۇۋاھى،
دازىباۋ ۋە ئەنسىز ھالغا قارايمەن.

سىنچىلاپ باققانچە قۇرلارغا شۇئان
خىياللار قوينىغا شۇڭغۇپ ئاقىمەن .
گۇناھىم چېكىدىن ئاشقانمۇ راستتىن،
سوراققا جاۋابىم ئىزدەپ باقىمەن .

«ئوڭچىنىڭ پۇشتى» دەپ يازسا مەيلىغۇ،
نوپۇزلۇق دېگىنى تۆھمەتتىن دېرەك .
قانداقچە دۈشمەنگە، چەتكە باغلىناي،
سەۋەنلىك قىلدىممۇ «شەيتان» دېگۈدەك؟

نىھايەت مەرىپەت يولىدا ماڭدىم،
يادىمدا قەدەمنى قانداق باسقىنىم .
قىلغىنىم مىراسلار ئۈستىدە تەتقىق،
ئۈمىدىم يولىدىن ئەسلا تايمىدىم .

ياق، قانداق گۇناھكار ئاتىلاي زادى؟
ئېھتىمال ئالدىمدا دولقۇن ئەۋجى بار .
تۇتۇنغان ئىش ئۈچۈن قىممەت ھەر تىنىق،
ۋاقىت زىچ، ئەتىگە ئىمكان بەلكى تار ...

* * *

بىلمەيمەن، نىغمەتنى دەيمۇ ئەۋلىيا،
ئېيتقىنى بىرمۇ بىر بولماقتا ئايان .
خەپ قېنى ئىنقىلاب كەلسە دەيتتى ئۇ،
كۆرەرمىز كىملەر خار، كىملەر شادىمان .

ھە بۇگۈن نىغمەتنى كۆردۈم خۇش چىراي
بۆلۈمگە كەلگەندە ئاپتور قاتارى .
قولىدا بىر قەغەز، قەدىمى تەمكىن،
بىلمىدىم پەيلىدىن تەزدىمۇ ياكى .

قايتاردا مەن بىلەن خوشلاشتى تېخى،
قاسمجان ئۇزىتىپ چىقتى كەينىدىن .
نەدىدۇر سۆھبەتتە بولدىغۇ دەيمەن،
بىر سائەت پۇرستى ئۆتتى ئارىدىن .

ياق، نىغمەت مەكتەپتە ئاددىي مۇئەللىم،
بۆلۈمگە كەلگىنى ھېچگەپ ئەمەسقۇ؟
دازىباۋ، تامىلارنى كۆرگەندۇ بىراق
ۋە مەيلى كۆرگىنى ھېچ گەپ ئەمەسقۇ؟

*　　*　　*

دەرد بولغان چېغىڭدا سىردىشىڭ بولسا،
مۇڭداشساڭ دەردىڭنى تۆكسەڭ قانغۇچە .
مەن كەبى تېڭىرقاپ قالغان كىشىنى
قىيناركەن يالغۇزلۇق دەردى باشقىچە .

نېمشقا سەلىمەم كەلمەيدۇ ئۇزاق،
ۋە بەلكى گۇناھىم يەتكەندۇ ئاڭا .
يا ئۇنى تاندۇردى بىركىم مېنىڭدىن
ئېھتىمال شۇ تەقدىر كەلمىشتۇر ماڭا .

ئېھ بۇ تاپ ئەخمەتجان بولسىدى كاشكى،
دەردىمگە بىرەتتى سۆزلىرى مەلھەم .
ئېھتىمال بوراندا قالغاندۇ ئۇمۇ
نە سەۋەب، خەتلىرى كەلمەيدۇ نېكەم .

*　　*　　*

قاسىمجان بىر مېنى پاش قىلدى بۈگۈن،
ئۈچ سائەت شىددەتتە توپقا تۇتتۇلدۇم .
كاللامدىن ئۆتەمدۇ تۆھمەت ـ جىنايەت،
ۋىجداننى ساتمىدىم، تەستە قۇتۇلدۇم .

ئۇ دەيدۇ: «باش ئەگكىن تاپشۇر ھەممىنى،
يىل ـ يىللاپ يوشۇرۇن يازغان خېتىڭنى .»
مەن دەيمەن: «خەلقىمگە ئاتالغان مېۋە
خەلقىمگە تالىقتۇر، قويغىن گېپىڭنى .»

كەچ كىردى، قار كەبى ياغدى دازىباۋ،
ئاق قالماي ئىشكى ھەتتا ياتاقنىڭ .
ئەگىدۇ ئەتراپتا بىر توپ پىتنىخور،
تەھدىتى ھەريادا تۇتقۇن ـ قاماقنىڭ .

ياق، تەرنىڭ ئەجرىگە كەلگەن كىتابنى
ئۇيقۇسىز تۈندىمۇ ئەتكەيمەن داۋام .
سۆيۈنسۇن ئەجرىمدىن خەلقىم ـ ۋەتىنىم،
سۆيۈنسۇن ئوغلىدىن كۆز يۇمغان ئاتام .

* * *

تەھرىرلىك ئىشىدىن توختاتتى بۆگۈن،
مەسلە ئويلاشقا كېسلدى ھۆكۈم .
كاللامدا بىر خىيال، قەلبىمدە ئىشەنچ
بە ھەيۋەت تاغلاردا ئوينايدۇ كۆزۈم .

شۇندىمۇ ئاق نىيەت، ئادىل كىشىنى
تۆگىتىپ كەتمەسكەن ئاپەت، بورانمۇ .
بېشىڭغا كۈن چۈشسە باشنى سىلىغان
ئادەمنى ئۇنتۇشقا بولغاي قاچانمۇ؟

ئاباسكام ئىشكىتىن كىرگەن چېغىدا
قورقۇپراق ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم ئورۇن .
قورققىنىم چېتىلىپ قالمىسا دەيتتىم،
ئەيىبكار ئادەمگە پېشقەدەم جۇرېن .

ۋە لېكىن كۆرمىدىم قىلچە خاۋاتىر،
ئۇنىڭكى كۆزلىرى تەمكىن شۇنچىلىك .
سۆزلەشكە خەتەرلىك، ئەمما ئېيتتى ئۇ:
«ماڭغىنىڭ توغرا يول، تۇرغىن تىك ـ تېتىك!»

بۆشۈككە بۆلىنىپ ياتقان چاغلىرىم،
ياش تۆككەن ئىدىممۇ بىلمەيمەن بىراق .
ئەقلىمگە كەلگەنچە ياش تۆكتۈم بۆگۈن،
يۈرىكىم ۋە لېكىن غەملەردىن يىراق .

* * *

جاھاندا تىچ ماكان ـ جايىنى بار دېسە،
ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ ھېچقانچە مېنىڭ .
سېنىڭمۇ بېشىڭغا كەلگەن ئۇشبۇ كۈن،
كەلمەيدۇ دېمىگىن بېشىغا ئۇنىڭ .

ئىككىيلەن ھە بۈگۈن كەلدى يېنىمغا،
ئىككىسى يەڭ بەلگە ئاسقان بىلەككە .
«پاش قىلغىن» دېدى ئۇ خالىق مۇدىرنى
بۇ ئۆزى كۆيدۈرگۈ بولغىن دېمەكتە!

ۋىجداننى ساتايمۇ ئەرزان باھادا؟
تۇز يېگەن تۇزلۇققا تۈكۈرەي قانداق؟
قانداقمۇ دېگەيمەن ئاتامنى ئوغرى،
تۇخۇمنى تۆت چاسا، قاغىنى ئاپئاق؟

ئالدىمغا تاشلانغان قەلەمنى ئالدىم،
قەغەزگە ۋىجداننىڭ سۆزىنى يازدىم:
«پىتنىخور پۇشتىنىڭ جايى جەھەننەم،
گۇناھسىز، گۇمانسىز خالىق مۇئەللىم!»

* * *

داد دېسەڭ دادىڭنى ئاڭلار كىم بىلىپ،
يولسىزلىق چېكىدىن ئاشقان چېغدا .
ئۆز گۆشۈڭ ئۆزۈڭگە يەم بولۇر بەلكى،
غەزىپىڭ ۋولقاندەك تاشقان چېغدا .

مەن بۇگۈن غەزەپنى قانداق سىغدۇراي،
مۇشتچىلىك يۈرەكنىڭ چەكلىك قېتىغا .
تەقدىرنىڭ كۆزى يوق بەندىنىڭ تېخى،
كۆز بولسا بۇ كۈننى سالامدۇ باشقا!

ياتاققا مۆھلەتتە كىردىم، كىرىپلا
تاڭ قالدىم، چېچىلغان مەيداننى كۆرۈپ .
ئەينەككە باقمىدىم، باقسام ئېھتىمال،
ھەسرەتتىن يۈزلىرىم كەتكەندۇ ئۆڭۈپ .

تارتىملار بۇزۇلغان، ئۈستىلىم ئوڭدا،
دەپتەرلەر تۆكۈلگەن ياپراق مىسالى .
يىل - يىللاپ توپلىغان كىتابلار نەدە؟
ياستۇقمۇ تىتىلغان توزغاق مىسالى .

ئېيت تارىخ، ئېيت قېنى قايسى دەۋر بۇ،
بۇ كەبى خورلۇقنى كۆردى قېنى كىم؟
جاھالەت يامرىغان ئورتا ئەسىردە
كۆرگەنمۇ بۇنچىلىك دەردنى پەن - بىلىم؟

ئېيت تارىخ، سۆزلەشكە ھەقلىقسەن پەقەت،
مەرىپەت ئۆرتەنسە ۋىجدان چىدامدۇ؟
ئېيت تارىخ، ئاقىۋەت بىر كۈن خەلقىمىز
قىلمىشتىن قىساسنى ئالماي قويامدۇ؟!

...





ملك شۈكۈر، ئەقلمنى تاپقانىكەنمەن،
تۈنۈگۈن بىر كېچە كولاپ ئورەكنى .
قايتىپتۇ تاپالماي بەختىمگە ئۇلار،
خىشلارنىڭ تەكتىگە كۆمگەن كىتابنى .

مەيلى بۇ هۇجرامنى ئاغدۇرسۇن ئۇلار
ئەجرىمنى تۇتقۇزۇپ قويىمايمەن ئاسان .
تېنىمدىن ئۆچكىچە ئاخىرقى نەپەس
ساقلايمەن ئوغلىنىپ كەتكەنچە جاهان .

*      *      *

كەلگەندە كەچقۇرۇن يوقلاپ مېنى ئۇ،
كۆزلىرى كۆزۈمگە چوغ بوپ كۆرۈندى .
بىلمەيمەن، توساتتىن قانداق ئۆتتىكىن،
هۆرمەتتە ئىشقىلىپ تاغدەك تۇيۇلدى .

ئۇ كەلدى باهارنىڭ سەلكىن شامىلى،
يۈرەكنى سەگىتىپ كەلگەندەك ئۇچۇپ .
تاشلاندى ماڭا ۋە تۆكتى كۆز يېشى،
كۆكرىكىم ئۈستىگە بىردىن باش قويۇپ .

قورقمايتتىم ئەزرائىل ياكى رەقىبتىن،
قىزلارنىڭ يېشىدىن قورقاتتىم بىراق .
چېھرىمدە شۇندىمۇ ئۆچمىدى كۈلكە،
بەزلەشكە مەن ئۇنى تىرىشماي قانداق؟

دەرۋىشنىڭ تۇرقىدەك چاچ ۋە ساقىلىم،
يىرگىنىش ھېسسىنى بەرمەيتتى ئاڭا .
شۇ تاپتا تۇرقىمىز ھەپسە ـ زىنداندا
كۆرۈشكەن ئاشىقنى ئەسلەتتى ماڭا .

ئاز ئۆتمەي يۆتكەلدى گەپنىڭ تېمىسى،
ئۆگىنىش، ئىجادىتىن سۆزنى باشلىدۇق .
سەلىمەم سەمىگە چۈشكەن كىتابنىڭ
تەقدىرى ئۈستىگە كۆچتۇق، ئاتلىدۇق .

ئۇ دېدى: «شۇ كىتاب قالسىدى ئامان .»
مەن دېدىم: «مەن ئامان، كىتاب ھەم ئامان!»
ئۇ دېدى: «راستىنلا باتۇر يىگىت سىز،»
مەن دېدىم: «بۇ ئىشتا چانغانمەن قاچان؟»

ماختىدى، ماختاشتۇق بۇندا ئىككىمىز،
ماختىغاچ ئۇ ماڭا قويدى ئىلتىماس .
«ھە ئاشۇ كىتابنى كۆرسەم ئىدى بىر،
ئەلياتقۇ چاغ بولدى، ئالەممۇ تىمتاس .»

ئالايمۇ ـ ئالمايمۇ، ئويغا چۆمۈلدۈم
دېدىم ۋە قورقۇنچاق بولماي ئۈنچىلىك .
ئۆزۈڭنى چىن دىلدىن سۆيگەن كىشىگە
بولغايمۇ قەلبىمدە شۇبھە شۇنچىلىك .

ئىككىمىز تىڭشىدۇق ئەتراپنى شۇئان،
روجەكنى پەم بىلەن ئەتتۇق شەپىسىز .

خشلارنىڭ تەكتىنى كۆرسىتىپ كۈلدۈم،
كولاشقا كىرىشىپ كەتتۇق شەپسىز .

شۇ ھامان بىر چۆچۈپ باستىم ئۆزۈمنى،
ئىشكتىن بىر قانات چۈشكەندە كۆچۈپ .
روجەكمۇ جاق قىلدى، باشلار كۆرۈندى،
ئۈلگۈرۈپ بولامدۇ خىشلارنى كۆمۈپ .

«جىنايەت» ئۈستىدە تۇتۇلدۇق نەقلا،
ئىككىمىز يېيىشتۇق بىردىن شاپىلاق .
مېڭەمنى قوچۇيتتى پۇتمەس پۇشايمان،
پۇشايمان كىتابنى قۇتقۇزسۇن قانداق؟

سەلىمەم تەرەپكە باقتىم مەن قىيا،
ئۇ غەزەپ ئىلكىدە مەغرۇر تۇراتتى .
شۇندىمۇ بۇ ساددا قىزغا دىلىمدا
مۇھەببەت كەينىدە نەپرەت ئاقاتتى .

* * *

سەلىمەم، سەلىمەم، ساددا سەلىمەم،
كىتابىم دۈشمىنى دەيمۇ سىنى مەن .
كەلمىدىڭ، بىر كەلدىڭ، چىرماشتىڭ ماڭا
غەپلەتنىڭ بەندىسى قىلدىڭ مېنى سەن!

## سەككىزىنچى باب سۈيىقەست

كىمنىڭدۇر ئېيتقىنى يادىمدا مېنىڭ،
ئىنسانىنىڭ سەزگۈسى — كۆزلەر ھەققىدە .
ئاشىقتا كۆنسىرى مەندە ئېتىقاد،
كۆر شەرھى ـ مەنىلىك سۆزلەر ھەققىدە .

شەپقەتسىز كۆرەشلەر بولدى بۈگۈنمۇ،
سۆز قىلدى قاسىمجان كەتمەي يېنىمدىن .
كانايدەك گۈركىرەپ توۋلايدۇ بىراق
كۆزىنى ھەمىشە قاچۇرار مەندىن .

ئابباسچۇ، ئىشارە قىلغاندا زۇجاڭ
«پاش قىلىش ئوقى»نى ئاتقاندا ماڭا .
يارەببىم! كۆزىدىن كۆردۈم يالقۇرۇش،
كۆزۈمگە تىك قاراپ باققاندا ماڭا .

ئېھ كۆزلەر — قارا كۆز ياكى پال كۆزلەر،
ئىگەڭلەر قولىدا يوقكەن ئىختىيار .
ئايدىڭكەن ھەر نىيەت شەكسىز سىلەردىن،
بۇ سۆزگە يوق ئەمدى گۇمانىم زىنھار .

* * *

تەقدىرۇ قىسمەتتىن ئاچسا كىمكى سۆز،
جەڭگىۋار ھال بىلەن بەس ـ بەس قىلاتتىم .
قولىدا ھەركىمنىڭ تەقدىر ـ كۆرمىشى
دەر ئىدىم، بۇ سۆزدە مەھكەم تۇراتتىم .

ھېلىمۇ مەسىلەكتىن يانماق مەندە يوق،
ھەقىقەت ھۆكمىدە يوقتۇر سەۋەنلىك .
بىلمەيمەن ھە بۈگۈن كىمنىڭ قولىدا،
تەقدىرىم ۋە نېچۈن ئەركىم كىشەنلىك؟

قانداقچە خالىغاي ئەركىن تەنلىرىم،
دەھشەتلىك قىستاققا مەھكۇم بولۇشنى .
بەدنىيەت ئادەمنىڭ ئاتقان زەھەرلىك
يوشۇرۇن ئوقىغا مەھكۇم بولۇشنى .

تەكشۈرۈش ئۈچۈن مەن ئايرىپ قويۇلدۇم،
ئەي تەقدىر، ئېيت قېنى مەندە نە گۇناھ؟
سۆزۈمنى ئېسىڭدە ساقلىغىن تارىخ،
«گۇناھىم»، «قىلمىشىم» ئاشكارا ساڭا .

كالتەكتە قان بولدى پۈتكۈل باش ـ كۆزۈم،
بىر ئېغىز سۆز بىلەن بىللە تۆت تاياق .
ئاقىۋەت يىقىلدىم، كەتتىم ماجالدىن،
كۆز ئاچسام كۆرۈندى ۋەيرانە ياتاق .

يۈزۈمدىن قانلارنى سۈرتمەي بولامدۇ؟
دەرمانسىز قولۇمنى سوزدۇم يېنىمغا .
كىملەرنىڭ رەھمىسى كەلدى، بىلمىدىم،
دەپتەرمۇ، قەغەزمۇ چىقتى قولۇمغا .

كۈچىنىپ بىر پارچە يىرتتىم ئۇنىڭدىن
بۇرنۇمغا تەسلىكتە ئېپكەلدىم يېقىن .

ئېپكەلدىم، بۇرنۇمنى سۈرتتۈم شۇ ھامان
كىمنىڭدۇر قارغىشى ئاڭلاندى بىردىن .

كۆپ ئۆتمەي يەر تەۋرەپ باشلاندى چۇقان
ئادەممۇ ئاتمىشتىن ئاشتىغۇ دەيمەن .
ئاھۇ زار ئاۋازى چۈشتەك ئېسىمدە،
«داھىينىڭ ئوبرازى ـــ رەسىم بۇ» دېگەن .

ھوشۇمدىن ئايرىلدىم تۇنجى تېپكىتىن،
ئەي تەقدىر پۈتمەمدۇ سالغان ئازابىڭ!
مەن بۈگۈن سولاقتا، گۇناھسىز تۇتقۇن
يەنە سال، كۆرەيمەن قالغان ئازابىڭ!

* * *

ئەزىزلەپ ئىنسانلار بېشىنى شۇنچە،
زەردارى ئالتۇندىن تاجلار كىيەركەن .
نامراتمۇ ئالقانچە بۆزنى بۆك قىلىپ،
گۈل چېكىپ، رەڭ تاللاپ باشنى بېزەركەن .

قايسىبىر قارغىشخور ئەتكەندۇ ئىجاد،
بۇنچە سەت، بەتبەشىرە قەغەز كۇلانى .
كىملەركىن ئىنسانىنىڭ ئالتۇن بېشىغا،
خار ئەيلەپ بىسەۋەب سالغان جاپانى .

يادىمدا، بۇ سۈپەت كۇلانى بىر چاغ،
ئوغرىلار بېشىدا كۆرگەن ئىكەنمەن .

كۆلالىق ئاتامغۇ ياكى تاغامغۇ،
بىر قىسما كۆرۈنۈپ كۆلگەن ئىكەنمەن .

يا توۋا، ئايلاندى چەرخى پەلەكنىڭ
كۆن ئۆتۈپ ماڭا ھەم كەلدى بۇ قىسمەت .
ئۇستىۋاش كىيگۈزدى قەغەزدىن تامام
سۈركەلگەن سىياھتىن تۇرقۇم شۇنچە سەت .

ھە تېخى، بۇيرۇقمۇ كەلدى كەچ بىلەن
سازايى قىلغۇدەك بىزنى بازاردا .
جىنايەت ئۇستىگە بولمىش جىنايەت
بولمىساق مۇلايىم، مۆمىن ناۋادا .

* * *

قۇلاقنى گاس قىلار دۇمباق ئاۋازى،
كۆڭۈلمۇ ئاينىيدۇ ۋاڭ - چۇڭ چۇقاندىن .
كانايلار جارقىراپ تىنماس بىر نەپەس،
سۈرلۈكتۇر ئادەملەر كۆزلىرى ئاندىن .

يان - ياندا يايىسى قاسىم سىلىڭنىڭ،
تۇتقۇنلار ياللىنىپ كەلدۇق رەستىگە .
نائىلاج قىستىشىپ ماڭدۇق باش ئېگىپ،
كۆز سىلىپ ئاسفالت يولنىڭ تەكتىگە .

خىيالىم مېنىڭچۇ دولقۇن ياسايدۇ،
ۋە لېكىن ئېسىمنى يىغدىم ئاقىۋەت .

ئىككى ئۆي ئېچىمدا ئىككى قىلچىلىق
جەڭچىدەك تىغلىشىپ سىنشار ئامەت .

كۆزۈمنى ئالمايمەن يەردىن نېمىشقا،
نامىنى ئۇياتقا قۇيدۇڭمۇ ۋە يا؟
ئوغرىلىق قىلدىممۇ ياكى بۇزۇقلۇق،
قان چېچىپ قانۇننى بۇزدۇممۇ ۋە يا؟

بولدۇممۇ ۋەتەنگە ئاسىي ـ گۇناھكار،
خەلقىمنىڭ يۈزىگە قويدۇممۇ ئاياغ؟
ۋىجدانىم ئۈستىگە مىندىممۇ نەپسىم
ۋە ياكى بولدۇممۇ جەڭگاھتىن قاچاق؟

ئۆمرۈمنىڭ دەپتىرى ئالدىمدا مېنىڭ،
ھەر قۇرى ـــ سەھىپىسى يادىمدا مېنىڭ .
نىھايەت بولسا بار نۇقسانىم بىراق
گۇناھتىن زەررە يوق قېنىمدا مېنىڭ .

كۆزلەرگە نېمىشقا باقمەيمەن ئۇدۇل،
قايمۇققان ئادەمدە، سەندە نە گۇناھ؟
ئەي باتۇر نەلەرگە كەتتى جۈرئىتىڭ،
ئۆزۈڭگە ئىشەنچە قىلماسەن ۋە يا؟

ئاھ بۇ تاپ تىلىمدا ئەركىم يوق بىراق،
كۆزۈمدە بولسىمۇ سۆزلەي ھەقنى مەن .
مەن سۆزلەي، گۇناھسىز تۇتقۇن ھەققىدە
دېدىم ـ دە، تاقەتكە قويدۇم چەكنى مەن .

ئالدىم ۋە كۆزۈمنى يەردىن بىراقلا،
ئادەملەر توپىغا باقتىم تىكىلىپ،
كۆرۈندى بەش قولدەك ھەمدە رەستىدىن
ئۆتمەكتە جەڭگىۋار ئەترەت تىزىلىپ .

توساتتىن بىر قىزنىڭ نىغمەت «سىلىڭ» دەپ
تونۇشلۇق خىتابى ئاڭلاندى ماڭا .
ئۇنتۇدۇم قەيەردە ئىكەننى ئۆزۈم،
بۇرۇلدۇم كۆزۈمنى تىكتىم ـ دە، ئاڭا .

كۆردۈم ۋە تونۇشلۇق شۇ قىزنى ھەيھات!
سەلىمەم ئەمەسمۇ، ھە بىرى نىغمەت .
ئۇچراشتى شۇھامان ئۇچ كۆز ئۇچ پىچاق،
كۆر خۇدا بۇ ئۆزى نە بالا، قىسمەت!

ئىككىلەن تۇراتتى قول ـ قول تۇتىشىپ،
ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپنىڭ بېشىدا .
ھىجايغان كۆزىدە ئالەمچە مازاق،
زەھەرلىك ملىڭ ئوق بار ھەر قاراشىدا .

شۇ چاغدا مېڭەمنى بىر ئاسمان دېسەم،
شۇ ئاسمان گۈلدۈرلەپ چاققاندا چېقىن .
قىيامەت زۇلمىتى كۆرۈندى كۆزگە
گەجگەمگە ئۇرۇلغان كالتەكتىن كېيىن .

* * *

بىر چاغلار، هايۋانات باغچىسىدا مەن،
كۆرگىنىم ئېسىمدە مۇنداق مەنزىرە :
قامالغان ئۆكۈزدەك بىر جۈپ ئارسلان
تۆمۈردىن رېشاتكىنى تارتقان قەپەسكە .

قەپەستىن ئايلىنىپ بىر سەبىي بالا،
يولۋاسنىڭ بېشىغا تاشلار ئاتاتتى
ۋە ياكى سۇندۇرۇپ شاختىن تال چىۋىق،
پەيت پايلاپ قۇلاقتىن سانجىپ ئالاتتى .

بۇ خورلۇق ـ ئازابتىن بولمامدۇ جىله
يولۋاسمۇ ھۆۋلايتتى، ئەيلەيتتى خىرىس .
يولۋاسنىڭ ئاچچىقى بالىغا كۈلكە،
شۇ سۆپەت داۋاملىق ئەدەيتتى بۇ ئىش .

بالىغا مەستلىكى كەلدى دوستۇمنىڭ
«يۈرىكى چوڭ ئىكەن» دېدى ھەۋەسته .
مەن دېدىم، سەۋەبى باتۇرلۇقىنىڭ
ئۇنتۇما، بۇ منۇت يولۋاس قەپەسته .

*　*　*

پەمىچە، كۆكلەمگە كۆچكەن تەبىئەت،
باھارنىڭ جىلۋىسى ئوينايدۇ بۈگۈن .
ئېگىلگەن قەددىگە ياپراق تاقىشىپ،
شاخ ـ شاخلار ھۆپپىدە گۈللەيدۇ بۈگۈن .

ئۇيقۇدىن ئويغانغان قوڭغۇز ـ قۇرتمۇ،
يەر تېشىپ ئالەمگە كۆز ئاچار ئەركىن .

قىش بويى باھارغا تەلمۈرگەن ئۈرۈك
بىخ سۈرۈپ ھاۋاغا بوي سوزار ئەركىن .

توك مۇزلار سۇ بولۇپ دەرياغا تولۇپ،
قىرغاقنى يالىشىپ شوخ ئاقار ئەركىن .
جاڭگالدا شۈمشىيىپ مۈگدىگەن توشقان
شەبنەملىك كوكاتقا لەۋ ياقار ئەركىن .

خالىغان مۇقامغا سايرىشىپ قۇشقاچ،
بوستاندىن ئۆزىگە جۈپ تاپار ئەركىن .
تۇخۇمدىن تۆرەلگەن قۇشنىڭ بالىسى،
شاخلاردىن شاخلارغا تاشلىنار ئەركىن .

كەچ بولماس كۈندۈزلەر،
مەن بۇ سولاقتا .
تاڭ ئاتماس كېچىلەر،
مەن بۇ سولاقتا .
باھاردا ھېچ ئىللىق سەزمەس بۇ يۈرەك،
دەھشەتلىك ھۆكۈملەر ھۇۋلاپ قۇلاقتا .

* * *

لىپ قىلدى، بىر سايە ئۆتتى روجەكتىن
سوغ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان چېغىم .
دەل چۈشتى ئالدىمغا كىچىك باغاقچە
چۈشتى ۋە غۇژژىدە شۇركەندى تېنىم .

بىلمەيتتىم مەن ئاۋۋال قورقۇش دېگەننى،
ھازىرچۇ ئۇنچىلىك باتۇر ئەمەسمەن .
ھەر كۈنى دەشنەم يەپ تۇرسا بۇ يۈرەك،
تولىمادۇ جاراھەت، قانلىق دەز بىلەن؟

ئالايمۇ، ئالمايمۇ — ئالدىم ئاخىرى
باغاقىنىڭ قېتىنى ئاچتىم شۇ ھامان .
تونۇش خەت «ئۆزۈڭنى يوقاتما ئوغلۇم،
ئاقىۋەت بۇ پېتى تۇرماس بۇ جاھان!»

ئېھ، خەتنىڭ ئاخىرى — تونۇشلۇق بەلگە
ئاباسكام نەقەدەر كۆيۈمچان ئادەم!
ئەتىگە ئىنتىلگەن مەن ئەمەس يالغۇز،
يېنىمدا بار يەنە مىڭلىغان ئادەم .

كايىدىم ئۆزۈمگە شۇندا ئىچىمدە،
ھاياتتىن ئۈمىدىڭ ئۈزگەن سەنمۇ شۇ؟!
پىنھانە ھەپىسىدىن ئىزدەپ تىغ، تانا،
ئۆمۈرلۈك ئۇيقۇنى كۈتكەن سەنمۇ شۇ؟!

تانمايمەن، قىلغانمەن شۇنداق خىيالنى،
دەيمەنكى ئوڭلىنىپ كەتكەيمۇ جاھان؟
بۇلانغان كىتابىم داۋام ئەتمەككە،
قەلىمىم ئىلكىمگە ئۆتكەي ۋە قاچان؟

* * *

بۇلۇتقا باش قويغان ھەيۋەت دەرەخنىڭ
كىمنىڭمۇ ھەۋىسى كەلمەس بەستىگە؟
غولىغا قۇچاقمۇ يەتمەس، يىلتىزى —
سوزۇلغان مىلڭ غېرىچ تۇپراق تەكتىگە .

شۇندىمۇ ھەر كۈنى بىر پالتا ئۇرۇپ
بېجىرىم يىلتىزنى قىلغاندا ناكا .
يىقىلماي قالامدۇ قاقشال بوپ دەرەخ،
شاخلىرى شامالدا سۇنامدۇ ۋە يا؟

تەنقىدنىڭ پالتىسى ھەر كۈن بېشىمدا
ئەجەلمۇ ئالىيپ قارايدۇ بەزەن .
قىيناقتىن تىلىنغان ئەتلەر تاسمىدەك
ئەجەبمۇ چىداركەن دەردكە تەن دېگەن!

ئىرادەم چىلڭ بىراق، بىتاب ئەسەبىم،
ئاغرىيدۇ شۇنچىلىك چىڭقىلىپ گاھ ـ گاھ .
بەزىدە ئۆزۈمدە بولماس ئىختىيار،
ھوشۇمدىن قالىمەن ئايرىلىپ گاھ ـ گاھ .

چىرمىشار چۇۋۇلغان يىپتەك ئويلىرىم،
پىكرىمنى يىغماقمۇ بەزەن تەس كېلەر .
مېھنىتىم شاخلىرى ئاتماستىن چېچەك
ۋادەرىخ، ئالەمدىن ئۆتسەم مەن ئەگەر ...

* * *

بىر كۈنلۈك قىيناشلار بولغاندا تامام،
سىلىڭنىڭ ئالدىدا بولدۇم سوراقتا .
قورۇقچى ئىجازەت بەردى كىرىشكە
بوسۇغا داۋاندىن ئاتلىدىم ئاستا .

تۆردە بىزەلگەن بۆلمىنىڭ قاسىم
مەن تۇردۇم ئالدىدا تەستە يۈت تىرەپ .
تارتمىدىن سۇغارغاچ قەغەز ـ ھۆكۈمنى،
تاماكا ئىسىنى پۈۋلەيتتى ھەدەپ .

سۆزىنى باشلىدى قاسىم ئىزىلىپ،
مەن بىلدىم، كۆرەشتە «جاھىل» ئىكەنمەن .
قىلمىشىم ئۈستىگە ئارتىلغاچ گۇناھ
مۇددەتسىز تەنقىدكە داخىل ئىكەنمەن .

مەن بىلدىم، شەھەردىن يۈز يول يىراقتا،
بوپتۇمىش چۆلدىكى ھەپسە ماكانىم .
ئىمىشمەن شۇنچىلىك خەتەرلىك ئۇنسۇر،
نازارەت ئاستىدا تۇتاركەن دائىم .

يۈك ـ تاقنى تىڭشىقا بۇيرۇق بېرىلدى،
بۇرۇلدۇم كەينىمگە قايتتىم ئۈندىمەي .
جەستىم قالارمۇ چۆلدە قەبرىسىز،
مىڭ گۈلۈم ئىچىدىن بىر گۈل گۈللىمەي ...

*        *        *

ئانامدىن تۇغۇلۇپ يەرگە يان بېسىپ،
دۇنياغا كۆزۈمنى ئاچقاندا ئۇدۇل .
كىملەردۇر شۇبھىدە قويغاندۇ سوراق:
— ئېيتىڭلار بۇ بوۋاق قىزمىكەن - ئوغۇل؟

ئىڭرىغان چاغدىمۇ شەكسىز ئەر ئىدىم،
ھېلىمۇ ئەركەكچە مەيدە كېرەي مەن .
كىملەردۇر بېشىمغا سالغان جاپادىن
قانداقمۇ ياش تۆكۈپ ئاھ - ۋاھ دېگەيمەن؟

ئېھتىمال، سەھەردە ياكى ھېلىلا،
جۆنەرمەن ھەپىسگە - چۆلگە يول ئېلىپ .
يۈك - تاقلار تەپمۇ تەخ، ئىشكتە ساقچى،
مارىلاپ ئۆتۈشەر دەم - دەم كۆز سېلىپ .

ئېسىمدە قەستىدىن ۋاپاسىز قىزنىڭ
كىتابىم سولاندى مۇزلۇق سارايغا .
مىڭ تەستە ساقلاندى ئۇشبۇ خاتىرە،
بۇنى ھەم ۋەھىمە ئالدى ئارىغا .

مانا مەن كولىدىم يەردىن ئورەكنى،
ئەيلەيمەن دەپتەرنى پىنھانە دەپىن .
دۇنيادا قالسا گەر بۇ باشىم ئامان،
تاپارمەن بىر كۈنى يەرنىڭ تەكتىدىن .

ۋە ياكى كۆز يۇمسام يەتسە ئاخىرەت،
شۇندىمۇ ئاي ئۆتەر يىللار ھەم ئۆتەر .

ئىھتىمال يۇز يىلنىڭ ئۇچقۇر شاملى
قەبرەمنى شەپقەتسىز تۈزلەپ كېتىشەر .

ئىنسانلار جەمەتى ئەمما ئۈزۈلمەس،
ئارخېئولوگ ــ ئالىملار يەرنى قېزىشار .
تېپىلسا خاتىرەم شۇندا بىر كۈنى،
گۇناھسىز بەندىنى ئەسكە ئېلىشار!

ئەلۋىدا خاتىرەم، كەتتىم ئۇزاققا،
سەن قالدىڭ سىردىشىپ جانسىز يەر بىلەن .
كۆرۈشۈپ قالغايسەن بىر كۈن ئاقىۋەت
مەن بىلەن ۋە ياكى ئەۋلاد ــ ئەل بىلەن ...

## توققۇزىنچى باب سەرسانلىق

ئەسسالام خاتىرەم، ئەسسالام سىرداش،
ئۇزاقتىن سېغىنىپ قايتتىم سېنى مەن .
قەبرەڭنى كولىسام تىترەر بارمىقىم
مىڭ قەتلە شۈكرىكى، تاپتىم سېنى مەن .

يېنىڭغا كەلدىم مەن ئۆتكەندە بىراق
ئاردىن ئازابلىق يىلدىن يەتتىسى .
ساناقسىز تاتۇقلار چېھرىمدىن ئايان،
ئۇستۈمدە تىتىلغان مەھبۇس جەندىسى .

سەن ئاشۇ يىللارنىڭ دوقمۇشلىرىدا،
سورامسەن مېنىڭدىن ـــ كۆردۈڭ نېمە كۈن؟

نېمه دەي؟
قىسقا سۆز، ئۇندا ئىشقىلىپ
بولمىدى مەرىكە ياكى توي ـ تۆكۈن!

ئىختىيار ئەيلىسەڭ بىلمەكنى تۈگۈل،
سورىغىن چېكەمگە چۈشكەن ئەجىندىن،
ۋەياكى ساماندەك سارغايغان يۈزۈم،
مۈرەمدە بوقۇسا قالدۇرغان ئىزدىن.

بۈگۈنۈم سورىساڭ بىلگىن، مېنى ھەم
سارائىلار سېپىگە ئەزا قىلىشتى.
جىسمىمنى كۈرەشتە كاردىن چىقىرىپ،
ئەيىبلىك، خەتەرسىز ئۇنسۇر دېيىشتى.

ئەمدى مەن ماكانسىز، ئىشسىز مۇساپىر،
ئەنزەمىۇ ھۆكۈمسىز قالدى ئېسىلىپ.
بۇ كۈنلەر مەن ئۈچۈن ھەمراھ بىر ئۆزۈڭ،
ئۆتەرمىز سوقۇلۇپ ياكى قېقىلىپ.

*   *   *

جان بىلەن ئەجەلنىڭ كەسكىن جېڭى بار،
ھەر ئەزا، ھۈجەيرە، ھەر تال چېچىمدا.
ئەزرائىل قۇشلىرى ئەگىپ ئۆتىدۇ،
موھتاجلىق دەستىدىن ھەر كۈن بېشىمدا.

ياق، كۆڭلۈم ئۈمىدى ئەتە ئەمەسمۇ،
ۋاقىتسىز ئۆلۈمگە تەن بېرەي قانداق؟

نان كېرەك ئىنسانغا تەھقىق، شۇندىمۇ
تەس ئىكەن بىراۋغا نان دەپ يېلىنماق .

*   *   *

تونۇشلۇق بۇ شەدە ھەربىر كوچا ـ ئۆي،
ھەتتاكى ئۇ باشتىن بۇ باشقا قەدەر .
مېھماننىڭ غەمخورى قانچە بوسۇغا،
تونۇشلۇق ۋە قانچە دوستۇ ـ بۇرادەر .

خەيرىيەت، تېنىمنى سۆرەپ ـ مۇدۇرۇپ،
ئەتىگەن كوچىنى چىقتىم ئارىلاپ .
ھە ئەنە مەن تالاي ئۆتكەن تۆت كوچا،
تۇرمايدۇ ئاۋۋالقى ھالدەك قايناپ .

گۈلخانا ئورنىدا ئۆرلەر توپا ـ چاڭ،
تاملاردا ئىزلىرى قاتقان شىلىمنىڭ .
تېرەكلەر ياپرىقى سولغان ـ سولاشقان،
ئەخلەتلىك كوچىلار يادىدا كىمنىڭ .

تام يۆلەپ ناللەر ئىپتار قەلەندەر،
پاتقاقلىق پەلەمپەي، يولنىڭ بويىدا .
يېنىدا ئاچ ـ يېلىڭ غەمكىن بالىسى
قول سوزار جان ئۈچۈن ناننىڭ كويىدا .

ئادەملەر يۈزىدە زىنهار كۈلكە يوق،
مېڭىشار يوللاردا باشنى چۆكۈرۈپ .

پۈت ئۈچى نېچۈندۈر كۆزلەرگە نىشان،
يېنىڭدىن كېتىشەر تېز ـ تېز ئۆتۈشۈپ .

مەن مانا ئايلىنىپ چوڭ يول ـ كوچىدىن —
ئۆتكەندە بۇزۇلغان ھەيكەل ئالدىدىن .
توساتتىن ئۇچراتتىم مۇندا ھىممەتنى
ئۇچراتتىم ئالدىمدا توختىدى بىردىن .

ئۆز تونۇش ئادىمىڭ كۆرسەڭ سەن ئەگەر،
دىدارغا تەشنا بوپ يۈرگەن چېغىڭدا .
قانداقچە ئېيتقۇسىز بولمايسەن خۇشال ـ
شادلىقنىڭ فونتانى تاشماس دىلىڭدا؟

ھىممەتنى كۆردۈم ـ دە، يايدىم قۇچاقنى
ۋارقىراپ سالغىلى قالدىم تاس ـ تاماس .
نېچۈندۇر ئۇنىڭدىن چىقمايدۇ زۇۋان،
لىڭشىتتى بېشىنى خالار ـ خالىماس .

ئويلىدىم، ئېسىدىن چىقتىم ئېھتىمال،
دېدىم ۋە: — ئىنىڭمەن، باتۇر ئىسمىلىك .
ئەتراپقا تەشۋىشتە باقتى ئەمما ئۇ،
قەدەمنى كەينىگە بۇردى ئىتتىك .

بىلمىدىم، بۇ ئۆزى زادى نېمە ئىش،
چىرايىم ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇچۇنمۇ؟
ئاپتاپتا قارىداپ قالدىم خېلىلا،
ۋە ياكى جۇل چاپان كىيگەن ئۈچۈنمۇ؟

*   *   *

ئاسارەت ئىچىدە خار بولغان كىشى،
نىجادلىق يولىدا ئىزدەنمەس نېچۈن؟
يۇلتۇزسىز كېچىدە قالغان يولۇچى،
قۇياشقا، سەھەرگە تەلمۈرمەس نېچۈن؟

ئاڭلىدىم مەن بۈگۈن كىمدۇر بىرىدىن
مەركەزدە يۈكسىلىش بولدى دېگەننى .
ھوقۇقدار ئاتالغان رەھبەر رەئىسنىڭ
ئادالەت تەختىدە يولباش ئىكەننى .

مېنى ھەم ۋاقتىنچە تاشلاپ قويغىنى
ئەمەسكەن ئاساسسىز ھەمدە سەۋەبسىز .
بۇ دېمەك ئۈمىدنىڭ ئۇچقۇنى، ئەمما
ئۈمىدمۇ گۈللىمەس ئەجىرسىز - تەرسىز .

ئەتىلا يۇقىرى تەشكىل ئالدىغا
بىر بېرىپ ئەرزىمنى تۆكسەم - سۆزلىسەم .
پاكىتىم ئوقىدا تۆھمەت ئەھلىنى
شەپقەتسىز كۈل قىلسام، بىر - بىر ئۆرتسەم .

كەلسە ئېھ، ئاراملىق تاڭنىڭ مەزگىلى،
قارىلىق نامىمدىن بولسام مەنمۇ ئاق .
تەقىقات ئىشىمنى ئەتسەم ۋە داۋام
پەن - بىلىم يولىدا ئۆرلىسەم ھەر ۋاق .

* * *

كۈن تېخى ئۆرلىمەي تاغلار بېشىدىن،
قايىنىغان دەرۋازا ئالدى بازاردەك .
ئادەملەر تۇرقىدا ھەر خىل قىياپەت،
دەردمەنلەر بازارى — كەيپى مازاردەك .

بىرىنىڭ كىيگىنى مىڭغىدىن جۇل - جۇل،
بىرىنىڭ قولىدا بىر جۇپ يان تاياق .
نەۋرىسى يېتىلەپ كېلەر ئەمانى
بىرىنىڭ قولىدا ئەرز بىر بولاق .

بىرىدىن توختىماي كۆزياش تۆكۈلەر،
بىرىنى يولدىشى بەزلەپ تۇرىدۇ .
بىراۋنى غەزەپتە تىللايدۇ بىرى،
بىرى دەرد - ھالىنى سۆزلەپ تۇرىدۇ .

مەنمۇ بۇ ئەتىگەن كەلدىم، قوبۇلنى —
كۈتمەككە ھەپتىدە ئالتىنچى قېتىم .
بەش نۆۋەت ئىشكتىن ھەيدەلدىم ئۇدا،
شۇندىمۇ نىيەتتىن ئەسلا يانمىدىم .

تاڭ ئېتىپ چۈش بولدى، كۈنمۇ قىيىلدى
(ئاچلىقنىڭ دەردىنى ئېيتىپ نە قىلاي؟)
كاتىپقا ئىلتىماس قويدۇم قانچە رەت،
ھەر قېتىم كۆرگىنىم دەشنەم، سوغ چىراي .

ئۈمىدنى ئۈزەيمۇ، ياق، ئۈزمىدىم،
دەرۋازا ئالدىدا تۇردۇم قادىلىپ .
بىر كۆرەڭ ياسانچۇق چىقتى بىنادىن،
سۆز قىلدى ھەممىگە باققاچ ئالىيىپ .

— كېتىڭلار، تۇرغۇچە بەزدەك بىزىرىپ،
ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن باشنى ئاغرىتىپ .
باشلىقنىڭ ۋاقتى زىچ، كەچتە ئىشى جىق،
بىكارغا تۇرماڭلار ئەمدى ساقلىشىپ .

«جاق» قىلدى قاراۋۇل ئەتتى ئىشكنى،
نەچچە ئون دەۋاگەر قالدى تالادا .
بەزىبىر كۆزلەردە ئاچچىق ياشلىرى
سىرغىيتتى چاناقتىن شەبنەمدەك گويا .

ئاھ، بۇلار كەچمىشتە ئوخشاش مەن بىلەن،
دەردىگە دەۋانى ئىزدەپ كېلىشكەن .
تەييارتاپ تۆرىنىڭ ئەمما بۇندىكى،
ئەقلىنىڭ ئۈستىگە نەپسى مىنىشكەن .

بۈگۈنچۇ، بارارى قايدا ئۇلارنىڭ
كوچىدا ئىگىسىز سەرسان بولامدۇ؟
قان تۆكۈپ تىكلىگەن دۇنيا — ھوقۇقنى
ئادالەت سورامدۇ، زۇلمەت سورامدۇ؟

قەلبىمدە شۇ مىنۇت تاشقىن يامرىدى،
دەردمەنلەر توپىغا تىكتىم كۆزۈمنى .

زورلۇقنىڭ ئالدىدا قورقۇش ئەمدى يات،
غۇلغۇيغا ئوت ياقتىم باشلاپ سۆزۈمنى:

ـــ ئاڭلاڭلار خالايىق، مەركەزدە بۈگۈن
بولماقتا يار ـ يۆلەك بىزگە دېڭ رەئىس[①]
خاتالار ئوڭلىنىپ يوللار تۈزىلىپ،
يۈرۈشۈپ بارماقتا ئەمدى ھەممە ئىش .

ئويلاڭلار، بۈندىكى غەمسىز تۆرىلەر،
ئامىننىڭ ھالىغا يەتمەيدۇ نېچۈن؟
سىياسەت ئۆز پېتى بولمايدۇ ئايان،
بۇ باشتىن قالپاقلار كەتمەيدۇ نېچۈن!؟

دەردمەنلەر ئىچىدە باشلاندى چۇقان،
غۇلغۇيغا ئاۋازىم قاتقان چېغىمدا .
دەۋاگەر سۈرەتلىك ئىككى ناتونۇش
توساتتىن يوپۇرۇلۇپ كەلدى يېنىمغا .

كەلدى ـ دە، قولۇمنى قايرىپ كەينىگە،
بىنانىڭ كەينىگە ئەكەتتى مېنى .
دەردمەنلەر قانچىلىك سالسا سۈرەننى،
شۇنچىلىك تېزلىكتە سۆرەيتتى مېنى .

① بۇ يەردە 1975 ـ يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىر مەزگىل دۆلەت ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

كۆپ ئۆتمەي بىر ئۆيدە يەشتى كۆزنۇمنى،
نىغمەتنىڭ ئالدىدا كۆردۇم ئۆزنۇمنى .
ئاداققى نىقابى يىرتىلغان ئۇنىڭ،
تەلەتى بىر قوچۇپ ئۆتتى مىڭەمنى .

ئۇ دىدى: «كۆزنۇڭنى ئاچقىن قاپاق باش،
بەك بالدۇر خۇش بولۇپ كەتتىڭ نىمانچە؟
ئىشەنگەن ئادىمىڭ هالى مانا شۇ،
كۆنلىرى ئۇزاققا بارمىدى ئانچە .»

ئالدىمغا تاشلىدى نىغمەت گىزىتنى،
باش قۇرنى ئوقۇپلا قالدىم تاڭ قىتىپ:
«هوقۇقدار ماڭماقتا كونا يولدا» .
ئوقۇدۇم، تەكتىگە يەتتىم بىر بىقىپ .

تىل بىلەن سۆكەيمۇ ئاشۇ نامەردنى،
قولۇمدا تاپانچام بولسا ئەگەردە ...
غۇرۇرۇم نىغمەتكە ئەيلەيتتى خىرىس
ۋادەرىخ! هىلىهەم يولۋاس قەپەستە!

*     *     *

هەققەت — نۇر قانچە كۆمسە كۆمۈلمەس،
سۇنمايدۇ ئىگىلسە ئەمما گاهىدا .
هەققەت — ساپ ئالتۇن، قونماس توپا - دات،
يۈز يىللاپ ياتسىمۇ تۇپراق ئاستىدا .

يادىمدا، كوپېرنىك[1] ئالەم سىرىنى —
ئاچقاندا، تۆھمەتنىڭ بولدى قۇرۇلى .
گالىلى[2] تۆھپىسى بولدى جەدىتلىك،
ئاسارەت ئوتلىرى كۆيدۈردى ئۇنى .

مېنىڭمۇ ئىرادەم سۇنغاي نېمىشقا،
ھەقىقەت — ھەق ئۈچۈن قىلسام جان پىدا .
تەۋرەمدۇ مەسلىكىم دەھشەت جازادىن
ۋە تۆھمەت ئانىسى — ئىپلاس ئالدىدا .

ياشايمەن، ياشايمەن ئەتە، ئەل ئۈچۈن،
جىم يېتىپ تەقدىرنىڭ بولمايمەن قۇلى .
بېيجىڭدىن ھەقىقەت ئىزدەي، رازىمەن
بۇ يولدا جېنىمدىن كەچسەم بىر يولى .

* * *

ئېھ، قانچە يېقىملىق، ئىللىق چىراي بۇ،
گۈندىپاي دېگەنمۇ شۇنداق بولامدۇ؟
بەزىدە بار تېخى رىغبەت سۆزلىرى
يا مېنى پىنھانە پايلاپ يۈرەمدۇ؟

① كوپېرنىك (1473 — 1543) — ئۇلۇغ پولشا ئاسترونومىيە ئالىمى، ئالەمدە قۇياش مەركەز دېگەن تەلىماتنى ياراتقۇچى — ت.
② گالىلېي (1564 — 1642) — ئىتالىيىنىڭ ئۇلۇغ فىزىكا ئالىمى ۋە ئاسترونومىيە ئالىمى — ت.

ياق، ئەمدى ئىشەندىم، ئالىم ئىسمىلىك
بۇ كىشى ئاقۋەت بەردى تونۇشلۇق .
ئۇ دەيدۇ: «ئۇنتۇما، بىر ئاي كېچىنىڭ
ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق .»

ھەر جايدا بار ئىكەن، ھەتتا ھەپىسدە
ئىلىمنى دوست تۇتقان كىشىگە يولداش .
ئالىمغا ئىشىنىپ ئېيتتىم نىيەتنى
كەلگۈسى سەپەرگە بولغۇسى قولداش .

*   *   *

يامغۇرلۇق ئاخشىمى، ئالەم قاراڭغۇ،
ئۇزاتقان بەش قولنى كۆرمەك شۇنچە تەس .
«گۇندىپاي» پىچىرلاپ ئېيتتى مەن ئۈچۈن
بۇ ئاخشام قىممەتتۇر ھەردەم، ھەر نەپەس .

تۈن ھەسسە، ئالىمكام كەلدى ئىشىككە،
ئىشىكنى يەم بىلەن ئاچتۇق تۈۋشىسىز .
قەپەستىن قۇتۇلۇپ تامدىن سىيرىلدىم،
تار كوچا ئاغزىغا كەلدۇق شۇنچە تېز .

شەرققە ئۇزىتىپ قالدى مېنى ئۇ،
خوشلاشتۇق ئىككىمىز زۇلمەت كېچىدە .
مەن كەتتىم نىجادلىق ئىزدەش يولىغا
چاقماقلار يالتىرار، كىرپىكتە ئۈنچە ...

## ئونىنچى باب  نىجادلىق يولىدا

بىر تىيىن — بۇ ئۆزى ئاز پۇل شۇنچىلىك،
ۋە لېكىن مەندە يوق ھەتتا شۇ تىيىن .
كۆندىلىك تۇرمۇشتىن ئاچماي مەيلى گەپ،
ئۇنىڭسىز سەپەرگە ئاتلانماق قىيىن .

نە قىلاي يول ئۇزاق، مەنزىلىم يىراق،
ماڭمىسام ئالدىمغا كەينىمدە تۇزاق .
ئىلاجىنىڭ ئېپىنى ئىزدەي، ئىرادەم —
مۇشكۇلات ئالدىدا ئېگىلگەي قانداق؟

*   *   *

قەپەستىن قاچتىمىز، ئەمما قەپەستىن
كۆپ ئەمەس ئارىسى تۇرغان يېرىمنىڭ .
نىغمەتنىڭ ئالدىغا چۈشسەم يەنە بىر،
سالامەت قالمىقى تەستۇر جېنىمنىڭ .

ھاياتىم خەۋپكە دۇچ كەلدى بۈگۈن،
كەچقۇرۇن — گۇگۇمدا پىررون يېنىدا .
پۇقرالار سىياقى بىر جۈپ يات كىشى،
قارامنى يوقاتماي چۈشتى پېيىمغا .

ئەركىمگە كىشەننى تەڭلەپ يۈرۈشسە،
بېشىمنى نېمىشقا قاچمايمەن ئېلىپ .
چىراغلىق بۆلمىدىن ئىزدەپ پاناھنى
تونۇشلۇق ئىشكنى قاقتىم - دە، كېلىپ .


بىر ئايال ئىشكنى ئاچتى قىيالا،
مەن ئېيتتىم راست گەپنى ــ قاچقان كىشى دەپ .
ئېيتتىم ۋە بىر ئېغىز «قاچتىم» سۆزىنى،
ئۆزۈمگە بىرقىسما ئاڭلاندى بۇ گەپ .


شۇندىمۇ ئايالنىڭ كۆڭلى ئاق ئىكەن،
ئۆيىگە ئىشارەت قىلدى مېنى ئۇ .
كۆپ ئۆتمەي ئىشىكمۇ دۈك - دۈك قېقىلدى،
«هامال»لار ئالدىغا ئۆتمەي چىقتى ئۇ .

سۆهبەتلەر:
ــ ئۆتتىمۇ بۇندىن بىر كىشى؟
ــ سۆزلەڭلەر ھە ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىنى؟
ــ ساقاللىق، ئورتا بوي ...
ــ ھە كۆردۈم ئابايا .
ــ ئېيتىڭچۇ قاياققا قاچتى ئۇ قېنى؟

ــ كۆپ بولسا ئۆتكەندۇ بەلكى بىر مىنۇت
كۆرگەنتىم سياقى شۇنداق بىرىنى .
ــ ھە قېنى؟
ــ ھېلىلا كەتتى ئۇ ياققا
ئېھتىمال شەھەرگە ئالدى ئۆزىنى .

«هامال»لار كېتىشتى يۈگرەپ دۈپۈلدەپ،
تونۇشۇم ئايالى كىردى ئىشكتىن .
ــ سۆزلەڭچۇ هازىرقى ئورنىڭىز نەدە؟
ــ سورىماڭ ھەي ھەدە، ئۆتۈنەي سىزدىن .





سورىماق دېدىمىۇ، ئېيتماي بولامدۇ،
كۆڭۈلدە بارنى ئاق دىل كىشىگە.
قىسمىتىم قىسقىچە قىلغاندا بايان،
سىغمىدى ئۇنىڭمۇ دەردى ئىچىگە.

تونۇشۇم — ئىنژېنېر ئون يىل مۇقەددەم،
تارىمغا پالىنىپ كەتكەنىكەن ئۇنىڭ.
قارا يۈز ئىپلاسنىڭ قىلمىشلىرىدىن
تاقىتى چېكىگە يەتكەنىكەن ئۇنىڭ.

مەن ئېيتتىم: «بېيجىڭغا مەركەزگە بېرىپ،
ئەرزىمنى ئېيتىشقا بەلنى باغلىدىم.»
ئۇ ئېيتتى: «پەيتىدە ماڭمايسىز نېچۈن؟»
«ۋە لېكىن بىلەتكە چامىم يوق» دېدىم.

ئىشكتىن چىقتى ئۇ سالدى قۇلۇپنى،
قايتتى تېز ئارىدىن ئۆتمەيلا ئۇزاق.
دېدى ۋە: «پويىزغا قالدى ئون مىنۇت،
مەڭ بىلەت، پەخەستە قوزغىلىڭ تېزرەك.»

* * *

تاقىلداپ ماڭماقتا پويىز چۆل بىلەن،
شەرققە سوزۇلغان رېلىسنى بويلاپ.
پاراۋوز ئالدىدا ئەيلەيدۇ پەرۋاز
خىيالىم كەپتىرى بېيجىڭغا قاراپ.

ئورنۇمۇ ئاددىيلا قاتتىق ئورۇندۇق،
سىزىلەر ساپادەك يۇمشاق ۋە ھۇزۇر .
ئۆمدىتىن خۇش خەۋەر بەرگەندەك شامال،
روجەكتىن شۇبىرلاپ ئۆتۈشەر غۇر - غۇر .

بىر پۇتسىز، بىر نانىسىز چىقتىم سەپەرگە،
شۇندىمۇ ئاچلىقتىن خالىي خىيالىم .
ھەيرانمەن، ئالدىمغا كۆتكۈچى قىزچاق
ھەر ۋاخلىق تاماقتا ئاش قويار دائىم .

بۈگۈنمۇ ئالدىمغا كەلدى يەنە ئۇ،
قايتماقچى بولغاندا ئاقئاشنى قويۇپ .
تەمشەلدىم سۆزلەشكە، ئېيتمىدىم ئەما،
توختىدى قىز شۇندا كەيپىمنى تۇيۇپ .

«باتۇركا، سۆزىڭىز بارمىدى سىزنىڭ
تاماققا پۇلۇم يوق دەمسىز ۋە ياكى .
ئايشەمگۈل ھەدەمنىڭ ياردەملىرى بۇ،
غەم قىلماڭ مەنزىلگە يەتكۈچە تاكى .»

شۇ سۆزنى پىچىرلاپ قايتتى كۆتكۈچى،
مەن بىلدىم تاماقنىڭ، ئىشنىڭ تېگىنى .
مەن بىلدىم، دەرد تارتقان بارچە كىشىنىڭ
نىجادلىق يولىدا يەكدىللىقىنى .

* * *

ۋاگونمۇ تەۋرىنەر ئاستا، رىتىملىق
بوۋاقنى بۆلگەن بۆشۈكتەك گويا .
كىملەردۇر ئۇيقۇدا، ئەمما قەلبىم
يۈگرەيدۇ تىنىمسىز دەپتەر قۇرىدا .

جىمجىتلىق بۇزۇلدى، ۋاگون ئارىلاپ،
كىملەردۇ ئۇياقتىن كەلمەكتە ئەنە .
نېمدۇر كۆرستەر ھەر بىر يولۇچى،
ئويلىدىم كۆرگىنى ئىسپاتمۇ - نېمە؟

«ئىسپاتمۇ» دېدىم - دە، بولدۇم بىئارام،
تامغىلىق ئىسپاتقا نەدە ئامالىم؟
كۆپ ئۆتمەي ماڭمۇ كېپقالدى نۆۋەت،
بىلەتنى يېنىمدىن ئالدىم - چىقاردىم .

شۈكۈركى، بېشىنى لىڭشىتتى ئۇلار،
ئالدىنقى ئورۇنغا كەتتى يېنىمدىن .
توسقۇنسىز يول ئاچقان ئايشەم ھەدىگە،
تەشەككۈر ئېيتىلىپ چىقتى دىلىمدىن .

*     *     *

كانايدىن ئاڭلاندى تەمكىن بىر ئاۋاز،
ئۆتمەكچى ئون منۇت توختاپ بېكەتتە .
ۋاگوندىن چۈشۈشتۇق بىر توپ سەپەرداش
لاغايلاپ يۈرۈشتۇق رېلىستىن چەتتە .


توساتتىن يېنىمغا كەلدى كۆتكۈچى،
كۆردۈمكى، تاتارغان گۈلدەك چىرايى .
شەرەتلەپ ئۇ مېنى تارتتى خالىيغا
بىلمىدىم پېشكەللىك بولدىمۇ ياكى؟

— ئىش چاتاق باتۇركا، سىزنى قۇمۇلدا
كىملەردۇر يول توراپ تۇرماقتا كۈتۈپ .
ھېلىلا ئاڭلىدىم شۇنداق شۇم خەۋەر،
تەس بەلكى توسۇقتىن كەتمەكمۇ ئۆتۈپ .

— ئېيتىڭچۇ، ئۇنداقتا ئەمدى نەئامال؟
— نەئامال ئويلىنىپ قاتتى بېشىممۇ .
— غەم قىلماڭ، يولۇمنى ئەتكەيمەن داۋام،
ئەمەسمەن ئۇنچىلا مىشچان كىشىمۇ .

— ئۇنداقتا ئارقىغا قايتىش كېرەكمۇ؟
— ئارقىغا قايتماقتىن خوۋلۇق كۆرمىدىم .
— ئۇنداقتا ...
— قۇمۇلدىن ئەگىپ ئۆتىمەن،
ماڭىمەن ئۇۋۇلىپ كەتكۈچە تېنىم .

— ئۇنداقتا يول ئۇزاق مۇشكۈل بۇ سەپەر،
چۆل كېسىپ قۇمۇلغا يەتكەنگە قەدەر .
ئۇنداقتا ... دوستۇم بار ئەتكى پويىز،
ئالتىنچى ۋاگوندا، ئىسمى مۇنەۋۋەر .





پۈشقۈرۈپ پاراۋوز ياڭراتتى گۈدۈك،
پويىزدىن، قىزچاقتىن ئايرىلدىم مانا .
گۈگۈمدا يوقالدى ۋاگون قاتارى،
قولۇمدا كۆتكۈچى قالدۇرغان موما .

* * *

«ئالتىنچى ۋاگوندا، ئىسمى مۇنەۋۋەر»
ساقلايمۇ مۇنەۋۋەر كەلگەنگە قەدەر .
مۇنەۋۋەر تۇرۇشلۇق ئاشۇ ۋاگوندا،
نىغمەتلەر ئىز قوغلاپ كېچقالسا ئەگەر ...

كۆتكۈچى قىزچاقنىڭ كۆڭلىغۇ ياخشى،
بىلمەيدۇ ئۇ بىراق بۇنداق قىياسنى .
بولمايدۇ ھېچ نېسىپ چۈشسەم قولغا مەن
بېيجىڭدىن ئەرزىمگە تاپماق قاياشنى .

مەن ماڭاي، دەردمەنلەر ئىقبالى ئۈچۈن،
مەن ماڭاي، قەلبىمدە ساقلاپ ئەتىنى .
ئالدىمدا سوزۇلۇپ ياتقان دەشتىلەر
نىجادلىق يولىدىن توسماڭلار مېنى!

* * *

قۇملۇقنىڭ كەينگە ئۇلىنار سايلار،
كۆرۈنەر دۆڭلەرنىڭ باغرىدا سوكسوك .
تەشنالىق دەستىدىن سارغايغان يانتاق،
كۆزدىمۇ كۆكلەمسىز چۆلنىڭ چېكى يوق .

پۇتلىرىم كۆرۈنەر يىرتىق ئاياغدىن،
تاپانغا ھېچ ئارام بەرمەيدۇ تىكەن .
ئىلكىمدە ئاداققى بىر پۇچۇق موما،
ئۇسسۇزلۇق ئازابى جېنىمدىن ئۆتكەن .

شۇندىمۇ ئۆزۈمگە بېرىمەن رىغبەت،
غەنىيمەت مەن ئۈچۈن باسقان بىر قەدەم .
كۆرەركەن ئۈمدتىن يىرىم ۋىسالنى
ئۈمدنىڭ ئىشقدا ئۆرتەنگەن ئادەم .

* * *

تۈن ھەسسە، ئايسىز كۆك زۇلمەت ـ قاراڭغۇ،
باراتتىم ئىنتىلىپ مەشرىققە بۇ تاپ .
ئىنسانىنىڭ ئىزلىرى چۈشمىگەن چۆلدە،
باراتتىم يول تېپىپ يۇلتۇزغا قاراپ .

شۇ سەۋەب كۆزلىرىم سەيياھ كۆك ئارا،
ھە ئەنە لاپ قىلدى ئاسمان گۈمبىزى .
نەق مېنىڭ بېشىمدىن ئاقتى بىر يۇلتۇز
ئۆچتى ۋە كەينىدە قالدى ئاق ئىزى .

ئەسلىدىم مومامنىڭ سۆزىنى شۇندا،
يادىمدا، بىر يۇلتۇز بىر جان دېگىنى .
بېشارەت كىمگىدۇر يەتكەن قازادىن،
ئاسماندا قاچانكى يۇلتۇز كۆچكىنى .

ئالەمدىن ئۆتتىغۇ بىر كىم دېدىم مەن،
بىراۋغا ئىچىمدە جەننەت تىلىدىم .
ئۆزۈمچۇ دېدىم ۋە ئاسمانغا بېقىپ
ئۆزۈمگە تەئەللۇق يۇلتۇز ئىزدىدىم .

موماممنىڭ چۆچىكى راست بولسا ئەگەر،
يۇلتۇزۇم ئۆچۈشى مۇمكىن مېنىڭمۇ .
تۇغۇلماق ئومۇمىي، ئۆلمەك ئومۇمىي
كۆزلىرىم يۇمۇلار بىر كۈن مېنىڭمۇ .

ئېھ، مېنىڭ يۇلتۇزۇم ئۆچمەك ئىزدىسە،
ئۆچسىدى مەنزىلگە يەتكەندىن كېيىن .
دەردمەنلەر ئازابى قالسا گەر يولدا
روھىمۇ ھېچقاچان تاپمايدۇ ئەمىن .

ئۆچسىچۇ؟ ـــ ئۆچسىدى تىمتاس كېچىدە،
ئادەملەر ياتقاندا ئۇيقۇ ئىچىدە .
مەيلىدى بۇ چۆلدە قالسام قەبرىسىز
ئۆچكەننى ۋە بىراق نىغمەت كۆرمىسە ...

* * *

چۆللەردىن يىراقتا تىكسەم كۆزۈمنى
كۆرۈنمەس مەخلۇقات ياكى يېشىللىق .
جىسمىمدە ھالسىراش، ئاپتاپتا تېنىم
مىسالى قالغاندەك قوقاستا بېلىق .

بىجىرىم ئادەمگە ھېچگەپ ئەمەسقۇ
تىكەنسىز يوللاردا باسماق بىر قەدەم .
مىڭ جاپا، ماجالدىن كەتكەن پۇتۇمنى
قۇملاردىن سۇغۇرۇپ ئالماقمۇ بۇ دەم .

يېشىممۇ چوڭ ئەمەس، ئون يىل ۋە بىراق
تېنىمدىن قۇۋۋەتنى يالماپ كېتىشتى .
بەرگىنى روھىمغا دەشنەم ۋە ئازاب،
گەجگەمگە دەرد يۈكى تاشلاپ كېتىشتى .

شۇندىمۇ ياشاشقا ئىزدەي نىجادلىق
ئاخىرقى تىنىقىم پۈتكەنگە قەدەر .
مەن ماڭاي، ئۈمىدتە، ئىقبال ئىشقىدا
مەن ماڭاي، يۇلتۇزۇم ئۆچكەنگە قەدەر .

*　　*　　*

بەزىدە ئىلكىمدىن قاچقاندا ھوشۇم،
كۆندۈزمۇ سېزىلەر ئالەم قاراڭغۇ .
لىپ قىلىپ كېچىدۇ شۇندا بىر گۇمان
كۆرگىنىم ئوڭۇممۇ ياكى چۈشمۇ بۇ؟ ...

چۈش ئەمەس، بارىمەن تەنھا چۆلدە مەن،
ئەجەلنى دەممۇ دەم ھەيدەپ يېنىمدىن .
ئۆمۈرلۈك كەچمىشلەر ئالدىمدىن ئۆتەر،
ياپراقلار تۆكۈلسە ئۆمرۈم شېخىدىن .

قاچانكى ئەقلىمگە كەلدىم شۇندا مەن
ئىلىمنىڭ شارابىن ئوتلىماق بولدۇم .
يىل ئۆتتى، بىلگىنىم ئاشتى كۈنسېرى
بالىلىق قىلىقتىن ھەم يىراق بولدۇم .

بىلدىمكى، دۇنياغا بىر كېلەر ئىنسان،
بىچارە قۇرتمۇ بىر كېلەر شۇنداق .
ئىنساندا ئىنسانلىق تۆھپە بولمىسا،
ئايرىلار ئىككى جان قىممىتى قانداق؟

مەن شۇڭا ئىنسانلىق ئىسپاتى ئۈچۈن
ئەجادنىڭ يولىنى بويلىماق بولدۇم .
ۋەتىنىم مېھرىنى ئاقلاپ قەلەمدە،
خەلقىمگە تۆھپەمنى ئاتىماق بولدۇم .

كەلگۈلۈك، تارتقۇلۇق كەلدى بىر يولى،
يامرىدى نائەھلى زورلۇقى ئاندىن .
ھە بۈگۈن چۆللەردە سەرسانە ئۆزۈم،
ھېچ خوۋلۇق كۆرمىدىم پەيلى ياماندىن .

ھەق، ئارزۇ يولىنى توسقان يامانغا
بۇ مىنۇت بىر سۆزنى ئېيتقۇم كېلىدۇ .
مېنىغۇ چۆللەردە سەرسان ئەيلىدىڭ،
بىل شۇنى، ھەقىقەت بىر كۈن يېڭىدۇ!

* * *

مەن ماڭاي، ئەقلىمگە كەلگەن چاغدىلا
دىلىمغا ئورناشقان ئارمانىم ئۈچۈن .

مەن ماڭاي، ئەتكى تۆھپەم نۇردا
نۇرلىنىپ كۆلگىسى ئىقبالىم ئۈچۈن!

*   *   *

ئەجەلنىڭ بىرەھىم ئىبلىس لەشكىرى
ئېھتىمال جېنىمنى تارمار ئەيلىشەر.
بوغۇزدىن توختىتىپ ئەركىن تىنىقنى،
تېنىمنى چۆللەرگە تاشلاپ كېتىشەر.

مەن ئۈچۈن ئاھ ئۇرماس، يىغلىماس ھېچكىم،
قۇزغۇنلار پەقەتلا لەززەت ئېلىشار.
ئەتىلا يوقىلىپ جاھاندىن جىسمىم،
ناممۇ كۆپ ئۆتمەي كۆلدەك توزۇشار.

ئايلىنار توختىماي يەرمۇ ئۆز پېتى،
ئەتىگەن كۈن چىقار، كەچتە كۈن پاتار.
دۈشمىنىم مەن ئۈچۈن قىلماس ئىز - دېرەك،
دوستۇممۇ ۋە بەلكى بەرمەس ئېتىبار.

شۇندىمۇ ئاقىۋەت بىر كۈن ساناقتىن،
ئۆلگەنلەر، تىرىكلەر قالمايدۇ قۇرۇق.
تارىخنىڭ كاتىپى قىلغاي ھېسابات،
جىنايەت ۋە ياكى تۆھپە توغرۇلۇق.

شۇ كۈنلەر نە ۋەجدىن بەرگەيمەن جاۋاب.
ھە قېنى ئادەملىك ئىسپاتىڭ دېسە.
روشەنكى تۆھپىسىز ئۆتتۈم جاھاندىن،
يىغلايمۇ زامانغا ياكى ئۆزۈمگە.

دېسە گەر ئارماندا كۆز يۇمغان ئاتام
«سېنىڭدىن نېمىلەر كۈتكەنتىم ئوغۇل؟
قېنى مەن ئەۋلادقا قالدۇرغان كىتاب
كۈلدىمۇ قېنى شۇ ئارمىنىم ئوغۇل؟»

ئاتامغا، ئاتامدەك باغۋەنلىرىمگە
تۆھپىسىز ئۆتكەنگە قانداق يۈز كېلەي؟
گۇناھكار مەنمۇ يا ۋە يا باشقىلار،
ئۆمرۈمگە يىغلايمۇ، ئەمدى نېمە دەي؟

ۋەتىنىم سورىسا، «ئاق سۈت ھەققىگە
ھە، قېنى ئەجرىڭدىن بەرگەن جاۋابىڭ؟»
بېشىمنى سالماقتىن ئۆزگە نە ئىلاج،
ئەل دېسە: «قېنى شۇ ئەھدەڭ، قارارىڭ؟»

كىملەردۇر دوزاخنى دەركەن ئازابلىق،
تۆھپىسىز ئۆتمەكلىك بولمامدۇ ئازاب؟
ئىمتىھان ئالدىدا قالدىم جاۋابسىز،
دوزاختىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق بۇ ئازاب!

*　　*　　*

ياق، گەرچە بۇ مىنۇت ئالدىمدا ئۆلۈم
ئىرادەم ۋە بىراق بىللە مەن بىلەن.
نە سەۋەب ئالەمدىن ئۆتتۈم تۆھپىسىز،
كىم زادى ياشاشقا ئىمكان بەرمىگەن؟

ياق، گەرچە ئۆلسەممۇ ئەمما خاتىرەم
قالمىسۇن بۇ چۆلدە قۇملار ئاستىدا .
ئاقىۋەت بىر كۈنى ئاقلار مېنى ئۇ،
تارىخنىڭ ھەق ئادىل سوتى ئالدىدا .

ھە ئەنە، كۆزلىرىم كۆرمەكتە غۇۋا،
يېشىللىق قاپلىغان جاينى — ئۇزاقنى .
مەن ماڭاي، تىرمىشىپ جەملەپ مادارىم،
ئۆملەپ بولسىمۇ يۆتكەپ ئاياغنى .

* * *

ئېھتىمال نامەلۇم كەنت چېتى بۇ،
جىسمىمدىن تامامەن قاچتى مادارىم .
تىكەنلەر ئۇچلىرى قاندىن قىزاردى
ئۆملەش ... ھەي بۇ تاپ بوغۇزدا جانىم ...

* * *

قورقامدۇ مېنىڭدىن بىر جۈپ ئوتتۇنچى
بىر چۆچۈپ، بىر چامداپ كەلدى يېنىمغا .
ئاھ، ئىنسان قولىغا ئۆتتى خاتىرەم
خوش تارىخ، ئاھ مۇڭلۇق دۇنيا ئەلۋىدا ...

**خاتىمە**

نەملەيدۇ ۋاراقنى ئاچچىق ياشلىرىم،
تىترەيدۇ خاتىرە ھەيھات! قولۇمدا .

دوستۇمنىڭ قايغۇسى قوزغىتار نالە،
يۈرىكىم تىلغىنار ھەسرەت تىغىدا .

يۈمدىمۇ كۆزىنى راستتىن باتۇرۇم،
ياق، يۈمدى دېگەنگە قانداق چىنپۈتەي!
تۆھپىكار بالىدىن قىلدىم ئىز - دېرەك،
قانداقمۇ جىدايمەن دوستۇم ئىزدىمەي .

ئۇ دېدى: «ئاتامغا ھەمراھ - يان بولۇپ،
مەلىنىڭ چېتىگە بارغان چېغىمدا .
قىستۇرۇپ بېلىمگە ئەپلىك پالتىچاق،
ئوتۇننىڭ كويىدا چاپقان چېغىمدا .

ياتىمامدۇ بىر نېمە يۇلغۇن تۈۋىدە
كەينىمگە بۇرۇلدۇم قاچتىم تىۋشىسىز .
چوڭ ئىدى ئاتامنىڭ جىگرى ئەمما
يۇلغۇنغا يېقىنلاپ كەلدۇق ئىككىمىز .

ياتقىنى دەل يوچۇن ئادەم ئىدى ئۇ،
تاتارغان يۈزلىرى، مومدەك ساپسېرىق .
ئۇپرىغان قولىدا قاتقان قان دېغى،
چاچلىرى ئۆسكىلەڭ، كىيگىنى يىرتىق .

كۆزىنى ئاچتى - دە، كۆردى بىزنى ئۇ،
بېشىنى تەسلىكتە كۆتۈردى ھالسىز .
مىدىرلاپ قويدىيۇ، يېپىشتى قايتا ـــ
سۆزلەشكە تەمشەلگەن لەۋلىرى جانسىز .

بىشنى لىڭشتىپ توستى بىزنى ئۇ،
يۆلەشكە ھەرقانچە تەمشىلىپ كۆردۇق.
كۆزنگە يۇگۇردى كۆلكە شۇ مەھەل،
سۆزنى ئاڭلاشقا ئىنتىشىپ تۇردۇق.

— مىنى دەپ بۇ يەردە تۇرماڭلار ئۇزاق،
بالاغا مۇپتىلا بولماڭلار سىلەر.
قالدۇراي ۋە بىراق بىرلا ئامانەت،
مەن ئۈچۈن جان كۆيەر بولساڭلار ئەگەر.

ماقۇللۇق بەردۇق بىز، بەردى تەسلىكتە
ئىككى قۇر خەت يېزىپ دەپتەرنى ماڭا.
مەلىگە ئەكەتمەك بولدۇق مىيىپنى
ۋە لېكىن گېپىمىز ئۆتمەيتتى ئاڭا.

دەيتتى ئۇ قايتىلاپ بىر سۆزنى ئۇدا:
— بالاغا مۇپتىلا بولماڭلار سىلەر.
ساقلاڭلار سىلەرگە دەپتەر ئامانەت،
مەن ئۈچۈن خەيرخاھ بولساڭلار ئەگەر ...

مىيىپنىڭ سۆزىگە كۆندۇق نائىلاج،
دەپتەرنى ئالدۇق - دە، ئەپلىك يوشۇردۇق.
بۇ يوچۇن كىشىدىن تەستە ئايرىلىپ
جۆندۇق، بىر دۆڭدىن ئاستا بۇرۇلدۇق.

ئون يېتىم يەرگىمۇ يەتمەستىن بىراق
جاڭگالدا بىر تالاي ئادەم كۆرۈندى.

قولدا مىلتىقى، چوقماقلىرى ھەم
يىراقتىن قايچىلاپ سەپكە بۆلۈندى .

بىز ئىدۇق ئۇزاقتا، ئۇلاردىن چەتتە،
بىزلەرنى يوشۇرغان يۇلغۇن دالدىسى .
بىر توپى ئۇلارنىڭ كەتتى دۆڭ تامان
مىيىپ بار تەرەپكە ماڭدى قالدىسى .

«ئىش چاتاق» دېيىشتۇق، ئەمما بىزدە ھېچ —
ياردەمگە — يۆلەككە ئىمكان يوق ئىدى .
كۆپ ئۆتمەي پىتراشتى، توۋلاشتى ئۇلار،
مىلتىقتىن ئىككى پاي ئوقمۇ ئېتىلدى .

بۇ سۆزنى ئاڭلىدىم تاقەتسىز بولۇپ،
چۆل تامان يۈگۈردۈم، ئاتلاندىم ياياق .
مەن بىلەن يۈگرەيدۇ بىللە بۇ بالا،
يۈگرەيمەن، يەرگىمۇ تەگمەيدۇ ئاياغ .

مەن كەلدىم ئاھ ئۇرۇپ يۇلغۇن تۈۋىگە
ئاھمەدنى تىترەيدۇ يۇلغۇننىڭ شېخى .
يوق ئەمما بۇندا نە باتۇرنىڭ تېنى،
كۆرگىنىم چاتقاللار ئىچرە قان دېغى .

«نەدىسەن ئەي دوستۇم، نەدىسەن» دەيتتىم،
يامغۇردەك ياش تۆكۈپ توۋلايتتىم بۇ دەم .
جاڭگالنىڭ ھېچ يېرى بەرمەيتتى سادا،
يوق ئەپسۇس يۇلغۇننىڭ سەزگۈ، تىلى ھەم .

توۋلايتتىم: «نەدىسەن خورلانغان يۈرەك،
نەدىسەن باتۇرۇم، دوستۇم نەدىسەن؟
دوستلىرىڭ ئىز - دېرەك قىلماقتا سېنى،
نەدىسەن كۆز نۇرۇم، دوستۇم نەدىسەن؟

نەدىسەن ئون گۈلۈڭ ئاتماي بىر چېچەك
ۋاقىتسىز توزۇغان دوستۇم نەدىسەن؟
نەدىسەن ھەق ئۈچۈن ئىزدەپ نىجادلىق
نىجادلىق تاپمىغان دوستۇم نەدىسەن؟

مەيلى يات تېپىتىنچ، قەبرەڭ تېشىغا
ئالتۇندىن مىسرالار ئويۇلار بىركۈن.
قان ياشلىق خاتىرەڭ دوستۇڭ قولىدا
قىسسەڭ ئەل ئارا تارىلار بىر كۈن!»

*        *        *

نەق بۇندىن قىرىق مىڭ يىللار مۇقەددەم
ساددىكەن شۇنچىلىك ئىنسان كاللىسى.
قامىتى تىك بىراق، سىياقى مايمۇن
يۇڭ باسقان قولىدا تاشتىن پالتىسى.

شۇندىمۇ ئاسايىش ئىلكىدە ئادەم
توپلىشىپ ياشاركەن، ئىزدەركەن ئوزۇق.
تەبىئەت بەخشەندە ئەتكەن نېمەتتىن
چوڭ - كىچىك ھېچبىرى قالماسكەن قۇرۇق.

نەپسگە يا بىراۋ تارتماس ئىكەن چوغ،
ئۆزئارا قەست بىلەن سالماس ئىكەن قول .
ئاقساقال پۇقرادىن ئالماس ئىكەن ئۆچ،
يا بىراۋ بىراۋنى قىلماسكەن قورۇل .

بۇگۈنچۇ؟
مەدەنىي ئىنسان بىز بۇگۈن،
ئاتومنىڭ دەۋرى بۇ، بىزدە مەرىپەت .
ئىشارە بىھاجەت، باردۇر بىزدە ئاڭ،
مۇكەممەل تىل بىلەن ئاياندۇر مەقسەت .

ئەپسۇسكى، نەق ئاشۇ ئالتۇن دەۋردە،
قاششاقلىق ئون يىللاپ بولدى ھۆكۈمران .
قىينالغان جانلارنىڭ يوقتۇر ھېسابى،
ۋەھشىيلەر نەيزىسى تەندىن تۆكتى قان .

ئەدەتتى ئاداۋەت، ئۆچنى، گىنانى
دۈشمەنلىك ئۇرۇقى چاچقاچ تەلۋىلەر .
خەلقىمىز ئون يىللاپ كۆردى يامان چۈش،
جانلارنى ئۈپراتتى جاڭجال ـ غەلۋىلەر .

دوستۇمىز ئادالەت قۇربانى ئىدى،
دەل ئاشۇ دەۋردە كۆز يۇمدى ئۇمۇ .
مەرىپەت يولىدا مەردانە ئىدى،
دەل ئاشۇ دەۋردە ئۆرتەندى ئۇمۇ .

ھەقىقەت دۈشمەنى ئۈرسا تۈمەن تىغ
ۋە لېكىن ھەقىقەت ئۆلمەيدىكەن ھېچ .
ئەل ئۈچۈن يارالغان ئوغۇلنىڭ نامى
ئەل قەلبى تۆرىدىن ئۆچمەيدىكەن ھېچ .

بولسىمۇ تۈن قانچە زۇلمەت ـ قاراڭغۇ،
سۈبھىنى توسماققا يوقكەن ئامالى .
تارىخنىڭ ئالدىغا ماڭمىقى تەھقىق،
كۆل بولۇپ كېتەركەن ئىبلىس قامالى .

ھە بۈگۈن تاڭ ئاتتى بىزدە قايتىدىن
دوستۇمنىڭ نامىمۇ تاپتى نىجاتنى .
بىز بىلەن بارماقتا شانلىق سەپەردە،
ھەممىنىڭ ئالدىدا تاشلاپ قاناتنى.

قوللاردا ئۇ يازغان دەستۇر ـــ كىتاب بار،
نۇرلاندى ئەمگىكى ئىككى ئەۋلادنىڭ.
ناملىرى ياق ئەمدى «سەرسانىي» ئەمەس،
ئەزاسى بۇ ئۇلۇغ جۇشقۇن ھاياتنىڭ.

ئەۋلادلار يەنە بىر سەرسان بولماسقا
يېڭىچە روھ بىلەن يادلايدۇ ئۇنى.
نادانلىق دەردىنى تارتقان ھەر كىشى
ئەزىزلەپ دىلىدا ساقلايدۇ ئۇنى.

1980 ـ يىلى مارت، ئۈرۈمچى.

# چىمەندە توي

## بىرىنچى باب ئائىلىۋى ماجىرا

كەچ، كەچتە مەغرىبتىن ئۆچكەندە قۇياش
ئاداققى شولىنى چاچماقتا شەپەق .
يىتمەكتە چوققىلار بىشىدىن زەر تاج،
كۆكۈمنىڭ پەردىسى يايماقتا ئېتەك .

تاغ ئالدى سوزۇلۇپ ياتقان چىمەنباغ،
ئۇستىدە سايىسى كەچكى تۇماننىڭ .
باش يازنىڭ سەلكىنى ئۇچسا ئارىلاپ،
قويىنى بۇ گۈزەل خىلۋەت ماكاننىڭ .

تارىتار شوخ ھايات شاۋقۇنلىرىنى،
دىللاردا يىغىچە ھېسلار ئۇيغىتىپ .
سىراپىلىق ئىلكىدە كۈلگەن بۇ يېزا،
ئارامىلىق بىر كەچنى ئالماقتا كۈتۈپ .

شۇ يەردە، بىر ھويلا، ھويلىدا تام ئۆي،

ئەتراپى دەرەخزار، بۈكلۈكمۇ ئەمەس .
سۇپىلار باراڭسىز، قونداقلىرى بوش،
ئېغىلدىن يا قوينىڭ مەرىشى كەلمەس .

تۆشىسىز بۇ هويلا تىتەك كۆرۈنەر،
ۋە لېكىن تۆر ئۆيدە ئەھۋال ئۆزگىچە .
بۇقۇلداپ يىغلايدۇ بۇندا ئايجامال،
دەستىگاھ ئالدىدا يۈكۈنگىنىچە .

يىغلايدۇ بۇ قىزچاق شۇنچە ئەلەملىك،
مىسالى مۇڭ باسقان يۈزىنى ئاينىڭ .
قىزارغان كۆزىدىن ئاققان ئۇنچە ياش،
سىرغىيدۇ مەڭزىدىن — ئۈستىدىن خالنىڭ .

يىغلايدۇ ئايجامال، ئاڭا بىر كۈنلۈك
جاپالىق ئەمگەكتىن يەتتىمۇ ھاردۇق؟
بۇ كەچتە ئۆي ئىچرە تەنھا نېچۈن ئۇ،
كۆڭۈللۈك سورۇنغا ۋە يا رايى يوق؟

يىغلايدۇ ئايجامال، بىتابمۇ ياكى
ئوت ـ ئاتەش ياش دىلنى قىلدىمۇ پارە؟
ۋە ياكى ۋاقىتسىز ھىجران ئازابى،
ئۆمىدى بېشىغا سالدىمۇ سايە؟

چېكى بار ھامانە كۆز ياش دېگەنىنىڭ،
مانا ئۇ يىغىدىن توختىدى بىر پەس .
قىياقتەك قېشىنى يىمىردى ئاستا،

دەستگاھ ئۇستگە باقتى بىر پەس .

باقتى ـ دە، گىلەمگە تال ـ تال ئۆرۈشكە،
قوللىرى پەنجگە ئۇزىدى بىردىن .
رەڭمۇ رەڭ يىپلاردىن چېكىلگەندە گۈل،
خيالى ئاسمنى يورۇدى بىردىن .

«ئۇزاق دەپ بولامدۇ كۆرۈنگەن تاغنى،
كېپقالار سېخىي كۆز ھەش ـ پەش دېگۈچە .
دان بېرەر تەر تۆكۈپ تەرگەن زىرائەت،
ئىشلىسەك يەڭ تۈرۈپ ھارماي كۈن ـ كېچە .

شۇ كۆزدە شۈبھى يوق، بىزنىڭ گۈرۈپپا،
نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئالغاندا ھوسۇل .
ناخشا ـ ساز ياڭرىغان سورۇن ـ يىغىندا
جامالنىڭ كۆكسىدە كۈلسە قىزىلگۈل .

مۇدىرلىق سۈپەتتە ئەل ـ كۈن ئالدىدا،
خۇش بولۇپ بۇ ھالنى كۆرسە دادامۇ .
بىيىشنىڭ يولىغا باشلاپ بىزنى ھەم
ئەزالار كۆڭلىنى بىلسە دادامۇ .

ھەي، شۇ چاغ قولنى سىقسا جامالنىڭ،
كۈيئوغۇل قىلماققا بەرسە رازىلىق .
چاقنىسا قوش تويدا تۆردە بۇ گىلەم،
چىمەنباغ قويندا يامرىسا شادلىق ...»

شۇ تاتلىق ھېسلارنىڭ ئالتۇن جامىدىن،
ئەمدىلا بىر قەترە يۇتقان چاغدا قىز؛
چىن سۆيگۈ رىشتىنى رەڭدار يىپ بىلەن
گىلەمگە گۈل قىلىپ چاتقان چاغدا قىز؛

«غىچ» قىلىپ ئېچىلدى بىردىن قوش قانات،
ئەمما بىر قايرىلىپ قويمىدى قىزچاق.
ئاڭلانماي قالدىمۇ شەپە قۇلاققا،
ئايجامال ھەممىگە پەرۋاسىزمۇ - ياق!

ئۇ بىلەر ھەر قېتىم كەلسە شۇ شەپە،
كىرگۈچى ئالدىدا تۇرار ئىدى تىك.
چەكچەيگەن جۇپ كۆزگە ساقلاپ ئىتائەت،
ئەيمىنىپ توختايتتى ئىشىدىن ئىتتىك.

پەنجىنى تاشلاشقا مەجبۇر ئىدى ئۇ،
سۆزگە سۆز ياندۇرۇش بولماس ئىدى ھېچ.
كۈن ئۆتتى، ئاي ئۆتتى، تۇتقان بۇ ئىشى،
كۆپ بولسا بىر گەزدىن ئاشماس ئىدى ھېچ.

باياتىن ئاش پىشىم ئۆتمەستىن تېخى،
ئېتىزدىن قايتتى ئۇ سۇرتتى - دە، تەرنى.
سىياسەت ھەققىدە سۆزلەپ بىر تالاي،
تەۋەككۈل سۇيىگە سالدى كەمەرنى.

سالدىيۇ، ئاقمىدى قىلغان ئۆتۈنۈش،
كۆز يېشى قىلىشقا كەلدى ئاقىۋەت.

چۇس مجەز ئاتننڭ چەكلەشلرىنى،
ئۆمرىدە بۇ قېتىم بۇزدى تۇنجى رەت .

شۇ تاپتا داڭ قاتقان ئىدى بەختىكام،
كۆرۈپلا گېپىگە كىرمەس قىزىنى .
ئاتلىق غۇرۇرى ياندى ئوت كەبى،
ئېتىلدى پەنجىگە، باشلاپ سۆزىنى:

ــ بالامۇ سەن زادى باشقا بالامۇ؟
قۇلىقىڭ پۈتكەنمۇ تاشتىن، ياغاچتىن .
ھۈنەردىن كەچ ياكى كەچكىن ئاتاڭدىن،
بىرىنى تاللىغىن دېدىمغۇ باشتىن ...

قوللىرى ئۈزىراپ كەتكەن ئاتىنىڭ،
ساقلى دىرىلداپ تىترەر ئىدى ھەم .
ئەلەملىك يىغىسى ئۆرلىگەن قىزنىڭ،
كۆز يېشى يىپلارنى ئەيلەر ئىدى نەم .

زورىخان كىرگەندە بېسىقتى غوۋغا،
قىزچاققا قۇچىقى بەردى پاناھلىق .
نېمىشقا تۇرسا بۇ مۇدىرىنىڭ ئۆيى،
بىر كەچتە ئىككى رەت بولدى «ھازىلىق؟»

## ئىككىنچى باب ئەندىشە

تام تۈتاش قوشنىلار قونداقلىرىدىن،
سەھەردىن خۇش خەۋەر بەرگەندە خوراز .

تاغلارنىڭ بېشىدا ــ كۆك ساما ئۈزرە،
كۆز ئېچىپ چولپان قىز قىلغان چاغدا ناز .

بەختىكام ئۇيقۇدىن ئويغاندى چۆچۈپ،
ئويغاندى، ئورنىدىن تۇرمىدى ئەمما .
ئېسىنى يىغىشقا تىرىشتى شۇنچە،
خامۇشلۇق ھېچ خالاس بولمىدى ئەمما .

چۈنكى ئۇ ھېلىلا بولغان ئىشلىنى،
ئوڭمۇ ـ چۈشمۇ بىلمەس ئىدى ھېچ .
بەھەيۋەت دۇمباقلار، تاغدەك ئېغىر قاپ،
نە قىلسا كۆزىدىن كەتمەس ئىدى ھېچ .

ھە ئەنە، خاماندا چەشلەر مىسلى تاغ،
مول كۈزنىڭ نېمىتى ئەيلەر دىلنى شاد .
ئەجرىدىن مېۋىنى كۆرگەن قېرى ـ ياش،
ئەر ـ ئايال ھەممىنىڭ خۇشلۇقى قات ـ قات .

بەختىكام تۇرماقتا گىرنىڭ ئالدىدا،
يىگىتلەر قاپلارنى يۆتكەپ كېلىشەر .
كاتىپلار چوت سوقار زېھنىنى چەملەپ،
قامچىلار تارسىلداپ، ئاتلار كىشنىشەر .

شۇ چاغدا توساتتىن دۇمباق گۈپۈلدەپ،
يىراقتىن بايراقلىق بىر توپ كۆرۈندى .
خامانغا يول ئېلىپ كەلگەن ئاشۇ توپ،
ھەر كىشى كۆڭلىدە سىر بوپ تۈيۈلدى .

ھە مانا، خاماندا قاينار چوڭ يغن،
بىر تالاي شوئارلار توۋلاشتىن كېيىن .
جەڭگىۋار تۇتقاقلىق تۇتتى نەچچىنى،
بەختىكام كۆرەشكە ئېلىندى بىردىن .

كىمنىڭدۇر قولىدا قاڭالتىر كاناي،
مۇدىرغا توختىماي تاشلايدۇ سوراق:
«ئۆملۈكنىڭ ئۇلىنى كولاپ ـ يىقىتىپ،
ئېيت، قايسى يامانغا بولدۇڭ يانتاياق؟»

«ئېيت قېنى؟ ئېيت قېنى؟»
پۈتمەيتتى سوئال،
بارغانچە يوغىناپ باراتتى دۇمباق .
بارغانچە ئۇزىراپ باراتتى كالتەك،
چەكچەيگەن كۆز ئېقى پاختىدەك ئاپئاق .

«ئېيت قېنى؟ ئېيت قېنى؟»
پۈتمەيتتى سوئال،
بەختىكام راسلاندى بەرمەككە جاۋاب .
ئاغزىنى ئاچتىيۇ، چىقمىدى تاۋۇش،
كۆكسىگە يىقىلدى بىردىن نەچچە قاپ .

بەختىكام ئويلاندى، باقتى ھەر تامان،
يامان چۈش كۆرگەنگە چىنپۈتتى شۇ ئان .
يامان چۈش ئىلكىدىن قۇتقۇزغان خوراز،
ھېلىمۇ قونداقتا چىللايتتى ھامان .

«ئاگاھ بول» دېدى ئۇ، ئاستا ئىچىدە،
«ئىككىنچى شۇ كۈنگە بولماي مۇپتىلا .»
يۈيۈندى، كەتمەننى ئالدى ئۈنىڭكى —
كۆڭلىنى تارتتى كەڭ مۇنبەت قىر - دالا .

* * *

چىمەنباغ — ئىسمىغا لايىق كەنت بۇ،
يۇرت - يۇرتتا داڭقى بار شاپتۇل - ياڭاقلىق .
سۈيى كەم ۋە بىراق تۇپرىقى مۇنبەت،
قوغۇنى ناۋاتتەك، تاۋۇزى تاتلىق .

بەختىكام كەلمەكتە ئۆشنىدە كەتمەن،
ئېكىنزار ئېتىزنى بىر -بىر ئارىلاپ .
قايسىبىر سارغايغان تۈپلەر تۈۋدە،
تۇپراققا زەن سېلىپ قالدۇ توختاپ .

قوغۇنلۇق يېنىدىن ئۆتتى ئۇ ئەنە،
لىپ قىلىپ چۆنەككە تاشلاپ قويدى كۆز .
توختاخۇن قوغۇنچى كۆردى مۇدىرنى،
كۆردى - دە، ئۇنىڭغا باشلاپ كەتتى سۆز:

«بىرى كەل بەختاخۇن مۇنۇ كۆزلەككە،
خۇدايىم ئەۋەتكەن مېھمانسەن بۈگۈن .
ھە مانا قوغۇننىڭ پىشتى باش بۇرنى،
سارغىيىپ تەممۇ بولدى قەن بۈگۈن .

ئويلسام، ئەترەتتە مۇشكۇل ئىشلىنىڭ —
بىشىدا جاپانى چەككەنمۇ ئۆزۈڭ.
بولامدۇ بۇ يىلقى تۇنجى قوغۇننىڭ
تەمىنى سەن ئاۋۋال تېتىماي كەتسەڭ؟»

قوغۇنچى توختىكام ھەش - پەش دېگۈچە،
كۆكچىنى پىلەكتىن كەلتۈردى ئۈزۈپ.
شۇ ھامان مۇدىرنىڭ كۆڭلى بولدى غەش،
«ھۆددىگەر» ئالدىدا بۇ ھالنى كۆرۈپ.

ئۇ دېدى: «توختاخۇن قانداق قىلىق بۇ،
قوغۇندا تىلىمنى باغلاي دېدىڭمۇ؟
توختامدىن كەم ھوسۇل ئالساڭ، مېنى سەن —
كەم پۇلنى كەچۈرۈم قىلغاي دېدىڭمۇ؟

ئاڭلاپ قوي، بەختاخۇن ئانچە گول ئەمەس،
مەيدەڭگە ئالدىراپ ئۇرغان ئۆزۈڭمۇ.
ئۆملۈكتە ئىشلىگەن خوپمۇ يا ھۆددە،
بىلىپمۇ قالارسەن ئوبدان ئۆزۈڭمۇ!»

بۇ سۆزدىن ھاڭۋېقىپ قالدى قوغۇنچى،
كۆكچىمۇ دومىلاپ قالدى يەردىلا.
توختاخۇن كۆڭلىنى قىلماققا ئايان،
سۆزلەشكە تەمشەلگەن چاغدا ئەمدىلا.

كەتمەننى ئۆشنىگە تاشلىدى مۇدىر،
ئىتىزلار ئارىلاپ كەتتى يول ئېلىپ.

توختاخۇن مەنىلىك سۆزلەر تەكتىنى —
بىلگەندەك كەيىندىن قالدى كۆز سېلىپ:

ئەتىگەن، زەر كەبى چېچىلغان شولا،
ئويناىدۇ ھەر گىياھ - ياپراق ئۈستىدە.
شەبنەمدە يۇيۇنغان پۈتكۈل چىمەنباغ،
چاقنايدۇ شۇنچە ئۈز جەننەت ھۆسنىدە.

ئەركىلەپ ئۇچۇشقان سالقىن شوخ شامال،
سەگىتىپ ئۇيقۇلۇق جاننى ئويغىتار.
تورغايلار شاخ ئۆزرە تۇمشۇق سۈركىشىپ،
سايرىشىپ ھەر دىلدا ناخشا قوزغىتار.

ۋە لېكىن بۇگۈنكى بۇنداق گۈزەللىك،
چەتتىدۇر بەختىكام سالغان نەزەردىن.
كۆڭلىدە قانداقتۇر شەكىلسىز سايە،
ئالدۇرماس ھېچ بەھر گۈلگۈن سەھەردىن.

مانا ئۇ توساتتىن توختاتتى قەدەم،
ھەيۋەتلىك دەرەخنىڭ ئالدىغا كەلدى.
كىشىلەر دەر ئۇنى مىڭ يىللىق ياڭاق،
مىسالى بىر دۆڭگە تەڭلىشەر قەددى.

ئۇ كەلدى، ئۈچ غۇلاچ يەتمەس ياڭاقنىڭ —
غولىنى ئۈن - تىنسىز چىقتى ئايلىنىپ.
سانىماق بولغاندەك ھەر شاخ - پۇتاقنى،
ياپراققا بىرمۇ بىر باقتى زەن سېلىپ.

ئۇنىڭچە ئۆتكەن كۈن، ئۆمرىگە شاھىت،
بىر كاتتا تارىخقا ئوخشايتتى ياڭاق .
شاخلارنى بابلارغا ئەيلەر ئۇ قىياس،
ياپراقلار ــــ پاكىتلار تولغان كۆك ۋاراق .

بەختىكام تارىخنى ئوقۇيتتى شۇ تاپ،
كەچمىشلەر ئالدىدىن بىر - بىر ئۆتەتتى .
يىغانلىق ئۆتمۈشتىن ھالقىپ خىيالى،
كوپىراتىپ قۇرۇلغان چاغقا كېتەتتى .

راست، ئۇ چاغ ناتىنچ - بورانلىق كۈنلەر،
بۇ كەسكىن كۈرەشتە ئاكتىپ ئىدى ئۇ .
يەككىلىك دەردىنى تارتقان يوقسۇلغا،
يول ئىزدەپ كۈنۈ تۈن غەملەر يېدى ئۇ .

ئاسانغا چۈشكەنمۇ ياتلار تاراتقان ــــ
پىتنىگە دەل قىلىپ دەككىلەر بەرمەك؟
ئاسانغا چۈشكەنمۇ تەتۈر قۇيۇندا،
ئۆملۈكنىڭ تۇغىنى كۆككە كۆتۈرمەك؟

ئاقۋەت قۇرۇلغان ئەمەسمۇ دەل بۇ،
ياڭاقنىڭ ئالدىدا «ئالغا» كوپىراتىپ؟
كوللېكتىپ يولىغا قەدەم باسقانلار،
تىك تۇرغان ئەمەسمۇ بۇندا سەپ تارتىپ؟

«ئۇ چاغدا قورقۇمسىز ئاكتىپنىڭ بىرى ــــ
توختاخۇن نېمىشقا ئۆزگەردى بۇگۈن؟

پۇل ـ مالنىڭ كويىغا كىردى بىراقلا،
نېمىشقا بۇ يولغا تەن بەردى بۇگۈن؟

ئاشۇ چاغ چىمەنگە ناھىيىدىن كەلگەن ـــ
خىزمەتچى ئابلاجان نەلەردىكىنتاڭ .
توختاخۇن توغرىمۇ ياكى مېنىڭكى،
ئۇ كەلسە نېمىدەپ ئايرىلاردىكىنتاڭ؟

نە بولسا بولسۇنكى تۇرغۇلۇق سەگەك،
ھوسۇلنى كەملىتىپ بولمايدۇ بىراق .
ئىشقىلىپ ئوچۇقلا تۇرسا بۇ كۆزۈم،
يىقىلماس چىمەندە تىكلىگەن بايراق .»

بەختىكام تارىختىن كەچتى خىيالغا،
ھەر ياقتىن ئويلىنىپ كۆردى ئىزدىنىپ .
باققانچە ياڭاققا ئۆتتى ئالدىدىن،
كوممۇنا قۇرۇلغان پەيتلەر تىزىلىپ .

## ئۈچىنچى باب  ئاتا ۋە بالا

كەڭ ھويلا، ئىككى ياق بۈكلۈك ـ چىمەنلىك،
يۈز ئاچقان چىمەندە غۇنچە ـ چېچەكلەر .
شاخلاردا كۆتۈرۈپ شاپ ـ شاپ ئۈزۈمنى،
سويلىشار باراڭدا ئاينىغان تەكلەر .

تەك ئاستى كەڭ سۇپا، سۇپىدا زىلچا،
توختىكام ئولتۇرار قۇرۇپ باداشقان .

چىنىنى قاتىلدى سارىخان ئاچا،
يىغلىدى بۆگۈنكى كەچلىك داستىخان .

ئادىتى بويىچە ئالدى ئۇتىغۇچ،
دەرەخزار ئىچىگە چۈكتى توختىكام .
گۈللەرنىڭ ئاستىنى يۇمشىتىپ، قىغنى —
تەكلەرنىڭ تۈۋىگە تۆكتى توختىكام .

بېشىدا تور ياغلىق، قولىدا مەزە،
سارىخان جابدۇنۇپ چىقتى ئۇشبۇ دەم .
دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ئەمدىلا،
بوسۇغا ئۈستىگە قويغاندا قەدەم .

نېمدۇر ئىبىتماقچى بولغاندەك ئاگا،
توختىكام بىر پەسكە توختاتتى ئۈنى .
توختىدى سارىخان، چۈشەندى بەلكىم،
بارمىكىن ئۇنتۇغان گەپلەر دەپ ئۈنى .

ۋە لېكىن قىلمىدى گەپ ـ سۆز توختىكام،
دېمىنى ئىچىگە يۇتقان پېتىچە .
ماگاتتى دالاندا توختىماي ئاستا،
قولىنى كەينىگە تۇتقان پېتىچە .

مانا ئۇ ھەمراھى ئالدىغا كەلدى،
ئىزدىگەن جاۋابنى تاپتى ئېھتىمال .
سارىخان ئاچىغا مۇنداق سۆز بىلەن:
يولىغا بەردى ۋە ئىجازەت دەرھال:

«مەيلىلا، تۆت ئېغىز ئاچچىق گەپ بىلەن،
قول يۇيۇپ بولمايدۇ جان دوست ـ يارەندىن .
قۇدىلىق يولۇڭغا بېرىۋەر، ماڭغىن،
بۇ ئىشىڭ خوپ كېلەر جامالغا ئاندىن .»

نېمىشقا ئويلىنىپ قالدى توختىكام؟
سارىخان سوراپمۇ تۇرمىدى ھەرگىز .
سول پۇتتا بوسۇغا ئۇستىدىن ئاتلاپ،
چوڭ يولغا چىقتى ـ دە، كەتتى شۇنچە تېز .

*　*　*

تۇرخۇنلار ئۇچىدىن ئۆرلىگەن ئاق ئىس،
كۆرۈنمەس گىرىمسەن ئاسماندا ئوچۇق .
قونداقتا سىغدىشىپ ئۇگدىشەر توخۇ،
قۇشقاچلار ئىزدىمەس ئەمدى دان ـ ئوزۇق .

ئاغرىندى توختىكام كۆزىدىن شۇندا،
(بولۇركەن كۆز خىرە ئۆتسە ئۆمۈر ـ ياش) .
ئايرىلىپ نائىلاج تەكلەر قېشىدىن،
ئەمدىلا قويغاندا كۆرپىگە يانپاش .

ھويلىدا جامالمۇ بولدى ـ دە، پەيدا،
سۇپىدا ئولتۇردى، قىلمىدى سۆزمۇ .
ئالدىدا تەق بولدى ئىسسىق چاي ـ غىزا،
ۋە لېكىن غىزاغا سالمىدى كۆزمۇ .

ئاتىغا بىرقىسما تۇيۇلدى بۇ ھال،
ئوغلىنىڭ كەيپىنى چاغلاپ باقتى ئۇ .
كۆڭلىدىن ھەر تۈرلۈك ئويلار كەچتى ۋە
كۈندىلىك ئىشلاردىن گەپنى ئاچتى ئۇ .

«گورۇپپا ئىچىدە ئىشىڭلار قانداق،
چىپىقتىن چىقتىمۇ كۆزلۈك زىرائەت؟»
كوچىلاپ سورالدى سوئاللار تەكرار،
جىم تۇرغان جامالمۇ بولدى بىتاقەت .

بىتاقەت بولدى ئۇ، سۆزىنىڭ كەلكۈنى،
تۇغاننى بۆستى ـ دە، ئالدى بىردىن يار .
ئوغلىنىڭ كەيپىگە زەن قويدى ئاتا،
جامالنىڭ ئىلكىگە بەردى ئىختىيار .

قوي ئاتا، سەن ماختاپ يۈرگەن بەختىكام،
زامانىنىڭ كەينىدە قالغان كىشىكەن .
بىلمەيدۇ بۈگۈنكى سىياسەت قانداق،
كاللىسى تاش كەبى قاتقان كىشىكەن .»

توختىكام ئۆز ئوغلى ئاغزىدىن ئاڭلاپ
بۇنداق گەپ، راستىنلا بولدى دىلغۇل .
كۆڭلىنىڭ بىر يېرى جامالغا مايىل،
بىر يېرى بۇ گەپنى قىلمايتتى قوبۇل .

جامالمۇ قىزىشىپ سۆزلەيتتى ھە دەپ،
«جاھاندا شۇنداقمۇ دۆيجاڭ بولامدۇ؟

سياسەت دېسۇنۇ باي بولۇش يوللۇق،
ئۇ يەنە كونچە مۇقام توۋلامدۇ؟»

ئۇلاپلا غەزەپلىك ھېسسىياتتا جامال،
بەختىكام ئۇستىدىن قىلدى شىكايەت .
دەستگاھ ئالدىدا يۈز بەرگەن ئاشۇ —
جېدەلنى بىرمۇ بىر قىلدى ھېكايەت .

توختىكام كۆڭلىگە قىلدىمۇ تەسىر،
ئاڭلىدى بۇ گەپنى ئويلىنىپ قالدى .
دېدى: «ئۇ بۇ ئىشتا قىلماپتۇ دۇرۇس،
بولمايدۇ نەسىھەت قىلمىسام زادى .»

نەسىھەت سۆزىنى ئاڭلاپ جامالنىڭ،
سەپرايى ئۆرلىدى دېدى ۋە مۇنداق:
«قويغىنا، نەسىھەت قىلماس ئاڭا كار،
لازىمدۇر ئۇنىڭغا تىغمۇ تىغ تۇرماق .

مەركەزمۇ دېھقانغا كۆيۈنۈپ شۇنچە،
تەر تۆكۈپ بېيىشقا بەرسۇنۇ ئىمكان .
دېھقانغا باش بولۇپ ماڭماستىن تېخى،
تىكەندەك يول توسۇپ ياتقىنى يالغان .

گۇرۇپپا ئىچىدە كېڭەشتۇق شۇڭا،
تىكەننى يۇلماققا باغلىدۇق بەلنى .
ئەتىلا ...
ئەتىلا زاكۇنلاشماققا،
ئالدىغا بارىمىز قوزغىتىپ ئەلنى .»

توختىكام ۋارقىراپ كەتتى توساتتىن،
تۆگمەي تۇرۇپلا گەپنىڭ چالىسى .
دېدى ئۇ: «بەختىگە بەرسەڭ گەر ئازار،
بىلىپ قوي، سەن ئەمەس ئىنسان بالىسى!»

شۇ تاپتا لەۋلىرى تىترەيتتى ئۇنىڭ،
ئاچچىقتىن يۈزىمۇ كەتكەن سەل ئۆڭۈپ .
جامالغا ئالايغان پېتى بىردىن ئۇ،
تۆۋرۈككە كەينىچە قالدى يۆلىنىپ .

ئۆمرىدە ھېچقاچان خۇشخۇي ئاتىنى،
بۇنچىلىك غەزەپتە كۆرمىگەن جامال .
ھودۇقتى بىرپەسكە، ئەمما ئاتىسى —
يېنىغا كېلىپلا يۆلىدى دەرھال .

بار بولغاچ ئاتا ھەم بالىنىڭ مېھرى،
غەزەپتىن مۇھەببەت كېلەركەن غالىب .
توختىكام ئاچچىقتىن ياندى ئاخىر،
ئاستىلا مەنىلىك قويدى ئۇھ تارتىپ .

ئۇھ تارتتى، سۇپىغا ئۆتتى ۋە ئاستا،
ئوغلىنى يېنىغا كەلدى چاقىرىپ .
ئاتىسى ئالدىدا ئولتۇرغان جامال،
ئاڭا يەر تەكتىدىن باقتى كۆز سېلىپ .

بىر ئوتلام چاي ئىچىپ نەملەپ گېلىنى،
توختىكام ئوغلىغا ئېيتتى سەممىي:

«باياتىن نېمانچە ئاچچىق قىلغاندۇ،
بىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن، دەرسەن سەن مېنى.

ۋە لېكىن سەن كىچىك، بىلمەيسەن بالام،
بەختاخۇن ئاتاڭغا بەش قولدەك تونۇش.
ئېسىمدە، ئون ياشقا تولغان چاغدا بىز،
ئۆتمۈشنىڭ زۇلمىتى باشقا ئۇردى مۇشت.

ئىككىمىز ئىشلەيتتۇق باينىڭ ئۆيىدە،
ھەر كۈنى قورساق ئاچ، كىيگىلى نەدە؟
كۈندۈزى ئات بېقىپ، پىچان ئورۇساق،
تۈنلىرى ياتاتتۇق ئېغىلدا ـ يەردە.

بىر كۈنى ئاغرىقتىن قالدىم يىقىلىپ،
تىنغۇدەك ماغدۇر يوق، ئىسسىتمام كاۋاپتەك.
ئىتچىلىك كۆرمىدى مېنى غالچىلار،
ھويلىنىڭ سىرتىغا تاشلىدى تاپتەك.

ئېسىمدە شۇ كېچە ھالىم بولدى تەڭ،
يېگىلى قولاقچە نانمۇ يوق ئىدى.
تاڭ ئالدى، بەختاخۇن كەلدى يېنىمغا،
نېمدۇ تەڭلىدى، «ئالغىن يە» دېدى.

ماڭا ئۇ تېتىدى شۇنچە لەززەتلىك،
ئاغرىقىم ئۇنتۇلۇپ نەدىدۇر قالدى.
بەختاخۇن يېپىپلا مېنى پالاسىدا،
ئوقۇرغا يوشۇرۇپ قويدى، يوقالدى.

كۆپ ئۆتمەي پىتراشتى بىردىن غالچىلار،
ھويلىدىن پالاقنىڭ ئاۋازى كەلدى .
كىملەردۇر توۋلايتتى: «ئاتقا بىرىلگەن —
بوغۇزنى نەلەرگە ئاپاردىڭ زادى؟!»

ئارقىدىن قامچىلار ۋىژىلداپ قالدى،
ئاھ دېدىم، كىملەرگە يەتتى قىيامەت .
زىل ئاۋاز جاۋابەن ئېيتتى: «قوناقنى —
مەن يېدىم، قورساقنى باقتىم نىھايەت!»

شۇندىلا بىلدىم مەن بەختى ئەكەلگەن،
لەززەتلىك تائامكەن قايناتقان قوناق .
مەن ئۈچۈن بەختاخۇن ئېسىلدى لىمغا،
تېنىنى قان قىلدى تەگكەن ھەر تاياق .

ئۈزۈلدى جاللاتنىڭ قامچىسى قانچە،
بەختىمۇ بوي بەرمەي تىللىدى باينى .
شۇ كېچە دەپتەردىن ئوقۇلدى، بەختى —
ئۆلتۈرگەن دېيىلدى نەچچە ئات - تاينى .

بەختىنىڭ ئۈستىگە شۇ كۈندىن باشلاپ
قاراملىق تامغىسى بېسىلدى ئاخىر .
ئازابتىن قان يىغلاپ ئۆتتى كۈنۈ تۈن،
مەڭگۈلۈك قۇللارغا قېتىلدى ئاخىر .

شۇندىمۇ مەڭگۈلۈك قۇللۇق دېگەننىڭ،

پەيت يەتسە زەنجىرى بولۇركەن گۇمران .
ئاقىۋەت ئازادلىق كۆنلىرى كەلدى،
توي كۆنى يانمۇ يان ئىدۇق، كۆلدى جان .

ئىسىگدە يوق، بەلكى ئۆملۈك ئاساسى —
كوپىراتىپ قۇرۇشنىڭ كەسكىن چاغلىرى .
ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتقان توختاخۇن،
ئۈمىدنى شۇ پارلاق يولغا باغلىدى .

شۇ چاغدا رايوندىن ئەۋەتتى بىزگە،
ئابلاجان دەيدىغان رەھبەر كىشىنى .
بەختاخۇن ئۇنىڭغا بولىشىپ ھەمقام،
كۆرەشتە ئۆلدى تاڭغا كىچىنى .

مىڭ يىللىق ياڭاقنىڭ ئالدىدا ئاخىر،
كوپىراتىپ قۇرۇلدى، بولدى ئۇ مۇدىر .
ئەل ئۈچۈن ئىشلەشتە ئوتتەك ياناتتى،
ھەر مۈشكۈل ئىشلىغا ئۇ ئىدى قادىر .

كوممۇنا قۇرۇلدى، گۈللەپ چىمەنمۇ،
مول ھوسۇل توينى قىلدۇق ھەر يىلى .
بەختىدەك مۇدىردىن سۆيۈنگەن خەقنىڭ،
سايلامدا يەنە ئۇ بولدى ۋەكىلى .

كۈن ئۆتتى، مىسلىسىز «ئىنقىلاب» بولدى،
ئىنقىلاب ئەكەلدى ئاڭا قايتا دەرد،
شۇ قاتتىق بوراندا قىلىندى ۋەيران،

بەختاخۇن باش بولۇپ ياسغان جەننەت .

دىيىشتى «قارا تىپ» كىملەردۇر ئۇنى،
كىملەردۇر ئاشلىقنى تۇتتى، دىيىشتى .
خۇسۇسلۇق يولىغا ماڭدى دىدى ھەم
قالپاقلار كىيگۈزۈپ بەرھەم بىرىشتى .

بۈگۈنچۇ سىياسەت كەڭرى بىز ئۈچۈن،
ئوچۇقتۇر بىيىشنىڭ داغدام يولى ھەم .
مەركەزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىساق ھەر چاغ،
كۈنسىرى چىڭىيدۇ ئۆملۈك ئۈلى ھەم .

بىلەمسەن، ھەممىنىڭ ئوخشامدۇ ئىڭى؟
تەڭ خەمەك چۈشەمدۇ بىر تال پىلەكتە .
بەختاخۇن مۇدىرمۇ بىز سياق ئادەم،
ئاڭمۇ ئويلاشقا جەريان كىرەكتە!

ئەگەردە تىغمۇ تىغ تۇرساڭلار ئاڭا،
دىلىغۇل ئادەمگە كەلمەمدۇ ئىغىر .
ئاپەتلىك كۈنلەردە كۆرگەن كۈنلەرنى،
سالماڭلار بىشىغا ئەمدى يەنە بىر .

زىھنىنى جەم قىلىپ ئاڭلاپ بۇ گەپنى،
بوپقالدى جامالمۇ تاپقاندەك ئەقىل .
كىرىپكتە شەبنەملەر، ئاشۇ شەبنەمنى،
پۇشايمان دىسەڭ گەر سىغماس ئىدى قىل .

## تۆتىنچى باب  باش ئاغرىقى

زورىخان ئىلغۇچنى ئالدى ئىشكتىن،
باش توخۇ چىللىشىپ جىمىققان ۋاقتى .
كۆردى ئۇ، ئالدىدا پۇچقاقلىرى لاي —
پاتقاققا مىلەنگەن ئىېرى تۇراتتى .

«ۋاي ئادەم تەك بولۇپ قالدى بۇ كېچە،
ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ چۈشلۈك غىزامۇ،
جان دېگەن ھەر كۈنى ئاتمايدۇ چېچەك،
يەتمەمدۇ شۇنچىلىك چەككەن جاپامۇ .»

كۈلۈپلا ۋەسسالام قىلدى بەختىكام،
سارىخان لايلارنى ئۈلگۈردى قېقىپ .
تائامنى قىزىتتى قازاندا قايتا،
ئېرىنىڭ ئالدىغا قويدى ئەپكېلىپ .

— چۈشتىمۇ ئوخشىتىپ لەگمەننى ئېتىپ،
ئوچاقنىڭ بېشىدا ساقلىدىم ئىسسىق .
پېشىنمۇ بوپ قالدى، كەلمەي قويدىلا،
ياكى ئىش ئورنىنى بىلمەيمەن ئېنىق .

زورىخان سۆزلەيتتى شۇنچىلىك قىزغىن،
پۇت - قولى شۇ تاپتا باشقىچە ئەپچىل .
ئېرىگە كۆيۈنۈپ، ھارمايتتى كۈتۈپ،
بولغاندەك ئايرىلىپ كەتكىلى ئون يىل .

ــ ئازغىنە يېرىم كۈن ئىچىدە ئۆيدە،
نېمە ئىش بوپ ئۆتتى دېمەملا ئادەم .
كەچقۇرۇن يانغاندا دېھقانلار ئىشتىن،
داستىخان كۆتۈرۈپ كەپتىكەن سارەم .

ئاڭلاپلا بەختىكام گەپنىڭ بېشىنى،
چىنىنى داستىخان ئۈستىگە قويدى .
زېھنىنى جەملىدى، بىر «يامان ئىش»نى،
بۇ گەپنىڭ ۋەزنىدىن كۆڭلىمۇ تۇيدى .

ــ كەپتىكەن سىلىنى ئۆيدە بار چاغلاپ،
يوق دېدىم، بەھۇزۇر ئولتۇردى يەنە .
مېنى ۋە سىلىنى ماختىدى بىر پەس،
گېپىنى ئوغلىغا ياندۇردى يەنە .

ئۇ دېدى: چوڭ بولۇپ قالدى جامالمۇ،
ئۆيلىمەك سۈننىتى قەرزىمىز بىزنىڭ .
يىراققا كۆز سېلىپ يۈرمەك بىھاجەت،
خۇلقىمۇ بىر ئوبدان ئايجامال قىزنىڭ .

بۇ قىزغا جامالنىڭ كۆڭلى ھەم يېقىن،
ئىككى ئەر قەدىناس، بىزمۇ يات ئەمەس .
بالىلار بېشىنى قاتساق كۆزگىچە،
تويلۇقتا بولماسمىز بەلكى ئېگىز ـ پەس .

بەختىكام ئورنىدىن چاچراپ تۇردى تىك،
دېدى ئۇ: ھە ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

نىمشقا بىزنىڭ ئولتۇردۇق قاراپ،
تىنچ ـ ئامان يۈرگىلى قويىمامسەن، يا ـ يوق؟


بىلەمسەن، توختاخۇن، پۈتكۈل ئۆي ئىچى،
باي بولۇش كويىغا چۈشكەن ئائىلە .
ئالدىراپ شامالنى ئەتمەستىن پەرق،
يەككىلىك يولىغا كۆچكەن ئائىلە .

تاسادىپ بىر بوران كەلسە ئەتىلا،
قىز باققان گۈناھقا قالسام بالاغا .
ئۇ چاغدا پۈشايمان قىلغان مىلى بىكار،
دەرد تارتىپ، چىتىلىپ يۈرسەم ئۇلارغا ...

بەختىكام سۆزلەيتتى ئەزۋەيلەپ شۇنچە،
تىرىكىپ خوتۇنى ئالدىدا قايناپ .
تىرىككەك ئىرىنى قىلغاندەك مازاق،
زورىخان توساتتىن كۈلدى قاقاقلاپ .

ئۇ دىدى: دادىسى توختاپ تۇرسىلا،
چاغلاملا مىنى يە دىتىسىز خوتۇن دەپ .
قانداقچە سۆز بىرەي، ئەرسىز ـ كىچەشسىز،
ئەلۋەتتە ياندۇردۇم قىلىپ لايىق گەپ .

ـــ ياندۇردۇم دەمسىنا، توۋا، بۇ ئەقىل
كاللاڭغا نەدىنمۇ قالغاندۇ كىلىپ .
مەن سىنى ئەمرىمگە ئالغاندىن بىرى
كۆڭلۈمگە بۇ ئىشلىق كەتتى بەك يىقىپ .





بەختىكام چىھرىگە كۆلكە ئولاشتى،
تائامغا ئىشتىھا كەلدى باشقىدىن .
زورىخان سۆزىنى قىلدى ۋە داۋام،
نېمىدۇر سۇغاردى يوتقان ئاستىدىن .

— توختاخۇن، سارەملەر ئۆزىغۇ ئوبدان،
پۇلى بار، خەجلەشكە كەلسە پۇختا بەك .
ئال دېسە چاپىدۇ تۆت پۇتلۇق بولۇپ،
بەر دېسە، چاشقانغا ئالدۇرماس كېپەك .

شۇڭمۇ ئۇلارغا بېرەر قىزىم يوق،
بىكارغۇ، قىز بېقىپ كۆرمىسەك راھەت .
خۇش پىچىم چوڭ بولغان قىزنى ئاددىيلا —
چىقارساق، نېمە دەر بىزنى جامائەت .

زورىخان بوغچىنى تاشلاپ ئالدىغا،
يەشتى ـ دە، رەڭمۇ رەڭ گەزمال ئېچىلدى .
ھەيرانلىق ئىچىدە قالدى بەختىكام،
ھېلىلا جەم بولغان كۆڭلى چېچىلدى .

زورىخان سۆزلىدى: قېنى بەختاخۇن،
ئېيتسىلا، كۆز  چېقىپ تۇرغان نېمە بۇ؟
چىمەندە بۇ رەختنى كىيىپتۇ كىملەر،
كۆز دېگەن كۆرمىسە تۆشۈك نېمە ئۇ .

بەختىكام ھاڭۋېقىپ قالدى يەنىلا،
زورىخان ئۇنىڭغا بەردى چۈشەنچە:

— بىر ئىشنى سىلىگە ئېيتاي، بەلكى يوق،
دېلىغۇل بولۇشنىڭ ھاجىتى ئانچە .

چۈش پەسلى، غىزاغا قىلغاندا تۇتۇش،
بىر ئوبدان چېغىدا كەلدى ئىمانەم .
قولىدا داستىخان تۇرمامدۇ ئۇنىڭ،
سۇپىدا يەلپۈنۈپ ئولتۇردى بىغەم .

ئۇ دېدى: ئەكرەمجان بولدى ئوبدان چوڭ،
قولى گۈل، بىلەر ھەم ئىشنىڭ ئېپىنى .
ھەر كۈنى، ھەر كەچتە باشنى ئاغرىتىپ،
قىلدۇ ئايجامال قىزنىڭ گېپىنى .

بىزگىمۇ خوپ كەلدى ئوغلۇمنىڭ گېپى،
سوراي دەپ كېلىشىم ئايجامال قىزنى .
چاي ئۈچۈن سوۋغاتنى راسلىدى ئەكرەم،
دېيىشتۇق نائۈمىد قويمىغاي بىزنى .

مەن دېدىم: ئەر كىشى يوق بولۇپ قالدى .
ئۇ دېدى: قىز دېگەن ئانىنىڭ نەسلى .
سىلىگە ئىشىنىپ ئالدىم سوۋغاتنى،
ئويلىسام دېگىنى دۇرۇسكەن ئەسلى .

«ئەكرەمجان!» دېدى ـ دە، بەختىكام بىردىن،
بېشىنى ئالقىنى ئىچىگە ئالدى .
كۆزىدىن مىسالى چاقناپ كەتتى ئوت،
بىردىنلا بوغچىغا قادىلىپ قالدى .

*　*　*

ئەيلدى جۇدۇندا سۇنغان گۈل كەبى،
ئاپەتلىك يىللاردا ئاپەت چىمەننى .
ھەر باشقا تەڭ چۈشكەن جاننىڭ قايغۇسى،
دېھقاندىن چەت تۇتتى راھەت دېگەننى .

ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى كەلسە يىلدا بىر ،
ھېيتلىشىپ يۈرمىدى ھېچكىم خۇش چىراي .
ناغرىنى ئۇقمايدۇ ئون ياشار ئۆسمۈر،
قازانلار يىل بويى كۆرمەي ئۆتتى ماي .

ساز ـ كۈيدىن داڭلىنىپ كەلگەن بۇ يېزا،
شۇ سۈپەت جىملىقنى كەچۈردى باشتىن .
مىڭ يىللاپ ئۆزۈلمەي كەلگەن بۇ ئادەت،
چىمەندە ئۇنتۇلۇپ كەتتىمۇ راستتىن .

ياق، بىراق ئىلكدە بولسا بىر زاغرا،
مېھمانغا ئېتەكنى قىلدى داستىخان .
ئاتىدا بىر موچەن بولسا گەر ھېيتلىق ــ
بېرىشتى، بالىنى ئەيلەپ شادىمان .

شۇ يىلنىڭ نامەلۇم ئېيى، قۇربان ھېيت،
كۈنسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى .
بەختىكام، زورىخان ئاچىنى ئەمما،
كۆڭلىنى بىر تەڭلىك ئەزمەكتە ئىدى .

شۇ كۈنلەر يۇلتۇزلۇق ئاخشامنىڭ بىرى،
ئايجامال سۇپىدا ئۇخلار ئىدى تىنچ .
تۈگمەس ئويلارغا پاتقان ئەر ـ خوتۇن،
نە قىلسا ئۇيقۇسى كەلمەس ئىدى ھېچ .

ئۇھ تارتىپ سۆزنى باشلىدى شۇندا،
ئاردىن زورىخان جىملىقنى بۇزۇپ .
«ئايەممۇ كېپقالار ئۆتسە ئىككى ئاي،
تەقسىمات كۈنگە يەتمەستىن تۇرۇپ .

چوڭلارغۇ كۆنگەن بىز غۇربەت دېگەنگە،
ۋە بەلكى كىيەرمىز يىرتىقنى ياماپ .
ئەڭنىدە خىلىلا چاندى قىزىمىز،
بۇ ھېيتتا قويمىساق بولماس بىر قاراپ .»

بەختىكام خۇرسىنىپ قويدى پەقەتلا،
خىيالى ھېلىمۇ كۆكنى كېزەتتى .
ئۆمرىنىڭ بابىدىن ئاچقاندا ۋاراق،
ئۆتكەن كۈن، كەچمىشلەر ئەسكە كېلەتتى .

يادىدا، يىگىتلىك ئالتۇن چاغلىرى،
زۇلمەتلىك كۈنلەرگە دۇچ كەلدى ئۇنىڭ .
يېتىملىك دەردىگە قوشۇلدى قۇللۇق،
قايغۇسى ئۈستىگە يۈكلەندى ئۇنىڭ .

يېشىغا ياش قاتتى يىللار، ئۇ بىراق،
تەنھالىق پېتىچە قالدى جۈپتى يوق .

ئازابلىق كۈنلەردە بولدى ئاڭا ھەم،
تۇرمۇشنىڭ يوللىرى ماڭغانچە تۇيۇق .

ئاقىۋەت، مىسكىنلەر تاپتى يورۇق يول،
مىليونلار تەلپۈنگەن تاڭمۇ نۇرلىنىپ .
باشلاندى ئۇلۇغۋار كۈرەشلەر ئەلدە،
بەختىنكام شۇ سەپكە كەتتى قوشۇلۇپ .

شۇ كۈرەش يوقسۇلغا كەلتۈردى بەخت،
چىن ھايات نۇرىغا پۈركەندى ئۇمۇ .
كوممۇنا تويىنىڭ ھارپا كۈنلىرى،
زورىخان ئاچىغا ئۆيلەندى ئۇمۇ .

شۇ يىلى ئوخشىدى ئاشلىق شۇنچىلىك،
بەرىكەت ياغدۇردى كەلدى سېخىي كۈز .
تەنتەنە قاپلىغان كۈنلەر چىمەننى،
ئايجامال دۇنياغا كەلدى، ئاچتى كۆز .

شۇ چاغدا مەلىدە سۆزلەر ئىدى ئەل،
ئاتىنىڭ ئاي قىزغا ئامراقلىقىنى .
شۇ كەبى شەپقەتلىك ئۆيدە ئايجامال،
ئۆتكۈزدى بالىلىق ئالتۇن چېغىنى .

راست، ئەمدى چوڭ بولۇپ قالدى بۇ قىزى،
ئايەمنىڭ كۈنىمۇ يېقىنلاپ قالدى .
ئاتىنىڭ كۆڭلىمۇ ئانىغا ئوخشاش،
مەقسەتلەر ئىچىدە ئوت بولۇپ ياندى .

ۋە لېكىن پۇل كىرەك، پۇل ئۆزى نەدە؟
دارامەت كۆردى كىم يىللاردىن بېرى .
ئاخىرى ئامالنى ئويلاپ تاپتى ئۇ،
ئۇمىدتە نۇرلىنىپ كەتتى كۆزلىرى .

ئەتىسى بازارغا باردى ئەتىگەن،
ئىلكىدە بارى ـ يوق ئوغلاقنى ساتتى .
كەچلىكى يېنىكلەپ قالدى خىيالى،
پۇلغا يۈك بىلەن يىپ ئېلىپ قايتتى .

يوتقانلىق پاختىدىن ئېگىردى ئۇرۇش،
زورىخان تاشلاندۇق چاقنى راستلاپ .
قانچە شام ـ ئاخشاملار ئۇلاندى تاڭغا،
ئايجامال ئۇلگۈردى ئاقاقنى قاتلاپ .

كۆپ ئۆتمەي رەسكاللىق پۈتتى، بەختىكام،
دەستىگاھ ئالدىدا پەنجىنى ئالدى .
كۆز چېقىپ تۇرغۇدەك كەلكۈن نۇسخىلىق،
گىلەممۇ ئاخىرى تەل بولۇپ قالدى .

ۋە لېكىن، بىتەلەي چىققاندا سۇغا،
قاپىقى بىمەھەل پاتاركەن لايغا .
بۇ ئۆيدىن كېچىدە چىققان ئۈن ـ ئاۋاز،
يەتتى شۇ تاكتاكچى تۇرۇشلۇق جايغا .

ئەتىگەن چىمەندە بولدى قىيامەت،
دۇمباقنىڭ ئاۋازى ياردى قۇلاقنى .

مىنبەرلەر شتابى كېتىشتى تەۋرەپ،
مەجلىسكە چىلىلدى يېقىن - يىراقنى .

كۆرەشتە بەختىكام قىلىندى قورۇل،
بوينىغا ئېسىشتى يىپنى - گىلەمنى .
بەختىكام تۇنجى رەت تونۇدى، ئىتتەك ـــ
ئۆزىگە دېۋەيلەپ تۇرغان ئەكرەمنى .

ئۇ دېدى: بىر تالاي تۆھمەت ياغدۇرۇپ:
گۇناھلىق بوينۇڭغا ئالامسەن تېزدىن .
يەر ئاستى دۇكاننى قىلمىساڭ ئىقرار،
تىرناقچە ياخشىلىق كۈتمىگىن بىزدىن .

بەختىكام تىك تۇردى ئەكرەم ئالدىدا،
پەيتىدە دەپ تۇردى ئېيتار سۆزىنى .
«گۇناھكار» ئالدىدا تىترىگەن نامەرد،
كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى ئۆزىنى .

شۇ كۈندىن باشلاندى كۈرەش - سازايى،
شۇ كۈندىن باشلاندى پۈتمەس دەرد - ئازاب .
ھېسابسىز تاتۇقلار قالدى بەدەندە،
ھېيتىمۇ ئۆتتى ئۇ زارە - زار قاقشاپ .

پەنجىنى ئىككىنچى ئالماسقا قولغا،
بەختىكام ئۆزىگە بەردى قەسەمنى .
يىقىلدى تۆت ئاپەت ئۆتمەي ئۇزاق، ئۇ ـــ
ئەركىنلىك يولىغا باستى قەدەمنى .

تۆت ئاپەت يوقالدى، ئەكرەم ۋە ئەمما،
توۋنى ئايىماي كەتتى قۇتۇلۇپ .
بۇگۈنچۇ، ئېتىزنى تاشلاپ يۇرت كېزىپ،
قالدى ئۇ چىمەننىڭ پۇلدارى بولۇپ .

مانا بۇ تەقلىنىپ تۇرغان گەزمالنىڭ،
ئۇستىدە تۇرمامدۇ سانسىز ياش دېغى .
شۇ هارام ئوقەتتىن بىخسىغان ئادەم،
ئۆزىگە كۇيئوغۇل بولماقچى تېخى .

بەختىكام شۇ هامان چۇشۇردى بۇيرۇق:
«ئەتىلا كۆزۇمدىن قىلغىن بۇنى يوق .
سېتىقتا كۆز بوياپ، ئەلنى قاقشاتقان،
ئەكرەمدەك ئادەمگە بېرەر قىزىم يوق!»

## بەشىنچى باب  جامال ۋە ئايجامال

بۇلۇتسىز كەڭ ئاسمان، كۆپكۆك سامادا،
چىڭقچۇش قۇياشى ئوتلار چاچىدۇ .
تونۇردەك هاۋادا قاقماس قۇش قانات،
تورغايلار سايىدە مۈگدەپ ياتىدۇ .

كۆك ئاسمان ئاستىدا چاقنار كەڭ دالا،
كۆرۈنەر سۇۋارى سارغۇچ پۆپۈكلەر .
ئۇچ ـ تۆتتىن ساقال ـ باش هەر تۇپ قوناقتا،
ئەمدىلا كۆمۈلگەن رەت ـ رەت چۆنەكلەر .

ئىشلەيدۇ ئېتىزدا بىر توپ ياش ئەنە،
تومۇزنىڭ تەپتىگە بەرمەي قىلچە بوي .
يۈرەكتىن ئېتىلغان ناخشا ـ كۈي لەرزان،
قايىنايدۇ مىسالى بۇندا بەزمە ـ توي .

شۇ قايناق ئېتىزدا بىر جۈپ قىز ـ يىگىت،
بەس ـ بەستە ئۆزلۈشەر، ئىككىسى سولداش .
كەتمىنى چاقنايدۇ بىر جۈپ ئاي كەبى،
ئۆزلۈشەر سەپداشلار ئىچرە بولۇپ باش .

بۇ قوشماق ئىشچاننىڭ بىرىدۇر جامال،
قارا قاش، كەڭ كۆكرەك قامەتلىك ئوغۇل .
ئۈستىدە ئاق مايكا، بېشىدا دوپپا،
ئاڭا سۇر بېغىشلار توم ـ توم پولات قول .

ئۇ ئىشلەر، ناخشىدا بولۇپ جور ـ تەڭكەش،
كۈچ ـ غەيرەت ئۇرسا جۇش قەلبى قېتىدا .
چېپىقتىن توختىدى مانا ئۇ بىر پەس،
سول بېشى — چەت قىرغا يەتكەن چېغىدا .

توختىدى، سۈرتمەككە كۆزلەپ تەرىنى،
يانچۇقتىن ئاۋايلاپ ئالدى رومالنى .
ئالدىيۇ، ھۆرمەتتە كۆز سالدى ئاڭا،
قىزنىڭچى كىملەردۇر كۆردى بۇ ھالنى .

دېدى ۋە «يېنىڭدا بولمىسا كاشكى،
رومالنى يادىكار ئەيلىگەن ئاي قىز .

روماлغا باققۇچە باقمامسەن ئاڭا،
بىزلەردىن قورۇنۇپ قالمىغىن ھەرگىز .»

تۇيۇلدى بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىزغا،
ۋىللىدە ئوت ئېلىپ كەتكەندەك يۈزى .
تارتىنىش قۇچاققا تارتتى ئۇنى چىڭ،
پۈتىنىڭ ئۇچىغا ئاغدى نەزىرى .

بۇ ئىدى ئايجامال، جىسمى غۇنچە بوي،
كۆزلىرى چولپاندەك نۇرلۇق ـ جۇلالىق .
ئوڭ مەڭزى ئۈستىگە ياراشقان خالى،
جامالى ئاي پەرى دېيىشكە لايىق .

ھە ئەمدى بېسقتى چاقچاق ـ ھەزىلمۇ،
ئىشداشلار مەنىلىك بېقىشقان چاغدا .
قىز يۈزى كۆيۈشتىن توختىدى ئاستا،
نىگاھلار ئۇچرىشىپ قېلىشقان چاغدا .

جەم بولدى كۆز نۇرى شايى رومالدا،
جەم بولدى كەشتىلەپ تىككەن گۈلگە ھەم .
چىن سۆيگۈ بەلگىسى نۇرلاندى گويا،
ئەستىلىك بابىدىن كىردى سۆزگە ھەم .

* * *

ئاتىنىڭ بالىغا مېھرى ـ سۆيگۈسى،
كەڭ دېڭىزدىن لاپ ئەمەس ھەرگىز .





توختىكام ئوغلىغا ئامراقكى شۇنداق،
غىزاغا ئولتۇرماس ئىدى جامالسىز .

ئېھتىمال جامالنىڭ بەش ياش چاغلىرى،
بىر كەچتە ئوغلىنى قىلدى ئۇ ھاپاش .
بەختىكام ئۆيدە كۈتتى ئۇلارنى،
پاراڭغا تۇتۇشتى ئىككى دوست ـ سىرداش .

شۇ كۈنى تونۇشتى ئىككى گۆدەكمۇ،
تونۇشتى، ياتسىراش بولدى شۇدەم يات .
ئوينىدى، ئۆزئارا قىلىشتى «مېھمان»
جامالمۇ ئۆيگە قايتتى شۇنچە شاد .

ئاتىلار كۆڭلىمۇ زوققا تولۇشتى،
باشلاندى شۇ كۈندىن يوقلىشىش، ئويناش .
ئاي ئۆتتى، يىل ئۆتتى، مەكتەپ قويندا،
ئايجامال ۋە جامال بولدى پارتىداش .

ۋاقىتنىڭ يورغىسى چاپتى توختىماي،
كۈنسېرى چوڭىيىپ باردى قىز ـ ئوغۇل .
ئاتىلار ئارزۇسى كېلىشتى غالىب،
مەكتەپتىن چىمەنگە يول سالدى ئۇدۇل .

كەتمەنمۇ ئۇلارغا ياقتى، كۆڭلىدە —
ئوت ئىدى ئەمگەككە بولغان ئىشتىياق .
ئەل ئۈچۈن ھەر ئىشتا يەڭدى جاپانى،
زەربىدار بوپ قالدى ئۆتمەستىن ئۇزاق .

ئۇ چاغدا، ھەر ئىشتا بىللە ئىككىسى،
باراتتى بىر سەپتە بىللە ئىنتىلىپ .
«كېلىشكەن قوشماقلار» دېيىشمۇ كىملەر،
چاقچاقتىن تۇرمايتتى بۇنچە قىزىرىپ .

ھېلىمۇ جامالنىڭ ئېسىدە، بىر ياز —
ئەتىگەن، كۆن قىزىل بولغان پەيت ئىدى .
تورغايلار سايرىشىپ، چەكسىز قوناقلىق —
زەر كەبى تاۋلىنىپ تۇرغان پەيت ئىدى .

جامالمۇ ئېتىزغا كەلدى سەھەرلا،
ئەزالار كەلمەستىن ئىشنى باشلىدى .
تەرىنى سۈرتتى - دە، بىر چاغ مۇنداقلا —
يان ئېتىز تەرەپكە كۆزنى تاشلىدى .

يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى شۇ ھامان،
ئايجامال كۆرۈنگەن چېغدا بىردىن .
كۆرگىنى ئايجامال ئەمەس، بىر پەرى —
بار جىسمى گوياكى يارالغان نۇردىن .

كۆرگىنى پەرىمۇ ياكى ئايجامال،
شەك قويۇپ بولامدۇ كۆزگە شۇتاپتا .
جامالنىڭ ئىلكىدىن قاچتى ئىختىيار،
ئاي پەرى تەرەپكە سىلجىدى ئاستا .

سىلجىدى، پەرىنىڭ ئالدىغا يەتتى،
ئاي قىزمۇ سىلجىدى ئالغا بىر قەدەم .

ئېتىلدى تالاي سۆز كۆزلەر تىلىدىن،
دىل رىشتى چىرماشتى، چىگىلدى مەھكەم .

شۇ قۇتلۇق ئەتىگەن، بىر جۈپ يۈرەكنىڭ،
جامىغا سۆيگۈدىن كەۋسەر قۇيۇلدى .
چىن ۋەدە گۈل ئاچتى شايى رومالدا،
دوستلۇققا يېڭىچە مەنە قوشۇلدى .

چىن ۋەدە گۈللىگەن شۇ كۈندىن بېرى،
مۇھەببەت تەپتىدىن كۈچ ئالدى ئۇلار .
چىمەننى گۈللەشكە بولۇپ بىر جان ـ تەن،
مۇشەققەت قەرىگە ئات سالدى ئۇلار .

غۇبارسىز پاك سۆيگۈ — ۋىجدان ئىگىسى،
ئەل غېمى ئالدىدا غەمخان ھەرقاچان .
ئەل غېمى ئوتىدا كۆيگەن ئىككى ياش،
بىر تالاي ئىشلارنى ئويلايتتى ھامان .

«دېھقانلار ئىشلىسە كۈن ـ تۈن جاپالىق،
يىل بويى قولى پۇل كۆرمەيدۇ نېچۈن .
تەل بولماس نېمشقا ئەگنى ـ يا ئېشى،
موھتاجلىق بېشىدىن كەتمەيدۇ نېچۈن؟»

ئاخىرى يېشىلدى بۇ سىر، چىگىش ـ ئوي،
شۇ شانلىق يىغىندىن كەلدى خۇش خەۋەر .
نۇر چاچتى قايتىدىن پارلاپ سىياسەت،
شادلاندى كۆڭۈللەر يايراپ شۇقەدەر .

ئىشلىگەن چىشلەشنىڭ كەلدى زامانى،
قەددىنى رۇسلاشقا راسلاندى دېھقان .
بولسىمۇ سىياسەت قۇياشتەك نۇرلۇق،
تۈز - تەكشى ئەمەسكەن يوللار ھېچقاچان .

چىمەنمۇ شادلاندى، ئىشلار ۋە ئەمما،
ئوغۇشلۇق يۈرۈشۈپ كەتمىدى ئانچە .
بەختىكام باي بولۇش يوللۇق دېگەن بۇ —
تەدبىرنىڭ قەدرىگە يەتمىدى ئانچە .

باشتا ئۇ تىرەجەپ تۇردى خېلىلا،
«تىرىلىش» گۇمانى كۆڭلىدىن كەچتى .
سىياسەت تۇرمىدى ساقلاپ ۋە ئەمما،
قىستىدى بىر ياقتىن تىرىلغۇ پەسلى .

ئېچىلدى بىر كۈنى دېھقان مەجلىسى،
غۇلغۇلا پىلتىسى كەتتى ئوت ئېلىپ .
سۆز قىلدى توختىكام ھەمدە ئايجامال،
دېھقانلار ئوينى ئىزھار قىلىشىپ .

شۇندىلا تۈزۈممۇ بار بولدى، دېھقان —
ھوسۇلنى ھۆددىگە ئېلىشتى قورقماي .
ئىككى ياش باش بولغان تۇنجى گۇرۇپپا،
ۋەدىلەر، توختاملار قىلىشتى قورقماي .

ھەر كۈنى تاڭ بىلەن بەسلەشتى ئۇلار،
ئۇرغۇدى غەيرەتمۇ، قايىندى شۇنچە .

ھەر ئۆيدە گۈللىنىپ كەتتى قول ھۈنەر،
دېھقانىنىڭ كىرىمى ئايىندى شۇنچە .

كۆز پەسلى يېقىنلاپ كەلمەكتە مانا،
مول ھوسۇل ئىشەنچى دىللاردا تولۇق .
بىلىدۇ ئۈلارمۇ سىڭدۈرگەن ئەجىر،
مېھنەتنى قويمايدۇ ھېممەتسىز - قۇرۇق .

شۇندىمۇ پارتىيە تۈزگەن سىياسەت —
تەدبىرنى ئەمەلدە كۆرسەتمەك ئۈچۈن .
ھوسۇلنى ئاشۇرۇپ پىلاندىن ھەسسە،
نامراتلىق تۈسىنى ئۆزگەرتمەك ئۈچۈن .

ئاخىرقى پەرۋىشنى چىڭ تۇتماق كېرەك،
ۋە مەيلى مۈشكۈللەر بولسۇن قاتمۇقات .
شۇڭلاشقا تونۇردەك تومۇز ئىسسىقتا،
ئىشلەيدۇ ناخشا - كۈي توۋلاپ ئۈلار شاد .

## ئالتىنچى باب پىنھانە سوراق

بەختىكام مۇشۇ ئاي - كۈنلەردىن بىرى،
دېھقانلار ئېتىزدىن تارقىغان چاغدا .
ۋە ھەتتا كەچلىكى كۆكتە جىمىرلاپ،
دەسلەپكى يۇلتۇزلار بالقىغان چاغدا .

كەتمەننى سالاتتى ئۆشنىگە ئاستا،
ئېتىزنى ئارىلاپ كۆرەتتى ھەر كۈن .

كىملەرنىڭ ئىشى خوپ، كىمنىڭ نالايىق،
كۆڭلىگە ئېرىنمەي پۈكەتتى ھەر كۈن .

بەزىدە كېچىكىپ قايتسا ئۆيىگە،
زورىخان توختىماي سۆزلەپ كېتەتتى .
«باشقىلار قايتقىلى نەۋاق ئېتىزدىن،
بىھۇدە ئىشتىن نە پايدا تېگەتتى .»

بەختىكام دەر ئىدى: بىلسەڭ گەر خوتۇن،
ئۆتكەنكى ئەھۋالىم مەلۇملۇق ساڭا .
تېگىپمۇ قوياتتىم چىشىغا كۆپىنىڭ،
مۇشەققەت بۇندىنمۇ ئارتۇقتۇر ماڭا .

ھەر كۈنى تۈن ھەسسە بولماستىن تېخى،
قولۇمغا قاڭالتىر كاناي ئالاتتىم .
قاقپۇدا ئەزانى چاقىرىپ ئىشقا،
ۋارقىراپ بەزىدە دۇمباق چالاتتىم .

بۇ تېخى ئاددىي گەپ، گاھى كۈنلىرى،
ئۆيمۇئۆي قاترايتتىم، مۇشتلايتتىم ئىشىك .
كىمگىمۇ ياقاتتى دارامەتسىز ئىش،
ياناتتىم سالپىيىپ گاھى ئەلەملىك .

بۈگۈنچۇ ــــ ئەھۋالنى بىلسەڭ سەنمۇ،
مەن ئەمەس، دېھقانلار ھەيدەيدۇ مېنى .
ئەمگەكتە دېمەيدۇ كۈندۈز يا كېچە،
سۇ تۇتسا ساقلاپمۇ تۇرمايدۇ مېنى .

مۇبادا بىر ئۆيگە ئوخشسا ئەترەت،
ئاتىنىڭ كۆڭلىدە ئۆينىڭ غېمى بار .
دېھقانلار بىر ئۆينىڭ ئەزاسى دېمەك،
مۇدىرنىڭ كۆڭلىدە ئۆينىڭ غېمى بار .

بۇ گەپلەر بولۇنغان چاغدا، قاچاندۇر —
ئۇيقۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن ئايجامال .
بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلەتتى «پىخ - پىخ»
چاقماقتەك سۆزلەيتتى ئويغىنىپ دەرھال:

— ھە مانا، تېتىپمۇ قاپسەن ئاز - تولا،
بۇ يېڭى تەدبىرنىڭ تاتلىق تەمىنى .
مەسئۇللۇق تۇزۇمى دېگەندە زادى،
ئەۋزەللىك بارمىكىن ئېيتقىنچۇ قېنى؟

بەختىكام كۈلۈپلا بولدى قىلاتتى،
جاۋابتىن يالتىيىپ، گەپنى ئەگىتىپ .
«ئاناڭنىڭ راستىنلا قولى بال» دەيتتى،
مەغرىپتە ئاغزىغا بىر قوشۇق سېلىپ .

چوققىلار بېشىغا قونغاندا مانا،
كۈندۈزى تونۇردەك قىزارغان قۇياش .
بۇلۇتلار كۆكسىنى يېرىپ تال - تال نۇر،
مەغرىپتە مىسالى كۆيگەندە ئوتقاش .

نەزەردىن تاشلىماي ھەر قىر - ئېتىزنى،
بۇگۈنمۇ ئارىلاپ ماڭدى يەنە ئۇ .

جامالىلار كۆتۈرە ئالغان سالانىڭ،
چېتىگە يېتىپمۇ كەلدى ئەنە ئۇ .

ئۇ كەلدى، سالادا كۆردى مۆجىزە،
شۇنچىلىك ئوخشىغان بۇندا زىرائەت .
ھەيرانلىق ھېسسىغا چۆمدى خېلىلا،
ئويلىدى: «بۇ ئۆزى قانداق كارامەت؟»

چۈنكى ئۆز ئويىنىڭ ئەكسى ئەمەسمۇ،
بويىدەك بىر ھەسسە ئۆسكەن قوناقلار .
ھەر تۈپنىڭ تومۇقى كەتمەن سېپىدەك،
ھەر تۈپتە بىلەكتەك نەچچە باشاقلار .

بەختىكام تاپ ئارا ماڭدى ئىچكىرى،
ماڭغانچە خىجىللىق چىرماشتى ئاڭا .
ئايجامال سىياققا ئۆزگىرىپ ھەر تۈپ،
مىسالى سوغ نەزەر تاشلايتتى ئاڭا .

سەپ تارتىپ تۇرۇشقان ياشلار مىسالى،
تام بويلاپ رەتمۇرەت بوي سوزغان قوناق .
سەپ ئىچرە جامالنىڭ قەددى كۆرۈنۈپ،
ئاڭا ئۇ شۇ تاپتا تاشلايتتى سوراق .

ساقاللىق باشاقلار توختىكام ئەينى،
خۇرسىنىپ بېشىنى چايقايتتى ئاڭا .
دىتسىز دەپ كۈلەتتى ھەر تال يوپۇرماق،
نە ھۆرمەت كۆزدە باقمايتتى ئاڭا .

شۇ كەبى ھېسلارنى قىلىپ ھەمراھ ئۇ،
سالانى ئارىلاپ كەتتى ئىچكىرى .
توختىدى توساتتىن باسقان ئىزىدا،
ئون يېتىم يىراقتا سۆزلەيتتى بىرى .

«ئەجەبا، كەچ كىرىپ قالغان چېغىدا،
ھېلىمۇ ئېتىزدىن يانمىغان كىمكىن؟
تونۇردەك تومۇزدا ئىشلەپ كۈن بويى،
مېھنەتنىڭ مېھرىگە قانمىغان كىمكىن؟»

بەختىكام ئويلىدى ئۇشبۇ ئويلارنى،
ئۇن چىققان تەرەپكە چامدىدى ئاستا .
قوناقلار ئارىلاپ ئۆتتى تىۋىشسىز،
ئېرىقتىن يەم بىلەن ئاتلىدى ئاستا .

ھە، مانا كەلدى ئۇ كۈتكەن يېرىگە،
ئۆزىنى بىر ئوبدان دالدىغا ئالدى .
قىزىشقان بىر توپ ياش سۆھبەت ئۈستىدە،
ئۇلارغا پىنھانە باقتى، كۆز سالدى .

جامالنى چۆرىدەپ ئولتۇرار ھەممە،
جامالغا ياندىشقان ئايجامال ھەمدە .
سۆھبەتتىن تالىشىپ ئالدى نۆۋەتنى،
سۆزلىدى شۇ يەرلىك مىركامىل ھەمدە .

ئۇ دېدى: جامائەت دەڭسەپ كۆرۈڭلار،
ئەكرەمنىڭ يېقىنقى قىلمىشلىرىنى .

ھەر كۈنى قاترايدۇ بىزنىڭ ئۆيگە ئۇ،
شۇنچىلىك ئاۋارە قىلدى كىشىنى .

ئۇ دەيدۇ: بۈگۈنكى پۇرسەت غەنىيمەت،
دەسمايەڭ بولمىسا مەندىن ساڭا پۇل .
دېھقاننىڭ كۆزى كور، نادان بىرنېمە،
دېھقاندىن پۇل تېپىش بىلگىن ياخشى يول .

بىر پۇللۇق نەرسىنى ساتقىن ئون پۇلغا،
بارىدا راھەتتە ئۆتكىن يۇرت كۆرۈپ .
ئىشەنچ يوق سىياسەت دېگەندە ھەرگىز،
يۈز تاپقىن چىمەننىڭ پۇلدارى بولۇپ .

غەزەپكە كېلىشتى ياشلار شۇ ھامان،
ئەكرەمنىڭ سۆزلىرى ـ قىلمىشلىرىدىن .
ياغ چاچتى ئۇلاپلا ئۇستىگە ئوتنىڭ،
مەمەتجان سۆز ئېلىپ سۆھبەتتىن بىردىن:

— ھەي، ئەكرەم ھەققىدە مىش ـ مىش گەپ تولا،
ئۇ، دەيمىش قوللاركەن مۇدىر ئۆزىنى .
بۇ گەپنىڭ ئاساسى قانچىلىك، ئەمما —
بولامدۇ مۇدىرنىڭ تۆكسە يۈزىنى .

ئۇلاپلا باشلاندى توپتا غۇلغۇلا،
بەزىلەر كەتمىدى ئانچە چىن پۈتۈپ .
بەزىلەر ئايىقىزغا بېقىشتى سىرلىق،
بەزىلەر مۇدىردىن قىلدى گۇمان كۆپ .

ۋە ئەمما ئايجامال ــ مجەزى چۇس قىز،
بۇ سرلىق بېقشتىن سەزدىمۇ خورلۇق .
دېدى ئۇ مۇدرنىڭ قىلمىشلرىنى،
بۇ سۆزدىن پەم قىلىپ ئالغاندەك تولۇق .

ــ ئۆيدىنغۇ ھۇنەردىن چەكلىسە مەيلى،
ئەكرەمگە يانتاياق بولغىنى قانداق؟
كىم تەرەپ دېگۈلۈك ئاتامنى ئەمدى،
بارمۇ - يوق تىرناقچە مۇدرلىق سىياق!

دالدىدا بۇ گەپنى ئاڭلىدى بىر - بىر،
سۆھبەتكە زەن قويۇپ تۇرغان بەختىكام .
قامچىدەك سۆزلەردىن مۇجۇلغان قەلبى،
ئازابلىق ھېسلارغا بەردى جاي تامام .

چۈنكى ئۇ ئەكرەمگە ھېسداشمۇ ئەمەس،
ۋە لېكىن ئەل ئۇنى ھېسداش دەر نېچۈن؟
ئىغۋانىڭ ئەكرەمدىن چىققانلىقى راست،
ۋە لېكىن ئەل ئۇنى قولداش دەر نېچۈن؟

ئاختۇرار كۆڭلىنى مۇدىر ئۇشبۇ تاپ،
ياق، نېچۈن يان بەرسۇن ئەكرەم تەرەپكە؟
ئۆلگۈچە ئەل بىلەن بىر جاندۇر جېنى،
تەقدىرى چېتىلغان مەڭگۈ شۇ سەپكە .

ھە، ئەمدى قانداقچە ئاقلار ئۆزىنى؟
دەس تۇرۇپ ياشلارغا ئېيتسۇنمۇ شۇنى؟

قالدى ـ دە، ئىزىدا تېگىرقاپ بىر پەس،
ياق، دېدى غۇرۇرى توختاتتى ئۇنى .

ئايجامال سۆزىنى تۇگەتتى، ئەمما ـــ
چۈشمىدى مۇدىرنىڭ نامى ئېغىزدىن .
ياشلارغا مەنىلىك باققاندا جامال،
غۇلغۇلا ـ تالاشلار توختىدى بىردىن .

ئۇ دېدى: بېرىلسە كىملەرگە باھا،
يېنىكلىك قىلماقتىن توغرا ھۆكۈم يوق .
ئىنچىكە ئويلىنىپ باقماق، زۆرۈر ھەم،
يۈرگۈزۈش كېرەكتۇر تەھلىلنى تولۇق .

بۇ يېڭى بۇرۇلۇش ـــ ئۆرلەش پەيتىدە،
مۇدىرنىڭ ئۇندىمەي تۇرغانلىقى راست .
دېھقاننىڭ كۆڭلىگە ياقسا سىياسەت،
تېگىرقاپ دەر گۇمان بولغانلىقى راست .

شۇندىمۇ بەختىكام ئەگمەي قەددىنى،
ئەل غېمى بىلەنلا ئۆتكەن ئەمەسمۇ؟
ئۆتكۈزۈپ جاپالىق يىلدىن نەچچىنى،
بىز ئۈچۈن تەر ـ ئەجىر تۆككەن ئەمەسمۇ؟

ئۇ بۈگۈن قانداقچە ئەلنى ئالدىغان،
نومۇسسىز ئادەمگە بولسۇن يار ـ يۆلەك؟
ئاقۋەت بىز بىلەن بىللە ھەرقاچان،
كۆڭلۈمدە بۇنىڭغا يوقتۇر قىلچە شەك .

جامالنىڭ سۆزىنى يەڭگىل مىجەزلىك،
ياشلارمۇ راستىنلا ئويلاپ قىلىشتى .
ئۇ ئېيتقان پاكىتنىڭ دەڭسەپ ۋەزنىنى،
قوللاشتى: «بۇ ئۆزى جىق گەپ» دېيىشتى .

مۇدىرچۇ، مانا بۇ «جىق گەپ» دېيىشتىن،
ئارانلا ئۆزىنى تۇتتى شۇ تاپتا .
تارالدى قەلبىگە ئىللىق بىر ئېقىم،
كۆز ئالدى گوياكى سۈزۈلدى ئاستا .

* * *

كۈز كۈنى، نەقەدەر گۈزەل بۇ ئاخشام،
يۇلتۇزلار ياراشقان ئاسمان قەرىگە .
سۈس بولۇپ كەينىدە ئوخشار تولۇن ئاي،
گاز رومال كەينىگە مۆككەن پەرىگە .

يەردىچۇ، تىنۇشسىز ئەتراپ، سوغ شامال ــ
توڭلىتىپ ئۇچىدۇ ھەر جان ـ گىياھنى .
لەيلىشەر سارغايغان پۆپۈكلەر ئۇززە،
مەلىنىڭ تۈتۈنى ـ كەچنىڭ تۇمانى .

شۇ كەچتە كەڭ كەتكەن قوغۇنلۇق تۈزدە،
چۇچۇلە كۆيمەكتە تۈرتۈپ كەپىدە .
كۆرۈنەر چىرايى ئىككى كىشىنىڭ،
چوغ كەبى قىزارغان گۈلخان تەپتىدە .

بىرىدۇر بۇ يەرنىڭ مېھمىنى بەختى،
قوغۇنچى توختىكام ــ ساھىبخان بىرى .
مۇڭدىشىپ ئولتۇرار بۇلار سۆھبەتتە،
ئالدىدا كۆكچىنىڭ قەنتتەك سىر خىلى .

ئابلاجان ھەققىدە باشلىدى گەپنى،
بەختىكام بۇرىدى سۆزنى ئاستىلا .
دېدى ئۇ: ھەي ئۆزى قالتىس ئادەم ـ دە،
چىقىشقاق ھەم ئادىل، ھىممىتى تولا .

سانىسام يىگىرمە بەش يىل ئۆتۈپتۇ،
يادىمدا تۇرۇپتۇ تۇرقى شۇ پېتى .
ئا مۇدىر، ئا مۇدىر دەيتتۇق ھەممىمىز،
ھەتتەڭگەي، ئەملى زادى نېمىتى؟

سېنىڭمۇ ئېسىڭدە تۇرغاندۇر ئاداش،
ئۇ بىزگە كۆيۈمچان ئىدى شۇنچىلىك .
چىمەندىن ئايرىلغان كۈنى ئۇنىڭكى،
بىز بىلەن قىلىشقان چاقچىقى قىزىق ...»

سۆزلىگەچ بەختىكام باقتى «لەپ» قىلىپ،
توختىكام تەرەپكە سىنچى كۆز بىلەن .
توختىكام «ھە» دەيتتى، پەرۋاسىز بىراق،
ئانچىلىك يوق ئىدى كارى سۆز بىلەن .

ئېھتىمال مىجەزى يوقتۇر دېدى ـ دە،
بەختىكام ئۆزىنى بەزلىدى شۇنداق .

توختىكام پەرۋاسىز ئۇلتۇرغىنى راست،
كۆڭلىدە نېمىدۇر ئويلايدۇ بىراق .

ئۇ تېخى قوغۇنلۇق ياقتىن ئىش يىغىپ،
گۇگۇمدا كەپىگە كەلگەندە ھېلى .
بەھۇزۇر يانپاشلاپ گۈلخان يېنىدا،
ئارامغا ئىختىيار بەرگەندە ھېلى .

مۇدىرنىڭ ئايىغى يەتتى بۇ يەرگە،
كېلىپلا ئولگۇردى چاقچاقمۇ قىلىپ:
— ئاڭلىسام كىرىمىڭ ئاشقانمىش ھەسسە،
باش ئۇرۇپ كەتكىلى كەلدىم باي بىلىپ .

ئارقىدىن بەختىكام كۆلدى ئېچىلىپ،
قوغۇنچى قوغۇننى تىلىپ ئولگۇردى .
كۆكچىنىڭ تەمىنى ماختاپ شېكەر دەپ،
تەكەللۇپ ـ تەكلىپسىز ئېلىپ ئولگۇردى .

توختىكام گىناسىز مېھماندوست كىشى،
مۇدىرنى كەڭتاشا كۈتتى ئاشۇنداق .
ۋە لېكىن ئەقىلگە سىغماس ۋەقەلەر،
ئۇنتۇلسۇن ئۇنىڭكى كۆڭلىدىن قانداق؟

سارىخان شۇ ئاخشام يىغلىدى ئۆكسۈپ،
توختىكام چىدىدى خورلۇققا بىراق .
ئاغرىندى مۇدىردىن كۆڭلى تۇنجى رەت،
جۈپتىنى شۇ ھامان بەزلىدى شۇنداق:

— قوي خوتۇن، قالماسسەن كېلىنسىز، قىزسىز،
بۇ كۈنلەر بىز ئەمەس بەختىنىڭ خىلى .
شۇ كەڭرى چىمەندە ئازمۇ قىز دېگەن،
بولماسمۇ جامالغا لايىق تاپقىلى؟

ئېچىشقان يارىغا قۇيغان كەبى تۇز،
كۆپ ئۆتمەي مەلىدە كەزدى بىر خەۋەر:
«مۇدىرغا كۈيئوغۇل بولارمىش ئەكرەم!
تويلىرى ئۆتەرمىش كاتتا شۇ قەدەر .»

توختىكام شۇ گەپنى ئاڭلاپ چىنپۇتۇپ،
بۇ دورەم ئارتۇقراق غەش بولدى يەنە .
نېرىقى مەلىگە ئۆتمەكچى بولۇپ،
سارىخان ئايلىمىز راسلاندى يەنە .

ۋە بىراق بۇ ئىشنى بىلگەندە جامال،
سارىخان يولىدىن ياندى ئاقىۋەت .
جامالمۇ ئايقىزغا چاندۇرمىدى ھېچ،
ئىش بىلەن ئۆتكۈزدى كۈنلەرنى پەقەت .

شۇڭمۇ ئۈنچىقماي ئولتۇرار بۈگۈن،
مۇدىرنىڭ ئۆتمۈشتىن ئاچقان گېپىگە .
قانداقمۇ ئۆرتەنمەس باغرى ئۇنىڭكى،
ئا مۇدىر ئوبرازى يەتسە ئېسىگە .

بىر چاغلار، خىزمىتى تۈگىدى بۇندا،
ئا مۇدىر قايتماقچى بولدى چىمەندىن .

كۆز قيماي ھەممەيلەن ھېس قىلدى بۇنى،
ئالغاندەك يۈرەكنى سۇغۇرۇپ تەندىن .

شۇ كۈنى چىمەنلىك مەلە چېتىگە،
مېھرىبان كىشىنى چىقتى ئۇزىتىپ .
توختىكام ۋە مۇدىر قىلىشتى كۆز ياش،
مۇدىردىن ئايرىلىش ئېغىر تۇيۇلۇپ .

ئابلاجان ھاياجان ئىچىدە شۇدەم،
ئىككى دوست قولنى مەھكەم سىقاتتى .
ئۇيۇلتاش مىسالى بىر جۈپ سەيداشقا،
مەستلىكى كېلەتتى، تويماي باقاتتى .

ئاشۇ چاغ يېنىغا بوغچا ئېسىشقان —
ئايجامال ۋە جامال يۈگرەپ كېلىشتى .
مۇدىرنىڭ قولنى تۇتۇشۇپ مەھكەم،
«چىمەندىن ھېچيەرگە كەتمەڭ» دېيىشتى .

مۇدىرچۇ، كۆتۈردى ئۇلارنى بىر - بىر،
بۇ ئوماق باللار مەڭزىگە سۆيدى .
ئايرىلماس دوستلارغا — ئىككى ئاتىغا،
كۆز قىسىپ مەنىلىك بىر قاراپ قويدى .

توختىكام ۋە مۇدىر لىڭشىتقاندا باش،
قاقاقلاپ كۈلۈشتى يۈتكۈل چىمەنمۇ .
كۈلكىگە قوشۇلدى سەبىي ئۆسمۈرلەر،
كۈلۈشتى يۈرەكمۇ، يايرىدى تەنمۇ .

«ھەي» دەيتتى توختىكام ئىچىدە شۇ تاپ،
«ياخشىسى ئۆتمۈشنى سالما ئېسىمگە.
مەن ئەگەر يۈزۈڭگە سالسام ئۆتمۈشنى،
ئېيتقىنچۇ، دۆڭگەرسەن ئەيىبنى كىمگە؟»

بىر تاغدىن ـ بىر باغدىن سۆزلىشىپ شۇنداق،
گەپكە ـ گەپ يېپىشماي ئۆتتى بىر ئاخشام.
مۇدىرمۇ ئۆزىگە قويىدى سوراقنى،
«ئارىدا بولدىمۇ پەيدا توساق تام؟»

* * *

ئاسماندا ئاي ئۈزەر، جىمجىت يەر يۈزى،
ئايجامال ئۇيقۇدا، ئۇخلايدۇ شېرىن.
ئەدىيال ئۈستىدىن كۆرۈنەر كۆكسى،
گاھ ئۆرلەپ ـ پەسىيەر ئالسا يېنىك تىن.

بەختىكام بۈگۈنمۇ قايتتى يەنە كەچ،
قولىدا پانارى، ئۆتتى دالاندىن.
كارىۋاتىنىڭ يېنىدا توختاپ قالدى ۋە،
قىزىغا سەپسېلىپ باقتى ئۇ ئاندىن.

ئۇ باقتى، كارىۋاتىنىڭ يېنىغا، ئۇندا،
دەستىگاھ توقۇلماي قالغان گىلەمگە.
يالۋۇرۇپ يىغلايدۇ گويا ئايجامال،
غەزەپلىك جۇپ كۆزى تولغان ئەلەمگە.

ئۇ باقتى قىزىغا، دەيدۇ گويا قىز:
«ئەكرەمگە يانتاياق بولدۇڭ نېمشقا؟
كۆڭلۈمدە جامال بار، بىلگىن جامال بار،
ئۇلارنى رەنجىتىپ قويدۇڭ نېمشقا؟»

ئۇ باقتى قىزىغا، دەيدۇ گويا قىز:
«ئەل ماڭغان يول بىلەن ماڭمايسەن نېچۈن؟
نامراتلىق جەبرىدىن بولماقتا خالاس،
بۇرچۇڭنى زىممەڭگە ئالمايسەن نېچۈن؟»

ئۇ باقتى قىزىغا، دەيدۇ گويا قىز:
«باق ئەنە كىرىمگە، باققىن هوسۇلغا .
بىر يازدا يۈكسىلىش بولدى قانچىلىك،
قانچىلىك ئۇتۇقلار كەلمىدى قولغا؟»

ئۇ باقتى قىزىغا، خىجىللىق ئىچرە،
بېشىنى ئۇن - تىنسىز چايقىدى ئاستا .
«سەۋەنلىك ئۆتتىمۇ مەندىن» دېدى ۋە،
قىيىندى سوراقلار قىيىندى ئاستا .

## يەتتىنچى باب چىمەندە توي

كۈز ئېيى، زەر چاپان كىيگەن دەل - دەرەخ،
هەر سەهەر ياپراقتا يالتىرار شەبنەم .
تۇرنىلار قاتارى كۆرۈنەر كۆكتە،
تاڭ، شامدا تەبىئەت ئىپلىشار سوغ دەم .

كۈن كەچتە ئۈپۈقنى چوغدەك قىزارتماس،
قىرغاققا ئىتىلماس ئۆستەڭ سۈيىمۇ .
ئاقارغان يىراقتا ئۈچتەك تاغ بېشى،
باغلاردا ئاڭلانماس كاككۇك كۈيىمۇ .

ئېتىزدا ۋە بىراق كۆزنىڭ شادلىقى،
كاككۇكنىڭ ئۈنىدەك بەلەن كۈي ـ نەغمە .
قوناقلار ئۈزۈشەر پۈتكۈل قىرى ـ ياش،
مول ھوسۇل شەنگە سايرىشار ھەممە .

ھە، ئەنە جامالنىڭ قولىدا كەتمەن،
بىر چېپىپ شاخلارنى غۇلتار تېز ـ تېز .
تولدۇرار سېۋەتنى ھەش ـ پەش دېگۈچە،
ئايجامال قاتارى ئىشلەر نەچچە قىز .

كىرانىدەك كۆتۈرۈپ سېۋەتنى ئەرلەر،
ھارۋىنى تولدۇرۇپ ئىشلەر قولمۇقول .
«تاس» قىلىپ ھاۋادا سويلىسا قامچا،
خامانغا ئۈچۈشار قاناتلىق دۇلدۇل .

بىر ياقتا چىقماقتا توختىكام خالىس،
ئۇسسۇزلۇق يەتكەنلەر ھاجەتلىرىدىن .
يىگىتلەر قاندۇرۇپ تەشنالىقىنى،
ئالدىرار كۈچ تۆكۈپ قامەتلىرىدىن .

بەختىكام قېشىدا ئۈچ ـ تۆت بوۋاينىڭ،
تاللىشار ئۇرۇقلۇق دىلخا قوناقنى .

«بۇ ئۆزى كارامەت» دېمەكتە كىمدۇر،
دەڭسەپلا بىلەكتەك بىر تال باشاقنى .

«كارامەت» دېيىشتى ھەممە كۈلۈشتى،
كۆڭلىدە قىلىشىپ قانائەت ھاسىل .
بىردىنلا يىراققا كۆز تىكتى ئۇلار،
«كىم كەلدى، قاراڭلار» دېدى مىركامىل .

راستتىنلا چوڭ يولدا توزۇتۇپ چاڭنى،
يىراقتىن بىرەيلەن ئاتلىق كېلەتتى .
بارغانچە يېقىنلاپ ئاشۇ ئاتلىقمۇ،
توپتوغرا مۇدىرنىڭ ئالدىغا يەتتى:

«ھوي، ئەخمەت» دېدى ـ دە، مۇدىر تونۇشلۇق ـــ
بۇ كاتىپ يىگىتكە قول بەردى شۇئان .
«تەرلەپلا كېتىپسەن، قانداق بىر خەۋەر ـــ
ئېيىكەلدىڭ چىمەنگە، ئېيتقىنا چاپسان .»

ھال ـ ئەھۋال سوراشقاچ ئەزالار بىلەن،
بىر ئورام موخۇركا ئورىدى ئەخمەت .
ئوت ياقتى، ئۆزىنى تۇختىتىپ ئاستا،
تىرناققا يەتكۈچە شورىدى ئەخمەت .

تاقەتسىز مۇدىرغا باقتى ئۇ ئاندىن،
ئۇزاتتى ئۇنىڭغا تامغىلىق خەتنى .
ئايجامال ياردەمگە بولدى پىدائىي،
جامائەت ئاڭلىدى ئۇشبۇ مەقسەتنى .

ــــ مەسئۇللۇق تۇرزۇمنىڭ ئەۋزەللىكىدىن،
چىمەندە مۆلچەردىن ھالقىغاچ ئاشلىق .
ئاچماقچى نەق مەيدان يىغىنى بۇندا،
ۋىلايەت، ناھىيىدىن كەلمەكچى باشلىق .

بۇ ئاينىڭ ئاخىرى ۋاقتى يىغىننىڭ،
يىغىمنى، خامانىنى تۇتۇڭلار چاپسان .
تەجرىبە سۆزلەيدۇ مۇدىر ۋە جامال،
تەييارلىق قىلىڭلار پۇختا ۋە ئوبدان ...»

ئوقۇلدى ئۇقتۇرۇش تىترەك ئۈن بىلەن،
يۈرەكلەر سوقۇشى تېزلەشتى شۇئان .
تەبرىكلەر ساداسى ئۆرلىدى بىردىن،
دىللاردا جۇش ئۇرۇپ ئاقتى ھاياجان .

ئايجامال جامالغا قويدى بىر بېقىپ،
ئارقىدىن ئاتىسى ئالدىغا كەلدى .
مۇدىرچۇ، يېنىشلاپ ئوقۇتتى خەتنى،
تامغىغا يەنە بىر قاراپ ئۈلگۈردى .

*  *  *

بۇ كۈنلەر قوشنا كەنت دېھقانلىرىنىڭ ــــ
ئىچىدە مۇنداق گەپ يۈرمەكتە كېزىپ:
«چىمەنلىك باي بوپتۇ راستتىنلا بۇ يىل،
يۈرىكى كەتمىسە ئىدى يېرىلىپ ...»

كم بىلمەس بۇ گەپنىڭ چاقچاقلىقىنى،
ئەمەستۇر ئاساسسىز چاقچاق شۇندىمۇ .
خاماندا توختىماي ماشىنا گۈر - گۈر —
سايرايدۇ كۈندۈزمۇ ۋە يا تۈندىمۇ .

دان ئايرىش مەيدانى جەڭگاھ مىسالى،
خامانغا باشاقلار تۆكۈلەر ئىتتىك .
بىر ياققا ئۇچۇشار مەدەكلەر ئوقتەك،
بىر ياققا تۆكۈلەر دانلار ساپسېرىق .

بىر پەستە تولدۇ ئونلاپ قاپ - تاغار،
قاپلارنى ئۆلچەيدۇ گىرنىڭ تەخسىسى .
بىر چەتتە تۇرىدۇ قاپلارنى كۈتۈپ،
دۆۋە بوپ تۇرۇشقان چەشتىن نەچچىسى .

كۆز چاقار ئاسماندا شەلپەر پلاكات،
«مەرھابا ۋەكىللەر، مەجلىس مۇبارەك!»
«ھەشقاللا پارتىيە بەرگەن نېمەتكە!»
«مەرھابا رەھبەرلەر كەلمىش مۇبارەك!»

* * *

— ھەي خوتۇن، يەر قىلاي دەمسەن مېنى يا،
سۆزۈمگە بەر جاۋاب گەپنى ئاز قىلىپ .
توختاخۇن تەرەپكە ئۆتكىن بۆگۈنلا،
ناماقۇل بولايلى، تۇرماي ناز قىلىپ .

بۇ نۆۋەت گېپىمنى ئاڭلا ھەي خوتۇن،
باشتىمۇ بۇ ئىشنى بۇزغان ئۆزۈڭسەن .
سارىخان كەلگەندە قايتۇردۇڭ نېچۈن،
جامالدۇر بىر ئوبدان يىگىت بىلەمسەن؟


ــ سارىخان ئايلىنى قايتۇرغىنىم راست،
ۋە بىراق سىلىمۇ ئەمەس چەتتە ھېچ .
دېگەنىغۇ توختاخۇن تۇتتى يامان يول،
قىز بەرسەك بولمايدۇ ھەرگىز قۇلاق تىنچ .


ــ بولدىلا ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، ھېلىمۇ ــ
خىجىللىق ئىچىدە بولدۇم ئۆلگۈدەك .
سەۋەنلىك ئۆتۈپتۇ مەندىن، كەچ ئەمەس ــ
خاتانى تۈزەتسەڭ، ئاڭا چاي بەرسەك .

ــ ھە ماقۇل، بۇ گەپكە قوشۇلاي بىراق ــ
بارارمەن ئۇياققا قايسى يۈز بىلەن .
ئۆزلىرى بىرنىمە قىلسىلا ئادەم،
ئۇياتخۇر كېلىدۇ مەزلۇم خەق دېگەن .

بۇ تالاش ـ تارتىشلار بولدى بۇگۈن كەچ،
بەختكام خاماندىن يانغاندىن كېيىن .
يىغىننىڭ ۋاقتى دەپ ئەتىگە ـ چۈشكە،
يېزىدىن خەۋەرنى ئالغاندىن كېيىن .

كۆنمدى خوتۇنى ھەرنە قىلسىمۇ،
كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى مۇدىر .





پۇشايمان، ئېچىنىش، ئەپسۇس ئىچىدە،
بەزىدە كۆزىنى ياشلىدى مۇدىر .

شۇ چاغدا دەرۋازا چېكىلدى يېنىك،
«ھە» دېدى بەختىكام پەرۋاسىز بىراق .
زورىخان ئورنىدىن قوزغىلىپ ئاستا،
گىرىمسەن بۇ ئۆيگە ياندۇردى چىراغ .

«كىم؟» دېدى، كۆڭلىدە ئويلاپ قالدى ئۇ،
ئىشىكتىن سىپايە كىرگەندە بىرى .
بەختىكام بېشىنى كۆتۈردى ئاستا،
تۇماقنى كۆزىدىن ئىتتەردى نېرى .

«بەختاخۇن، تونۇماي قالدىڭمۇ مېنى؟»
دېدى ۋە يېقىنراق كەلدى كىرگۈچى .
«ئا مۇدىر!» دەۋەتتى بەختىكام ھەمدە،
بىراقلا توۋلىشىپ كەتتى بۇ ئۈچى .

بەختىكام قولىنى سىقتى مېھمان چىڭ،
بەختىكام مېھمانغا ئاتتى ئۆزىنى .
ئېغىزلار بىر ئېغىز كەلمىدى گەپكە،
شادلىقى تولدۇردى ياشقا كۆزىنى .

سۆھبەتلەر باشلاندى ئارىدا تېزدىن،
كۆپ يىللىق كەچمىشلەر سۆزلەندى شۇئان .
زورىخان كەلتۈردى سۈت چاي ئۈلارغا،
چاي ئىچكەچ گېپىنى باشلىدى مېھمان .

ئۇ دېدى: توساتتىن كەلدىڭ دېمەمسەن؟
كەلگەنتىم ناھىيىگە كەچتە تۈنۈگۈن .
يىغىننىڭ ۋاقتىغۇ ئەتە، سىلەرنى ـــ
كۆرەي دەپ بۇرۇنراق يول سالدىم بۈگۈن ...

بەختىكام سۆزىنى بۆلدى مېھماننىڭ؛
ھە، ئەمدى ئۆزۈڭنى ۋالىي دېگىنە؟
لەۋزىڭدە تۇرۇپسەن قايتار چېغىڭدا،
دېگەنتىڭ چىمەننى يوقلايمەن يەنە .

شۇ ئاندا ئىشىكمۇ ئېچىلدى ئاستا،
ئىشىكتىن كەيپى چاغ كىردى ئايجامال .
كىرىپلا تۆردىكى مېھمانغا قاراپ:
«ئەسسالام» دېدى ۋە ئېگىلدى دەرھال .

«ئوخشاتتىڭ شەيتان قىز» دېگەندەك مېھمان،
قىز بەرگەن سالامغا قايتۇردى سالام .
مېھماننى كۆرستىپ ئايجامال قىزغا،
مۇنۇ گەپ ـ سۆزلەرنى ئېيتتى بەختىكام .

ـــ مانا بۇ ئا مۇدىر، ۋالىي تاغاڭ شۇ،
سىلەرنى كۆرۈشكە كەپتۇ يىراقتىن .
مول ھوسۇل توينى تويلايمىز بىللە،
بۇ دورەم قاملىشىپ كەلدى ئىش راستتىن .

ئايجامال ۋالىيغا ئېگىلدى قايتا،
دېدى ئۇ: تەلەپتىن تېخى يىراق بىز .

سالامنى يەنە بىر كەلتۈردى بەجا،
يول ئالدى تالاغا يۈگرەپ خۇشال قىز .

قاقاقلاپ كۈلۈشتى ۋالي، بەختىكام،
ئۇياتچان، تارتىنچاق قىزچاققا قاراپ .
مۇدىرغا دېدى ئۇ جىددىي ئاھاڭدا،
چىن دىلدىن ئۇرغىغان چاقچاققا ئۇلاپ:

— مول ھوسۇل تويىدا راستتىن بىللە بىز،
قىزچاقنىڭ تويىنى ئوينايمىز قاچان؟
بەختىكام كۈلكىدىن توختىدى چورتلا،
بۇ سۆزدىن تېگىرقاپ قالدى شۇ ھامان .

ۋاليمۇ جاۋابقا قىستاپ تۇرمىدى،
ئاردىن جىملىقنى بۇزمىدى ھېچكىم .
مۇدىرمۇ ئېيتىلماي تۇرغان سەۋەبنى،
ۋالينى بىلمەس دەپ ئويلار ۋە بەلكىم .

ياق، ۋالي نېمشقا بىلمەس سەۋەبنى،
ئۇزاقتىن چىمەنگە تۇرسا كۆز سېلىپ .
ناھىيگە كېلىپلا ئۇقتى تەپسىلي،
يېزىدىن يوللىغان دوكلاتنى ئېلىپ .

شۇڭا ئۇ يىغىندىن بىر كۈن مۇقەددەم،
يول ئالدى ئۇدۇللا چىمەننى كۆزلەپ .
يول بويى ئۇچراشتى ئەزالار بىلەن،
توختىنىڭ ئۆيگە كەلدى ئۇ دەسلەپ .

ئاڭلىدى مۇپەسسەل بولغان ئىشلىنى،
مۇڭداشتى قەدىناس دوستلار بىلەن دەم .
چاقىردى ئالدىغا قىز ۋە يىگىتنى،
راسلاندى ئۇلارغا قىلماققا ياردەم .

جامالغا ئەلچى بوپ ۋالىي شۇڭمۇ،
كەلگەنتى بۇ ئۆيگە دەرۋازا قېقىپ .
مۇدىرنىڭ كەيپىدە چىگىش ھالەتنى،
كۆردى ئۇ كۆزىگە شۇنداق بىر بېقىپ .

ئويلىدى ئۇ: «مۇدىر راستتىن خىجالەت،
بىر مەھەل ئاممىدىن ئايرىلغان ئۈچۈن .
قىزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى بولۇپمۇ،
بېشىنى قاتۇرۇپ تۇرمامدۇ بۈگۈن .

دوستىنى بۇ پېتى غەمدە قويۇشقا،
ئاق كۆڭۈل ۋالىينىڭ رايى بارامدۇ؟
يا ئۇنى خاتالىق ئۆتكۈزگەن سەۋەب،
سوغ نەزەر كۆز بىلەن يەكلەپ قارامدۇ؟

ياق، بۇ دەم دوستىنىڭ تەشنادۇر دىلى،
دوستانە مەسلىھەت مەلھەملىرىگە .
تەشنادۇر غەملەردىن ئۈزمەك ئۈچۈن قول،
چىن دوستلۇق قولىنىڭ ياردەملىرىگە .»

ئەنە شۇ بىر دەملىك جىملىق ئىچىدە،
ھېسابسىز كۈرەشلەر بولدى مېڭىدە .

مۇدىرنىڭ كۆزىگە باققاندا ۋالىي،
ئېچىنىش يېشىنى كۆردى كۆزىدە .

دېدى ئۇ: «ئۆتكەن ئىش ئۆتتى بەختاخۇن،
جامالغا ئەلچى بوپ كەلدىم ساڭا مەن .
سېنىڭچە توي ۋاقتى بولسۇن قاچانراق،
ئاتىلىق سۆزۈڭنى ئېيتقىن ماڭا سەن .»

ھە، مانا غولىدى مىڭ جىڭ ئېغىر يۈك،
يېنىكلىك ھېس قىلدى مۇدىر شۇ ھامان .
رازىلىق بىلدۈردى ۋالىيغا، ئۇنىڭ —
چېھرىدە ئوينىدى كۈلكە ـ ھاياجان .

تېڭىرقاپ ئېھ، قانچە پۇشايمان ئىچرە،
نەچچە كۈن ـ ئاخشامنى ئۆتكۈزمىدى ئۇ .
تۈن بويى قاقمىدى كىرپىك، قانچىلىك —
خىيالنى كۆڭلىگە كەلتۈرمىدى ئۇ .

توختاخۇن ئالدىغا كېيىقالسا ئۇدۇل،
يا جامال تەرەپكە تاشلانسا كۆزى .
تەس كەلدى قانچىلىك كۆزنى قاچۇرۇش،
قانچە رەت «لاپ» قىلىپ ئوت ئالدى يۈزى .

ئەمەسمۇ چىمەننى پەرۋاز قىلدۇرغان،
سىياسەت دېھقانغا بەرگەن جۇپ قانات .
ھاياجان ئىچىگە سالماي قويدىمۇ،
ئۆزىنى بۇ يىلقى جۇشقۇن كەيپىيات .

نېمشقا ئاممغا بولالمدى باش،
نېمشقا قورقۇشنى قالدى دوست تۇتۇپ؟
ئۆزمدى مېهرىنى كونا مۇقامدىن،
نېمشقا كەتمدى ئۇندىن قۇتۇلۇپ؟

ھە، ئەمدى قاياققا مېڭىشنى بلمەي،
قالغان بۇ يولچىغا دوستى سۇندى قول .
ۋالىنىڭ دوستلارچە ياردەملرىنى،
نېمشقا چىن دىلدىن قلماس ئۇ قوبۇل؟

دەستىگاھ ئالدىغا باردى شۇندا ئۇ،
پەنجىگە تىكلىپ باقتى بىرھازا .
يېڭى گۈل نۇسخىسى — رەڭدار چېچەكنى،
گىلەمنىڭ بېتىدە چاقناتتى راسا .

* * *

تاغ باغرى بوستاندا، جەننەت ماكاندا،
قوش تۈينىڭ ناغرىسى ياڭرايدۇ بۈگۈن .
يۈرەكنى تىترىتىپ سايرايدۇ سۇناي،
بارچە دىل زەپ خۇشال يايرايدۇ بۈگۈن .

كەڭ سەينا، سۇپىدا زىلچا - گىلەملەر،
سۆلەتلىك قىرىلار ئولتۇرار خۇشخۇي .
داستىقاندا مول شۇنچە نازۇنېمەتلەر،
گۆش، مايلىق پولۇلار چاچىدۇ خۇشبۇي .

تەك ئاستى، ئولتۇرار قەدناس ئۈچ دوست،
كەچمشلەر سۆزلىشەر كۈلۈشۈپ ئاي ـ هاي .
ناۋاتتەك قوغۇننى ماختىشار تەڭلا،
ئۆزئارا هۆرمەتتە تۇتۇشار سنچاي .

دىللارغا هۇزۇرنى ئەيلەيدۇ بەخش،
سازچىلار نامايان قىلىپ ماھارەت .
ئۇسسۇلدا سىرغىيدۇ پەرى بەدەنلەر،
جەننەتنى هۆرلەرگە ئوخشايدۇ قەۋەت .

چوكانلار ئالدىرار، قولىدا پەتنۇس،
مىھمانلار قېشىدا پەرۋانە بولۇپ .
پىيالە تۇتۇشار ساقىي يىگىتلەر،
ياشلارغا شەربەتنى مەيزاپ تولدۇرۇپ .

قىز ـ يىگىت ياندىشىپ ئولتۇرار تۆردە،
كەينىدە تاۋلىنىپ چاقنار گىلەمى .
ئايقىزنىڭ قىزارغان يۈزىنى ئەپچىل،
يوشۇرغان قىزىلگۈل رەڭلىك رومىلى .

داستاندا مىھمانلار يايراشتى ئۇزاق،
توي بېشى — ۋالىيغا بېقىشتى ھەممە .
سازەندە يىگىتلەر ئالدى ئارام ـ دەم،
سۆھبەتلەر بېسىلدى، توختىدى نەغمە .

يېقىملىق كۈلدى ۋە ۋالىي ئالدى سۆز،
— مويسىپىت ئاتىلار، ئەزىز مىھمانلار .
بۇ خۇشال كۈنلەردە ئوينىدۇق قوش توي،
كۆڭۈللەر يايرىدى، كۈلدى بۇ جانلار .

تەكلىپىم، قوش تويچۇن جاپالار چەككەن،
قىز ـ يىگىت ئۇسسۇلغا چۈشمەي بولامدۇ؟
ھە قېنى، ئۇكىلار چېلىڭلار ئوبدان،
بولمىسا مېھماننىڭ كۆڭلى ئۇنامدۇ؟

بەختىيار قۇدىلار كۈلدى قاقاقلاپ،
سورۇندىن «دۇرۇس» دەپ سادالار كەلدى.
تارلارغا ئۇرۇلدى زەخمەك، ناخۇللار،
زەپمۇ شاد، يېقىملىق ناۋالار كەلدى.

مەيدانغا چۈشتى ۋە تارتتى جامالنى،
مىركامىل — يىگىتنىڭ قولدىشى دەرھال.
ئىككى قىز ئۇسسۇلغا چۈشتى ئارقىدىن،
دالاندا كۆرۈندى بىردىن ئايجامال.

قىز ـ يىگىت كەلدى تەڭ ۋالىي ئالدىغا،
ئۇسسۇلغا تارتىشتى، تەزىم قىلىشتى.
«ھۇششەرە» دېيىشتى توي ئەھلى شۇئان،
چاۋاكلار ياڭرىتىپ رىغبەت بېرىشتى.

بۇ چاغدا ساز راسا سايراپ تۇراتتى،
بار چىمەن توي بىلەن قايناپ تۇراتتى.
گۈگۈمغا پۈركەنگەن تاغ ۋە دالامۇ،
بۇ ياڭراق كۈلكىنى ئاڭلاپ تۇراتتى.

1981 ـ يىلى سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

# ھەسەن ۋە ھۈسەن

## بىرىنچى باب  ئىككى تەرەپكە

جەنۇبتىن كېلەر سىپى تۇرنىلارنىڭ،
كۆكلەمدىن شەپە بېرىپ ناخشىسىدىن .
ئۈيىنتىپ شەپەق نەپىس شەلپىرىنى
ئۆرلەيدۇ ئاقۋاش تاغلار ئارقىسىدىن .

كەڭ ۋادا ئاسمان بىلەن تۇتىشىدۇ،
قۇياشنىڭ تال ـ تال ئالتۇن يىپى بىلەن .
ئەگىز سۇ قىش قارىنىڭ يادنامىسى،
سىڭىشەر تۇپراقنىڭ قات ـ قېتى بىلەن .

كۆكلەمنىڭ گۈزەللىكى يەر يۈزىدە،
ئاڭلىنار كۆكلەم دېمى قۇلاقلارغا .
سەمرىتىپ مەجنۇنتاللار بىخلىرىنى،
لەۋ ياقار ئېگىلگەنچە بۇلاقلارغا .

ئاچقىلى ئۆرۈك گۈلى پۈرمىسىنى،
شاماللار شاخلار ئارا ئارىلايدۇ .

بخلانغان كوكات ئۆستەڭ بويلىرىدا
شەبنەمدىن دوپپا كىيىپ يالتىرايدۇ .

سۇس مانان لەيلەپ يۈرگەن ئېگىزلىككە،
تورغايلار تىك ئۆرلىشىپ سايرىشىدۇ .
قۇشقاچلار چاڭگا سالغان كامارلارغا،
ئەتراپقا چۆچۈپ - چۆچۈپ قارىشىدۇ .

كەڭ دالا قىزىپ كەتكەن ئەتىگەندە،
ئويغانغان تاڭمۇ مېھنەت ناۋاسىدىن .
داپ چېكەر تراكتورلار زەپ رىتىملىق،
جانلانغان دالا ناخشا ساداسىدىن .

يەر باغرى تىلغىنىدۇ ساپانلاردا،
سۆرەملەر يەرنى تەكشى تۈزلىشىدۇ .
شاش ئاتلار سۆرەپ بارار سيالكىنى،
يىگىتلەر خۇشال قامچا سىلكىشىدۇ ...

ئىشلەيدۇ ھەركىم خۇشال ئۆز يېرىدە،
قوللىنىپ يېڭى - يېڭى ئۇسۇللارنى .
ساپالىق چاچار بۇغداي ئۇرۇقنى،
توختامدىن ئاشۇرماققا ھوسۇللارنى .

چېتىدە ئاشۇ مۇنبەت كەڭ سالانىڭ،
قاپقارا چىلان تۇپراق ئوسلىق بار .
ئاغدۇرۇپ تەكشىلەنگەن ئوسلىقتا،
سيالكا قېتىلغان ئات ئۇگدەپ تۇرار .

بىر ياقتا ياتار سېمىز قاشقا ئۆكۈز،
كۆشەيدۇ كېچە تويۇپ يېگىنىنى.
بوقۇسا — ئەگرى ياغاچ كەيىندىلا،
قورۇيدۇ قۇيرۇقىدا چۈنىنى.

ئۆكۈزغۇ ياتار شۈنداق، ئات بەزىدە
ئۈركۈيدۇ، يەر كولايدۇ تۇياقلىرى.
يېنىدا ۋارقىراشسا ئىككى ئەركەك،
پوكاندەك قىزارغانچە قۇلاقلىرى.

— قوي ئاكا، ئەمدى ئاشۇ كاجلىقىڭنى،
ئۆتكەن يىل ئاچچىق ساۋاق ئالمىدۇقمۇ؟
ساپاسىز چېچىپ شالغۇت داننى يەرگە
خاماندا ئەلەم يۇتۇپ قالمىدۇقمۇ؟

بەك دىلغا يېقى سورتى يازغىنىڭ بۇ،
تېخىنكىلار تونۇشتۇردى خىسلىتىنى.
بەش تاپلىق سيالكىدا تېرىۋەتسەك،
كۆرۈپ باق هوسۇلنى يازدا قېنى؟

«دەپ باقە، ئاكا سەنمۇ ياكى مەنمۇ؟
بوينۇڭنى تولغايسەنا گەپلىرىمگە.
تېخىنكا دەۋىرىسەن، تېخىنكىدىن،
يېتىپتۇ شۇ چاغقىچە پايدا كىمگە؟

كۆزۈمدىن يوقات مۇنۇ سورتلىرىڭنى،
يوقاتقىن جالدۇر - جۇلدۇر سيالكاڭنى.

ئۇرۇقۇم، بوقۇسام بار ئاتا مىراس،
ئىشىدىن توختاتمىغىن بەس، ئاكاڭنى!»

«ياق، بۇدو كىرەلمەيمەن گەپلىرىڭگە،
ئەقلىنى ئىشقا سالماي بولماس ئاكا .
قارا كۆچ بىلەككىلا تايانغانلىق،
بىكار تەر تۆكۈش بىلەن ئوخشاش ئاكا .»
...

يات ئەمەس بىر ـ بىرىگە تۇتۇشقانلار،
يات ئەمەس، يەنە كېلىپ قوشكېزەكلەر .
رەھمەتلىك غازىكامىنىڭ باللىرى —
دېسىلا بىلەر چوڭلار ۋە گۆدەكلەر .

بىر سائەت پەرقى پەقەت ياشلىرىنىڭ،
تۇرقىمۇ بىر قېلىپتىنا قۇيۇلغاندەك .
قاشلىرى قويۇق، ئۆڭى قارامتۇلراق،
بىر تامچە سىياھ تۆكۈپ يۇيۇلغاندەك .

بەشى كەم ئوتتۇزدىدۇر ياشلىرى ھەم
بىرىنىڭ باردۇر بىردىن باللىسىمۇ .
ھە مانا كۆتۈرگەنچە ناشتىلىقنى،
كېپقالدى باللارنىڭ ئانىسىمۇ .

ئارىغا چۈشتى شۇدەم ئىككى ئايال،
ھەرقايىسى ئۆز ئېرىنى جىملەشتى .

ئالىسپ يەۋەتكۈدەك ئايالىغا،
ھۆسەنگە قېيداپ ھەسەن جىددىيلەشتى:

— دەپ بولدۇم دەيدىغانىڭ ھەممىسىنى،
يوپۇردۇڭ سۆزلىرىمگە قۇلىقىڭنى .
ئون تۆت مو يەردىن ئالغىن بىر ئۆلۈشنى،
چاچ ئاندىن سىنالمىغان ئۇرۇقۇڭنى .

مەن قىلاي ئۆز يېرىمدە بىلگىنىمنى،
ئەسسالام دېيىشەرمىز جىلىڭ تۈۋىدە .
توختامغا ھەركىم باسسۇن ئۆز قولىنى،
گەپ بولسا دەۋالايلى دەسلىپىدە .

مەن كەتتىم چاقىرغىلى دادۇيجاڭنى،
ئىككىگە ئايرىپ بەرسۇن يېرىمىزنى .
كەملىسە ھوسۇل كۆرەي پېشانەمدىن،
چاتمىسۇن بىرىمىزگە بىرىمىزنى .

ھۆسەنجان ئاكىسىنىڭ غەزىپىدىن،
چۆچۈدى، ئاغا ئۇزۇر قويۇپ باقتى .
ئايالىلار چۇرقىراشتى، ھاي بېرىشتى،
يالۋۇرۇپ ئالدىنىمۇ توسوپ باقتى .

قېرىنداش يا خوتۇنىڭ گەپلىرىمۇ،
ئاغا ھېچ كۆرسەتمىدى تەسىرىنى .
تۇتقانىڭ قوللىرىنى سىلكىۋېتىپ،
قېقىپلا قىرلاپ كىيدى تەلپىكىنى .

بىر چامداپ، ئىككى چامدام ئارىلىقنى،
قەدەمنى مەلە تامان تاشلىدى ئۇ .
چارىسىز ھۇسەن قىرغا زوڭزايدى ـ دە،
ھەي، دېدى گەجگىسىنى قاشلىدى ئۇ .

## ئىككىنچى باب تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن

يۇلتۇزلار كۆرسىتىشتى جىلۋىسىنى،
يايغاندا گۇگۇم كۆكۈش پەردىسىنى .
كۆك شايى ئۈزرە كۈمۈش تەلەڭگىدەك،
باشلىدى ئايمۇ بۇلۇت سەيلىسىنى .

ھۇسەنجان قايتتى ئىشتىن ــ ئېتىزلىقتىن،
چوتكىنى دولىسىغا سالغىنىچە .
ھويلىغا كىرىپ كەلدى بوسۇغىدىن،
ئوغلىنى قۇچىقىغا ئالغىنىچە .

«چۈش بالام»، ــ دېدى، ئاستا يولدىشىغا،
پاتەمخان كۈلۈپ قويۇپ مىيىقىدا .
بىر لېگەن گۆش كەلتۈرۈپ داستىخانغا،
دېدى ۋە «يەۋېلىڭچۇ قىزىقىدا .»

«پاھ، ــ دېدى، ھۇسەن ماختاپ خوتۇننى،
ئېچىرقاپ تۇرغىنىمنى تۇيۇپسەن ـ دە!
ۋە بىراق تۇخۇم سېتىپ يىغقان پۇلنى،
بىر ۋاخلىق گۆشكە خەجلەپ قويۇپسەن ـ دە!»

مەنلىك كۆلكە بىلەن كۈلۈپ قويۇپ،
پاتەمخان ئالدى ياندىن چەندازىنى① .
پۇللارنى تۇكۇرگەنچە بارمىقىغا،
ساندى ئۇنلۇك قىلىپ ئاۋازىنى .

كۆزىنى چىمچىقلىتىپ ھۇسەنجانمۇ،
بىر باقتى گۆشكە، ئاندىن پۇلغا باقتى .
ئايالى ھەيرانلىقتىن قۇتقۇزماقتا —
ئېرىنى، نوقۇپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— تاماقتا تۇتتۇش قىلىپ تۇرغىنىمدا،
قېشىمغا كىردى زورەم ئالدىراپلا .
قولۇمغا تۇتقۇزدى - دە، بىر بولاقنى،
ياندى ئۇ توختاڭ دېسەم بۇرۇلۇپلا .

ئاچتىمۇ، كۆردۈم سېمىز قوي گۆشنى،
ئۇنىڭغا ئالغىن دېدىم، پۇل ئۇزاتتىم .
ئالمىدى، كەم بەردىمۇ پۇلنى دەپلا،
بىر كويلۇق پۇلدىن يەنە ئۈچنى قاتتىم .

قىرىنى سالماي تۇرۇپ كۆزىنىڭمۇ،
دېدى ئۇ: «پۇل — پۇچەكمۇ تەڭلىمەڭلار .
ئۆكۈزگە بەرگەنتىڭلار چۆپ - ھەلەپنى،
بۇ گۆشتە بار سىلەرنىڭ نېسۋەڭلار .»

---

① چەندازا — پۇل قاپچۇقى، پورتمال .

ـــ ئاڭلىسام ھەسەن ئاكام ئۆكۈزگە،
تېگىشىپ ئىككى ئېرىك سويغان ئىمىش .
يەپ، سېتىپ ئېشىپ قالغان يېرىمىنى،
كانارغا ئېلىپ ساقلاپ قويغان ئىمىش .

ئالىمەن موزاي دەپتۇ خامان چىقسا،
بۇ ئىشقا زورەم تازا تېرىكىپتۇ .
بىر پەشنى كېسىپ ئاستا چاپلاپتۇ ـ دە،
بىز ئۈچۈن سوۋغات قىلىپ ئاچقىپتۇ .

بارى ـ يوق تۆت ئېغىزلا سۆز قىلىشتۇق،
چاقىرىپ قالدى ئېرى ۋارقىراپلا .
شۇ ھامان چىقتى ئۆيدىن، بىچارىنىڭ
كۆزىدە قالدى يېشى تامچىلاپلا .

سىرىنى بىلدى ھۆسەن جىمى ئىشنىڭ،
ئاڭلاپلا ئايالىنىڭ سۆزلىرىنى .
ئەجنىلەر تولدى قېشى ئارىسىغا،
قاپلىدى غەزەپ تۈسى يۈزلىرىنى .

ئۇ باقتى گۆشكە، كۆردى مۆجىزاتنى،
ئاڭلىدى قېرى ئۆكۈز مۆرىگەننى .
شورپىغا باقتى، مايلىق شوللاردا،
تىرەجەپ، تەرلەپ ساپان سۆرىگەننى .

كۆزنى ئەپسۇس ئىچرە يۇمدى ھۆسەن،
تۇگمەس ئوي ـ خىيالغا كۆمۈلگەنچە .

كەچمشلەر دەرياسدا ئېقىپ كەتتى،
ئەستلىك قاينىمىغا چۆمۈلگەنچە .

*   *   *

ئىككىيلەن تېخى گۆدەك چېغىدىلا،
مېھرىدىن يېتىم قالدى ئانىسىنىڭ .
چېكىلمەي تاۋى ئەمما چوڭ بولۇشتى،
قانىتى سايىسدا ئاتىسىنىڭ .

توساركەن كۆن نۇرىنى بۇلۇت بەزەن،
ئاپەتمۇ كۆندەش ئىكەن سائادەتكە .
ئاپەتلىك يىللار كېلىپ ئەل بېشىغا،
قۇل قىلدى ئۇچەيلەننى پالاكەتكە .

تۇرمۇشنىڭ باغلىرىنى تىكەن باستى،
چېچىلدى نامراتلىقنىڭ ئۇرۇقلىرى .
تىنىمسىز ئىشلەپ دۇيگە، غازىكامىنىڭ،
يۈزىنى باستى جەبىر قورۇقلىرى .

بىچارە ئۇچ جان ئۇچۇن كۆيۈپ، پىشتى،
تەس بولدى، بىر تويغۇدەك نان يېمەكمۇ .
قەرزىمۇ تۇغۇۋەردى، تۇغۇۋەردى،
لاتىسىز قالدى ئۇلار كىيگۇدەكمۇ .

ئايرىلدى ئىككى ئوغۇل مەكتىپىدىن ،
ھاشارغا ماڭدى، ياندا ئاتىسىمۇ،

تۇرمۇشنىڭ رىيازەتلىك ئالقىنىدا،
يېرىلاي دېدى سەۋر قاچىسىمۇ .

ۋە بىراق ئۆمرى ئاشۇ رىيازەتنىڭ،
تۈگىدى يورۇق دۇنيا چىراي ئاچتى .
كۆڭلىرى تۈگىدى قايتا دېھقانلارنىڭ،
ئايرىلغان بەختى بىلەن قۇچاقلاشتى .

يىل ئۆتتى، يېزىلارغا باھار كەلدى،
دېھقانغا يول ئېچىلدى سىياسەتتىن .
ئىشلىگەن چىشلەيدىغان زامان كەلدى،
خۇش بولدى ھەر كىم كاتتا شاپائەتتىن .

نۇر بەردى ئۈمىد شامى يۈرەكلەرگە،
قۇرىدى ئۈمىدسىزلىك ياشلىرىمۇ .
غازىكام يېنىكلەشتى ياشارغاندەك،
(كەينىگە يانغان كەبى ياشلىرىمۇ .)

ئەترەتتە ياقلىدى ئۇ ئىككىلەنمەي،
مەسئۇللۇق تۈزۈمنى تۈنجى بولۇپ .
ۋەدىلەر بەردى توختام تۈزۈلگەندە،
جامائەت سورۇنىدا دادىل تۇرۇپ .

ئەترەتمۇ ئەزالارغا سېتىپ بەردى،
نېسىگە كوللېكتىپنىڭ ئۆلىغىنى .
بەزىلەر تالىشىۋالدى سېمىزىنى،
ياراتماي قويدى ئاجىز - ئورۇقىنى .

تاللدى ئاشۇ قىرى ئۆكۆزنى ئۇ،
ئىغىر كۆن، ئايلاردىكى ھەمراھىنى .
تومۇزدا، قەھرىتاندا بىللە تارتقان،
موزەرەت، مۇشەققەتنىڭ ھەقداسىنى .

ئەجرىنى ئايىماستىن خۇشلۇقىدا،
يەرلەرگە چاچتى يازغا ئۇرۇقىنى .
باللار بولدى قاۋۇل ياردەمچىسى،
ئىشلىدى ئوبدان پەرۋىش - ئۇتۇغىنى .

قىر ياپقان چاغدا بىراق كۆك مايسىلار،
يېپىشتى سانجىق ئاغا ئاپەت بولۇپ .
ئورنىنى ئالدى قايغۇ خۇشاللىقىنىڭ،
غازىكام يېتىپ قالدى ئورۇن تۇتۇپ .
باللار پەرۋانىدەك چۆرگىلەشتى،
غەم - غۇسسە، ئەندىشىگە چۆمۈپ قالدى .
دورىمۇ بىرەلمىدى شىپالىقنى،
بوۋاينىڭ ھايات شامى ئۆچۈپ قالدى .

زارى - زار يىغلاپ كەتتى ھۆسەنجانمۇ،
«ئەي ئاتا، كۆزۈڭ ئوچۇق كەتتىڭ» دېدى .
«خۇشلۇقتىن يېرىلدىمۇ يۈرىكىڭ يە،
ئارمانىڭ كۆلمەي تولۇق كەتتىڭ» دېدى .

ئۇ كەتتى، يىغلاپ يۈرۈپ قوشكىزەكلەر،
سۇغاردى مايسىلارنى كۆز يېشىدا —

ياز كەلدى، خامان تەپتى، چەشنى ئالدى،
خورسندى ھۇسەن بىراق گىر قىشدا .

ھەر تال دان شۇنچە ئورۇق، ئۇششاق ئىدى،
باشاقلار ئۇزۇن ـ ئۇزۇن تۇرغان بىلەن .
دان ۋەزنى يېنىك ئىدى پاختىدەكلا،
غوللىرى ئېگىز ـ ئېگىز بولغان بىلەن .

ئۈچ ئادەم تۆككەن تەرنىڭ مەھسۇلاتى،
ئازراقلا ئاشتى توختام ئۆلچىمىدىن .
تۆگىدى قەرزى بىراق، ئېشىنمىدى،
نىھايەت خالاس بولدى نان غېمىدىن .

بۇ ھالدىن ھەسەن تاپتى قانائەتنى،
چوڭ بىلىپ نان غېمىدىن قۇتۇلغاننى .
شۇندىمۇ ئارام بەرمەي كىچە ـ كۈندۈز،
بىر سوراق قىينار ئىدى ھۇسەنجاننى .

«ئاغدۇرۇپ، تۈزلەپ چىقىپ ئېتىزلارنى،
قىغ تۆكتۇق ھەر مۇسغا ئون تاغاردىن .
كۈندىلىك خىراجەتتىن قىسىپ پۇلنى،
ئەي بەردۇق ئوغۇت بىلەن بىر قاتاردىن .

تاڭدىن تا ئاخشامغىچە قىر بېشىدا
چېپىپلا ئۆتتى كەتمەن كۈنلىرىمىز .
ئايماي ئەڭ ئاداققى ماغدۇرنىمۇ،
ئۇيقۇسىز ئۆتتى بەزى تۈنلىرىمىز .

تۆككەن تەر نېچۈن تاپماس باھاسنى،
ياندۇرماس يەرمۇ لايىق ئەجرىمىزنى؟
تاغ ـ تاشنى قۇم قىلغۇدەك سىڭدۇرۇپ كۈچ،
ئۇندۇرۇپ ئالالمىدۇق جەبرىمىزنى؟

ئاشتىنغۇ يۈتتى غەممۇ، قەرزىمىزمۇ،
ۋە بىراق قورساق دەپلا ياشايمىزمۇ؟
بەرمەمدۇق سىياسەتكە جاۋاب ئەمدى،
دۆلەتكە تۆھپە ـ ھەسسە قېتىپ بىزمۇ؟»

ئويلاندى، تاپالمىدى جاۋاب ئەمما،
چىقمىدى چىگىش سوئال مېڭىسىدىن .
ئەترەتكە كەلدى بۈگۈن ئاگرانوملار،
سورىدى سوئالنى ئۇ بىرىدىن .

ئاگرونوم ئاڭلاپ ئۇنىڭ گەپلىرىنى،
زېرىكمەي سۆزلەپ بەردى سەۋەبلەرنى .
سۆزلىدى پەن ـ بىلىمنىڭ ئاساسىدىن،
ئۇرۇققا، سۇغا ئائىت تەرەپلەرنى .

يورۇدى بىردىن كۆڭلى ھۆسەنجاننىڭ،
ئەقلىگە تۈمەنمىڭ شام يېقىلغاندەك .
مەست بولدى ھاياجاننىڭ شارابىدىن،
بەستىگە يېڭى قۇدرەت قېتىلغاندەك .

ئاگرانوم شاگىرت بىلدى بۇ يىگىتنى،
پەرۋىشكار ئۇستاز تاپتى ھۆسەنجانمۇ .

ئۇ بەرگەن كىتابلارنى كۆتۈرگەنچە،
ئۆيىگە شۇ ئان چاپتى ھۇسەنجانمۇ .

ئىشكتىن كىردى، ئاچتى كىتابلارنى،
ئىزدىدى، تاپتى ئەقىل ۋىسالىنى .
تېرىمنى ئۆلچەپ ئىلىم ئۆلچىمىدە،
كۆرسەتتى ئاكىسىغا پىلانىنى .

كىم بىلسۇن پىننە سورۇپ دىمىغىدا،
مەنىستىمەي قويىدى ھەسەن ئىنىسىنى .
دېدى: كىم چالا موللا تۇرۇقلۇقمۇ،
چوڭ يەرگە قول ئۇزارتسۇن دەپتۇ سېنى؟

ھۇسەننىڭ قايناق پىكىر - ھېسلىرىغا،
سوغۇق سۇ قۇيدى سۆزى ئاكىسىنىڭ .
تەنلىرى تىكەنلەشتى، تىكىلگەندە،
مەسخىرە تولغان كۆزى ئاكىسىنىڭ .

ئاغرىنىپ ئولتۇرمىدى ھۇسەن ئەمما،
بۇ ھالدىن رەنجىمىدى، تېرىكمىدى .
قايناشتىن توختىمىدى ھېسلىرى ھەم،
پىلاننى چۇشەندۇردى، زېرىكمىدى .

بوپتۇلا، — دېدى ئاخىر ئاكىسىمۇ،
شەرتىگە ماقۇل قىلىپ ئىنىسىنى .
— تېرىلغۇ باشلانغىچە قىغ يىغايلۇق،
بىرنېمە دەرمىز ئۇنىڭ نېرىسىنى .

قش بويى هوش - كوش قلىپ ئۆكۈزنى،
قىغ يىغىپ كەلدى ھۈسەن جەزىرىدىن .
ھەسەنجان يېرىم - يارتا ھەمدەم بولۇپ،
بەزىدە ياتتى كېسەل سەۋەبىدىن .

قار ئېرىپ، كۆكلەم پەسلى كەلگىنىدە،
يەر تۈزلەپ، ئېتىزلارغا سۇ تۇتۇشتى .
ئۆپكىدەك يۇمشاپ كەتتى ئوسلىق يەر،
تېرىلغۇ تەييارلىقى تەق بولۇشتى .

ھە شۇ كۈن، تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەندە،
توساتتىن ئىشلار خامغا يېنىپ قالدى .
ئىككىيلەن ئېپكىلىشتى ئىككى قاپنى،
ئۇرۇقتىن دەتالاشلار چىقىپ قالدى .

سۈلھىگە چۈشۈپ باقتى دادۈيجاڭمۇ،
ھەسەنجان ھېچ قايتمىدى گەپلىرىدىن .
ئۆكۈزنى ئالدى ئۆزى، يەر بۆلۈندى،
ئۆزگەردى سانىمۇ توختام دەپتىرىدىن .

مايسىلار ئىككى ياڭزا ئۈنۈپ چىقتى،
ھە بۈگۈن بوي تارتىشىپ، قىر يېيىشتى .
تاپ ئېچىپ ھۈسەن بىر رەت يەرلىرىگە،
ئارىلاش ئوغۇت بىلەن ئەي بېرىشتى .

ئوت بېسىپ تۇرار يېرى ھەسەنجاننىڭ،
مايىسسى يېتىم كەبى بويۇن قىسىپ .

قاقششى پاتمەنىڭ بكار ئەمەس،
هەسەنجان ياتار غەمسز شورپا ئچپ .

*　　*　　*

هەيددى ئشتهانى نەلەرگدۇ،
ئاچچىق هبس هۇسەنجاننىڭ ۋۇجۇدددن .
كۆڭلننىڭ باغچسنى غازاڭ قلدى،
مۆلدۇرلەر يېغىپ ئەپسۇس بۇلۇتىدن .

قىزاردى كۆزلرىنىڭ جىيكمۇ،
ئېچننش ئۇچقۇنىنىڭ زەربسىدن .
كېڭەيدى كۆز ئېقىنىڭ دائىرسى،
تومۇردا تەپكەن قاننىڭ هەيۋىسىدن .

ئۇ ئەمدى هەسەنجاننىڭ يۈزدىلا،
بىر يولى چىقارسۇنمۇ پىغاننى؟
يا پەيدا قىلسۇنمكىن قېرىنداشلىق —
رىشتسى ئۆزرە ياتلىق داۋاننى؟

بىر پەسكە خىيالىنىڭ دەرياسدا،
قايناملار گۇرۇلدىدى، كۆۋەجدى .
ئاتسى پەيدا بولدى كۆز ئالدىدا،
«سەۋرنى يەنە يولداش ئەيلە» دېدى .

ئۇ باقتى ئۆرە تۇرغان ئايالىغا،
ئىتتەردى ئالدىدن گۆش لېگەننى .

زورەمۇ بەجا قىلدى شۇ زامانلا،
«يوقاتقىن گۆشنى دەرھال» دېگىنىنى .

بىر بۇردا نانىنى ئالدى ھۇسەن شۇندا،
بىر ئوتلام ئوتلىۋالدى قېنىق چاينى .
ۋاراقلاپ كىتابىنى، بىر قولىدا
قېرىنداش بىلەن سىزدى مۇھىم جاينى .

## ئۈچىنچى باب تەدبىرلەر

ــ ئەجەبمۇ تەلىيى يوق خوتۇنكەنمەن،
قانداقمۇ يامان كۈندە تۇغۇلدۇمكىن؟
بېلى بوش، ئىشى ئاقماس ھۇرۇن بىلەن،
نېمىشقا رىزقىم چۈشۈپ قوشۇلدۇمكىن؟

زورەملەر ئۇرۇق چاچقان بىز بىلەن تەڭ،
بىر قىردىن ئايرىلدۇ پاسىلىمۇ .
يېرىم كۈن كېيىن تېخى بىزنىڭكىدىن،
يېپىق سۇ تۇتقان سائەت ـ مەزگىلىمۇ .

ئوسمىدەك شۇنداق قارا ئەڭگىزلىرى،
مايسىسى بىر ئوبدانلا ئۆسۈپ قاپتۇ .
بىر تالمۇ ياۋا ئوت يوق تاپ ئىچىدە،
يوغىناپ، غولى بوغۇم سۇرۇپ قاپتۇ .

بىزنىڭچۇ، بىر غېرىچ پەس كەم دېگەندە،
ساماندەك غولى، سالپاڭ قۇلاقلىرى .

قانچە رەت ئېيتتىم سەۋەب قىلايلى دەپ،
مەن بىلەن كېلىشمىدى يا ئاقىلرى .

نامازشام پەيتى، ئوچاق ئالدىدىلا،
پاتەمخان يۇيۇۋېتىپ قاچىلارنى .
قاقشايتتى قەستەنگىلا جاراڭشىتىپ،
سېۋەتكە قويۇۋېتىپ قاچىلارنى .

ھەسەنجان ئەمما كۇلۇپ پىخ - پىخ قىلىپ،
ياتاتتى كاتودىلا سۇنايلىنىپ .
بېشىنى كۆتۈردى - دە، تەكىيدىن،
دېدى ئۇ ئايالىغا سالماق قىلىپ:

— قاپاق دەپ چاغلاپ قالما مانا ماۋۇ —
مۇرەمنىڭ تۆپىسىدە ئۆسكىنىنى .
كاللا بۇ ئانچە - مۇنچە ئىشلەيدىغان،
ئەھلى يۇرت دەيدۇ شۇڭا ھەسەن مىنى .

مىجەزىم شۇنداق بېسىق ئادەممەنكى،
ئالدىراپ كەتمەيدىغان بىر ئىشقىمۇ .
مۆرىتى كەلسە بىردىن كۆچەيمەن - دە،
قادىرمەن چۆلدىن ھوسۇل ئېلىشقىمۇ .

ھە، ئۇلار پالاقلاپلا يۈرۈشىدۇ،
مايسىسى مەيلى ئۆسسە ئۆسسۇەرسۇن،
چۆجىنى تېخى كۇزدە سانايمىزغۇ،
شاپاشلاپ يۈرسە مەيلى يۈرىۋەرسۇن .

ئوغۇتنى كۆپرەك تۆكتۈق ئۈنىڭكىدىن،
سىنالغان ئۇرۇغ بىزنىڭ چاچقىنىمىز.
مول ھوسۇل دېگەن ئۆزى شۇ ئەمەسمۇ،
ئارتۇقچە بىزنىڭ ھېرىپ چاپقىنىمىز.

مەن ئېيتاي، كەلتۈرمەيدۇ ياخشىلىقنى،
ئاگرونوم - پاگرانومغا ئەگەشكىنى.
توختامغا يەتمىگەندە ئالغان ئېشى،
يالۋۇرۇپ كەلمىسۇنچۇ ئىزدەپ مېنى.

خاتىرجەم بولغىن دېدى خوتۇنغا،
ۋە بىراق ئۆزى چۈشتى ئەندىشىگە.
پاسلىنىڭ ئەتراپىغا بىر قاراپلا،
ئېتىزغا بارغىنىدا ئەتىسىگە.

قايتتى ئۇ ئۆيگە يۈگرەپ دېگۈدەكلا،
خالىغا تارتتى دەرھال ئايالىنى.
تىرىشتى ئۆزەڭگىدىن چۈشمەسكە ھەم،
ھەم تاپماق بولۇپ ئىشنىڭ ئامالىنى.

«پاتەمخان»، — دېدى ئاستا گەپ باشلىدى:
— ئەمەسكەن مايسىلارمۇ يامان ئۈنداق.
شۇندىمۇ كونىلارنىڭ مەسەلى بار،
بىر گەپ بار، ئەتە قوپۇپ قوشناڭغا باق.

يادىمغا كەلدى شۇ گەپ مۇنداقچىلا،
دەيمەنكى، زورەملەرگە كىرىپ چىقساڭ.

نىمە گەپ يېزىلغانكەن كىتابىدا،
ئوغۇتى ئاقمۇ، قارا بىلىپ چىقساڭ .

ھى ... ھى ... ھى ...
كۆلدى ھەسەن دىمىغىدا،
ــ كىرىپلا چىقسەڭىمۇ بىردەمدىلا .
پاتەمخان بويۇن تولغاپ تەنە قىلدى:
ــ ئۆزلىرى سوراپ بىلىپ كەلمەمدىلا؟

يۇمشاتتى ھەسەن يەنە گەپلىرىنى،
«ماڭساڭا ئوبدان خوتۇن ئۇنداق دېمەي .
ھە بوپتۇ، ئەتە كۆنگە يەكشەنبىغۇ،
سەن دېگەن دۇخاۋنى ئېلىپ بېرەي .»

پاتەمخان ناز قىلدىيۇ، چىقىپ كەتتى،
ھەسەنمۇ چىت تۆۋىگە بېرىپ قالدى .
چىتلاققا چاپلاپ تۇرۇپ قۇلىقىنى،
ھېچ گەپنى ئاڭقىرالماي ھېرىپ قالدى .

«دادا»، ــ دەپ كەلدى قىزى، جىمىلدى،
ئېچىلدى ئىشىك شۇندا غىچىرلاپلا .
قانداقراق، ــ دېدى ھەسەن جاۋاب كۈتتى،
ئەر ـ خوتۇن سۆزلىشىشتى پىچىرلاپلا .

*        *        *

ئاخىرقى مەزگىللىرى ماي ئېيىنىڭ،
باش توخۇ چىللاپ ئەمدى بېسىققان چاغ .

دالدىغا ئالغان ئاينىڭ ئورغىقىنى،
قارىيسپ يىراقلاردىن كۆرۈنگەن تاغ .

سۇرۇلسە بۇلۇت غىل - پال ئېچىلىدۇ،
بەزىدە يۇلتۇزلارنىڭ روپاشلىرى .
بۇلۇتلار يىرىقىدىن ماراپ ياتقان،
مۇشۇكنىڭ كۆزلىرىدەك چاقناشلىرى .

يەر - زېمىن قاراڭغۇلۇق قۇچىقىدا،
ئۈستىدە تۈن لىباسى يېشىلىقىنىڭ .
پەقەتلا مەلە يولى كۆرۈنىدۇ،
ئاقىرىپ ئارىسىدا ئىزلىقىنىڭ .

ھە، ئاشۇ ئاقۇش يولدا ئىككى كىشى،
كېلىدۇ ئەنە ھارۋا سۆرىگەنچە،
سۆرەيدۇ ئەر شوتىدىن، ئايالمۇ،
ئىتتىرەر ئارقىسىدىن كۈچىگەنچە .

كېلىدۇ، يۈكلۈك ھارۋا سىلكىنىدۇ،
كاتاڭدىن ئۆتكىنىدە شەپە سېلىپ،
جاھىل چاق قوزغالمىسا داتلىشىدۇ،
ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە سەپسېلىشىپ .

سۆرىشىپ مانا ئۇلار ھارۋىسىنى،
ئېپكەلدى ئىزلىقىقا مۇشەققەتتە .
نەچچە ئاق، ئېغىر قاپنى چۈشۈرۈشتى،
ھارۋىسىنى چىغىردىلا قويۇپ چەتتە .

ئۆلگۆرمەي ئۇھ دەپ ئارام ئىلشقمۇ،
قاپلارنى يۆتكەپ ئىتىز باشلىرىغا .
قستۇردى پەشلىرىنى تۇرۇپ يەڭنى،
تۆكۆشتى ئاق ئوغۇتنى داسلىرىغا .

مىڭشتى مايسلارنى شلدىرلىتىپ،
شەبنەملىك ئىتىزلارغا كىرىپ كەتتى .
شىكەردەك ئاپئاق ئوغۇت دانچىلىرى،
يامغۇردەك شىرىلدىشىپ يىغىپ كەتتى .

مەزگىلسز ياغقان ئاشۇ ئاق يىغىندىن،
مايسلار سادا بەردى، شۇىرلاشتى .
ئامەتنىڭ تەڭ كىچىدە كەلگىنىگە،
گويا كى ھەيران بولۇپ پىچىرلاشتى .

مايسلار پىچىرلاشتى، ئەمما ئۇلار،
توختاتماي ياغدۇرۇشتى يىغىننى .
ئالدى ئەر كەتمىنىنى، سۇ باشلىدى،
سۇغاردى چىلاشتۇرۇپ ئىتىزىنى .

سۇغاردى، مەقسەتلىرى ئادا بولدى،
ئاقىرىپ كەلگەن چىغى ئۇپۇق – ئاسمان .
ئىككىيلەن تاراقلىتىپ ھارۋىسىنى،
ئالدىراپ يول سىلىشتى مەلە تامان .

* * *

بۇ ئىشلار بولۇپ ھەپتە ئۆتكەن كۈنى،
قۇياشمۇ نەيزە بويى ئۆرلگەن چاغ .
كۈن نۇرى مۇنچىسىدا يۇيۇنىدۇ،
خۇندىكى ئانچە ـ مۇنچە سارغايغان باغ .

بېسققان ئەتىگەننىڭ شاۋقۇنىمۇ،
مەلىنىڭ سۈرەن پەسلى ئۆتۈپ كەتكەن .
يادىنى چىللاپ بولۇپ يادىچىمۇ،
دۆڭ باغرى ـ چىملىقلارغا يۈرۈپ كەتكەن .

لاغايلاپ يۈرمەس ھېچكىم كوچىلاردا،
قۇلۇپلۇق مەلىدىكى ھويلىلارمۇ،
چوڭلارنىڭ بەرى كەتكەن ئېتىزلارغا .
جۆنەشكەن مەكتىپكە بالىلارمۇ،

ئىشكى ئوچۇق ئەمما ھۇسەنجاننىڭ،
ماڭماس ئۇ ئىشقا نېچۈن شۇ چاغقىچە؟
يا ئۇيقۇ لەززىتىگە بېرىلگەنمۇ،
ئايالى ئۇنى نوقۇپ ئويغاتقىچە؟

ياق، ئۇيقۇ ساقىت ئىشچان نەزىرىدىن،
مېھنەتنىڭ ئالتۇن پەسلى ئەتىگەندە .
مەلىدىن ئېتىز تامان بۇگۈن تۈنجى،
ماڭدى ئۇ تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەندە .

باردى ـ دە، ئېتىزلىقتا ئاكىسىنىڭ ـــ
يېرىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى ئۇنىڭ .

مايسلار غەيرىي نورمال ئۆسۈپ كەتكەن،
كۆڭلىگە بۇ هال گۇمان سالدى ئۇنىڭ .

سىنچىلاپ باقتى هەربىر قۇلاقلارغا،
مايسىنى ئۆلچەپ كۆڭۈل چېنى بىلەن .
هەر باشاق هوسۇلىنى تەڭشەپ كۆردى،
قىياسەن يۇمران بۇغداي دېنى بىلەن .

ئۇ بېقىپ مايسىلارغا تۇرۇپ قالدى،
كۆڭلىدىن ئەنسىز خىيال ئۆتۈپ قالدى .
زوڭزىيىپ شۇئان پاسىل يېنىغىلا،
تۇپراقتىن، مايسىلاردىن ئۆلگە ئالدى .

يول سالدى مەله تامان ئالدىراپ ئۇ،
هەسەننى ئۆيىدىنلا تاپماق بولۇپ .
تەپسىلات ئاڭلاپ، كۆرۈپ كىتابىنى،
قىياسىنىڭ پەردىسىنى ئاچماق بولۇپ .

دېگەندەك، قارشىسىدىن كەلدى هەسەن،
ئارىلىق يېقىنلاشتى ئەمما شۇ دەم،
ئاكىسى كۆرۈپ ئۇنى توساتتىنلا،
چوڭ يولدىن چىغىر تامان ئالدى قەدەم .

يولىنى ئۆزگەرتتى ئۇ، داغدام يولدىن،
ئەگدى، قىر بىلەنلا يۈرۈپ كەتتى .
كۆز تاشلاپ قويماي هەتتا ئىنىسىغا،
ئون قەدەم نېرىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى .

تاق توختاپ قالدى ھۆسەن ئىزىدىلا،
ئۆرلىدى نەپسى ئىزا مېڭىسىگە .
ئوت چاقناپ غۇرۇرىدىن يالقۇن بولۇپ،
تۇتاشتى قېرىنداشلىق رىشتىسىگە .

تۇتاشتى ئوت بىراق ئۇ ئۆرتەنمىدى،
تاقەتنىڭ سۇلىرىنى سەپتى ھۆسەن .
تۇغقاننىڭ بېغى بەكتۇر دېگەن گەپنى،
بۇ ھالەت تەمىن ئەتتى ئىسپات بىلەن .

ئىزىدا توختاپ بىر پەس، ئايغىغا —
قايتا ئۇ بەردى يەنە ئىجازەتنى .
كۆيۈنۈش مەلھەملىرى دەرمان بېرىپ،
ساقايتتى بىردەمدىلا جاراھەتنى .

قايتتى ۋە ئۆيگە دادىل قەدەملەردە،
كېلىپلا ئاچتى دەپتەر، كىتابىنى .
شۇ تاپتا زېھنى بىلەن مىسالى ئۇ،
ئاڭلايتتى ئاگرونومنىڭ خىتابىنى .

ئۆلچەيتتى پەننىڭ ئۆتكۈر كۆزى بىلەن،
تۇپراقنىڭ تەركىب، ئوغۇت ئاساسىنى .
مول ھوسۇل كاپالىتى سۈپىتىدە،
ئىزدەيتتى ئاكىسىنىڭ خاتاسىنى .

يېشىلدى ئاخىر ھەممە چىگىشلەرمۇ،
سىر ئۆزرە ھەقىقەتنىڭ نۇرى ياندى .

ھۆسەنجان ماڭدى قايتا ئىتىزلىقتا،
بىردىنبىر ئوچۇق ھويلا قۇلۇپلاندى .

*   *   *

— يېقىنى ئون بەش يىلنىڭ مابەينىدە،
كىم كۆرگەن بۇنداق قالتىس كاراماەتنى!
قومۇشنىڭ ياپرىقىدەك ياپراقلىرى،
باراقسان - بۇلۇق ئۆسكەن زىرائەتنى؟

مەن مۇنداق ئۆستۈرۈشتە مايسىلارنى،
تاياندىم بىلىكىمنىڭ قۇدرىتىگە،
تەۋەككۇل دەپلا چاچتىم ئۇرۇقلارنى،
تىۋىنىپ ھەقتائالا ھىممىتىگە .

كۆردۈڭلار كۆزى بارلار كۆزۈڭلاردا،
غىبىچلاپ ئۆلچىدىڭلار قولدا ياكى .
ھەر مولۇق بۇغدىيىمنىڭ ئىپتىڭلارچۇ،
مىڭ جىڭدىن كەم چۈشەرمۇ مەھسۇلاتى؟

ھۆسەنجان كەلگىنىدە ئاكىسىنىڭ،
ئاڭلىدى مانا شۇنداق سۆزلىرىنى .
زوڭزىيىپ ئولتۇرغانچە قىردا ھەسەن —
يۇگۇرتۇپ مەغرۇر تۇستە كۆزلىرىنى .

كارامەت كۆرمەك ئۈچۈن كەلگەنلەرگە،
تاشلىدى ئۇشبۇ سوراق - سوئالنى .

بەزىلەر ھۆسەنجاننى ماختاشتىيۇ،
قىرىلار سىلاپ تۇرۇپ ساقىلىنى؛

دېيىشتى: تېخى ئۇكام بالدۇرمىكىن،
مايىسغا ــ كۆككە قاراپ پو ئاتقىلى .
مايىسقىغۇ باراقسانلا ئۆسۈپ قاپتۇ،
نا ئېنىق باشاقلارنىڭ قانداقلىقى .

بېشىنى چايقاشقانچە جامائەتمۇ،
ھەركىم ئۆز ئېتىزىغا تارقىلىشتى .
تەشنايى ئېچىنىشتىن ھۆسەن شۇنداق،
ئەپسۇسنىڭ جامى بىلەن شاراب ئىچتى .

توسۇلغان چۈنكى كۆزى ئاكىسىنىڭ،
مايىسنىڭ ساختا كۆركى نىقابىدا .
ئۇچماقتا كۆكى ئۆزرە ھالاكەتنىڭ،
بىغەملىك، تەكەببۇرلۇق قاناتىدا .

ھە بۇندىن ئادەملەرمۇ كېتىپ قالدى،
بەردى پەيت سۆھبەت - سۆزنىڭ ئىمكانىنى .
يېنىغا كەلدى ھۆسەن ئاكىسىنىڭ،
بىلدۇرمەك ئۇچۇن ئاگاھ - ئارمانىنى .

«ئەسسالام» دېدى ھۆسەن سالام بەردى،
ئاكىسى يېرىم ياتا ئىلىك ئالدى .
گەپكە - گەپ قولاشمىدى دەسلىپىدە،
پاتىھە بىراق كارغا كېلىپ قالدى .

جاۋابەن دېدى ھەسەن ئىنىسگە،
كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ.
ــ خاماندا كۆرۈشەيلى دېيىشىدىمغۇ،
كېچىكىپسەن ۋاقتى قەرەل يەتمەي تۇرۇپ.

«ھە كەلدىم»، دېدى ھۇسەن، گەپلىرىنى ـــ
ئۇدۇللا ئېيتماق بولدى، تۇرۇپ قالدى.
كۆرۈپلا ئاكىسىنىڭ ئەلپازىنى،
بىر پەسكە دېلىغۇلا بولۇپ قالدى.

بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلى جەڭگاھىدا،
تۇتۇشتى گىرەلىشىپ ئىككى خىيال.
بىر خىيال دەيتتى: دەرھال قاق پېشىڭنى،
خالىسا خاماندىلا بولسۇن ئۇسال.

دەر ئىدى بىرى: تۇغقان ۋە يار ـ دوستقا،
تىكىلگەن ئاپەتلەرنى بىلگەن تۇرۇپ.
ئېيتمىساڭ، توغرا يولنى كۆرسەتمىسەڭ،
مەردلىكىڭ، ئاق دىللىقىڭ كەتسۇن قۇرۇپ.

خىياللار لەشكەرلىرى جەڭ قىلىشتى،
نەرىلەر تارتتى گاھى ھەيۋە بىلەن.
قالقىنى تېشىلگەندە تۇنجىسىنىڭ،
ئىككىنچى لەشكەر ئۇرغان نەيزە بىلەن.

بىلىنى باغلاپ ئىشەنچ كەمىرىدە،
ھۇسەنجان قەتئىيەتكە يولداش بولۇپ.

مۇنداق دەپ ئاچتى سۆزىنىڭ تومىسىنى،
كۆزىنى ئاكسىغا تاشلاپ تۇرۇپ:

— كۆرگەنىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك،
ئۆسۈپتۇ قارىماققا مايسىلىرىڭ .
سۆزۈمگە ئىشەن ئاكا، قاپتۇ شۇدەم،
بىر خەتەر نەزىرىڭدىن چەتتە سىنىڭ .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەسەن سوغ كۈلۈپلا،
مەسخىرە ئاھاڭدا مۇنداق دىدى:
— تۇتۇرۇقسىز گەپلىرىڭنى ماڭا ئەمەس،
ئەقلى كەم باللارغا ئېيتساڭ ئىدى .

— ياق ئاكا، — دىدى ھۇسەن سەۋر بىلەن،
يۈزىدىن قىزىللىقنى ھەيدەپ تۇرۇپ .
ئورۇنلۇق گەپ، بۇ ھەرگىزمۇ چاقچاق ئەمەس،
ھۆكۈم قىل ئاۋۋال بۇنى ئاڭلاپ بولۇپ .

بىز ھۆددە ئالغان يەرنىڭ تۇپراق خىلى،
كالتسىي ماددىسى كۆپ ھاكلىق تۇپراق .
ئورگانىك تەركىبلىرى يوق دىگۈدەك،
بەك كەمدۇر فوسفور بىلەن كالىي بىراق .

بۇ يەرگە تېرىلغىنى يازغى بۇغداي،
كۆپ چېچىپ بولماس ئازوت ئوغۇتىنى .
ئارىلاش كالىي بېرىش يولى بىلەن،
ئاشۇرۇش مۇمكىن مايسا قۇۋۋىتىنى .

دان سۇرۇش پەيتى بۇ دەل بۇغدايلارنىڭ،
قوسقۇرغا باغلىق دانىنىڭ يېتىلىشى .
پايدىسىز بەكمۇ بۇ چاغ ئازوتنىڭلا،
ئاشۇرۇپ ئۆلچەمدىن چېچىلىشى .

چوڭىيىپ ياپراق ئازوت كۈچى بىلەن،
ئاپتاپنى تۇساپ ھاۋا ئۆتكۈزمەيدۇ .
تورمۇزلاپ قوتو سېڭىتىز يوللىرىنى،
ساماندىن ئۆزگە مەنپەت يەتكۈزمەيدۇ .

باشلايلۇق ئىشنى، ئۈچ خىل خۇرۇچ بىلەن،
ياسىغان ئوغۇتىمنى ئېپكىلەيلۇق .
يەتمىسە كەپتەر، توخۇ مايىقىدا،
تاپ ئېچىپ ھېچ كېچىكمەي ئەي بېرەيلۇق .

تىزگىنلەپ دەرھال تۇپراق نەملىكىنى،
چەكلەيلى ئۆسۈشتىن ياپراقلارنى .
پەيتىدە سۇنئىي يولدا چاڭلاشتۇرۇپ،
توقراق دان تۇتقۇزايلى باشاقلارنى ...

مايسىدىن ئۈزمەي مەغرۇر نەزىرىنى،
ھەسەنجان بەخىرامان جاۋاب بەردى:
جاۋابقا قوشۇپ سېپىپ شاكارابنى،
ھۆسەنىنىڭ يارىسىغا ئازاب بەردى:

ــ قوي بۇنداق قاملاشمىغان ئۇستاتلىقنى،
كاشكى مەن مەقسىتىڭنى چۈشەنمىسەم؟

چىدىغىن ئۆسۈپ كەتسە مايسىلىرىم،
سىنىڭسىز ئۆز ئىشىمغا قادىر ئۆزەم .

پەش قىلىپ كالىي - پالى دىگەنلەرنى،
ئەجەبا ئوغۇت چاچسام توسۇپ قاپسەن؟!
سۇ تۇتماي مايسىلارنى قۇرۇتقىن دەپ،
مەسلىھەت بىرىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ قاپسەن؟!

ئۆزۈڭنىڭ ئىتىزىدىن ھىزى بولغىن .
دىدى - دە، ھەسەن كەتمەن ئىلىپ قالدى .
نەق جاۋاب سۇ تۇتقىلى ئىتىزىغا،
ئىچقىنىڭ بىشىغمۇ بىرىپ قالدى .

بۇ چاغدا تەنىسىدىن ئاكىسىنىڭ،
ھۇسەننىڭ دىلى دەردكە ماكان ئىدى .
تاپمىغاچ ئۆز قەدرىنى خالىسلىقى،
شەبنەملەر كىرپىكىگە قونغان ئىدى .

ئازغاشقان رىتىمىدىن نەپسىمۇ،
ۋۇجۇدى ياپراق كەبى تىترەر ئىدى .
قانلىرى قاينام ياساپ تومۇرىدا،
يۈرىكى كۆكرىكىگە تىپەر ئىدى .

كىرپىكلەر بىر - بىرىدىن قىچىشقاندەك،
جۇپلەشمەس، پەيتنى تەرك ئىتەر ئىدى .
كۆزىدىن چىققان نەزەر نەيزىلىرى،
يىراققا - چوققىلارغا يىتەر ئىدى .

شۇندىمۇ كۆرۈپ ھۇسەن ئاكىسىنىڭ،
ئېچىققا كەتمەن سالاي دېگىنىنى .
ئاتلاپ ئۇ ئۆچ ـ ئاداۋەت ئازگىلىدىن،
بىردىنلا ئۇنتۇپ ئازار يېگىنىنى .

يېتىشتى ئاكىسىغا يۇگۈرگەنچە،
كەتمەننىڭ سېپىدىنلا تۇتۇپ ئالدى .
ھەسەنجان تاسادىپىلىق ھېس قىلدىمۇ،
بىر پەسكە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى .

چېھرىدە جىددىي ھالەت ھۇسەنجاننىڭ،
شۇ تاپتا تېز ـ تېز نەپەس ئالار ئىدى .
كۆزىگە تىكىلگەنچە ئاكىسىنىڭ،
يالۋۇرغان قىياپەتتە مۇنداق دېدى:

ــ بۇ نۆۋەت ئىشەن ئاكا گەپلىرىمگە،
سۇ تۇتساڭ بۇگۈن تۇتما، ئەتە تۇتقىن .
يەتتە بال بوران بار دەپ بۇگۈن كېچە،
ئۇقتۇردى ھاۋا رايى پونكىتىدىن ...»

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەسەن ئاچچىقلاندى،
بۇلۇتسىز ئاسمانغا بىر قاراپ قويۇپ .
ــ پونكىتىڭنىڭ ئادەملىرى خىزىر ئەمەس،
ئىشىنەي قانداق ئاڭا ئەخمەق بولۇپ .

ــ ياق ئاكا، ئىشەن پەنگە، بىخۇد بولما!
پۇشايمان قىلساڭ كېيىن كېچىكسەن .





ــ تۇتقىنىم تۇتقان سۇنى كۆزۈڭدىلا،
نېمشقا مەن بىلەنلا ئېتىشسەن!

تىك تۇردى ھەسەنجانىنىڭ قۇيقا چېچى،
كۆزىدىن غەزەپ نۇرى يالقۇنجىدى .
مۇسكۇلى لىك ـ لىك قىلدى يۈزلىرىنىڭ،
قالدى ـ دە، گەپ ـ سۆزگىمۇ كەلمەي تىلى .

تارتىپ ئۇ كەتمىنىنى بىر كۈچەپلا،
ھۇسەننى يىراق قىلدى زەربە بىلەن .
شىددەتتە ئايلاندۇرۇپ باش ئۈستىدىن،
ئېچىققا سالدى شۇئان زەربە بىلەن .

نەم يەرگە قاراپ يازنىڭ كەلگۈن سۈيى،
شارقىراپ ئېغىزلارنى بۇزۇپ ئاقتى .
ھەسرەتنىڭ نىداسىدەك شاۋقۇن سېلىپ،
كۆز يېشى بىلەن ھەمراھ بولۇپ ئاقتى ...

*　　*　　*

تاڭ ئاتقان، سارغۇچ نۇرلار تاڭغا گۇۋاھ،
جىمجىتلىق يەرۇ ئاسمان ئارىسىدا .
دات باسقان تۈچ لېگەندەك كۆرۈنىدۇ،
كۈن كۆكتە، مانانلارنىڭ دالدىسىدا .

نوتىلار شاختىن گايى سۇنۇپ چۈشكەن،
تۆۋىدە بەرگى ئۈزۈك غازاڭلىرى .

قايرىلغان كاۋا ـ قاپاق پىلىكمۇ،
قىڭغىيىپ تۇرار تېرەك ـ باراڭلىرى .

چاقنىماس گۈل تاجىسى جىلۋە قىلىپ،
توپا ـ چاڭ خىرە قىلغان جۇلاسىنى .
هازىدار بولغان كەبى بۇلبۇللارمۇ،
مۇڭدىشەر توختاتقانچە ناۋاسىنى .

ساپسېرىق توپىلىرى باياۋاننىڭ،
قىر باغرى، ئېرىقلارنى كۆمۈپ كەتكەن .
كولانغان كوكاتلارنىڭ يىلتىزلىرى،
غورىلار شاختىن ئاجراپ چۈشۈپ كەتكەن ...

مانانلىق شۇ ئەتىگەن كۆك دالادا،
دېهقانلار قىر ئارىلاپ يۈرۈشىدۇ،
ئاپەتتىن ئامان قالغان مايسىلاردىن،
زوقلىنىپ شادلىنىدۇ، كۈلۈشىدۇ .

ۋە بىراق شۇ سالادا ئىككى كىشى،
مەھرۇمدۇر كۈلكىلەردىن، خۇشاللىقتىن .
ئۆزئارا تەنە قىلىپ تىنچىمايدۇ،
قاقشايدۇ تەبىئەتتىن، يامانلىقتىن .

ـــ سەن دىتسىز، قاپاق كاللا ـــ دەيدۇ بىرى،
ئوغۇتنى شۇنچىۋالا چاچامدىغان؟
بوراننىڭ كېلىشىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ،
قەستەنگە دان سۇيىنى ئاچامدىغان؟

«ـــ سەن كالۋا» دەيدۇ بىرى، زورەملەرنىڭ،
چاچقىنى ئاق ئوغۇتكەن كۆردۇم دىدىڭ .
ئوغۇتقا سەرپ قىلدۇق بارۇ ـ يوقنى،
خوپ بولدى ئەمدى قالساڭ نانسىز، يىلىڭ! ...

تەنىلەر، دوق قىلىشلار، ئاھانەتلەر،
ۋە بەزەن ئۇلغىيدۇ غەلۋە ـ جېدەل .
ئەپسۇسكى پۇشايمانغا قاچا نەدە؟
تەندىن مۇراد ـ مەقسەت بولغايمۇ ھەل؟

قۇترىغان ئاپەت چۇنكى ئاشۇ كېچە،
ھەسەننىڭ يېرىگىمۇ كېلىپ كەتكەن .
ئاپەتتىن ھاردۇق يەتكەن مايسىلىرى،
يىقىلىپ يەر بېغىرلاپ يېتىپ كەتكەن .

## تۆتىنچى باب ئاقىۋەت

چۇش پەسلى ـــ يازنىڭ ئاتەش ـ تومۇز پەسلى،
يەر ـ كۆكنىڭ تونۇر كەبى ھارارىتى .
بۇلۇتسىز كۆكتە قۇياش ئوت چاچىدۇ،
قوقاستەك يىلىنجايدۇ يەرنىڭ بېتى .

سالپايغان قۇلاقلىرى كوكاتلارنىڭ،
ياپراقلار ھالسىز، چاۋاك چېلىشمايدۇ .
مۆكۈشكەن قۇش ـ قاناتلار دالدىلارغا،
تورغايلار سايراپ نەغمە قىلىشمايدۇ .

تاۋلنىپ زەردەك بۇغداي كۆتەكلىرى،
ئېگىزلار يىراقلارغا سوزۇلىدۇ .
مىسالى ئالتۇن سۈيى يېيىتقاندەك،
قۇياشنىڭ ئاپتىپىدا يۇيۇلىدۇ .

ئۇنچىلەر دۆۋە ـ دۆۋە خامانلاردا،
ياڭرايدۇ لەرزان خامان قوشاقلىرى .
جىملىقنى بۇزار ئۇنى تراكتورنىڭ،
كىشنەيدۇ بەزەن خامان ئۇلاغلىرى .

ھە، ئەنە ئارىسىدا خامانلارنىڭ،
مومىسى كۆرۈنىدۇ ھۇسەنجاننىڭ .
ئۇنچىنى تاشلاپ پولات ئارىسىدا،
ئىشلەر ئۇ ئارىسىدا سىرىق داننىڭ .

زورىخان ھەيدەر كىچىك تراكتورنى،
ياغلىقى ئوتقاش كەبى يەلپۈنىدۇ .
كەينىدە تولۇقلىرى گۈرسىلدىشىپ،
ئۇنچىنى يانجىپ ئۆتۈپ چەش قىلىدۇ .

روبىرو كەلگەن چېغى ئايلانمىدا،
ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىگە بېقىشىدۇ .
چىن دىلدىن ئۇرغۇپ چىققان كۈلكە بىلەن،
شادلىقنىڭ دەرياسىدا ئېقىشىدۇ .

ئۇزىدۇ ئۇلار شادلىق دەرياسىدا،
ئىپتىخار يەلكىنىنى كېرىشكەنچە .

بىر چاڭگال داننى ئالدى ھەۋەس ئەنە،
ئۇنچىلەر ئارىسىدىن ئېڭىشكەنچە .

دان ئالدى، خىيال ئالدى ئالقىنىغا،
دان بىلەن تەپەككۇرى قاناتلاندى .
تىكىلىپ باققان چېغى ئاڭا شۇدەم،
دىلىدا دانغا خىتاب ئۆتى ياندى:

«ئېھ، دان سەن، جۇغۇڭ ئانچە چوڭمۇ ئەمەس،
جەم بولساڭ مىڭ تال ئاندىن جىڭ باسسەن .
ئارتۇقسەن گېزى كەلسە  ئالتۇندىنمۇ،
ئاكسى جاننىڭ، تەننىڭ داۋاسسەن .

ئاپەتلىك يىلنىڭ قارغىش كۈنلىرىدە،
سېنى دەپ يېغىر بولدى تاپىنىمىز .
قىشۇ ياز تىنماي دولقۇن كۆتۈرۈشتۇق،
يېرىلدى ئىشلەپ چاك ـ چاك ئالقىنىمىز .

شۇندىمۇ دان ئورنىغا جىگدە يېدۇق،
سەن قالدىڭ ئامباردىلا مەھبۇس بولۇپ .
يەلكىگە سېلىپ قۇرۇق خالتىلارنى،
بىز بارساق ئالدىمىزنى توستى قولۇپ .

ۋەسلىڭگە تەلمۈرتمىدىڭ كىملەرنىمۇ،
كىملەرنى يولداش قىلدىڭ پاراغەتكە؟
بىز ئۈچۈن تېپىلمىدى كېپىكىڭمۇ،
كىملەرنى ئىتتەرمىدىڭ پالاكەتكە؟

‹دان نەدە؟› دېدۇق شۇ چاغ سوراق قويۇپ،
يەر تېرىپ يۈرگەن دېهقان ئاچ قالامدۇ؟
نەلەرگە كەتتى مېهنەت، قان ـ تەرىمىز؟
ئەجەبا ئاچلىق ئەمدى جان ئالامدۇ؟

سەن بولساڭ ئىدىڭ بەلكى مىسكىن ئاتام،
ئۈچ ـ تۆت يىل يەنە ئارتۇق ياشار ئىدى .
جىسمىڭنى ئۆز ئىلكىدە كۆرگىنىدە،
كۆزىگە سۈرۈپ ـ سۈرتۈپ ئالار ئىدى .
...

خەيرىيەت، جىسمىڭ بۈگۈن ئالقىنىمدا،
ئاز ئەمەس، مەئىشەتتىن ئاشقىچىلىك .
ئېيتقىنچۇ، مەمۇرچىلىق دەۋرانىغا،
كىم شەپقەت قىلىپ بىزگە ئاچتى ئىشىك؟

كىم بىزگە قورال بەردى تېخنىكىدىن؟
كىم بەردى ئەقلىمىزگە ئەقلىي ئوزۇق؟
نېمىدىن تاپتىڭ ھوسۇل كاپالىتى،
قايتۇردۇڭ ئەجرىمىزنى قويماي قۇرۇق؟

ھەشقاللا دەيمەن دەۋر، سىياسەتكە،
سەن ئاڭا ھەشقاللامنىڭ سوۋغىتىسەن .
ئەتىلا چەشلىنىسەن تاغارلارغا،
دۆلەتكە ھېچ ھايالسىز يوللىنىسەن .

بار، كاتتا شەھەرلەرگە قاناتلىنىپ،
ئەقىلدار ئادەملەرگە قۇۋۋەت بەرگىن .
گاھ بىلەك ئىشچىلارغا دەرمان بولۇپ،
يەن - بىلىم تەشناسىغا مەدەت بەرگىن .

لەززەت بەر باتۇر بۇركۇت جەڭچىلەرگە،
بار قارلىق تاغلاردىكى قورۇللارغا،
تەقدىم ئەت ساغلام، يېڭى ھۆججەيرىلەر،
كېلەچەك تامان ئۇچقان دۇلدۇللارغا .
...

ھە، شۇ چاغ ھاسىل مېنىڭ ئارمانلىرىم،
رازىلىق ئالسام ئەلدىن تۆھپەم ئۇچۈن .
ئىپتىخار بولماس ئەسلا ئۇندىن بۆلەك،
مەن كەبى ئامەتكە يار ئادەم ئۇچۈن .»

ھۆسەنجان يىغىپ خىيال يىپلىرىنى،
ئاۋايلاپ قويىدى دانىنى چەش ئۈستىگە .
پاتەمخانىغا مەنىلىك بىر قاراپ قويىدى،
چېھرىمۇ تولغان بۇ چاغ شاد كۈلكىگە .

*   *   *

ھۆسەنىنىڭ خامىنىدىن ئاتمىش قەدەم —
نېرىدا ھەسەنجاننىڭ خامىنى بار .
خامانكى، سامانلىرى دۆۋە - دۆۋە،
چەشلەنگەن دېنى پەقەت ئالتە تاغار .

ئەر ـ خوتۇن يۆلەنگەنچە تاغارلارغا،
بىچارە قىياپەتتە ئولتۇردۇ .
ئۇھ تارتسا ئىبرى گاھ ـ گاھ ئىچىنىشلىق،
ئايالى ئاھ ئۇردۇ، خۇرسىندۇ .


ھېچكىمگە شۇ تاپ تىلنىڭ لازىمى يوق،
ئەيلەيدۇ ئايان ئەينى ھالەتلىرى .
كىمگىمۇ يەتمەس شۇنداق قىياپەتلەر —
كەلگەندە خىجىلچىلىق سائەتلىرى .

بىر سىقىم سامان شۇ تاپ ھەسەنجاننىڭ،
قولىدا مىجىلىدۇ، ئىزىلىدۇ .
رەھىمسىز سوراقلايدۇ ئۆز ـ ئۆزىنى،
تىلىدا ئاچچىق سۆزلەر تىزىلىدۇ:

— ھەي ھەسەن، — دەيدۇ ئاستا پۇشايماندا،
باشتىلا قاراملىققا پېتىپ قالدىڭ!
توسالدى ئەقلىڭ غەپلەت چېڭى بىلەن،
نادانلىق بۆشۈكىدە يېتىپ قالدىڭ!

ئىشىنىپ ماڭساڭ پەننىڭ يولى بىلەن،
ئاقىۋەت ئەسلا مۇنداق بولماس ئىدى .
ئۆز ئىنىڭ سۆزلىرىگە كۆنسەڭ، ئىنىڭ —
بۇ ھالدا سېنى تاشلاپ قويماس ئىدى .





يولۇڭنى توسۇپ قويدى ئادەت كۆچى،
ئۆزۈڭگە دۈشمەن بولدى نادانلىقىڭ .
نى نومۇس زەي سالمايلا پاختا ئېتىپ،
ئالتە ئاي ئىشلەپ سامان ئالغانلىقىڭ .

ئۆكۈزسىز خامان ئالدىڭ ملىڭ تەسلىكتە،
يوق بولدى بارچە قۇرۇق خىيالىڭمۇ .
ئايرىلدىڭ نەق، نېسىدىن ـ بار ۋەجىڭدىن،
دوق قىلار ساڭا بۇنى ئايالىڭمۇ .

هەي، ئەمدى تاپشۇرسەن نېمەڭنىمۇ،
دۆي بىلەن تۈزگەن توختام ئىجراسىغا .
كۆتۈرۈپ يۈرەلەمسەن بۇ هال بىلەن،
يۈزۈڭنى خالايىقنىڭ ئارىسىدا .

...
يول ئىزدەپ يۈرەر هەسەن شۇبۇ تاپتا،
پۇشايمان سەھراسىدا يالاڭ ئاياغ .
چىرمىلىپ قات ـ قات هەسرەت يىپى بىلەن،
ئۆمۈچۈك تورىدىكى ئولجا سىياق .

قۇتۇلماق ئىزدەپ بەزەن بۇ مۇهتتىن،
تەلمۈرۈپ ئوڭ ـ سولىغا كۆز سالىدۇ .
هۆسەننىڭ خامىنىغا قەدىمىنى،
تاشلاپمۇ بېقىپ يەنە ئۇيۇلىدۇ .

پىنھانە تىۋىنىدۇ تەقدىر گىمۇ،
غايىبقا باغلاپ ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى .
نادانلىق غەپلىتىگە ئويغانغان ھېس،
داغلايدۇ ئارام بەرمەي يۈرىكىنى .

شۇ ھالدا دەل خىجىللىق سائىتىدە،
كۈتكەن ۋە كۈتمىگەن پەيت يېتىپ قالدى .
كۆتۈرۈپ مۇدىر توختام قەغىزىنى،
بوغالتىر، كاسسىر بىلەن كېلىپ قالدى .

ـــ ئەسسالام، ـــ دېدى مۇدىر ھەسەنجانغا،
ئىككى ياق ئىززەت بىلەن سالاملاشتى .
توختامنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنىڭ،
ئىشلىرى مانا شۇ چاغ داۋاملاشتى .

جىگلاندى قاپلار، چوتتىن سادا كەلدى،
كەم چىقتى ئاشلىق توختام ھېسابىدىن .
ئەر ـ خوتۇن ئۆكۈز ئالغان نېسى پۇلنى،
ئىشتتى ھەم بوغالتىرنىڭ بايانىدىن .

ھەسەننىڭ يۈزى بىردىن قىزاردى ـ دە،
تۇيدۇرماي يەر تېگىگە بېقىپ سالدى .
بېسۋالدى يۈرىكىنى دۈپۈلدەشتىن،
تىلىغا مۇنداق بىر سۆز كېلىپ قالدى:

ـــ ھازىرچە تۇرسا قەرزىم ھېسابىدا،
تۆلىسەم كېلەر يىلى خاماندىلا .

گېپىم ـ گەپ ھېچ كەينىگە سۆرىمەيمەن،
قايتۇراي تۇنجى چەشنى ئالغاندىلا .

قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى مۇدىر شۇئان،
سورىدى: كارامەتچى خىزىرمۇ سەن؟
شىددىتى بارغۇي ئەجەب گەپلىرىڭنىڭ،
ئېيت قېنى، قاي يوسۇندا قايتۇرسەن؟

كەسكىنلا بەردى ھەسەن جاۋابىنى:
ــ تېرىيمەن يەرنى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن .
بىر يولى كونا ـ يېڭى ھېساباتنى،
ئۆزىمەن ئارتۇق ئالغان ھوسۇل بىلەن!

ھە، بۇ چاغ ھەسەن ئەھلى جامائەتنىڭ،
كۆزىگە ئەمدى ئۇدۇل باقار ئىدى .
دىلىدا پۇشايماندىن ئۇچقۇنلىغان،
ئىشەشنىڭ ئوتى پارلاپ يانار ئىدى .

ــ يارايسەن! ــ دېدى مۇدىر كۈلۈپ تۇرۇپ،
ھەسەننىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ .
سورۇندا مۇنۇلارنى جاكار قىلدى،
ھېسابات دەپتىرىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ــ ئارتۇقچە خىجىل بولما ئۇكام ئەمدى،
بۇگۈنلا ئادا بولدى جىمى قەرزىڭ .
كەچۈرۈم قىلدى ئۆكۈز پۇلىنى دۆي،
لەۋزىڭدە تۇرۇپ ئەمدى كۆتۈر قەددىڭ!

كۆپچىلىك چاۋاك چالدى مۇبارەكلەپ،
ھەسەنجان ئەمما سۆزسىز تۇرۇپ قالدى .
كەم ئاشلىق تولدۇرۇلدى قانداق بولۇپ؟
دېدى ـ دە، بىرپەس ھەيران بولۇپ قالدى .

ھەيرانلىق سەۋەبىنى بىلىپ مۇدىر،
كۆرسەتتى ئاتىا تويتىن ھۆسەنجاننى .
بىردىنلا ئايان بولدى تېگى سىرنىڭ،
ئەپكەلدى ئاتىا چەكسىز ھاياجاننى .

كۆزىدە ئەگىپ شادلىق ئۈنچىلىرى،
سىمابتەك چانقىدىن تولۇپ تاشتى .
تىترىگەن ئاۋازدا ئۇ: «ئۇكام!» دەپلا
ھۆسەنگە ئېتىلغانچە قۇچاق ئاچتى .

ئېتىلدى بىر ـ بىرىگە ئاكا ـ ئۇكا،
قول ـ قوللار چىڭ سىقىلدى گىرەلەشتى .
بىر چەتتە قۇچاقلىشىپ ئاچا ـ سىڭىل،
تۆزۈشۈپ چاچلىرىنى ئېسەدەشتى .

كۆز يېشى تامچىپ بۇ چاغ يامغۇر كەبى،
تۇغقانلىق رىشتىسىنى ياشنىتاتتى .
ئۆملۈكنىڭ شاخلىرىنى سىراپ ئېتىپ،
يېپيېڭى غۇنچىلارنى چاقنىتاتتى .

* * *

بەشبۇلاق مەھەللىسى ئەتىگەنلا،
بايراملىق تۈسى بىلەن قىزىپ كەتكەن .
ئۈز شۇنچە تەبىئەتنىڭ رۇخسارىمۇ،
ياسىنىپ گۈلگۈن چىراي ئېچىپ كەتكەن .

ئادەملەر ئۈزۈلمەيدۇ كوچىلاردا،
باللار يۈگرەر سۈرەن سېلىشقانچە .
ھە، ئەنە بىر ھويلىنىڭ دەرۋازىسى،
تۇردۇ مېھمانلارغا ئېچىلغانچە .

ئۆي - ئۆيدىن كېلەر ئاشۇ ھويلا تامان،
بوۋايلار توكۇلدىتىپ ھاسىسىنى .
كىشلەر تۇشمۇ تۇشتىن ئالدىراپلا،
چوكانلار يېتىلشىپ بالىسىنى .

ھە، بۇگۈن توي بولدىمۇ بۇ ھويلىدا،
كەلگەنمۇ مېھمان توينى كۆچۈرگىلى؟
كارامەت ئەھلى بارمۇ يا ھويلىدا،
كەلگەنمۇ ئەل - جامائەت قول بەرگىلى؟

توي دېسەك، تويدىن كاتتا مەرىكە بۇ،
كارامەت ئەھلى ھەم بار بۇ ھويلىدا .
ھويلىدا قۇرۇلغاندۇر يۇرت سۆھبىتى،
ئولتۇرار ھۆسەن ئەنە ئەل ئالدىدا .

ئولتۇرار ئۇلار قىزغىن سۆھبەت بىلەن،
سۆزلىشىپ يۈرەكتىكى سۆزلىرىنى .

بىر بوۋاي دەيدۇ سىلاپ ساقىلىنى،
ھۇسەنگە تاشلاپ تۇرۇپ كۆزلىرىنى .

ـــ بار بالام، رەھمەت دېگىن يېزىمىزدىن،
ھۆكۈمەت چوڭلىرىغا، سىياسەتكە .
ماڭغاچقا ئاشۇلارنىڭ يولى بىلەن
ئاتلىدۇق نامراتلىقتىن سائادەتكە .

بىر دېھقان دەيدۇ: پەنگە ئەمەل قىلىپ،
تاراتتىڭ ئاتىقىنى يېزىمىزنىڭ .
ماڭغىنىڭ مەجلىس ئۈچۈن چوڭ شەھەرگە،
شان ـ شۆھرەت قازانغىنى يېزىمىزنىڭ .

پۇل تەڭلەپ يەنە بىرى دەيدۇ ئاكا،
ـــ كېلەرسىز ئالغاچ شاڭخەي تاۋارىدىن .
بىرەيلەن دەيدۇ يەنە: ئالغاچ كېلىڭ ـــ
كۆڭلەكلىك چاچ رەڭ شىپۇن، دۇخاۋىدىن .

ھاجەتمەن مېھمانلارغا باش لىڭشىتىپ،
ھۇسەنجان ئاران ـ ئاران ئۈلگۈرىدۇ .
باسالماي خۇشلۇقنى ھەسەنجانمۇ
ھۇسەننىڭ يېنىدىلا ئولتۇرىدۇ .

ئۇ دەيدۇ: ئۇكام بارغان مەجلىسىڭدىن،
تەجرىبە ـ ئۇسۇللارنى يېزىپ كەلگىن .
ئالىملار سۆھبىتىدە بولۇپ قالساڭ،
تەلىم ئال، ئىزدەپ كىتاب ئېلىپ كەلگىن .

ماقۇللۇق بىرىپ ئەھلى تەلەپلەرگە،
ھۆسەنجان يېتىشمەيدۇ دېھقانلارغا .
پاتىمە، زۆھرە پەتنۇس كۆتۈرگەنچە،
تۇتىدۇ قىزىق چاينى مېھمانلارغا .

شۇ چاغدا «كەلدى، كەلدى» دېيىشكەنچە،
باللار چۇقان سېلىپ خەۋەر بەردى .
ماش رەڭ جىپ گۈرۈلدىدى، يېقىنلاشتى،
دەرۋازا ئالدىغىلا يېتىپ كەلدى .

تالاغا چىقتى ھەممە چۆرىدىشىپ —
ھۆسەننىڭ سومكىسىنى كۆتۈرگەنچە،
ئىشكىنى ئېچىپ تۇردى بىرى، ھەممە —
چىقاردى جىپقا ئۇنى كۆتۈرگەنچە .

تېزلەشتى يۈرەكلەرنىڭ رىتىممۇ،
رول سىيان شوپۇر ئاستا سۈرۈلگەندە .
كۆزلەرگە قوندى شەبنەم تامچىلىرى،
كۆزلەردىن كۆزگە مېھر تۆكۈلگەندە .

ماشىنا قوزغالدى - دە، ئېلىپ كەتتى،
ئىلىم - پەن مەجلىسگە ھۆسەنجاننى .
خوش! دېدى ئاكا ئەل - يۇرت گۈل تۇتۇشتى،
سىڭدۈرۈپ گۈلگە ھۆرمەت — ھاياجاننى .

1983 - يىلى ئىيۇن، كورلا — ئۈرۈمچى .

# گۈلزۇپەر

ئېگىز ـ ئېگىز تاغلار بېشىدا،
ھەيۋەت قىيا، ھاڭلار قېشىدا.
شۇنچە كۆركەم گۈللەيدۇ زۇپەر،
يىلتىزلىرى تاشلار قېتىدا.

مەيلى مۆلدۈر، يامغۇر تامچىلاپ،
گىياھلارنى ئۆتسۇن قامچىلاپ.
ۋە يا ھۇۋلاپ كەچ كۈز شاملى،
قار ـ مۇز بىلەن كۆمۈلسۇن ئەتراپ.

زۇپەر گۈلى سولمايدۇ، بىراق،
بەستى مەزمۇت، رەڭگى شۇنچە پاك.
گۈزەللىكتە ھۆسنى يېگانە،
شىپالىقتا نامى مىڭ قوشاق...

*   *   *

زۇپەر ئۆسكەن تاغنىڭ باغرىدا،
گۈزەل مۇنبەت ـ رەڭدار دالىدا.

بوستان ئەترەت بوستان مەكتىپى
تۇرار مەغرۇر گۈلشەن قوينىدا .

چۈش مەزگىلى —
سىنىپتا جىمجىت
ئاڭلىماقتا باللار تەلىم .
ئىلىم ـ ھېكمەت خەزىنىسىدىن
ئۈنچە چاچار قادىر مۇئەللىم .

سۆزلەر ئىدى مۇئەللىم قىزغىن،
قىز ـ ئوغۇللار سالاتتى قۇلاق .
خەيرلىشىپ ماڭدى مۇئەللىم
جىرىڭلىغان چاغدا قوڭغۇراق .

زىل كۈلكىلەر ياڭرىدى بىردىن
سايرىغاندەك تالاي شوخ بۇلبۇل .
بوغچىسىنى ئاسقان باللار
دەرۋازىغا يول ئالدى ئۇدۇل .

باتۇرجانمۇ تاشلاپ ئالدىراش
پارتىسىغا دەپتەر ـ قەلەمنى .
كىملەرگىدۇر قىلدى ئىشارەت
ئىشىك تامان تاشلاپ قەدەمنى .

ئولتۇراتتى بۇ چاغ گۈلزۇپەر
بار زېھنىنى جەملەپ پارتىدا .
قوشۇمىسى تۈرۈلگەن مەھكەم
قەلەم قولدا، دەپتەر ئالدىدا .

ئەقىل نۇرى چاقنايتتى ئۇنىڭ
قارا ـ قارا بىر جۈپ كۆزىدىن .
تاپشۇرۇققا ئىزدەيتتى جاۋاب
تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇر تېگىدىن .

ئىزدىنەتتى ھەر كۈنى شۇنداق
قوياس ئىدى ئىشنى ئەتىگە .
ھەرىپەتتىن شەربەت ئوتلىماق
ئىشقى ئۇنىڭ چۈشكەچ قەلبىگە .

كۆتۈرگەندە بېشىنى زۇپەر
باتۇرجاننى كۆردى ئالدىدا .
دېدى زۇپەر: قانداق سۆزىڭىز —
بار ئىدىكىن، ئېيتىڭچۇ ماڭا؟

— مومام ئىدى ئۆيدە كېسەلچان
بەرمەكچىمەن دورا ئېپكېلىپ .
تاپشۇرۇقمۇ قېپقالدى چالا
نۆۋەتچىلىك قاپتۇ تاقىشىپ .

— بېرىڭ، — دېدى ئاڭا گۈلزۇپەر —
شىپا تاپسۇن ئايشەمخان موماي .
تاپشۇرۇقنى ئىشلەڭ سەھەردە
مەنمۇ سىزگە ياردەمچى بولاي .

چىقىپ كەتتى ئوقتەك ئىشكتىن
خۇشاللىققا چۆمۈلۈپ باتۇر .

دەريا تامان يۈگۈردى بىر توپ
ھەمراھىغا قوشۇلۇپ باتۇر .

باتۇر كەتتى، ئەمما گۈلزۇپەر
ئىشلەپ ئىنشا پۈتكەنگە قەدەر .
سۆيۈرگىنى ئالدى قولىغا
باتۇر ئۈچۈن تۆكمەككە ساپ تەر .

* * *

ھۆسنى ئۇزدۇر جەننەت مىسالى
گۈزەل بوستان گۈللەر ۋادىسى .
قوينى كەڭرى، كۆركەم شۇقەدەر
بۈك ـ باراقسان باغلار ئارىسى .

كۈمۈش دوپپا كىيگەن چوققىلار
بىغىشلايدۇ ۋادىغا سۆلەت .
ئۇپۇق بىلەن سۆيۈشەر چەكسىز
مايسا تولغان ئېتىزلار رەت ـ رەت .

يالقۇنجايدۇ باش ياز ئاپتىپى
نۇر ئىلكىدە چاقنايدۇ دالا .
ئېرىقلاردا ئوخچۇپ ئاقار سۇ،
سۇ يۈزىدە ئوينايدۇ شولا .

شاخ ـ شېخىدىن تاشلايدۇ سايە
بۇلۇت تاجلىق كۆجۈم سۇۋادان .

يوپۇرماقلار ئوينايدۇ ئۇسۇل
تاغ سەلكنى سوققاندا لەرزان .

شۇ باراقسان يولدىن گۈلزۇپەر
زوققا تولۇپ يايراپ كېلىدۇ .
گۈل يېزىغا بېغشلاپ ناخشا
بۇلبۇل كەبى سايراپ كېلىدۇ .

ئۇ كېلىدۇ، تال ـ تال چاچلىرى ـــ
مەجنۇنتالدەك يەلپۈنەر شۇنچە .
ئون ئۈچ ياشلىق زىلۋا بەستىگە
گالستۇكى خوپ كېلەر شۇنچە .

كۆلەڭگىدىن لىپ ـ لىپ قىلسا نۇر
كۆلەر ئۇنىڭ گۈلدەك جامالى .
قېشى قۇندۇز دېھقان قىزىنىڭ
مەڭزى گويا بوستان ئانارى .

ئاققىنىچە شادلىق ئىلكىدە
يەتتى زۇپەر دەريا لېۋىگە .
باقتى چاۋار ـ چاتقال ئېقىتىپ
غولداپ ئاققان دەريا سۈيىگە .

لاي سۇ دېمەك، كەلكۈن بەلگىسى
كەلكۈن دېمەك، قالغان يېقىنلاپ .
تۇرۇپ قىرغاق بويىدا تەنھا
ئويغا چۆمدى قىزچاق ئاشۇ تاپ .

«كېلەلمىدى ئوقۇشقا بۇگۈن
كېسەل بىلەن ياتەم ساۋاقداش .
بەكمۇ زۆرۈر يوقلىغاچ ئۇنى
ئۆتكەن دەرسنى دەرھال تولۇقلاش .

مەيلى ئەگەر ئۇلغايسىمۇ سۇ
مۇمكىن ئەمەس بۇ يولدىن قايتماق .
كۈن ئاتلاتماي ئۆتكەن ساۋاقنى
يەتكۈزمەستىن قويمايمەن بىراق .»

چۈنكى قىزنىڭ گۈلخان قەلبدە
ئومۇم ئۈچۈن يانغان مۇھەببەت .
چاقناپ تۇرغان لېپ قىلىپ ئۆلگىسى
بېرەر ئاڭا چەكسىز كۈچ - مەدەت .

زۇپەر ئەلا مەكتەپ قويندا
ئەڭ مۇنەۋۋەر قىزنىڭ بىرى ئۇ .
ياخشى ئىشتا دۇيدە ھەممىنىڭ
چىن دىلدىن سۆيگەن قىزى ئۇ .

بۇگۈن يەنە خىسلەت سوۋغىسى
ئېلىپ زۇپەر ماڭدى يىراققا .
ياتەم ئۈچۈن ئۆتكەن دەرسنى
تولۇقلاشنى داۋام قىلماققا .

تۈردى شۇئان روھلىنىپ زۇپەر
كۆڭلىكنى، يۇچقاقلىرنى .

جەسۇرانە كىردى ئىچىنگە
مەھكەم بېسىپ ئاياغلىرىنى .

كەلگىنىدە قاشقا يېقىنلاپ
دولقۇنلارنىڭ باغرىنى يېرىپ .
كىممۇ بىلسۇن ئۇنىڭ ئايىغى
«غىرت» قىلدى ـ دە، كەتتى سىيرىلىپ .

سىيرىلدىيۇ، رۇسلانماققا ئۇ
تەمشەلگەندە سۇرتۇپ يۈزىنى .
ھەيۋەت دولقۇن قاپلان مىسالى
قىز ئۈستىگە ئاتتى ئۆزىنى .

قالدى زۇپەر دولقۇن ئاستىدا
ئىتائەتسىز قاچتى تېنىمۇ .
كۆۋەجىگەن قاتمۇ قات ئۆركەش
ھۆركىرەيتتى ئۆرلەپ تېخىمۇ .

بىراق قىزنى يوشۇرغان كەلكۈن
ئاقار ئىدى ئەنسىز گۈركىرەپ .
ئاقار ئىدى دەريادا چاتقال
گاھى چۆكۈپ، گاھىدا ئۆرلەپ .

* * *

بىر ـ بىرىگە مەھكەم كىرىشكەن
ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كىرپىكى قىزنىڭ .





«لسپ» قىلىپلا ئىچىلدى ئاستا
بۇلاق كەبى كۆزلىرى قىزنىڭ .

كۆرۈندى ـ دە، شۇندا كۆك ئاسمان
ئوت ـ چۆپ باسقان نۇرانە دالا .
قىز كۆڭلىدىن كەچتى شۇ گۇمان
«ئويغاندىممۇ ئۇيقۇمدىن ۋە يا؟»

ھەيرانلىققا چۆمۈلۈپ قىزچاق
كۆز تاشلىدى ئەتراپىغا ھەم .
ئاڭلىناتتى دەريا شاۋقۇنى
ئاستى شىغىل، قۇملار يۈزى نەم ...

زۇپەر دىمەك كۆردى ئۆزىنى
بايا كەلگەن قىرغاقتا شۇئان .
كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىش
«يالت» قىلىپ بولغاندا ئايان .

ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ
تىرەجىدى تەمشەلدى بۇدەم .
سىرقىرايتتى پۇتكۆل تەنلىرى
ماغدۇرىدىن كەتكەن قولى ھەم .

بىراق بۇرچى كەلدى ئىسگە
گالستۇكقا چۈشكەندە كۆزى .
ھۆرمەت بىلەن باققاندا ئاڭا
«لسپ» قىلدى ـ دە، ئوت ئالدى يۈزى .

— ياق، — دېدى ئۇ — دولقۇن ھېچقاچان
توسالمايدۇ ئالدىمنى مېنىڭ.
توسالمايدۇ دەريا كەلكۈنى
گاڭ ئىرادە، ئەھدىمنى مېنىڭ.

تۇردى شۇندا ئورنىدىن زۇپەر
ماڭدى دەريا لېۋىنى بويلاپ.
ماڭدى كېچىك تەرەپكە قايتا
شۇنچە مەزمۇت قەدەملەر تاشلاپ.

ئۇ باراتتى، قەلبىدە غەيرەت
فونتان كەبى ئۇرغۇپ تاشاتتى.
كېسەل دوستى تۇرغان ئۇ قاتقا —
تاغ باغرىغا تويماي باقاتتى.

ئويلايتتى ئۇ «مەنمۇ مەكتەپتە
ئوقۇشۇمنى ئەلا ئوقۇسام.
ۋەتەن ئۈچۈن قابىل، يارامىلىق
جەڭچى بولسام، سەپكە قېتىلسام.

پاتەمنىمۇ ماڭسام يېتەكلەپ،
جۈپ گۈل بولۇپ بىللە ئېچىلساق.
كەلگۈسىنىڭ — پارلاق ئەتىنىڭ
قۇرغۇچىسى — ئىگىسى بولساق.

ئاشۇ گۈزەل ئارزۇ، كېلەچەك
ماڭا ئىلھام قۇدرەت ئەمەسمۇ؟

بۇ مەقسەتتە چەكسەم گەر جاپا
ماڭا بەخت، راھەت ئەمەسمۇ؟»

ئويلىغانچە بۇنى گۈلزۇپەر
جىلۋە قىلدى كۆلكە يۈزىدە .
بارار ئىدى ئاغرىقنى ئۇنتۇپ
ئۆز بۇرچىنى ساقلاپ ئېسىدە .

كەلدى يەنە كىچىككە قىزچاق
دولقۇنلارغا تىكىلدى قايتا .
ئاشۇ قايىنام ئىرغىتتى يەنە
ئۆركەشلەرنى قىزنىڭ بېشىغا .

*　　*　　*

شۇنچە كۆركەم، شۇنچە تۈز ـ تەكشى
تاغ باغرىغا باش قويغان سالا .
بىر بېشىدا ياپيېشىل قىرغاق
سالا بىلەن ياندىشار دەريا .

بۇ بىر ئەگىم ــ دەريا قولتۇقى،
ئاقار ئېقىن بۇندىن ئايلىنىپ .
يېقىندىراق توختام سۇ بىلەن
تولغان كۆلچەك تۇرار ئايرىلىپ .

شۇ كۆلچەكتە لەشكە كۆمۈلۈپ
توغرا ياتار قاشتا قورام تاش .

سۇنى سۆيگەن بىر ئۇچى ئۇنىڭ
تەڭ يېرىمى قىرغاققا تۇتاش .

ئەنە ئاشۇ تاشنىڭ ئۈستىدە
قارماق تاشلاپ ئولتۇرار باتۇر .
جەملەپ جىمى ئەقلۇ ـ زېھنىنى
لەيلىگۈچكە كۆز تىكەر باتۇر .

تۇرار ئۇنىڭ ئەتراپىدا تىنچ
ئالتە ـ يەتتە ئۈلپىتى تەييار .
بەزىسىنىڭ قولىدا يەمچۈك
بەزىسىدە قارماق، چىلەك بار .

ئۆتتى ۋاقىت، ھەتتا بېلىجان
ئىلىنمايتتى قارماققا بىراق .
خىجىل بولدى باتۇر ئولجىسىز
بۇندىن قۇرۇق قايتماققا بىراق .

شۇ چاغ لىك ـ لىك قىلدى لەيلىگۈچ
دىققىتىنى جەملىدى باتۇر .
ئولجىسىنى قاچۇرماسقا ھېچ
ئۈلپەتلەرگە «جىم»، ــ دېدى باتۇر .

«چولتۇك» قىلدى بىردىن يىراقتا
كەلدى يامراپ دولقۇن چەمبىرى .
بۇ شەپىدىن غەش بولدى باتۇر
دولقۇن بويلاپ ئاغدى نەزىرى .

ھەيران بولدى باققىندا ئۇ
ئون بەش قەدەم يىراققا بىردىن .
شۇ چاغ ھالسىز گەۋدە سۇ كىچىپ
تاشلانغاندا قىرغاققا بىردىن .

ــ كىم ئۇ، ــ دېدى باتۇر ــ ئىشىمغا، ــ
جۇرئەت قىلغان شەپە سالغىلى .»
ــ كىم ئۇ، ــ دېدى سەپراسى ئۆرلەپ
قىرغاق تامان ماڭدى كۆرگىلى .

سۇ بويىدا ــ بۇندا گۈلزۇپەر
ياتار ئىدى ھوشسىز سوزۇلۇپ .
ئەڭنى ئۇنىڭ تىتىلغان بەزەن
قان ئىزلىرى تۇرار داغ بولۇپ .

كۆرگىنىدە گۈلزۇپەر قىزنى
بۇ ھالەتتىن تاڭ قالدى باتۇر .
شۇئان تاشلاپ قارماقنى تېزدىن
قىز يېنىغا تىزلاندى باتۇر .

كەلدى يۈگرەپ تەشۋىش ئىلكىدە
تاش ئۈستىدە تۇرغانلارمۇ ھەم .
چاقىرىشتى زۇپەرنى ھەممە
بەزىسىنىڭ كۆزلىرىدە نەم ...

مانا زۇپەر ئاچتى كۆزىنى
يۈگرەپ مەسۇم چېھرىگە كۈلكە .

تۇرماق بولدى ئورنىدىن ئەمما
ئېغىر ئىدى تەنلىرى شۇنچە .

ساۋاقداشلار ئولاشتى شۇندا
گۈلزۇپەرنى كەلدى يۆلەشكە .
خەۋەر بەرمەك ئۈچۈن دوختۇرغا
باتۇر تەييار بولدى يۈگرەشكە .

بىراق زۇپەر دېدى: ھېچ گەپ يوق،
قاتتىق ئەمەس ئاغرىقىم ئۇنچە .
رەھمەت سىزگە ساۋاقداش ئەمدى
ماڭاي پاتەم تۇرۇشلۇق ئۆيگە .

— ياق، — دېدى ـ دە، تۇرسۇن ئالدىراپ
— بۇ ھالەتتە تۇرماق ئاسانمۇ؟
ئاغرىق تۈگۈل ساپساق كىشىگە
يىراق يەرگە بارماق ئاسانمۇ؟

كۈلدى زۇپەر تۇرسۇنغا ھەمدە
باللارغا ئېيتتى جاۋابەن:
— پىئونېرلىق بۇرچۇم ئەمەسمۇ
پاتەم ئۈچۈن چەكسەم جاپا مەن؟

ئاڭلىغاندا باتۇر بۇ سۆزنى
يۈز ـ كۆزىگە تەپتى قىزىللىق .
قىزنىڭ ئۆتتەك قەلبى ئالدىدا
سەزدى شۇئان چەكسىز خىجىللىق .

هاياجانغا چۆمۈلۈپ باتۇر
تۇردى جىمجىت قىزنىڭ ئالدىدا .
يالغان سۆزلەپ قايتقىنىنى ئۇ
ئۆز بويىنغا ئالغاندەك گويا .

كەلدى باتۇر، يىرتتى پېشىنى
يارىسىنى تاڭدى زۇپەرنىڭ .
ــ باشلاڭ! ــ دېدى، ــ پاتەم قېشىغا،
كۆزلىرىگە باقتى زۇپەرنىڭ .

كۆردى زۇپەر ئالدىدا جۈپ ـ جۈپ
ئۆز كۆزىگە تىكىلگەن كۆزنى .
كۆردى ئاشۇ كۆزلەر تۈرىدىن
ئېيتىلمىغان تۈمەن مىڭ سۆزنى .

ــ كەتتۇق! ــ دېدى، گۈلزۇپەر كەسكىن،
ماڭدى بىر توپ ئۆسمۈر سەپ بولۇپ .
كۈن نۇرىدا كۆرۈنەر كۆركەم
گالستۇكلار چوغدەك نۇرلۇنۇپ .

* * *

كەچكى شەپەق چاقنايدۇ گۈزەل،
گۈزەللىككە چۆمگەن كەڭ دالا .
تاغ ئارىسى ــ تاغلىق يېزا ھەم
قىزىل تونغا پۈركەنگەن گويا .

بۇ يېزىدا جۇشقۇن ھاياتنىڭ
شاۋقۇنلىرى قاينايدۇ بۇدەم .
ئىشتىن قايتقان غالىب مەردلىنىڭ
كۈي ـ ناۋاسى ياڭرايدۇ بۇ دەم .

مانا شۇ چاغ قۇربان ئاكا ھەم
مۇرىسىگە كەتمەننى سېلىپ .
ئايخان بىلەن قايتىپ ئېتىزدىن
ھويلىسىغا كەلگەندە يېتىپ .

كۆردى ئۇلار بۇندا بۈگۈنمۇ
پاتەم بىلەن زۇپەرنى بىللە .
ئەتراپىغا بىر توپ كىچىك دوست
يېزىشاتتى خەتلەرنى بىللە .

ــ ئاپا، ــ دېدى، پاتەم شۇ ھامان،
قارىشىدا قانداقتۇر مەنا .
ــ ئاتا، ــ دېدى، گۈلزۇپەرنى ھەم
كۆز قىرىدا قىلغاندەك ئىما .

ــ ۋاي! ــ دەۋەتتى ئايخان توساتتىن
تېگىقىنى كۆردى زۇپەرنىڭ .
ــ ئاپلا، ــ دېدى، قۇربان ئاكىمۇ
ھەم يېنىغا ئۆتتى زۇپەرنىڭ .

سۆزلەپ كەتتى بولغان ئىشنى ئۇ
باتۇر بىلەن بەس ـ بەسكە چۈشۈپ .

هاياجانغا تولغان كۆزىدىن،
تارام ـ تارام ياشلارنى تۆكۈپ .

ــ دوستۇم بۈگۈن ئۇنتۇپ ئۆزىنى
ئېلىپ كەلدى ئۇستاز مېھرىنى .
ئەقىل بەردى ئۇ يەتكۈزگەن دەرس
ئۈندەپ ئالغا ئۆرلەشكە مېنى .

چىقماس مېنىڭ ئېسىمدىن پەقەت
دوستلار ماڭا بەرگەن بۇ مەدەت .
ياخشى ئوقۇپ مەنمۇ بارىمنى
بېغىشلايمەن خەلقىمگە ئەبەد!

ــ بەللى! ــ دېدى، قۇربان ئاكا ھەم
ۋەدەڭ قىزىم بولدى جايىدا .
ئىككى ئېغىز سۆزۈمنى مەنمۇ
ئېيتاي كىچىك دوستلار ئالدىدا .

باھار ئوخشاش كۈلگەن دەۋرىنىڭ
كېلەچىكى باغلىق سىلەرگە .
بەختىمىزنىڭ مەڭگۈگە گۈللەپ
ياشنىمىقى باغلىق سىلەرگە .

بۇ ئۈمىدنى ئاقلاش يولىدا
لېيى فېك ئوخشاش خىسلەتكە تولۇپ .
كۆپلەپ زۇپەر يېتىلسە بىزدىن
ئىلىم ـ پەندىن قۇدرەتكە تولۇپ .

كەلگۈسدىن بىزمۇ خاتىرجەم،
شۇ نىشانغا قاراپ ئۆرلەڭلار!
ياخشى ئوقۇپ، ئىلىم ئىگىلەپ
ئېلىمىزنى گۈلگە پۈركەڭلار!

*　　*　　*

كەچكى شەپەق ئۆچكەن ھاۋادا
جامالىنى كۆرسەتكەندە ئاي .
چۆمۈپ سۈتتەك نۇرغا تەبىئەت
زەپ چىرايلىق ئاچقاندا چىراي .

مانا بىر توپ لىبى فېنچە ئەۋلاد
پاتەم بىلەن ماڭدى خوشلىشىپ .
ھاياجانغا چۆمگەن ئائىلە
گۈلزۇپەرنى قالدى ئۈزىتىپ .

1978 ـ يىلى سېنتەبىر، ماناس .

# «ئۈچ غەزەل»نى ئوقۇپ ھېس قىلغانلىرىم

مۇھەممەت پولات

ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت تېمىسى ـــ باشقا ھەرقانداق تېمىغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ ۋە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان ھاياتبەخش تېما . لېكىن، خېلى يىللاردىن بۇيان بۇ تېما ئەدەبىياتىمىزدىكى قېلىپۋازلىق ۋە شوئارۋازلىق خاھىشى تۈپەيلىدىن، شېئىرىيىتىمىزدە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىپادىسىنى تاپالماي كەلدى، بۇ تېمىغا بېغىشلانغان كۆپىنچە شېئىرلىرىمىزدا ئابستراكت ئۇقۇملاردىن قۇرۇلغان ھېسسىياتسىز، يالىڭاچ مىسرالار ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ ھەممىگە مەلۇم تارىخىي يولىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ چىقىپ، بۈگۈن بىلەن ئۆتمۈشنى سېلىشتۇرۇپ، كەلگۈسى توغرىسىدا بىرقاتار «رومانتىك» قۇرۇق خىياللارنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىر خىل مودا بولۇپ قالدى، لېكىن يېقىندىن بۇيان شېئىرىيىتىمىزدە بۇ چەكلىمىنى بۇزۇپ، بۇ ئەنئەنىۋى تېمىنى يېڭىچە بىر مەزمۇندا ئېچىپ بەرگەن بىرقىسىم ياخشى ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى . شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ (1979 ـ يىل) 14 ـ ئۆكتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۈچ غەزەل»ى ئەنە شۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ياخشى مىسالى . ئاپتور بۇ غەزەللەردە رېئال تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىگە تايىنىپ ھەقىقىي تەسىرلىك گۈزەل شېئىرىي مەنزىرە

يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى ئوبرازلىق هالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى . بىز بۇ غەزەللەردىن خەلقىمىزنىڭ يېڭىچە روهي قىياپىتىنىڭ روشەن بەدىئىي تەسۋىرىنى كۆرەلەيدۇق .

ئاپتور بۇ غەزەللىرىدە ئىدىيىنى باشقا شېئىرلاردىكىگە ئوخشاش قېلىپلىشىپ قالغان ئومۇمىي چۈشەنچىلەر دائىرىسىدە پىكىر يۈرگۈزۈش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى كونكرېت بىر تۇرمۇش مۇهىتى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن . تارىخىمىزدا ئالاهىدە ئورۇن تۇتىدىغان قەدىمىي مەدەنىيەت بۆشۈكى — قەشقەرنى نۇقتا قىلىپ، ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بىرنەچچە ماهىيەتلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ، خاسلىق ئارقىلىق ئومۇميلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بەختىيار هاياتنىڭ قايناق مەنزىرىسىنى روشەن نامايەن قىلغان . بىز «قەشقەردە كەچ» ناملىق بىرىنچى غەزىلىنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

بادامدوپپا، چىمەندوپپا، ئاقار يولدا تۈمەن دوپپا،
ياقار هەركىم لېۋىگە لەۋ سائادەت دىلبىرى كەچتە .

سادا بەرسە راۋاب تارى، قىلۇر بۇلبۇل غەزەلخانلىق،
بەلەن سازەندە قەشقەرلىق يىگىتنىڭ هەر بىرى كەچتە .

چېلىشتىن شان ياراتقان كۈن ئۈچۈن تىللاردا تەبرىكلەر،
ۋىسال كۆكىدە ئوينار شوخ مۇهەببەت كەپتىرى كەچتە .

ئىككىنچى غەزەل «قەشقەر باغچىسى»غا كەلسەك، ئاپتور يۇقىرىقىدەكلا جاراڭلىق مىسرالار ئارقىلىق «قەشقەردە كەچ»

غەزىلدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، كىتابخانلار قەلبىدە ئويغانغان هاياجانلىق تۇيغۇنى يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرىدۇ .

سىز بۇ غەزەلنى ئوقۇۋېتىپ، ئۆزىڭىزنى گويا ئاشۇ بەختىيار ئادەملەر بىلەن بىللە بۇ ئارامبەخش باغدا سەيلە قىلىۋاتقاندەك، كۆڭلى هېسابسىز خاتىرىلەرگە تولغان مويسىپىتلارنىڭ كەچمىشلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك هېس قىلىسىز:

ئېرىق بويلارى مەجنۇنتال، سۈيى ئەكسىدە جۈپ شولا،
سەير ئەتمەكنى ئىستەر كىم ئېسىل مەنزىل — قارارى بۇ .

قېنىق كۆك چاي خۇمارى دىل، شېرىن سۆهبەت كۆڭۈل مەيلى،
ساتار بىرلە مۇقام تەشنا يۈرەك ئاشناسى — يارى بۇ .

شۇبۇ گۈلشەندە — مەشرەپتە بىهاجەتتۇر تەكەللۇپمۇ،
كىمكى كەلسە تۆردىن جاي ئالۇرلەر، ئۆز دىيارى بۇ .

ئاخىرقى غەزەل «قەشقەر ئۇستىسىغا»دا ئاپتور خەلقىمىزنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ . ئۇ بۇنىڭدا قەشقەر ئۇچۇن تىپىك ئەهمىيەتكە ئىگە بولغان قول هۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاهىدىلىكىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئەمگەككە بولغان مۇھەببەت ـ هېسسىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ . قەشقەر ئۇستىسىنىڭ هەربىر هۈنىرىنى تۇرمۇشىمىزنىڭ يارقىن گۈزەللىكى بىلەن باغلاپ، ئەمگەكنى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتىرىپ، ئۇنىڭ ئىجادىي خاراكتېرىنى ناهايىتى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ:

بىغىڭنىڭ لالىسىدەك ئۇز چېچەك نۇسخا نەپىس مونچاق،
نە مونچاق، چېھرىدە قىزنىڭ جۇلاسى نۇر ـ ھۆكەر ئۇستا .

چىمەن دوپپاڭ چىمەنزارى بىرەر جەننەتكە ئەندازنى،
نە ئەنداز، پەردازى جەننەت گۈلىدىن بىنەزەر ئۇستا .

بىرىپ ھېكمەت سۆيىدە دەم سوقارسەنكى قۇيۇچتىن تىغ،
نە تىغكى، سەۋلىتى ئەرگە سىنىڭدىن يادىگار ئۇستا .

بۇ غەزەللەردە ئاپتورنىڭ شېئىرىي تەپەككۇرى باشتىن ـ ئاخىر ئەنە شۇنداق كەڭ ۋە چوڭقۇر ئوبرازلاردا ئەكس ئەتـكەن، شېئىرىي ھېسسىياتى بولسا، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە قايناق، ئۇلاردا كىتابخانغا يات بولغان ھېچ نەرسە يوق، تەسۋىرلەنگەن مۇھىت بىزگە خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك يېقىن ۋە تونۇش، بۇ غەزەللەرنىڭ ئوبرازلىق تىل، قايناق تۇرمۇش بىلەن جانلاندۇرۇلغان ھەربىر مىسراسى خۇددى قەشقەر ئۇستىسىنىڭ ماھىر قولىدا ياسالغان نەپىس راۋابتەك جاراڭلىق، سىز بۇ غەزەللەرنى ئوقۇۋاتقان چېغىڭىزدا ئۇلاردا قانداقتۇر بىر سېھىرلىك مەنە باردەك، ئۇنىڭ ھەربىر مىسراسىدىن سىز تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن، لېكىن ئوقۇش بىلەنلا ئۆزىڭىزدە ئەزەلدىن باردەك تۇيۇلىدىغان يېڭى شېئىرىي پىكىرلەر ئۇرغۇپ چىقىۋاتقاندەك سېزىلىدۇ .

ئاپتور قانداق قىلىپ بۇنداق ياخشى غەزەللەرنى يېزىپ چىقالىغان؟ تەبىئىكى، بۇنىڭ ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى، ئۇنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە مەلۇم دەرىجىدە چىنىقىشتىن ئۆتكەن بەدىئىي ماھارىتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك

سەۋەبلىرى بار . لېكىن، مېنىڭچە، ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب شۇ-كى، ئاپتور ئىجادىيىتىدە ئابستراكت ئۇقۇم ۋە خىيالىي تەسەۋۋۇرلارنى ئەمەس، بەلكى رېئال تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تاللىغان تېمىسىنى ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان جانلىق تۇرمۇشنىڭ تىپىك ۋەقەلىكلىرى ئاساسىدا ئېچىپ بەرگەن . نەتىجىدە ئاپتورنىڭ بۇ غەزەللىرى قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئوقۇرمەنلەردە ئورتاق تەسىرات قوزغىيالايدىغان ھەققىي بەدىئىي ئەسەرگە ئايلىنالىغان .

روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن ئىدى . لېكىن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىرمۇنچە سەپسەتىلەرنى تارقىتىپ، رامكا بەلگىلەپ، بۇ ھەقتە سۆز ئېچىشنى چەكلىدى . نەتىجىدە شېئىر خەلقنىڭ تەلىپىدىن، كونكرېت تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ ئابستراكت ئۇقۇملاردىن، قۇرۇق خىياللاردىن تۈزۈلگەن يالىڭاچ بايانغا ئايلىنىپ قالدى .

شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ بۇ خىل كىشەنلىرىدىن ئازاد بولۇپ، ئىجادىيەت خادىمىغا خاس جۈرئەت بىلەن شېئىرىيىتىمىزدىكى بۇ چەكلەنگەن رايونغا دادىل بۆسۈپ كىرەلىگەن . بەزى كىشىلەرگە ئوخشاش مەۋجۇت بولمىغان خىيالىي دۇنياغا، ئۆزىگە تونۇشلۇقى بولمىغان چوڭ ۋە ئالاھىدە ھادىسىلەرگە ئەمەس، بەلكى ئۆزى ياشاپ تۇرغان مۇھىتقا ۋە بارلىقىنى ئۇلۇغ ئىشلارغا بېغىشلىغان ئاددىي ئەمگەكچىلەرگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان . شېئىرنىڭ شەكلىمۇ، مەزمۇنىمۇ، ئۇنىڭ كۈچلۈك لىرىك يالقۇنىمۇ ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ قايناق ھاياتىدىن ئالغان، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق دەبدە-

بسى بولمىغان ئاددىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدىن چوڭ-قۇر شېئىرىي پىكىرلەرنى، مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى تاپالىغان . نەتىجىدە ئاپتور روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككىمۇ، يېتەرلىك ئېنىقلىق ۋە يارقىنلىققىمۇ، كۈچلۈك بەدىئىي مەزمۇنغىمۇ ئىگە مۇشۇنداق ياخشى ئەسەرنى يېزىپ چىقالىغان .

كىتابخانلار شائىرلىرىمىزدىن دەل مۇشۇنداق شېئىرلارنى كۈتىدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى جەڭ-گىۋار ھاياتى ۋە يېڭىچە روھىي قىياپىتىنى ئۆزلىرىنىڭ جانلىق تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى ئاساسىدا ئېچىپ بەرگەن مۇشۇنداق ئوبرازلىق شېئىرلارغا ھەرقاچان موھتاج . مېنىڭچە، ئاپتور-لىرىمىزنىڭ بۇ مەسىلىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈش ۋاقتى كەلدى!

1979 ـ يىل ئۆكتەبىر .

(«شىنجاڭ گېزىتى»دىن ئېلىندى.)

# ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ پوئېزىيە ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ «قارا ۋە ئاق» داستانى

## ئابدۇللا مەتقۇربان

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇچىنچى ئەۋلاد شائىر، يازغۇچىلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلىنىپ، 70 ـ يىللاردا ئاساسەن مۇكەممەللەشكەن، 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا گۈللەنگەن .

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنى يېتىشتۈرگەن دەۋرى، ئومۇمەن ئون يىللىق ئىچكى بالايى ئاپەت تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر پوئېزىيىسى بىلەن پروزىسى پرولېتارىياتنىڭ ۋاستىلىك دىكتاتورىسىغا، سىنىپىي كۈرەشنىڭ بىۋاستە قورالىغا ئايلانغان، ئۇقۇملاشتۇرۇش، فورمۇللاشتۇرۇش، قېلىپىبازلىق، شوئارۋازلىق قاتارلىق غەيرىي ئىجادىيەت ھادىسىلىرى بىلەن رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ چىنلىق قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولغان دوگماتىزملىق ئىجادىيەت مېتودى ئەركىن تەسەۋۋۇر بىلەن ئىجادىي ئىگىلاشنى چەكلىگەن دەۋر بولسىمۇ، ئەمما ئىجادىيەت سېپىگە ھەقىقىي ئىجادىي روھ بىلەن كىرىپ كەلگەن شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئىشنى ئالدى بىلەن خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش، ئۇنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىجادىي تەقلىد قىلىشتىن باشلىدى . كېيىنچە ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بەزى نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشتى . 60 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى

يېرىمغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئاڭلىق تەقلىد قىلىشتىن مۇستەقىل ئىجادىلىققا يۈزلەندى . 70 ـ يىللارنىڭ باش ۋە ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىشى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى . بۇ مەزگىلدە ئۇ كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلى بولغان ئارۇز ۋەزنىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلدى، بولۇپمۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ غەزەل ۋە مۇخەممەس شەكلىنى بېرىلىپ ئۆگەندى . ئارۇز ۋەزنىنىڭ بۇ ئىككى شەكلى، ئۇنىڭ باشقا شەكىللىرىگە ئوخشاشلا جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىشنى، كۆپلەپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلاتتى . چوڭقۇر بەدىئىي دىت ۋە زور چىدام بولمىسا، بۇ خىل شېئىر شەكىللىرىنى دورىغىلى بولغان بىلەن، ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئىگىلەش ۋە بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بۇ، شېئىرىيەت سېپىگە يېڭىلا كىرىپ كەلگەن ئەبەيدۇللا ئىبراھىمغا ئوخشاش ياشلار ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن ئىش ئىدى . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئارۇز ۋەزنىنى ئىگىلەشنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلدى، ئەمما ئۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ كۈچلۈك مۇزىكىدارلىقلىقى بىلەن شەكلەن مۇكەممەللىكىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ قارىشىچە شەكىل جەھەتتە مۇكەممەللىككە ئېرىشىشمۇ بەدىئىي گۈزەللىك يارىتىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ئىدى . شۇڭا ئۇ بۇ ساھەدە ئەستايىدىل ئىزدەندى ۋە تەر ئاققۇزدى . بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ خەلق قوشاقلىرىدىكى ئەركىن بەدىئىي تەسەۋۋۇر بىلەن كلاسسىك يازما ئەدەبىياتتىكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ شەكىل مۇكەممەللىكى ۋە قۇرۇلمىلىق گۈزەللىكى بىرلەشكەن يېڭى بىر خىل شېئىرىيەت ئۇسلۇبى شەكىللەندى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە تەسىر قىلغان شېئىرىي ئوبيېكتلارنى دەل ئاشۇ خىل ئۇسلۇبتا تەسۋىرلەشكە كىرىشتى . نەتىجىدە 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەل-

گەندە، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە يەكۇنى ھېسابلىنىدىغان «ئۈچ غەزەل»، «خو-تەن قىغىزى»، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس»، «تارىمغا مۇھەب-بەت» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يازدى . بۇ ئەسەرلەر ماكان ۋە زامان چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ئەركىن تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى، ئىنسان قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ گۈزەل شېئىرىي تىلدا ئىپادىلىنىشى ۋە شائىر بەدىئىي تالانتىنىڭ نامايانىسى ئىدى . بۇ ئەسەرلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ بەدىئىي ماھا-رەتتە ھەقىقىي پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى . ئەمما شائىر ئۇلار بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشنى ئويلايتتى . ئۇنىڭچە، لىرىك شېئىر بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چوڭقۇرلۇق جەھەتتە كۆپ ئەۋزەللىككە ئىگە بولسىمۇ، كەڭلىك جەھەتتە ھامان بەزى چەكلىمىگە ئۇچرايتتى . ئىجادىيەت بۇ چەكلىمىنى بۇزۇپ تاشلاش، بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى چوڭقۇرلۇق بىلەن كەڭلىكتە تەڭ ئىلگىرىلەش، كەڭلىكتىمۇ مەلۇم دائىرە ۋە ئۇسلۇب شەكىللەندۈ-رۈش ئۈچۈن شائىر 1975 - يىلدىن كېيىن داستانچىلىق ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇ يىرىك تۈردىمۇ مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . پوئېزى-يىدە لىرىك شېئىردىن بىۋاستە ئېپىك داستانچىلىققا كۆچۈش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى . داستان ئىجادىيىتىگە كۆچۈش ئۈچۈن ۋاقىت جەھەتتە مەلۇم جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەن تەييارلىق باسقۇچى بولۇش كېرەك . بۇ تەييارلىق باسقۇچى دەل ۋەقەلىك شېئىر يېزىش باسقۇچىدىن ئىبارەت . چۈنكى، ۋەقەلىك شېئىردا داستانلاردىكى مەلۇم خۇسۇسىيەتلەر بار بولغان بولىدۇ . مەسىلەن، ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن بەلگىلىك جەريانغا ئىگە بولغان ۋەقەلىك، شائىرنىڭ خاھىشىغا ئاساسەن ھەر خىل ئۇسۇلدا بايان قىلىنىدۇ؛ بۇ خىل ۋەقەلىك ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا شېئىردا مۇئەييەن بەدىئىي

مۇھەت شەكىللەندۈردۇ . بۇ مۇھىتتا ھەر خىل شەخسلەر سەھنىگە چىقىرىلىدۇ؛ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ؛ بۇ شەخسلەر ئۆز خاراكتېرىنى ئۆز پائالىيىتى ئارقىلىق يارىتىدۇ ... بۇ خىل شېئىردا يەنە مۇئەييەن زىددىيەت ـ توقۇنۇشى قانات يايدۇرۇلىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ تراگېدىك ـ كومېدىك خاراكتېرلىرى ئاشۇ زىددىيەتلەر جەريانىدا ئېچىپ بېرىلىدۇ . ئۇنىڭغىمۇ شائىرنىڭ مۇئەييەن خاھىشى سىڭگەن بولىدۇ . بۇ، ۋەقەلىك شېئىرلارنىڭ درامىغا ئوخشاش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە داستانلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم پوئىزىيە ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا داستان يېزىش نىيىتىدە بولغان ھەم داستانچىلىققا كىرىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان يۇقىرىقى جەريانىنى چوقۇم بېسىپ ئۆتۈش لازىملىقىنى ئاڭلىق ھالدا تونۇپ يەتكەن . نەتىجىدە ئۇ لىرىك شېئىر يېزىش بىلەن بىللە ۋەقەلىك شېئىر ئىجادىيىتىگىمۇ ئەھمىيەت بىلەن قارىغان . بۇ تۈر بويىچە خېلى ئۇتۇقلۇق ئەسەرلەرنىمۇ ئىجاد قىلغان . شائىرنىڭ «يۇلغۇن چېچىكى» شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «ھايات خاتىرىلىرى»، «يېڭى يىلغا»، «بۇ بوۋاي شۇنداق»، «ھەسەن ئۇستام» قاتارلىق شېئىرلىرى بىلەن «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1974 ـ يىللىق 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان «بىز مەڭگۈ غالىب»، 1974 ـ يىللىق 3 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان «گۈلباھار»، «يېڭى ئاتباقار»، «دوستلۇق گۈلى» ھەم 1975 ـ يىللىق 1 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان «بوۋاينىڭ قەلبى» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ . شائىر بۇ شېئىرلىرىدا زىددىيەتنى قانات يايدۇرۇش، سۇژېتنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەم شېئىرىي، ھەم دراماتىك كەيپىيات يارىتىش قاتارلىق مەسىلىلەردە بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، داستان ئىجادىيىتىگە كۆچۈش ئۈچۈن بېسىپ ئۆ-

تۇشكە تېگىشلىك بولغان مۇھىم بىر جەرياننى ئۇتۇقلۇق تاماملىدى . ئۇ 1975 ـ يىلىغا كەلگەندە، يۇقىرىقى بەدىئىي ئاساسلىرى بويىچە زور شىجائەت بىلەن «بوران تەنتەنىسى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك داستاننى يېزىشقا كىرىشتى . تېما چوڭ ئىدى . دەسلەپكى مۆلچەر-لەشتىلا ئەسەرنىڭ ھەجىمىمۇ شائىرنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا ناھايىتى چوڭ ھالەتتە گەۋدىلەندى . لېكىن ئۇ ئەسەر ھەجىمىنىڭ چوڭلۇق-ىدىن چۆچۈپ كەتمىدى، بەلكى ئاشۇنداق بىر ئەسەر يېزىش ھەق-قىدىكى ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىدىن سۆيۈندى . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئاخىرى بۇ داستانغا نۇرغۇن ئە-جىر سىڭدۈردى . بۇ داستاندا، مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى ھەسەننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىنقىلاب ۋە ئىشلەپچە-قىرىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، ھەسەن باشچىلىقىدىكى «ئىلغار» لارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمران ئىدىيە ـ «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» نىڭ قوماندانلىقىدا «سىنىپىي دۈشمەن» لەر بىلەن قانداق كۈرەش قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت «قىزىل بوران» نى قانداق قارشى ئالغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قانداق تەنتەنە قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن . ئەپسۇسكى، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1975 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئەمدىلا «يالقۇن» ۋە «قىزىل بوران» دىن ئىبارەت ئىككى بابى ئېلان قىلىنغان بۇ داستاننىڭ كىتابخانىلار بىلەن قايتا يۈز كۆ-رۈشۈشىگە مۇمكىن بولمىدى . چۈنكى 1976 ـ يىل ئۆكتەبىردە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو جەمئى-يىتىدە سىنىپىي كۈرەش ئاساسىي «تۇتقا» لىق سالاھىيىتىدىن قالدى . «بوران تەنتەنىسى» داستانى دەل ئاشۇ سىنىپىي كۈرەشنى باش تېما قىلغاچقا، ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ھاياتىي كۈچى ئاخىرلاش-قان ئىدى . دېمەك، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۇزۇن مەزگىل تەييارلىق قىلىپ ئاندىن باشلىغان داستانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ تۇنجى سىنىق-

دىلا مەغلۇپ بولدى . ئەمما ئۇ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن تېڭىرقاپ قالمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ مەغلۇبىيىتى باش تېما جەھەتتە دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە دەۋر ئېھتىياجى تۇپەيلى تېمىنى خاتا تاللاپ قويغانلىقىنىڭلا مەغلۇبىيىتى بولۇپ، ھەرگىزمۇ بەدىئىي جەھەتتە مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئىپادىلىمەيتتى . «بوران تەنتەنىسى» داستانىنى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ داستان ئىجادىيىتىدىكى دەسلەپكى سىناقتا باش تېما جەھەتتىن مەغلۇپ بولغان، لېكىن بەدىئىي جەھەتتە دەسلەپكى قەدەمدە خۇشاللىنارلىق نەتىجە قازانغان ئەسىرى دېيىشكە بولىدۇ . چۈنكى، شائىر بۇ داستانىدا تېپىك مۇھىت، بۇ مۇھىتتا بارلىققا كەلگەن ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان تېپىك پېرسوناژ، بۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان دراماتىك زىددىيەت، بۇ زىددىيەت شەكىللەندۈرگەن، مۇئەييەن ھېكايىچانلىق تۇسىغا ئىگە بولغان مول ۋە مۇرەككەپ سۇژېت، ئۇنىڭ جەريانى قاتارلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش، قەھرىمانىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىش، خاراكتېرلارنى كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى ئىپادىلىدى . شۇڭا شائىر بۇ داستانىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمىدى، بەلكى داستانچىلىق ئىجادىيىتىگە يەنىمۇ تەلەپچانلىق بىلەن كىرىشتى . شائىر 1978 ـ يىلدىن كېيىن بۇ يېرىك تۈر ئۈستىدە قايتا ئىزدىنىپ، 1983 ـ يىلغىچە كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر يۈرۈش داستانلارنى يازدى . ئۇنىڭ «ھەسەن ۋە ھۈسەن» توپلىمىدىكى داستانلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ .

ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ پوئېزىيە ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ داستانلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرمۇش دائىرىسى كەڭ، دراماتىكىلىقى كۈچلۈك، ئىپادىلىنىشى جانلىق بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كۈچلۈك جازىبىدارلىققا ئىگە . ئېپىك داستان ـ شائىر ئەڭ كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان پوئېزىيە ژانىرىدىن ئىبارەت . بىز شائىرنىڭ داستانلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، «بوران

تەنتەنسى»، «دەۋر ناخشىسى»، «يىپەك ۋادىسىدا سىغىنىش»، «پولات» قاتارلىق داستانلاردا شائىرنىڭ ئاساسىي بەدىئىي ماھا-رەتنى ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىگە، تىلىغا ۋە قۇرۇلمىسىغا سەرپ قىلغان-لىقىنى، «گۈلزۇپەر»، «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى»، «قارا ۋە ئاق»، «چىمەندە توي» قاتارلىقلاردا بولسا، ئاڭلىق ھالدا ئەسەردىكى شەخسلەر خاراكتېرىنى ئېچىشقا قاراتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز . مەسى-لەن، «بوران تەنتەنسى» داستانىدا ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى بولغان ھەسەن دۈيجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان «ئىنقىلابچى ئاۋانگارتلار» ئەينى ۋاقىتتىكى چۇقان - سۈرەنلىرى بىلەن جاھان-نى بىر ئالغان سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن پەيدا بول-غان بولسا، سەرسانىي ئۆزىگە خاس دۇنيا قاراش، مۇستەقىل كىشى-لىك ھايات قارىشى ۋە گۈزەللىك قارىشىغا ئىگە شەخس بولۇپ، «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى» داستانىنىڭ ۋەقەلىكى سەرسانىينىڭ ئاشۇ بىر يۈرۈش قاراشلىرى ۋە ئادالەتسىز رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەتتىن شەكىللىنىدۇ . دېمەك ئالدىنقىسىدا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى، ئاشلىق مەسىلىسى ۋە سىنىپىي كۈرەش ئۆزئارا گىرە-لىشىپ كەتكەن ۋەقەلىك ئەسەر قەھرىمانلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈر-گەن، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى بىلەن ئىدىيىسىگە قوماندانلىق قىلغان بولسا، كېيىنكىسىدە پېرسوناژلارنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان زىددىيەت مۇناسىۋىتى ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەم ئۇنىڭ-غا يېتەكچىلىك قىلغان . ۋەقەلىكتىن پېرسوناژنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ۋەقەلىككە پېرسوناژنى يېتەكچى قىلىش، ئادەتتە ئوخشىمىغان ئىككى خىل ئۇسۇل بولۇپ، بۇ ھال ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ داستان ئىجادىيىتىدە ئىككى جەريانىنى، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ئىككى باس-قۇچنى شەكىللەندۈرگەن . بولۇپمۇ كېيىنكى باسقۇچتا، ئاپتور ئەدە-بىياتنىڭ مەقسىتى، ئوبيېكتى ۋە مەركىزى ئادەمدىن ئىبارەت بىر مۇرەككەپ قۇرۇلما ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇغاچقا، 1979 -

يىلدىن ئىلگىرىكى داستانلىرىدىكى سۇژىتنى تۇتقا قىلىدىغان خاھىش-
تىن دادىل قول ئۈزۈپ، ئۆز نەزەرىنى ئادەم ئۈستىگە ئاغدۇردى .
ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ داستانلىرى تېما جەھەتتىن خېلى كەڭ
مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ . مەسىلەن، شائىر ئۆز داستانلى-
رىدا مائارىپ، ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت ھەققىدە «دوستۇمنىڭ
خاتىرىسى»، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدە «دەۋر ناخشىسى» بارلىقنى
ئومۇمنىڭ پاراۋانلىقى، بەختى ئۈچۈن بېغىشلاشتەك كوللېكتىۋىزملىق
روھ ھەققىدە «پولات»، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى
بولغان ئەخلاق ـ پەزىلەت، مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك مۇئامىلىسى
ھەققىدە «قارا ۋە ئاق»، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەخلاقىي تەربى-
يىلىنىشى ھەققىدە «گۈلزۇپەر»، يېزىلاردىكى ئىسلاھاتنىڭ كىشىلەر
قەلبىدە پەيدا بولغان زىل ـ زىلىسى ھەققىدە «چىمەندە توي» ...
قاتارلىقلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇلار توغرىسىدا ئۆزىنىڭ كۆز قاراش
ۋە باھالىرىنى سەرسانىي، پولات، تەلئەت، جامال قاتارلىق
ئوبرازلار ۋۇجۇدىدا ئىپادىلىدى . يۇقىرىقى بىر يۈرۈش مەسىلىلەر
ھەقىقەتەنمۇ جەمئىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىدا مەۋجۇت بولۇۋات-
قان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، شائىرنىڭ بۇ جە-
ھەتتىكى مۇلاھىزىلىرى بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە . بۇلارنىڭ ئىچى-
دىكى زىيالىيلار مەسىلىسىنى ئالىدىغان بولساق، بۇ مەسىلە 1980 ـ
يىلىغا كەلگىچىلىك ئۇزۇن مەزگىل شائىرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قى-
لىپ، پىكىر يۈرگۈزۈشكە دەۋەت قىلغان . چۈنكى، شائىر ئاتالمىش
«پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى باشتىن كەچۈرگەن،
ئاشۇ يىللاردىكى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بى-
لىم قۇرۇلمىسىدىكى پاجىئەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن . ئۇ
پاجىئەلەرگە سەۋەبچى بولغان سىياسىي گۇرۇھ تارىخ سوتىنىڭ
كرېست تۈۋرۈكىگە مەڭگۈلۈك مىخلانغاندا، شائىر ئاشۇ ئاپەتلىك
يىللار ئۈستىدە قانلىق شىكايەت قىلىپ، بۇ شىكايەتنامىنى «تۆت

كىشىلىك گۈرۈھ» نىڭ بويىنغا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمنامىسى سۈپىتىدە ئېسىش نىيىتىدە بولغان، «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى» داستانى دەل يۇقىرىقى كۆز قاراشنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. 1980 ـ يىلى يې-زىلغان بۇ داستاندا شائىر سەرسانىي ئۆبرازى ئارقىلىق ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۇيغۇر زىيالىيلار قاتلىمىدا يۈز بەرگەن چوڭ يوقىتىشنى تەسۋىرلەپ، سەرسانىي تراگېدىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي مەنبە ۋە ئۇنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئاساسلىرىنى چوڭقۇر قېزىپ چىقتى. سەرسانىي تراگېدىيىسى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئورنىغا كەلمەيدىغان ئېچىنىشلىق پا-جىئەسىنىڭ بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدۇر. بۇ تراگېدىيە، قانداق-تۇر تەقدىر تراگېدىيىسى ياكى خاراكتېر تراگېدىيىسى بولماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتىكى مەۋجۇت ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن چەم-بەرچاس باغلانغان، سەرسانىي ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ رېئاللىقتىن كۈتىدىغان مۇقەررەر تەلپى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى مەۋجۇت رېئاللىقتا بۇ تەلەپنىڭ ئىشقا ئاشماسلىقى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتتىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي تراگېدىيىدىن ئىبا-رەت. مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا، سەرسانىي تراگېدىيىسى كۈچلۈك ئومۇمىيلىققا ۋە بەلگىلىك تىپىكلىككە ئىگە. نىغمەت ۋەكىللىكىدىكى زۇلمەت ھامىيلىرى گەرچە ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن سەرسانىي ئۇلار ئالدىدا باشتىن ـ ئاخىرى تىز پۈكمەيدۇ، ئۇلار بىلەن مۇرەسسە قىلمايدۇ، بەلكى ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرىدۇ. دەل ئۇنىڭدىكى ئاشۇنداق ئېتىقاد سەرسانىيغا ھامان ئۈمىد، ئى-شەنچ ۋە كۈچ بېغىشلايدۇ. ئۇ ئاشۇ ئۈمىد ۋە ئىشەنچتىن ھەتتا تىنىقى توختاۋاتقان مىنۇتلاردىمۇ ۋاز كەچمەيدۇ. سەرسانىي تراگېدىيىسى گەرچە ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن كىتابخان بۇ تراگېدىيە تۈپەيلىدىن ئۈمىدسىزلىك روھىي ھالىتىگە چۈشۈپ قالمايدۇ، ئەكسىچە، بۇ تراگېدىيىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىرى بولغان

نىغمەت ۋەكىللىكىدىكى قارا كۆچلەر بىلەن كۆرەش قىلىشقا، ئۇلار ئۈستىدىن چوقۇم غالىب كېلىشكە بەل باغلايدۇ . سەرسانىي تراگېدىيىسىنىڭ كىتابخانلارغا بېغىشلايدىغان گۈزەللىك ۋە يۈكسەكلىك تۇيغۇسى دەل مۇشۇ يەردە . بۇ، يەنە سەرسانىي تراگېدىيىسىنىڭ قىممىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى» داستانى شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ داستان ئىجادىيىتىدىكى بارلىق بەدىئىي ماھارىتىنى ئۆزىدە تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى، ئۇنىڭ داستان ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە يەكۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى بۇ داستاندا شائىرنىڭ تارىخ ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى پەلسەپە، ئەخلاق ۋە ھايات ھەققىدىكى، دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ھەققىدىكى، شۇنداقلا گۈزەللىك ھەققىدىكى ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن .

«دوستۇمنىڭ خاتىرىسى» داستانىنى ئەبەيدۇللا ئىبراھىم پوئېزىيە ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى دېگەنلىك، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئەمەس، ئۇنىڭ پوئېزىيە ئىجادىيىتىدە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . شائىرنىڭ 1982 ـ يىلى يازغان «قارا ۋە ئاق» داستانى ئۇنىڭ ئۆز كىتابخانلىرىغا تەقدىم قىلغان يەنە بىر يىرىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ . تۆۋەندە بۇ داستان ھەققىدە ئايرىم توختىلىمەن:

«قارا ۋە ئاق» داستانى شائىرنىڭ سانائەت تېمىسىنى مەدھىيىلەپ يازغان يېڭى بىر ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ .

بۇ داستاندا شائىر كۆمۈركان ئىشچىسى تەلئەت ئوبرازى ئارقىلىق سانائەت سېپىدىكى ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تۆھپىكارلىرىغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇغان . سانائەت تېمىسى ھازىرقى ۋاقىتتا نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇئەييەن ئاكتۇئاللىققا ئىگە .

داستاندا بۇ خىل ئىدىيە كۈچلۈك پەلسەپۋى تەلەپ بىلەن شەكىل-لەنگەن زىددىيەت توقۇنۇشى، بۇ توقۇنۇش ئاساسىدا ئومۇمىي ئىزچىللىق بويلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ۋەقەلىك، خېلى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىقا ئىگە ۋە تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئوبرازلار، شۇنداقلا چوڭقۇر لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەنگەن . بۇلار بەدىئىي تۈرلەرنىڭ ئىپىك ژانىرىدا، بولۇپمۇ داستاندا بولۇش-قا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئامىللار بولۇپ، پرىنسىپ جەھەتتە قارىد-غاندا، داستاندىن لايىق ئورۇن ئېلىشى كېرەك .

ئادەتتە تىل بىلەن يارىتىلغان ئوبراز بەدىئىي ئەدەبىياتتا كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ ئاساسىي ئامىل ھېسابلىنىدۇ . بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىش كېرەككى، دراماتىك توقۇنۇش بەدىئىي ئەسەر-لەردە كەم بولسا بولمايدۇ . دراماتىك توقۇنۇش، رېئاللىقتىكى كى-شىلەرنىڭ دۇنيا قاراش، مەيدان، ئىدىيە ۋە ھېسسىيات، ئارزۇ ۋە غايىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان زىددىيەت ۋە كۈرەشلەرنىڭ بەدىئىي ئەسەرلەردىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت . ئۇ پېرسوناژلار بىلەن مۇھىتنىڭ توقۇنۇشىنى، يەنى ئادەم بىلەن ئا-دەم، شەخس بىلەن كوللېكتىپ، شەخس ياكى كوللېكتىپ بىلەن جەمئىيەت ھەم تەبىئەت كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى، ئالاھىدە شارائىتتىكى پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىدىكى توقۇنۇشلارنى، يەنى ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى، روھىي پسىخىكىسى بىلەن سۆز ۋە ھە-رىكەتلىرىدىكى توقۇنۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ ئىككى تە-رەپنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى بەدىئىي ئەسەرلەردە مۇرەككەپ ئىجتى-مائىي زىددىيەتلەر بىلەن كەسكىن كۈرەشلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ مەر-كىزىي ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ . يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، دراماتىك توقۇنۇش، بەدىئىي ئەسەرلەردىكى سۇژېتنىڭ ئاساسى . دراماتىك توقۇنۇش بولمىسا، ھەرقانداق سۇژېتنىڭ بولۇشى ھەم

قانات يېيىشى مۇمكىن ئەمەس . بۇ خىل توقۇنۇشنى شەكىللەندۈ-
رىدىغان زىددىيەت، جەمئىيەتتىكى ئىلغارلىق ۋە قالاقلىق، ئاڭلىق-
لىق بىلەن ئاڭسىزلىق، ياخشىلىق بىلەن قاباھەتلىك، چىنلىق بىلەن
ساختىلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش-
لەردە ئىپادىلىنىدۇ . بۇ زىددىيەت جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئورگان-
لىرىدىن تارتىپ تاكى ئەڭ چەت بۇلۇڭ ـ پۇچقاق جايلارغىچە،
ئەڭ چوڭ سىياسىي، تارىخىي ۋەقەلەردىن تاكى ئىنسانىنىڭ ئەڭ نا-
زۇك ھېس ـ تۇيغۇسىغىچە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ . بۇ يەردە دې-
يىلىۋاتقان توقۇنۇش ھەرگىز بەدىئىي چىنلىق ۋە ھېسسىيات چىنلى-
قىغا مۇخالىپ ھالدىكى ساختا ۋە ماھىيەتسىز توقۇنۇش بولماستىن،
بەلكى ئەڭ ئالدى بىلەن بۇلارغا ماس بولغان توقۇنۇشتۇر . بۇ
خىل توقۇنۇش، ئادەتتە ئۇنىڭغا ئاساسەن شەكىللەنگەن زىددىيەت
ۋە سۇژېت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە يەنە پېر-
سوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئاساسىي زېمىن
ھازىرلايدۇ .
بىز يۇقىرىقى يىغىنچاقلانغان تۇرۇپ «قارا ۋە ئاق» داستانىغا
قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى دراماتىك توقۇنۇشنىڭ ئەسەرنىڭ
بېشىدىلا ناھايىتى تەبىئىي شەكىللەنگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز: تۆس
جەھەتتە تامامەن بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان، بىر ـ بىرد-
نى چەكلەيدىغان، لېكىن مەۋجۇتلۇقتا يەنە بىر ـ بىرىنى شەرت قى-
لىدىغان ئىككى خىل رەڭ ـ قارا ۋە ئاق، يەنى «ملك قېتىم قا-
رىسمۇ دورىلىققا ئاق تېپىلمايدىغان» ئاجايىپ قارا كۆمۈر؛ شۇ
كۆمۈرگە پۈتۈن ئىشتىياقىنى بېغىشلاپ، ئۇنى قېزىشقا بارلىقىنى ئا-
تىغان، شۇ تۆپەيلى كىيىملىرى، ھەتتا چىرايلىرىمۇ دائىم قارىدىن
خالىي بولالمايدىغان خاڭچى يىگىت تەلئەت ۋە پۈتۈن ئەزايى ـ
بەدىنى سۈتتەك ئاپئاق كەلگەن، قارىدىن ئۆلگۈدەك يىرگىنىدىغان
قىز ـــ گۈلشەننىڭ يەكشەنبە كۈنى تەلئەتنىڭ ئۆيىدە ئۇچراشقاندا

ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بەرگەن مۇرەككەپ ھالەتلەر چوڭ-
قۇر سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق كۆچلۈك ۋە كەسكىن زىددىيەت ھاسىل
قىلىپ، پۈتۈن ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ باشلىنىش تۈگۈنى قىلىنىدۇ. بۇ
زىددىيەت — گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك، ئىلغارلىق بىلەن پاس-
سىپلىق ... ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ «قارا ۋە ئاق» داستانى-
دىكى ئۇنۇملۇك ئىپادىسى بولۇپ، خۇددى بىر تال قىزىل يىپتەك
داستان ۋەقەلىكىنىڭ تۈگۈنىدىن تارتىپ يېشىمىگىچە چوڭقۇر سىڭىپ
كەتكەن. ئەمدى بۇ زىددىيەتلىك تۈگۈن ئەسەردە كۆچلۈك ھېكا-
يىچىلىق تۈسىنى ئالغان، مۇكەممەل ۋەقەلىكنى شەكىللەندۈرگەن.
بۇ ۋەقەلىك ـ كان ئىشچىسى تەلئەتنىڭ ئۆز كەسپىگە قىزغىن مۇ-
ھەببەت باغلاپ، خاتىنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى
يۈكسەلدۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش بىلەن ئۇنىڭ شەخسىي مۇھەببەت
تۇرمۇشىنى ئاساس قىلغان. ئەسەرنىڭ قۇرۇلۇشىدا بۇ ۋەقەلىك
بىر پۈتۈن لىنىيە ھاسىل قىلىدۇ ۋە دولقۇنسىمان، خۇددى كىنو
ئەسەرلىرىدىكىدەك سەكرەتمە ھالەتتە بايان قىلىنىدۇ. بىز بۇ نۇق-
تىنى دەسلەپتىلا تەلئەتنىڭ يېڭى بۇرغىلاش ماشىنىسىنى لايىھىلەپ
سىناققا قويغانلىقى (1 ـ باب)، تۇنجى سىناقتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆ-
زىمۇ يارىلانغانلىقى (3 ـ باب)، كېيىن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يە-
كۈنلەپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى
قاتارلىقلاردىن كۆرىمىز. بۇنىڭدا ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى ئايرىملىق-
تىن ئالغاندا ئۆزگىرىشچانلىققا، ئومۇميلىقتىن ئالغاندا ئورگانىك
ئىزچىللىققا ئىگە ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ. دېمەك ئەسەردىكى
دراماتىك توقۇنۇشنىڭ مەركىزىدە «قارا» بىلەن «ئاق» نىڭ مۇ-
ناسىۋىتى تۇرىدۇ. بۇنىڭدا «ئاق» لىقنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىد-
غان گۈلشەن ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش، ئۆز
مەۋجۇتلۇقىنى چوڭقۇر مەنىۋى مەزمۇن بىلەن بېيىتىش ئۈچۈن ئۆز
تۈسىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسى — «قارىلاق» يىگىت تەلئەتنى ۋاستە

ۋە ئالدىنقى شەرت قىلىپ تاللايدۇ . نەتىجىدە، گۈلشەن بىلەن تەل-
ئەت گەرچە ھادىسە جەھەتتىن بىر مەزگىل يېقىنلاشقان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلار كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى، ھاياتنىڭ
مەزمۇنى بولغان گۈزەللىك قارىشى جەھەتتە بىر - بىرىگە زىت
ئىككى قۇتۇپ شەكىللەندۈردۇ - دە، گۈلشەندىكى تار، شەخسە-
يەتچىلىك قارىشى بىلەن تەلئەتتىكى ئۆز كەسپىگە قىزغىن مۇھەببەت
باغلاش، خەلق ئىشلىرىغا بارلىقىنى بېغىشلاش ئىدىيىسى بۇ ئىككى
قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن قارىمۇ قارشىلىق ھاسىل قىلىدۇ .
شەخسىيەتچىلىكنى ئاساس قىلغان مەنىۋى مەنپەئەت قارىشى بىلەن
ھەرقانداق تەمەدىن خالىي بولغان كەسىپچانلىق ئوتتۇرىسىدىكى
كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان بۇ خىل زىددىيەت داستاندىكى ئەڭ
گەۋدىلىك زىددىيەتتىن ئىبارەت . شائىر بۇ زىددىيەت ئارقىلىق
ئەسەردىكى شەخسلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن كەڭرى بەدىئىي
زېمىن ھازىرلايدۇ . بۇ زېمىننى بىر بەدىئىي سەھنە ھېسابلىساق،
ئۇنىڭدا ھەربىر پېرسوناژ ئۆز رولىنى ئويناپ چىقىپ، ئۆز خاراكتې-
رىنى يارىتىدۇ . ئۇلار ئۆز خاراكتېرىنى يارىتىشتا ھېچقانداق چەك-
لىمىگە ئۇچرىمايدۇ . بىز داستاننىڭ بەدىئىي سەھنىسىدىن سادىقنىڭ
ھۇرۇنلۇقىنى، مۇزەپپەر كاڭجاڭنىڭ تەمكىنلىكىنى، لەيلىنىڭ ئاق
كۆڭۈل ۋە سەۋرچانلىقىنى، گۈلشەننىڭ يېنىك تەبىئەتلىك ۋە
شاللاقلىقىنى ھېس قىلىمىز . دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر
نۇقتا شۇكى، بۇ شەخسلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك خاراكتېر ئالاھىدىلىكى
ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئۆز سۆز - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ
ۋە ئىپادىلىنىدۇ .

«قارا ۋە ئاق» داستاندا پېرسوناژ تىلى بەلگىلىك ئورۇن
ئىگىلەيدۇ . بىزدە ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى ئادەم ئىكەنلىكى ئېتىراپ
قىلىنىۋاتىدۇ . ئەمدىكى مەسىلە ئاشۇ ئېتىراپ قىلغان ئادەمنى
قانداق يېزىش، ئۇنىڭغا ئەدەبىياتتىن قانچىلىك ئورۇن بېرىش مە-

سلسىدىن ئىبارەت .
ئادەم ــ ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك قۇرۇلما . تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئادەملەر روھىي دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرىنى، ئۇنىڭدا پەيدا بولغان كۆز قاراش، ھېسسىيات ۋە تۇيغۇ ئۆزگىرىشلىرىنى ئادەملەرنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقى يۈكسەكلىكىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قويۇلغان ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي تەلەپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ تەلەپكە يېتىش ھەم ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ھەممە قەلەم ئىگىلىرىنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئاسان ئىش ئەمەس . يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان ئەسەرلەرنى كۆپ دېگىلى بولمايدۇ . مۇۋەپپەقىيەتلىك دەپ قارالغان ئەسەرلەرگە قارايدىغان بولساق، بۇنداق مۇۋەپپەقىيەت بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىدە قۇرۇلمىسىدا كۆرۈلسە، بەزىلىرىنىڭ سۇژېتىنىڭ مول ھەم رەڭدارلىقىدا، كۆپ ئۆزگىرىشچان بولغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ؛ يەنە بەزىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بايانى تىلىنىڭ نەپىسلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ . كونكرېت ئەسەر تەتقىقاتىدا بەدىئىي ئەسەر ئىچىگە چوڭقۇر كىرگەنسېرى، پېرسوناژ تىلىنىڭ ئەسەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر ئامىلى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز . ھەتتا مەلۇم بىر پارچە بەدىئىي ئەسەردە پېرسوناژ تىلى ئىگىلىگەن سالماقنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇشى شۇ ئەسەر ئاپتورى بەدىئىي ئۇستىداتىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئاساسىي ئۆلچەملەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز . باشتىن ـ ئاخىرى ئاپتورنىڭ بايان تىلى ئارقىلىق بەدىئىي ئەسەر يېزىشقۇ مۇمكىن بىراق بۇنداق ئەسەرنىڭ كىتابخانلارنى جەلپ قىلىش ئىقتىدارى ھامان تۆۋەن بولىدۇ (بۇ يەردە گەپ ئاساسلىقى يىرىك ئەسەرلەر ــ رومان، داستان، پوۋېست قاتارلىقلار ئۈستىدە

بولۇۋاتىدۇ) . شۇڭا ئۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى بىر قە-دەر ئاجىزراق بولىدۇ . ئەمما باشتىن ـ ئاخىرى دىئالوگ ياكى مونولوگ شەكلى ئارقىلىق يېزىلغان، ھېچ بولمىسا بۇنداق شەكىل كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئەسەرلەرنىڭ كىتابخانلارنى جەلپ قى-لىش ئىقتىدارى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا ھامان كۈچلۈك بولىدۇ . چۈنكى بۇنداق ئەسەرلەردە بەدىئىي چىنلىق قانۇنىيىتى بويىچە ھېسسىيات چىنلىقىغا ھۆرمەت قىلىنغان بولىدۇ . لېكىن، بۇنداق ئەسەرلەرنى يېزىش ئالدىنقى خىلدىكى ئەسەرلەرنى يېزىشقا قارى-غاندا ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىنىشى، يازغۇچى ئالدى بىلەن ئۆزىنى ۋە ئۆز ئوبيېكتىنى تولۇق چۈشىنىشى، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا قاتلاممۇ قاتلام چوڭقۇرلاپ كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ يەردە دىيىلىۋاتقان دىئالوگ بىلەن مونولوگ پېرسوناژلارنىڭ سىرت-قى ۋە ئىچكى تىلىنى كۆرسىتىدۇ . ئەسەرلەردە پېرسوناژ تىلى سال-مىقىنىڭ كۆپ بولۇشى، ئەسەرنىڭ بەدىئىي جازىبىدارلىقىنى ئاشۇ-رۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ . بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بەدىئىي ئەسەرلەردە ئوبيېكت قىلىنغان ئادەملەر قانداقتۇر رېئاللىقتىكى ئادەملەرنىڭ كۆلەڭگىسى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئادەملەرنىڭ نەق ئۆزى دەپ قارىلىدىكەن، ئۇ ھالدا تەبىئەت بىلەن بولغان ئالاقە، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ئىش-لەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا ئۇ ئادەم دۇچ كەلگەن ھەربىر ۋەقە ـ ھادىسىگە قارىتا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئاشۇ شەخس پەقەت ئۆزىلا بىلىدۇ ۋە ھېس قىلالايدۇ . شۇنداق ئىكەن، ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنىڭ روھىي دۇن-ياسىدىكى يۇقىرىقى ئۆزگىرىشلىرىنى كىتابخانلارغا بىلدۈرۈشنى ئۆزىگە ئارتۇقچە يۈك قىلىۋالماي، ئۇلارنى مۇمكىن بولغان دائى-رىدە كەڭ ـ كۇشادە پىكىر قىلىش ۋە سۆزلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئويلاش ۋە سۆزلەشتىن ئىبارەت بۇ ئىمتىيازنى پۈتۈنلەي

ئۆز قەھرىمانىغا بېرىۋېتىش، ئۇلارنىڭ ئويلىشى، سۆزلىشى ئۈچۈن پۇرسەت، شارائىت ۋە مەيدان ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك .

پېرسوناژ تىلى قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل ھەر خىل بولىدۇ . مەسىلەن، بۇنىڭدا بەزى شەخسلەر ئۆزىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئاشكارىلاپ ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى ياراتسا، بەزى شەخسلەر باشقا شەخسلەر ھەققىدە پىكىر بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىرىنىڭ گەۋدىلىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ . ئەگەر، يۇقىرىقىلارنى پېرسوناژ تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى دەپ ئېيتىشقا مۇمكىن بولسا، بۇ ئىككى خىل ئالاھىدىلىك «قارا ۋە ئاق» داستانىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ . بۇ ئەسەردە ئومۇمەن ئالتە نەپەر پېرسوناژ بولۇپ، بىز ئەسەردىن ئاپتور تىلى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئىسمىنى بىلگىنىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە مۇناسىۋەتلىك تەسۋىرلەرنى دېگۈدەك ئۇچراتمايمىز . چۈنكى، بۇ داستاندا شەخسلەر خاراكتېرىنى ئېچىش ئاساسەن پېرسوناژلارنىڭ ئۆزى ئۈستىگە يۈكلەنگەن، ئۇلار بەزىدە ئۆز ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئۆزلىرى بارلىققا كەلتۈرسە، بەزىدە باشقىلارنىڭ خاراكتېرىنى روشەنلەشتۈرىدۇ . شائىر ئەسەردە ئومۇمەن پېرسوناژلارنىڭ سۆزلىشى مۇمكىن بولغانلىكى جايدا ئۇلارغا كەڭتاشا سۆزلەش پۇرستى بېرىدۇ . مەسىلەن، بىز داستاننىڭ باش قەھرىمانى تەلئەت ھەققىدە لەيلىنىڭ سادىققا:

«ئالايلۇق، تەلئەتنى دوست دەپ يۈرىسىز،
ئۇ نېچۈن خاڭغىلا تۆكىدۇ تەرنى؟
كۆمۈرنى ھېسابلاپ جاندىن ئەتىۋا،
خالايدۇ نېمشقا قاپقارا يەرنى؟

ئۇ بىلەر ياشلىقنىڭ قەدرىنى ئوبدان،
ھەم بىلەر قەدرىنى قىلغان ئىشنىڭ .
تۆزۈكتۇر تەلئەتتىن ئالسىڭىز ئۈلگە،

ئىزىدىن ماڭسىڭىز شۇنداق ئىشچىنىڭ .»

دېگەنلىرىدىن: سادىقنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا ئۆز ھۇرۇنلۇقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنى تەلئەتكە سېلىشتۇرۇپ ئېيتقان:

«قەدرىنى بىلگەچكە ھەربىر مىنۇتنىڭ،
تەلئەتكە بىلىمۇ بولدى يار ـ جانان .
ئالدىغا مۇھەببەت قويغاندا سىناق،
خالق ئۈچۈن يارىنى ئەيلدى قۇربان ...» .

دېگەن سۆزىدىن تەلئەتنىڭ زېھنى ئىقتىدارى ۋە مۇھەببىتىنى ئۆز كەسپىگە بېغىشلىغان، مېھنەتنى قەدىرلەيدىغان، چىدامىلىق، غايىلىك، يېڭى دەۋر ياشلىرى نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئالىيجاناب خىسلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز .
لەيلى ۋە سادىقلار ئېيتقاندەك، تەلئەت ھەقىقەتەنمۇ ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، يېڭىلىققا، پىكىر قىلىشقا، ئىجاد قىلىشقا دادىل ئىنتىلىدىغان ئىلغار يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مۇئەييەن تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئوبرازىدۇر . ئۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ . خالىڭنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، بىر بۇرغىلاش ماشىنىسىنى ئۆزى لايىھىلەيدۇ . بۇ نۇقتىدا ئۇ كىتابخانىلار كۆز ئالدىدا ئادەتتىكى ئاددىي بىر ئىشچى سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى بىر ئىجادكار سۈپىتىدىمۇ گەۋدىلىنىدۇ . تەلئەت لايىھىلىگەن بۇرغىلاش ماشىنىسى سىناقتىن ئۆتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، كۆمۈركان ئىشچىلىرى ئەسىرلەردىن بۇيان ئىشلىتىپ كەلگەن جوتۇ بىلەن گۈرجەكتىن دەسلەپكى قەدەمدە قۇتۇلىدۇ . دېمەك،

تەلئەت مېھنەتنى يەڭگىللىتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئـازاد قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشتا مۇھىم تۆھپە يارىتىدۇ . ئەسەردە لەيلى ۋە سادىقلارنىڭ تەلئەتنى تەرىپلەپ ئېيتقان يۇقىرىقى سۆزلـە-رى دەل تەلئەتنىڭ ئاشۇ خىل ئىـجادكارلـىق، پىداكارلـىق روھىغا بەرگەن مۇناسىپ باھاسى ۋە ئاپتورنىڭ ئۇنىڭغا ئوقۇغان مەدھىيە ناخشىسىدىن ئىبارەت . ئەگەر، تەلئەتنىڭ ئىجادكارلىقىنى ئىپادىلەيـ-دىغـان مەزمۇنلار ئـەسەردە تەلئـەتكە يانـداش بولغان يـۇقىرىـقى شەخسلەرنىڭ تىلىدىن ئەمەس، ئەكسىچە ئاپتورنىڭ بىۋاستە باياند-دىن بېرىلگەن بولسا، شائىر تەلئەت ئوبرازىنىڭ چىنلىقى ۋە تىپىك-لىكى جەھەتتە بۇنچىلىك يۇقىرى ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىگەن ۋە تەلئەت ئوبرازىنىڭ ئەھمىيىتىگە كىتابخانلارنى جەلپ قىلالمىغان بولاتتى .

تەلئەت گەرچە دەسلەپكى سىناقتا مەغلـۇپ بولغان بـولسىمـۇ، ئەمما ئۈمىدسىزلىنىپ چېكىنمەستىن، بەلكى تەجرىـبە ـ ساۋاقلارنـى يەكۈنلەپ، قايتا ـ قايتا ئىزدىنىپ، ئاخىرى كـۆزلىگەن مـەقسەتكـە يېتىدۇ .

لېكىن شۇنى كۆرستىش كېرەككى، تەلئەت دەسلەپكى مەزگىل-لەردە كىشىلىك تۇرمۇشقا، ئۇنىڭدىن مۇرەككەپ مۇناسىـۋەتلەرگـە قارىتا ناھايىتى يۈزەكى مۇئامىلە قىلىدۇ . ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتىكى خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ھەرگىزمۇ تـەپ ـ تەكشى بـول-مايدۇ . ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا قـىيىن بـولغان تۇرمـۇش سىناقلىرىنـى قويىدۇ . يـەنى تەلئـەت دەسلەپتـە ئاق كۆڭۈل، پـاك مۇھەببەتلىك قىز لەيلىنى ياخشى كۆرگەن بولسـىمۇ، لېكىن ياشـلار ئىشتىن سىرتقى كۇرستا ئوقۇۋاتقاندا تاسادىپىي ئۇچرىغان گۈلشـەند-نىڭ سىرتقى گۈزەللىكى، ناز ۋە خۇلقلىرىغا بېرىلىپ كېتىپ، لەيلىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىدۇ . كېيىنچە ئۇ بۇرغىلاش ماشىنىسى ئۈستىدە تۈنجى قېتىم جىددىي سىناق ئېلىپ بېرىۋاتقىنىدا، گۈلشەنىنىڭ ئايرد-لىش ئۈچۈن يازغان خېتىنىڭ قولىغا چىقىپ قېلىشى بىلەن ۋاقىتلىـق

خۇددىنى يوقىتىپ، ئۆز ھاياتىغا تەھدىت سالغان خەتەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ . مۇشۇ يەردە، بىر نەچچە سېكۇنىت داۋاملاشقان روھىي بىخۇدلۇق ۋە دىققەتسىزلىك تۆپەيلىدىن تەلئەت-نىڭ بۇ سىنىقى مەغلۇپ بولىدۇ . ئۇنىڭدىكى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماس-لىقتەك مەنىۋى ئاجىزلىقى ئاخىرى ئۇنى زور بەدەللەرنى تۆلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ . لېكىن ئۇ گۈلشەننىڭ ئالدامچىلىقى ۋە ھېلىقى مەغ-لۇبىيىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەي، ئۆز سەۋەنلىكلىرىنى تۈزىتىشكە ھە-رىكەت قىلىدۇ . كىشىلىك ھايات ھەققىدە، ئۆز كەسپى ھەققىدە باشقىدىن پىكىر يۈرگۈزىدۇ . ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە لەيلىنىڭ ساداق-تىگە، مېھرى ـ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ . ئەگەر ئۇنى لەيلىنىڭ مۇ-ھەببىتى ئارقىلىق يېڭىدىن مەنىۋى ھاياتقا ئېرىشتى دېيىلىدىغان بولسا، «قانلىق كۆمۈر ھېكايىسى» ئۇنى بۇرغىلاش ماشىنىسى ھەق-قىدە قايتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئۈندەيدۇ . لەيلى بىلەن مۇزەپ-پەر كاڭجاڭنىڭ ئىلھام بېرىشى نەتىجىسىدە، تەلئەت ئۆز ئىشىغا تې-خىمۇ ئىشەنچ باغلايدۇ . تەلئەتنىڭ دەسلەپتە كىشىلىك تۇرمۇشقا سەل قارىغانلىقى ھەرگىزمۇ ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسىرىدىكى قەھرىماندى-نىڭ ھايات تارىخىغا قىلغان ھاقارىتى بولماستىن، ئەكسىچە ئۇ باش قەھرىماننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ھايات مۇساپىسىدە مۇھىم بىر پەللەمپەيلىك رول ئوينايدۇ . ئەگەر، تەلئەت ھايات پەللەمپىيىنىڭ ئاشۇ باسقۇچىدىن چىقالمىغان بولسا، كېيىنكى ۋاقىتتا كەسپي جە-ھەتتە نەتىجە قازىنالمىغان بولاتتى . بۇلارغا ئائىت مەزمۇنلارنى بىز داستاندا ئاپتور بايانىدىن كۆرە باش قەھرىماننىڭ خىيالى «مونولوگى» دىن، ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىكى مەزمۇنلاردىن ھەم سادىقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قايىللىق ھېسسىياتىدىن چوڭقۇر چۈشىنىمىز .

ئۇنىڭدىن باشقا، بىز ئەسەردىكى

«قاش دېگەن ھە، مانا مۇنداق بولىدۇ،
يىگىتنىڭ ھۆسنىگە لايىق قاپقارا،

چاچلىرى پارقىراق ھەمدە قويۇقكەن،
كۆزلىرى چوغ سۈپەت چاقناركەن گويا .

سىمىزمۇ، ئورۇقمۇ ئەمەسكەن قەددى،
ئۆگىمۇ، ھەي ئىسست بولسىچۇ ئاپئاق .
بۆز كىيىم كەيگىنى قاملاشمىغان ئىش،
يۈتىغا كەيسىچۇ ئوبدانراق ئاياغ ...»

دېگەن مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدا تەلئەتنىڭ قارشى تەرىپىدىن بېرىلگەن تەلئەتنىڭ پۈتۈن قەددى ـ قامىتى، بەدەن قۇرۇلۇشى، چىراي شەكلى ۋە ئاددىي ـ ساددا يۈرۈش ـ تۇرۇش ئادىتى تولۇق گەۋدىلىنىدۇ . بۇ قىسقىغىنە سەككىز مىسرادا تەلئەتنىڭ پورترېتى بىلەن يۈرۈش ـ تۇرۇشى شۇنچىلىك ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەنگەنكى، خۇددى قېنىق رەڭ بېرىلگەن رەسىمدەك ئۇنىڭ بىرەر سىزىق، بىرەر چېكىم رەڭلىرىمۇ كەم قالمىغان .
يەنە بىر تەرەپتىن بۇ مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزدا ئادەملەرنىڭ سىرتىغا قاراپلا باھا بېرىدىغان، مۇھەببەتتە ئۆجمە كۆڭۈل، ياسانچۇق، سىرتقى گۈزەللىك مەستانىسى گۈلشەن ئۆزىنىڭ بارلىق ئىچكى دۇنياسى، ھاياتقا بولغان ساددا قارىشى، گۈزەللىك ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە ئۆلچەملىرى بىلەن نامايان بولىدۇ . دەرۋەقە، گۈلشەن پسىخىكىسىدىكى بۇ خىل ھالەت ئۇنىڭ تەلئەت بىلەن بولغان مۇھەببەت مەسىلىسىدە چوڭقۇر زىددىيەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . تەلئەت بىلەن گۈلشەن ئوتتۇرىسىدا كىشىلىك تۇرمۇش، مۇھەببەت، غايە . . . قاتارلىقلاردا تۈپتىن ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت بولغاچقا، شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان گۈلشەن ئاخىرقى ھېسابتا گۈزەل غايىلىك، ئىرادىلىك يىگىت تەلئەتنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ . بۇ، دەل كىشىلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قاراپلا باھا بېرىدىغان، سىرتقى گۈزەللىك ھەم شۆھرەتپەرەس-

لىكنى ھاياتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنـى دەپ چۈشىنـدىغان گـۈلشەنگـە ئوخشاش سۆيگۈ سودىگەرلىرىنىڭ تىگىشلىك ئاقىۋىتىدىن ئىبارەت . دېمەك، شائىر بۇ يەردە قىسقىغىنە ئىككى كۇپلېتلىق سەھىپە ئارقـ. لىق كىتابخانلارنى تەلئەتنـىڭ سىرتـقى قىيـاپىتى، تـۇرمۇش ئادىتـى ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىللە، گۈلشەنـنىڭـ. مۇ تېبىز روھىي دۇنياسىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن يورۇتۇپ بېـ. رىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن .

بەدىئىي ئەسەرلەردە باشقا شەخسنىڭ سۆزى ئارقىلىق سۆزلـ. گۈچىنىڭ ۋە ئىككىنچى بىر شەخسنىڭ خاراكتېر ھەم ئىندىۋىدۇئـالـ. لىقىنى ئېچىپ بېرىش ئەبەيدۇللا ئىبراھىم داستـانچىلـىقىنـىڭ مۇھـىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك «قارا ۋە ئاق» تىن باشقا يەنە «پولات»، «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى»، «چىمەندە توي» قاتار. لىق داستانلاردىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى» داستانىدىكى

« ـــ بىر كېلەر ئالەمگە ئىنسان بالىسى،
بۇ تازا ۋاقتىدۇر ئويناپ ـ كۈلۈشنىڭ .
سەن كەبى يىگىتكە نەدۇر پايدىسى،
كىتابتىن باش ئالماي مۈگدەپ يۈرۈشنىڭ ...»

دېگەن مىسرالارنى ئوقۇغۇنىمىزدىمۇ، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مىجەز، ئىككـى خىل خاراكتېر، ئىككى خىل ھايات قارىشىغا ئىگە ئىككى ئادەمنىڭ ئوبرازى روشەن گەۋدىلىنىدۇ . بۇلارنىڭ بىرى، ئادەتتىكى ئـادەمـ. لەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان ھاكاۋۇر، ھـاياتنـىڭ بارلىق لـەززىتىنـى كۆڭۈل ئېچىش دەپلا چۈشىنىدىغان مىشچان نىغمەت بولۇپ، ئـۇ كىشىلىك ھاياتقا ئەنە شۇنـداق چاكىنـا مۇئامـىلە قىلـىدۇ . بۇ ئەنـە شۇنداق تۇرمۇش قارىشىغا ئاساسـلىنىـپ، توپىلاڭـدىن توغاچ ئـوغـ.

رىلاشنى ھاياتنىڭ مىزانى قىلغاچقا، كېيىنچە كىشلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ . سەرسانىي كېيىنچە ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ساۋاقداشلىرى ۋە ئۇستازىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەندە، بۇنىڭغا چىدىمىغان نىغمەت سەرسانىي بىلەن ئۆمۈر بويى دۈشمەنلىشىدۇ . بولۇپمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سەرسانىيغا ئوخشاش ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئازار بېرىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمايدۇ . ھەتتا ئاخىرى سەرسانىي تراگېدىيىسىنىڭ بىۋاستە جىنايى جاۋابكارى بولۇپ قالىدۇ . مەدەنىيەت مۇستەبىت-لىكى ھۆكۈم سۈرگەن ئاپەتلىك يىللاردا سەرسانىينىڭ ئىلىم يولىدا ئىزدىنىشى ئۇنىڭ نىغمەت قاتارلىقلارنىڭ قولىدا ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولىدۇ . دېمەك شائىر بۇ يەردە ناھايىتى چەكلىك سەھىپە ئىچىدە بىر شەخسنىڭ بىر ئېغىز سۆزى ئارقىلىق ئوخشىمىغان ئىككى مەۋ-قەدىكى ئىككى ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھايات ۋە ئۇنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت چوڭقۇرلۇققا يەتكەن .

شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىم يەنە پېرسوناژ تىلىدىن پايدىلىنىپ، ئەسەردىكى دراماتىك كەيپىياتنى جانلاندۇرۇشقا كۆپ ئەھمىيەت بېرىدۇ . مەسىلەن:

— راست ئېيتتىڭ ئالىمخان، مەينەت كۆمۈر بۇ،
بار بىراق ئۇنىڭدا ئۇستامنىڭ قېنى .
— ئۇستامنىڭ؟»
— ھە ئۇستام ياكى ئاتاڭنىڭ .
— بۇ ئۆزى قانداق گەپ، ئېيتامىلا قېنى؟
(«قارا ۋە ئاق»)

— دىلبىرىم، بەك ئۇزاق ساقلاتتىڭ مېنى .
— ھە بايام رايىم يوق دېدىمغۇ سىزگە .

ــ مەن سىنى
ــ مەن سىزنى ساقلاپ دېدىڭمۇ؟
ــ قورقامسەن، كىم قاراپ تۇرۇپتۇ بىزگە؟
...
ــ ئوش!
ــ ئوش دېمە، يۈرەكتىن چىققان سۆزۈم بۇ،
سېنىڭدىن باشقىنى سۆيسەم مەن ئۆلەي .
ــ بۇ گەپلەر مەشەدە قالسۇن نىغمەتجان .
ــ بۇ ... بۇ ... بۇ ...
ــ خوش بولدى، ئەمدى مەن كېتەي .»
...
ــ شۇنداقمۇ؟
ــ ئۇنىڭدا گەپ يوق دېدىڭمۇ،
يالغاننى سۆزلىسەم ھايۋان بوپ كېتەي:
ــ ئېيتىڭچۇ، سىزنى كىم ھايۋان بول دېدى
مەن كېتەي .
ــ بىر مىنۇت ساقلاپ تۇرۇڭ، ھەي ...
(«دوستۇمنىڭ خاتىرىسى»)

خۇددى تۇرمۇشتىن ئېيىنەن كۆچۈرۈۋالغاندەك ھېچقانداق رەڭ، بوياقسىز بۇ دىئالوگلار ئەسلىي سەھنە ئەسەرلىرىگىلا خاس بولۇپ، بۇنداق دىئالوگلاردىن ھازىرغىچە ئاساسەن قەلەمى پىشقان دراماتورگلار پايدىلىنىپ كەلگەن . داستانلاردا تۇرمۇش پۈرىقى كۈچلۈك بولغان دىئالوگلارنى قوللىنىش، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئىجادىيىتى بولمىسىمۇ، ئۇ بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق داستانلارنى قويۇق دراماتىك كەيپىياتقا ئىگە قىلىپ، بەدىئىي ئۇنۇمگە ئېرىشىشىنىڭمۇ مۇمكىنچىلىكىنى ئىسپاتلىدى، بۇ، شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىزدىنىشى بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ .

«قارا ۋە ئاق» داستانىدىكى بەدىئىي سەھنىدە شەرتلىك ھالدا بىر ـ بىرىنى چەكلەيدىغان ۋە بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئۈچ جۈپ ئوبراز ھەرىكەت قىلىدۇ . بۇلارنى قاتار قىلىپ تىزىدىغان بولساق، تەلئەت ـ سادىق، لەيلى ـ گۈلشەن، مۇزەپپەر كاڭجاڭ، ئالمخان ئانا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەسەردە ئۇلارنىڭ سەھنىگە چىقىشى بىرلا ۋاقىتتا بولمىغىنىدەك، سەھنىدىن چېكىنىشمۇ بىرلا ۋاقىتتا بولمايدۇ . ئۇلاردىن تەلئەت، لەيلى، مۇزەپپەر كاڭجاڭ قاتارلىقلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قاراشلىرى ۋە غايىلىرى ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە، سادىق، گۈلشەن ۋە ئالمخان ئانا ئۇلارنىڭ مۇكەممەللەشكەن خاراكتېرلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە سېلىشتۇرما قىلىنىدۇ، يەنى تەلئەتنىڭ ئۆز ئىشىغا كۆچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقى، چىداملىق ـ ئىرادىلىكلىكى سادىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھۇرۇن ـ ئىرادىسىزلىكىگە؛ لەيلىنىڭ ساپ دىل ۋە كۆيۈمچانلىقى، گۈلشەننىڭ ئۈجمە كۆڭۈل، تۇرمۇشتا راھەت قوغلىششتىن باشقا غايىسى يوقلۇقىغا؛ مۇزەپپەر كاڭجاڭنىڭ ئۆز ئوغلىغا قارىتا كۆچلۈك تەلەپچانلىقى، ئالمخان ئانىنىڭ ئانىلارچە ساددا مېھرىبانلىقىغا سېلىشتۇرۇلغان . بۇلاردىن ئالدىنقىلىرى ئۆز ئىندىۋىدۇئاللىقىنى بەرپا قىلىشتا تەبىئىي ھالدا كېيىنكىلىرىنى شەرت قىلىدۇ، كېيىنكىلىرى بولسا، ئالدىنقىلىرىنىڭ خاراكتېرىنى روشەنلەشتۈرۈشتە بىلەيتاشلىق رولىنى ئوينايدۇ . ئاپتور ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇلارنى ھەرگىز مەلۇم ئىشقا زورلىمايدۇ، ياكى ئېتىبارسىز قالدۇرمايدۇ . بولۇپمۇ ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرىدىكى ئاساسلىق شەخسلەردىن ۋاقىتلىق ئىشلىتىدىغان سايمان ئورنىدا پايدىلانمايدۇ . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاساسلىق شەخسلەر بەدىئىي سەھنىدە ئۆزلىرى ئورۇنداشقا تېگىشلىك پائالىيەتلەرنى، ھەرىكەتلەرنى تولۇق ئورۇنداپ بولۇپ ئاندىن چېكىنىدۇ .

ئەسەردە، پېرسوناژلارنى جۈپلۈك ـ پاراللېللىق خۇسۇسىيىتـ. گە ئىگە قىلىش، شائىرنىڭ «دوستۇمنىڭ خـاتىرىسـى»، «چىمەنـدە تويى»، «ھەسەن ۋە ھۆسەن» قاتارلىق داستانلىرىدىمۇ روشەن ئى. پادىلىنىدۇ . بۇ ئەسەرلەردە يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى ئـۆ. زى بىلەن تەڭ دەرىجىدە تۇرالايدىغان قارشى تەرىپكە ئىگە . مـە. سىلەن، «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى» داستـانىدىكـى خالىق مـۇئەللىـم، غاپپار مۇدىر، سەرسانىي، نىـغمەت دەل شۇنـداق پاراللېـللىق خـۇ. سۇسىيىتىگە ئىگە شەخسلەر بولۇپ، ئۇلاردىن ئالدىنقىلىرى ھەققانـ. يەت ۋە ئادالەت مەيدانىدا تۇرۇپ، بارلىق رەزىللىك بىلەن كۆرەش قىلىدۇ . بۇ كۆرەشتە ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنىمۇ قۇربان قىلىدۇ . كېيىنكىلىرى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ پـەسكەشلـىكى ئارقـىلىق ئـالدىنقى تۈردىكى شەخسلەرنى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرىدۇ . بەدىئىي ئوبرازلار. نى بۇنداق سېلىشتۇرۇش مېنىڭچە بەلگىلىك دىئالېكتىك ئەھمىيەتكـە ئىگە . چۈنكى، يۈكسەكلىك پەقەت پەسكەشلىك بىلەن سېلىشتـۇرۇل. غاندىلا ئاندىن نامايان بولغىنىدەك، گۈزەللىكمۇ خۇنۈكلۈك يېنىـدا جىلۋە قىلىدۇ . ساختىلىق بولمىسا، چىنلىقنى پەرقلەنـدۈرگىلى بـول. مايدۇ . ياۋۇزلۇقمۇ ئالىيجانابلىقنى گەۋدىلەنـدۈرۈش رولىنى ئـوي. نايدۇ . بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مـۇناسىۋەت ـ بـىر خىل سـەۋەب ـ نەتىجىلىك دىئالېكتىك مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇ مۇناسـىۋەت ئوتتـۇ. رىسىدىكى زىددىيەت جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكـە بولىدۇ . ئـا. دەتتە ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئىـنسان تەبىـئىتـىگە ئاسـاسلانغانـدا، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئەخلاقىي تەركىبلەر ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا نوقۇل ھالدا ئىپـادىلەنمـەيدۇ . يەنى بـىر ئادەم نوقـۇل ياخشى، يەنە بىر ئادەم نوقۇل قەبىھ بولۇشى ناتايىن . ئۇنـىڭ ۋۇ. جۇدىدا يۇقىرىقى ھەر ئىككى خىل ئەخلاقىي ئامىلنىڭ مەۋجۇت بو. لۇپ تۇرۇشى تەبىئىي . ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنتـايىن ھالـقىلـىق پەيتلەر ـ ھايات ـ ماماتلىق سىنىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جىددىي

سىناقلارغا دۇچ كەلگەندە ئىپادىلەنگەن نەرسە (ياخشىلىق ياكى يا-
مانلىق)، دەل ئاشۇ كىشى خاراكتېرىنىڭ تۈپكى بەلگىسى ھېسابلى-
نىدۇ . بۇ نۇقتىدا بەدىئىي ئەسەرلەردىكى شەخسلەرمۇ شۇنداق .
بىز دەل خاراكتېرىنىڭ ئاشۇ تۈپ بەلگىسىنى تۇتقا قىلىپ، ئۇنى تەت-
قىق قىلىمىز ، ئۇنىڭغا يا ئۇنداق، يا مۇنداق تەبىر بېرىمىز . بۇ،
رەڭشۇناسلىقتا رەڭلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ۋە پەرقلەندۈرۈش-
تە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل بولۇپ، بۇنداق ئۇسۇل بەدىئىي ئوبراز
يارىتىشتىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ . بۇ خىل ئۇسۇلدىن مۇۋاپىق پايدىلى-
نىلسا، شەخسلەر خاراكتېرىدىكى ئەڭ ئىنچىكە پەرقلەرنى تېپىپ چىق-
قىلى بولىدۇ . شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ پېرسوناژلارنى جۈپ
ۋە پاراللېل ھالدا ياراتقانلىقى ھەم تەسۋىرلىگەنلىكى بۇنىڭ تىپىك
مىسالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
«قارا ۋە ئاق» داستانىنىڭ ئىستېتىك قىممىتى بەلگىلىگەن ئا-
مىل ــ ئۇنىڭغا شائىر سىڭدۈرگەن قايناق لىرىك ھېسسىياتتىن ئى-
بارەت . شائىر بۇ داستاننى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ 20
يىلدىن كېيىن يازغان . بۇ، شائىرنىڭ شەيئى ۋە ھادىسىلەر، كىشى-
لىك ھايات ۋە ئۇنىڭدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە ئۆز-
لۈكسىز ئىزدەنگەن، پىكىر يۈرگۈزگەن 20 يىل، ۋاقىت ئۆتكەنسې-
رى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تېخىمۇ چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇن ئالغان
ۋە بۇ مەزمۇن بارغانسېرى بېيىغان 20 يىل، شائىرنىڭ بەدىئىي
ماھارەتتە دەسلەپكى ئىجادىي تەقلىد قىلىشتىن مۇستەقىل ئىجادىي-
لىققا، كېيىنچە يەنە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن 20 يىل
بولدى . شۇڭا دەسلەپكى مەشقلىرىنى لىرىكىدىن باشلىغان بۇ شا-
ئىرنىڭ ئىجادىيىتىدە ۋاقىت ئۆتكەنسېرى لىرىك ھېسسىيات قو-
يۇقلاشتى . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم دەسلەپتە نىسبەتەن يالىڭاچ ئىپادى-
لىگەن شېئىرىي پىكىرلەرنى، كېيىنكى مەزگىللەردە قايناق لىرىك
ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇۋېتىدىغان بولدى . بولۇپمۇ «قارا ۋە

ئاق» داستاندا لىرىكىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى كۆپ بولغاچقا، ئەسەردىكى ئېستېتىك ئۇنۇمگە دەل ئاشۇ لىرىكا ئارقىلىق ئېرىشكەن .

بىزگە مەلۇمكى، لىرىكا - روھنىڭ مۇزىكىسى، تۇرمۇشنىڭ شائىر قەلبىدە ئويغاتقان ۋە قوزغىغان كۈچلۈك ئەكس ساداسى، شائىر قەلبىنىڭ جاراڭلىق، جۇشقۇن ناخشىسى . ئۇ ھەرقانداق بەدىئىي ئەسەرگە، جۈملىدىن شېئىرغا جان كىرگۈزىدۇ، ئۇنىڭغا نۇر ۋە ھارارەت بېغىشلايدۇ، ئۇنى ھاياتلىققا ئىگە قىلىدۇ . بۇ داستاندا شائىر لىرىكىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، تەبىئەتتىكى بىر - بىرىگە تامامەن قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل رەڭنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ كونكرېت ئوبرازلىرىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ۋە چوڭقۇر مەنىۋى دۇنياسىغا تەدبىقلاپ ھەم ئۇلارنى ماھىرلىق بىلەن سېلىشتۇرۇپ، كۆمۈر چاڭلىرىغا مىلىنىپ ئىشلەيدىغان مېھنەت ئىگىسىنىڭ قەلب پاكلىقى ھەم ئالىيجانابلىقتا، كىيىم - كېچەكلىرى ۋە زىبۇ - زىننەتلىرىگىچە ھەممىسى ئاق بولغان سىرتقى گۈزەللىك مەستانىسى قەلبىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى جانلىق ئىپادىلىگەن . بۇنىڭ بىلەن ئەسەردە «قارا» نىڭ ماھىيىتى ئېچىلىپ، ئۇنىڭغىمۇ تېگىشلىك باھا بېرىلگەن . ھەقىقىي «ئاق» لىق - پاكلىقنىڭ قەلب بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن . بۇ، دەل مەزكۇر داستاننىڭ ئېستېتىكىلىق قىممىتىدىن ئىبارەت .

يەنە بۇ داستاندا ئاساسىي پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسى خېلى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن . مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بەدىئىي ئەسەرلەردىكى گۈزەللىك پېرسوناژلار ئىچكى دۇنياسىنىڭ مۇكەممەللىكى تولۇق ۋە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ . چۈنكى كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، بەدىئىي ئەسەرلەردىن تەلەپ قىلىنىدىغان دەۋر روھى، مىللىي ئالاھىدىلىك، شەخسلەر خاراكتېرى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە پەقەت پېرسوناژلارنىڭ

روهي دۇنياسنى تەسۋىرلەش، ئۇنىڭغا چوڭقۇرلاپ كىرىش ۋە ئۇ-نى تەلتۆكۈس قېزىش ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ . بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتى ئادەم بولغاچقا، بۇ يەردىكى «ئادەم» ھەرگىز تەجرىبىخانىدىكى ئىسكىلىتلار، مۇز ھەيكەللەر، ماشىنا ئادەملەر بولماستىن، بەلكى قېنى بار، روھى بار، جانلىق ئادەم بولۇشى كېرەك . بۇنداق ئادەم كونكرېت شارائىتتا مەلۇم زىددىيەت ياكى توقۇنۇشقا دۇچ كەلگەن ھامان، ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ مەلۇم ئىپادىسىنى بىلدۈرىدۇ، تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرىدۇ . ھامان ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ . بۇ جەرياندا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولۇپ، بۇ خاسلىق ئۇنى باشقا شەخسلەردىن پەرقلەندۈرىدۇ . مۇشۇ پەرقتە ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقى نامايان بولىدۇ . «قارا ۋە ئاق» داستانىدىكى شەخسلەرنىڭ روھىي دۇنياسى ياكى باشقا شەخسلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە، ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئوي - خىيال، ئەسلىمە، دىئالوگ ۋە مونولوگلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن، گۈلشەننىڭ نامرات ئىچكى دۇنياسى، تەلئەتنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشكە قاراپ بەرگەن يېنىك باھالىرىدا، قايناق شەھەر تۇرمۇشىنى كۆز - كۆز قىلىپ تەلئەتكە يازغان خەتلىرىدە ئىپادىلىنىسە، سادىقنىڭ ھۇرۇنلۇقى، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى مېھنەتتىن قاچىدىغان يارماس قىلىقلىرى ئۇنىڭ لەيلىدىن يالغان ئىسپراپكا سورىغاندا:

— بۇنچىلىك تاش چىشلەپ تۇرماڭا لەيلى،
گەر ئېيتسام، راس گېپىم سىزنى ئۆز بىلىپ .
يۈرەيمۇ يەتتە قات يەرنىڭ تەكتىدە،
ھەر كۈنى قاپقارا چاڭغا مىلىنىپ .

دېگەن سۆزلىرىدە ئاشكارىلىنىدۇ .
تەلئەتنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىككى خىل كۆرەش، ئۇنىڭ كەسىپ

ۋە مۇھەببەتكە بولغان قارىشى شۇنداقلا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ . شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم داستانلىرىدىكى شەخسلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز خاراكتېرلىرىنى ئۆز ھەرىكەتلىرى، سۆزلىرى ئارقىلىق ئاشكارىلايدۇ . ئۆز سالاھىيىتى، بىلىم - سەۋىيىسى بويىچە پىكىر - مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ .

خۇلاسە قىلغاندا، بىزدە ھازىر ھەرقانداق بىر يازغۇچى، شائىرنىڭ ئىستېداتى ئۇنىڭ ئۆز كىتابخانلىرىغا قانچىلىك ئەسەر تەقدىم قىلغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى قانداق ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلغانلىقى بىلەنمۇ ئۆلچىنىدۇ، چۈنكى بۇ، شۇ كىشى يازغان ئەسەرنىڭ بەدىئىي سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ . ئەگەر، ئۇنىڭغا سەل قارىلىدىكەن، ھازىرقى زامان كىتابخانلىرى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگىلى، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرغىلى بولمايدۇ . بۇ، نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدات ئالدىدىكى مۇھىم بىر مەسىلە . بىز يۇقىرىقى بايان ھەم مۇھاكىملەردىن شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىمىز . شائىر بولۇپمۇ 70 -يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 80 - يىللارنىڭ دەسلىپىگىچە «ئۈچ غەزەل»، «خوتەن قەغىزى»، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» قاتارلىق مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى، «پولات»، «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى»، «قارا ۋە ئاق» قاتارلىق بىر يۈرۈش داستانلىرىنى يېزىپ، ئۆز كىتابخانلىرىغا تەقدىم قىلدى . بۇ شېئىرلار ئۇيغۇر كىتابخانلىرى سۆيۈپ ئوقۇغان، ئۇلارغا مۇئەييەن گۈزەللىك، يۈكسەكلىك ۋە ئالىيجانابلىق تۇيغۇسى بېغىشلىغان ئەسەرلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇشۇ يىللاردىكى گۈللەنگەن ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىدى . شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىم يەنە «دوستۇمنىڭ خاتىرد-

سى»، «قارا ۋە ئاق» داستانلىرىدا دەۋرىمىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان مەسىلىلەرنى شېئىرىي ئۇسۇلدا چوڭ يۇرەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىگە سۇندى . بۇ ئەسەرلەر پېرسوناژلار بىلەن مۇھىتنىڭ توقۇنۇشى ۋە پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى توقۇنۇشلار ئارقىلىق دراماتىك توقۇنۇشنى شەكىللەندۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئەسەردىكى سۇژىتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى قانات يايدۇرۇش، پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ئاشۇ سۇژىتنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا ئېچىش، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر - ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، پائالىيىتى، دىئالوگ ۋە مونولوگلىرى ئارقىلىق روشەنلەشتۈرۈش، داستانلاردا سەھنىگە خاس دىئالوگلارنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەسەردىكى دراماتىك كەيپىياتنى جانلاندۇرۇش، چوڭقۇر خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ۋە پاراللېللاشقان شەخسلەر ئارقىلىق تۇرلۇك ئېستېتىك ۋە ئەخلاقىي كاتېگورىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەش ... قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن يېڭىلىق، ئىجادىيلىق ۋە بۆسۈش ھاسىل قىلدى . بۇلارنى شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ پوئېزىيە، جۈملىدىن داستانچىلىق ئىجادىيىتىدە شەكىللەندۈرگەن ئۆزگىچە ئۇسلۇبى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئىجادچانلىق بىلەن دادىل يېڭىلىق يارىتىش، مۇمكىن بولغان دائىرىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىش — ھازىرقى زامان كىتابخانلىرىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات ۋە يازغۇچى، شائىرلارغا قويغان كۈچلۈك تەلىپى ھېسابلىنىدۇ . مېنىڭچە بۇ تەلەپنى مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇۋاتقان باشقا شائىر، يازغۇچىلارغىمۇ قويۇشقا بولىدۇ .

(«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى.)

# ئىككى مۇخەممەس ۋە «ئۈچ غەزەل» ھەققىدە

## مىجىت باقى، مۇختەر مەخسۇت

ياش شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ قەشقەر تېمىسىغا بې-غىشلانغان «ئۈچ غەزەل» ناملىق شېئىرى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بۇ شېئىر كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، شائىرمۇ ئۆزىگە خاس ئىجاتكارلىق تالانتى بىلەن كەڭ كىتابخانلارغا تونۇلغاندى . ئارقىدىنلا شائىر شېئىرىيەت ساھەسى-دە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ «خوتەن قەغىزى»، «مۇقام ھەققى-دە مۇخەممەس» قاتارلىق شېئىرلىرىنى ئېلان قىلدى ۋە يېڭى تې-مىنى مۇكەممەل شېئىرىي شەكىل بىلەن ئىپادىلەشتە يېڭى مۇۋەپ-پەقىيەتلەرگە ئېرىشتى . شائىرنىڭ قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ شېئىرلىرىدا يېڭى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، باتۇر، ئەمگەكچان خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجاتكارلىق كۈچىگە يۈكسەك دە-رىجىدە مەدھىيە ئوقۇلغان . بۇ شېئىرلاردىكى يېڭى تېما ئاساسىدا خۇلاسىلەنگەن چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن ھەربىر ئوقۇغۇچىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ . ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ شېئىرلىرى «تۈمەن تۈلپار كىشنىمەيدىغان» بۇرۇقتۇملۇق كەيپىيات بىلەن تولغان قالايمىقانچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئون يىلدا يېزىلغان «قې-لىپلاشقان» شېئىرلارغا تۈپتىن ئوخشىمايلا قالماستىن، بەلكى گېزىت ـ

ژۇرناللاردىكى باش ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنىنى شىلىپ ئېلىپ ئۇنى شېئىرى تۇسكە كىرگۈزۈپ، بىرەر يېڭى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇل-مايدىغان بەزى شېئىرلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . ئەبەيدۇللا ئىبراھىم شېئىرلىرىنى ياخشى شېئىرلار دەپ ھېسابلىشىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ تېمىنىڭ يېڭى بولغانلىقى، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ھېچكىم سۆز ئېچىپ باقمىغان تېما ئۈستىدە ئىزدەنگەنلىكى ۋە شېئىردا ئەكس ئەتتۈرگەن پىكىرنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرى ۋە پسىخىكىسى بىلەن زىچ باغلانغانلىقىدا. رۇسىيەنىڭ مەشھۇر رېئالىزىمچى يازغۇچىسى تۇرگېنىۋ: «ھەقىقىي سەنئەتكار ئۈچۈن مۇنداق بىر مۇھىم نەرسە بار، سەنئەتكارنىڭ ئۆزىگە خاس ئاۋازى ... مۇھىم بولغىنى ئۆزىگە خاس جانلىقلىق، ئالاھىدە ئاھاڭ، بۇ ئاھاڭ باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقمايدۇ .» دېگەنىدى . ئىجادىيەت ئىشىدا ھەر بىر يازغۇچى، ھەر بىر شائىر ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، باشقىلار ئىزدىنىپ باقمىغان يېڭى تېما ئۈستىدە ئىزدىنىشى لازىم . مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭدىكى مەزمۇن كىشىلەرگە چوڭقۇر بەدىئىي زوق بېرەلەيدۇ ۋە ئېنىق ئۇقۇم، روشەن تەسىرات پەيدا قىلالايدۇ .

تۆۋەندە بىز «خوتەن قەغىزى» ناملىق مۇخەممەستىكى مۇنۇ مىسرالارغا قاراپ باقايلى:

بېشىم قاتتى يازاي دەپ تاش، گىلەمنى ياكى ئەتلەسنى،
ئاڭا باپ سۆز - سۈپەت ئىزدەپ تۈگەتتىم يەتتە شام ـ كەچنى،
كى بىلدىم گۈلنى كۈيلەشكە جىمى قۇربىمۇ يەتمەسنى،
ئەيىب ئەتمەڭ، ئاسانىنى تاللىدىم تاشلاپ قىيىن ـ تەسنى،
بەخش ئەتتىم خوتەن قەغەزىگە ئاددىي مۇخەممەسنى .

بۇ مسرالاردىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، يۇرتىمىزنىڭ قاشتېشى، گىلەم ۋە ئەتلىسى دۇنياغا مەشھۇر . بۇنى قانچە كۈيلىسەكمۇ كۆپلۈك قىلمايدۇ . مۇخەممەستە مانا مۇشۇنداق كەڭ مەزمۇن يە-غىنچاق ھالدا ھەربىر مسراغا سىڭدۈرۈلگەچكە، كۆز ئالدىمىزدا نەپىس ئىشلەنگەن قاشتېشى بۇيۇملىرى، كۆز چاقنىتىدىغان قىممەت باھالىق گىلەملەر ۋە رەڭگارەڭ تاۋلانغان شايى - ئەتلەسلەر پەيدا بولۇپ، تەپەككۇرىمىز بىردىنلا قاناتلىنىدۇ - دە، ئاخىرىدا پۈتۈن زېھنىمىز خوتەن قەغىزىگە مەركەزلىشىدۇ . بىز ئىختىيارسىز ھالدا ئەنە شۇ ئاددىي قەغەزنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنى ئەسلەش ئۈچۈن شېئىرنى باشتىن - ئاخىر ئوقۇپ چىقماي تۇرال-مايمىز .

خوش، ئەمدى بىز «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» شېئىرىغا نەزەر سالايلى:

ئەيا ساقى شاراب تۇت، بىل بۇ دەم ئىلھام ماڭا ئۈلپەت،
نە ئىلھام، بىر زىبا گۈلئۈز مېنىڭ بىرلە قىلۇر ئىشرەت،
نە ئىشرەت، ئىشرەتى نەزمەم قۇرىغا گۈل تىزۇر رەت رەت،
ئايان بولسۇن كۈيۈمدە كۈي ئاتاسى بىر بۈيۈك سەنئەت،
شاراب تۇت، ياق مۇقامىڭ چال، چېلىپ دوستۇڭغا بەر رىغبەت .

بۇ مسرالارنى ئوقۇغان ھەر بىر كىتابخان دىل تارىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق سېزەلەيدۇ ۋە ئۆزىنى بارچە كۈيلەرنىڭ ئاتىسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ يېقىملىق كۈيلىرى ياڭراۋاتقان شادلىق بەزمىسىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ . بۇ مسرالار مىللى ناخشا - مۇزىكىمىزغا بولغان مۇھەببىتىمىزنى سۈرەتلەپ بەرگەن بولۇپ، ئەجدادلار ياراتقان «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى بىر قىممەتلىك مىراس ئىكەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىش ھېسسىياتـ-

مزنى ھەسسلەپ كۆچەيتدۇ .

قەشقەر ھەققدە يېزىلغان «ئۆچ غەزەل» نىڭ جەلىپ قىلىش كۈچى «خوتەن قەغزى» گە ئوخشاشلا زور . ئۇنىڭ ھەر بىر مىسراسىدا بەخت ـ سائادەتلىك خەلقنىڭ چىن ئىستەكلىرى دول-قۇنلاپ تۇرىدۇ:

ئەمەستۇر لاپ، دېسەم قەشقەر سەيرىنىڭ مۇنبىرى كەچتە،
گۈزەل ھۆسنى شەپەق رەڭلىك شەرقنىڭ بىر گۈلى كەچتە .

بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، ئاقار يولدا تۈمەن دوپپا،
ياقار ھەر كىم لىۋىگە لەۋ سائادەت دىلبىرى كەچتە .

بۇ مىسرالارنىڭ ھەر بىر سۆزلىرىدىن ئۆزگە خاس ئاھاڭ جاراڭلاپ تۇرۇش بىلەن بىرلىكتە، گۈزەل مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ .

ئەنە لەيلى، ئەنە ئەترە، مىسالى گۈل بازارى بۇ،
گۈزەللىكتە تېڭى يوق باغ، بېھىشنىڭ ئىنتىزارى بۇ،
...
ھەۋەس قىلساڭ يارەن، قەشقەر بىغىنى بىر تاۋاپ ئەتكىن،
بەخت جامىدا مەي يۇتقان ئازاد ئەلنىڭ باھارى بۇ .

يۇقىرىقى ھەربىر مىسرادا گۈزەل، پارلاق كەلگۈسىگە يۈز-لەنگەن شەھەر، يېزىلارنىڭ كۆركەم مەنزىرىسى سۈرەتلەنگەن، قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن قەشقەرنىڭ گۈزەللىكى، بەخت جا-مىدا مەي يۇتقان ئازاد ئەل باھارىنىڭ سىمۋوللاشقان كۆرۈنۈشى-دۇر . بۇ شېئىرلار كۆز ئالدىمىزدا روشەن بىر تۇرمۇش كارتىنى-سىنى سۈرەتلەپ، قەدىمدىن تارتىپ مەشھۇر مەدەنىيەت مەركىزى

ئاتالغان قەشقەرنىڭ يەنىمۇ گۈللەپ ـ ياشناۋاتقانلىقىنى روشەن سىزىمدە ئىپادىلەيدۇ . ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ خانلىق مەدرىسلىرى، مەھمۇد كاشغەرىيدەك يېتۈك ئالىملىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزارىيدەك بۈيۈك شائىرلىرى بىلەن پۈتكۈل شەرققە تونۇلۇپ، «شەرقنىڭ گۈلى» دەپ نام ئالغان قەشقەرنىڭ شېئىردىكى سۈرەتلىنىشى يۈكسەك ماھارەتكە، يۇقىرى سەنئەت سەۋىيىسىگە ئىگە . شۇڭا بۇ غەزەللەر ئوقۇغۇچىدا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىپ، ئوقۇغۇچى ئۆزىنى قەشقەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدە يۈرگەندەك ھېس قىلىدۇ . قەشقەرگە بېرىپ باقمىغان كىتابخاندا قەشقەرنىڭ ئاۋات ھايات قايناپ تۇرىدىغان كاتتا شەھەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق ئۇقۇم ھاسىل قىلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا قەشقەرنى بىر كۆرۈش ھەۋىسىنى قوزغايدۇ .

ئاپتور «خوتەن قەغىزى» مۇخەممەسىدە خوتەن قەغىزىنىڭ يىپەك بىلەن بىرلىكتە ئاسىيا، ئافرىقىنى كېزىپ، قەدىمكى رىمغىچە بېرىپ يەتكەنلىك تارىخىنى سۈرەتلەش، خوتەن قەغىزىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان بۈيۈك تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەش ئۈچۈن ئەستايىدىل تىرىشقان، ھەتتا ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ نازۇك تەرەپلەرنىڭ بىرى بولغان پاك ئىشقى ـ مۇھەببەتنىمۇ يەنىلا شۇ خوتەن قەغىزىنىڭ جانان ۋەسلىنى ئىزدەشتە مۇھىم ۋاستە بولغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق خوتەن قەغىزىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە تېگىشلىك رول ئوينىغانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلق تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن زىچ باغلانغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن .

تاۋابى ئىختىيار قىلسا ئەگەر كىم كۈي خۇداسىنى،
ئاشۇ قەغەز جەلپ ئەتتى ئۇنىڭ تۈنجى قاراشىنى،
جاكا قىلدى جاھان ئىچرە بوۋام مەھمۇد مىراسىنى،
كى تەڭ تارتتى دىۋان بىرلە قۇتادماقنىڭ جاپاسىنى،
ئۇگەندۇق بىز شۇڭا تۈركىي گۈزەل ساپ تىلدا سۆزلەشنى،

بۇ مسرالاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەنە شۇ خوتەن قەغە-
زى مەھمۇد كاشغەرىي ۋە «دىۋان لۇغەت تۈرك» نى جاھانغا
جاكار قىلغان، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا دىداكتىك ئەسەر «قۇتاد-
غۇبىلىگ» نى دۇنياغا تونۇتقانمۇ، يەنە شۇ خوتەن قەغىزى، بىز-
گە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىل بايلىقىنى يەتكۈزگەنمۇ يەنە شۇ قەغەز .
يۇقىرىقى مسرالارغا زور تارىخىي مەزمۇن سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ،
كىتابخانىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ .

«مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» شېئىرىدىكى كۈچلۈك ھېسسى-
ياتمۇ «خوتەن قەغىزى» شېئىرىدىكىگە ئوخشاش زور تەسىرلەن-
دۈرۈش كۈچىگە ئىگە . «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» شېئىرى
ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى ئاتىلىپ كەلگەن شىنجاڭدا ئەزەلدىن
بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشىدا
ساز، ناخشىنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن
بولۇپ، بۇ شېئىردىن قويۇق مىللىي پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ .
شۇنداقلا ھەر بىر مسرادا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس
خاراكتېرى بايقىلىدۇ:

جاھان سەنئەت كۆكىدە ئەل مۇقامنى ماھى — چولپان دەر،
چىمەنىدە شەرقنىڭ بۇ كەبى چولپان تۇغۇلغان دەر،
كى بىلمەسلەر سورار: بۇ يۇرت نېچۈن داڭدار ئاتالغان دەر،
بىلەر كىم، ھەر گىياھ، ھەر جان ئۇسسۇل، كۈيدىن يارالغان دەر،
شۇبۇ نام بىرلە ئالەمگە تونۇلدى بۇ ۋەتەن جەننەت .

بۇ مسرالاردىكى ھېسسىيات ھەربىر كىشىنىڭ دىل تارىنى
چېكىپ، چوڭقۇر ھاياجان تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈرىدۇ . چۈنكى،
ئۇيغۇر خەلقى سەنئەت تالانتى ۋە جاپالىق ئەجرى ئارقىلىق ئى-
جاد قىلغان «ئون ئىككى مۇقام» دۇنيا سەنئىتىدە بىر نۇرلۇق

چولپان، ئۇيغۇر خەلقى ناخشا ـ سازغا ئىشقىۋازلىقى بىلەن دۇنيا-
غا تونۇلغان . مۇقامىۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى پەيلەپ يېتىش-
تۈرگەن يېپەك، پاختا ۋە قەغەز بىلەن بىر قاتاردا دۇنيادا داڭ
چىقارغان ئېسىل مىراسلىرىمىزنىڭ بىرى . ئومۇمەن، ئەبەيدۇللا
ئىبراھىمنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ شېئىرىدا قايناق ھېسسىيات بىر پۈتۈن
گەۋدىنى ھاسىل قىلىپ، چوڭقۇر بىر ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەن .
تىل ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بىرىنچى ئامىلى . ماياكوۋىسكى
خەلق تىلىدىن پايدىلىنىش توغرىسىدا توختىلىپ: «شېئىر يېزىشمۇ
رودا قازغانغا ئوخشاش . بىر گرام رودا قېزىش ئۈچۈن يىل بويى
ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ . شېئىردا بىر سۆزنى جايىدا ئىشلىتىش
ئۈچۈن نەچچە مىڭ تونىنا سۆز رودىسى قېزىش كېرەك .» دېگەن
ئىدى . يەنى يازغۇچى، شائىر ئۈچۈن خەلق تىلىنى ئۆگىنىش ۋە
خەلق ئارىسىدىكى سۆز بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۆز ئەسەرلىرىنى
مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتالىشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرى . شائىر
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆز شېئىرلىرىدا خەلق تىلى غەزىنىسىدىن ما-
ھىرلىق بىلەن پايدىلانغان . ئاپتورنىڭ «خوتەن قەغىزى» مۇ-
خەممىسىدىكى مۇنۇ مىسرالارغا نەزەر سالايلى:

نەۋائىي ئۇندا ئىنسانىي ۋاپا ـ ھىممەتكە چىللايدۇ،
نىزارىي كۆلمىگەن سۆيگۈ گۈلىگە زارۇ يىغلايدۇ،
غەزەلخان نەۋبەتىي سايراپ ئانا يۇرتنى ئۇلۇغلايدۇ،
قەلەندەرخاندا مەشرەپ گويا شاھانە يايرايدۇ،
ئۇگەن دەپ ساپ مۇھەببەت ئالدىدا جان تۆھپە ئەيلەشنى .

كىتابخان يۇقىرىقى مىسرالاردىن ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىشتى-
كى ئۆزىگە خاس سەنئىتىنى سېزەلەيدۇ . يەنى نەۋائىينىڭ «خە-
مسە»، «چاردىۋان» لىرىدىكى ۋاپا، ھىممەتكە ئۈندەلگەن ئا-
ساسىي مەزمۇن، نىزارىينىڭ دىنى ئاسارەت ۋە فېئوداللىق تۈزۈم-

ىنىڭ كاساپىتىدىن خار ـ زار بولغان ياشلارغا قىلغان خەيرىخاھلى-
قى، نەۋبەتىنىڭ غەزەللىرىدە ئىپادىلەنگەن ئۆز يۇرتىنى قىزغىن
سۆيۈش، ئانا ۋەتەننى تۇتىيا بىلىش ئىستىكى، مەشرەپ غەزەللى-
رى ۋە رۇبائىيلىرىدىكى روھانىيلىقتا قارشى ئىسيانكارلىق روھ
تۆت مىسراغىلا سىڭدۈرۈلۈپ يىغىنچاق ھالدا ئىپادىلەنگەن .
«مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» شېئىرىدا بولسا ئاپتورنىڭ تىل
ئىشلىتىشتىكى ماھىرلىقىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈز-
لەنگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ . مەسىلەن:

سىگاھ ئويغانسا ھەر تاڭدا يېشىل قىرغاقنى سەيلەتسەم،
سېغىندىم چىن گۈزەللىكنى مۇقامى چەببىيات چەكسەم .
چېلىپ مەن چارىگاھ دەيمەن ئەجەمدىن ئۇز ئانا ئۆلكەم،
يېپىشقايمەن مۇشاۋرەك ۋەجدىن چىنلىقتا مۇستەھكەم،
كى ئېيتسام پەنجگاھ يۈكسەك تۇيۇلدى بۇ ئەجر ـ مېھنەت .

يۇقىرىقى مىسرالاردا «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ھەر بىر
مۇقام تۈرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە مەزمۇنلىرى، كىشىلەرگە
بېرىدىغان بەدىئىي زوقى ماھىرلىق بىلەن يىغىنچاق ئەكس ئەتتۈ-
رۈلگەن . كىتابخان «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» شېئىرىنى ئو-
قۇغاندا، شېئىردىكى بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلغان ئاساسىي
مەزمۇننى تولۇق ئىگىلىۋېلىپ، مىللىي مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى
قىممەتلىك مىراس «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىدە
قانچىلىك شۆھرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ .
شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، شېئىردا ئىشلىتىلگەن سۆز، ئىبا-
رىلەر قانچە «دەبدەبىلىك» ۋە قانچە «قەدىمىي»، «كىتابىي»
بولسا ئاندىن شۇنچە جانلىق بولغان ھېسابلانمايدۇ . بەلكى،
ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىز تىلىدىكى سۆز بايلىقلىرى تېخىمۇ جاز-
لىقلىقتا ئىگە . جانلىقلىق، ساددىلىق، ئۆزىگە خاسلىق خەلق تىلى-

نىڭ تۆپ خۇسۇسىيىتى . ئـەبەيدۇللا ئـىبراھىم ئۆز شېئـىرلىرىـدا خەلق تىل غەزىنىسىدىكى ھـەر بىر ئادىدىي سۆزنىمۇ ئۆز جايىـدا قوللانغان . مەسىلەن:

خەرىتە ئالدىغا كەلدىم، جاھانغا بىر نەزەر سالدىم،
جاھانمۇ كەڭ ئىكەن، ياپىر، پايانىغا قاراپ تالدىم .

«خوتەن قەغىزى» شېئىرىدىكى بۇ مىسرالاردا «ياپىر» سـۆ- زى دەل جايىدا قوللىنىلغان . خەلق ئاممىسى «ياپـىر» سۆزىدىـن پايدىلىنىپ رىئاللىقتىكى شەيئىلەرگە قارىتا ھەيران قىلىش، ئەجەپ- لىنىش ۋە قايىل بولۇشتەك ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ . بـۇ شېئىردا ئەپچىللىك بىلەن قوللىـنىلغـان ئاشۇ بـىـر سۆز مىسـرالاردا ئىپادىلەنگەن ئومۇمىي مەزمۇننى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا بەلگە- لىك رول ئويناپ، شائىرنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش كـۈچىنى ئـا- شۇرغان .

يۇقىرىقى شېئىردا ئاپـتور جانلـىق، ئىخـچام خەلق تـىلىدىـن پايدىلىنىش داۋامىدا تۈرلۈك ئىستىلىستىك ۋاستـىلـەرنى قولـلىنىـپ تىلنىڭ ئوبرازلىقلىقىنى كۈچەيـتكەن . بۇ جـەھەتـتىكى ماھـىرلىقـى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن بىلىنىۋالغىلى بولىدۇ:

يۈرەك باغرىم ئېزىلمەستى تۈمەن بازغانۇ سەندەلدە،
كى بولدى سۇ، مۇقامنىڭ مەرغۇلى بىر مۇڭنى بەرگەندە .
ۋە سەزدىم شۇ مۇقام ئەۋجى بىلەن پەرھاد كۈچى تەندە،
غېمىم يوقتى مادارىدىن تاغلىنى مىڭ پارە ئەتكەندە،
نە تاغ، ئەھلى مۇقامغا ئەيلىدىم تاغدىن ئېگىز ھۆرمەت .

«مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» شېئىرىدىكى بۇ بىر كۇپلېتىنىڭ

يۇقىرىقى ئۈچ مىسراسىدا ئوخشىتىش ئارقىلىق ھېسسىيات يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسا، تۆۋەندىكى ئىككى مىسراسىدا مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەجدادلارغا بولغان ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىنىڭ تاغدىنمۇ يۈكسەك ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

چىمەن دوپپاڭ چىمەنزارى بىرەر جەننەتكە ئەندازنى،
نە ئەنداز، پەردازى جەننەت گۈلىدىن بىنەزەر ئۇستا .

بېغىڭنىڭ لالىسىدەك ئۈز، چېچەك نۇسخا نەپىس مونچاق .
نە مونچاق، چېھرىدە قىزنىڭ جۇلاسى نۇر ـ ھۆكەر ئۇستا .

«ئۈچ غەزەل» شېئىرىدىكى يۇقىرىقى مىسرالاردا قەشقەر ئۇستىلىرى تىككەن چىمەن دوپپا جەننەتكىمۇ ئەنداز بولىدۇ، دوپپىنىڭ گۈللىرى جەننەت گۈلىدۇر، قەشقەردە ياسالغان نەپىس مونچاقلار گوياكى ساھىبجامال قىزنىڭ چېھرىدە ئەكس ئەتكەن ھۆكەر يۇلتۇزىغا ئوخشايدۇ دەپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۈنەر سەنئەتتىكى قابىلىيەتلىكلىكى ۋە يۈكسەك ئىقتىدارلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . باشقا مىسرالاردىمۇ ئوخشىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقى، تۇرمۇش خاراكتېرى سۈرەتلىنىپ، ئوقۇغۇچى قەلبىدە بىر خىل ئىللىق سېزىم پەيدا قىلىدۇ .

«مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» شېئىرىدا ئاپتور ناخشا ـ كۈيىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە كۈندىلىك ھاياتى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن مەنىۋى بايلىق ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۈيۈك كۈي «ئون ئىككى مۇقام» غا بولغان ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھۆرمىتىنى ئىزھار قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

تۇغۇلسام ئۈي ئىكەن نامرات، ئوقەت چاغلىق، بىسات ھەم ئاز،

لېكىن كۆردۈمكى تۆر تامدا نەقىشلىك داپ بىلەن جۈپ ساز،
قاچانكى مەن سوراپ قالدىم: پەقىرگە بۇ نېمە پەرداز؟
ئاتام ئېيتتى: ئۇنى چالساق قورساق ئاچ، گەر لېكىن مۇڭ ئاز،
شۇئان سايراتتى تەمبۇرنى، ماڭا كۆرسەتتى بىر ھىممەت .

ئاپتور «خوتەن قەغىزى» شېئىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا كەشپىيات تارىخىدىكى تۆھپىلىرىنى، ئىلىمز مەدەنىيىتىگە كۆچ قوشقان تارىخىي جەريانىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ . مەسىلەن:

بۇ يۇرتتىن بىر زامان سودا، مەرىپەت كارۋىنى ئۆتكەن،
مەرىپەتتىن ئېلىگە يىپ - يېڭى ئەنداز ئېلىپ كەتكەن .
سېتىقتىن ئەھلى كارۋان خۇش، پۇلى مالدىن ئېشىپ كەتكەن .
ئاشۇ سودا ھېسابىنى خوتەن قەغەزىگە پۈتكەن،
بۇ قەغەز قانچە كەزگەندۇ ئىران، رىم يا ماراكەشنى .

مانا بۇ تارىخى چىنلىقتۇر . ئاپتور دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولىدىن ئايغى ئۇزۇلمەي قاتناۋاتقان ھەرقايسى ئەل كارۋانلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە يۈكسەك ھۈنەر - سەنئىتىدىن ئەنداز ئېلىپ، ئۆز ئېلىگە ئېلىپ كېتىپ كېڭەيتىلگەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى ئوبرازلىق ھالدا سۈرەتلىگەن . ئەينى چاغلاردا تارىم ۋادىسىدا مەتبەچىلىك، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، بۇ تەرەققىياتنى قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ . قەغەزچىلىك ھۈنىرى بولسا يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن . بۇ ھەقتە تارىخشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى مەدەنىيەتكە ۋە بولۇپمۇ يېزىق مەدەنىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى تەستىقلايدىغان ھۆججەتلەردىن ئەڭ مۇھىمى شۇكى،

تۇرپان، قەشقەر، خوتەن، قارا بالغۇسۇن، قاراغۇجا ئوخشاش كو-
نا ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە نۇرغۇن قەغەز فابرىكىلىرى بار ئىدى.
ئۇيغۇر قەغەزلىرى پاختىدىن ياسىلاتتى ... قەغەز ئىشلەپچىقىرىش
گۇمانسىزكى، يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە
تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغاندۇر. (ن. ۋ.
يىگۇلىۋسكايا: «سۇرىيە ۋە سىرۇتۇركى راگىتلار» 1 ـ توم،
215 ـ بەت، رۇسچە) ئاپتور ئىجادكار خەلققە مەدھىيە ئوقۇپ،
ئۆز ھېسسىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ شېئىرنى
مۇنداق ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

ئەمەسمىز پەن ـ ئەقىلدە كەم، ئاڭا تارىخ يېزىلغاندۇر،
ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئۇچۇن بەت ـ قۇر ئارا قانلار چېچىلغاندۇر.
شېھىت بولدى ھېساپسىز ئەر، لېكىن روھ ـ نامى قالغاندۇر،
دەلىللەر ئالدىدا پىتنە ـ يالانىڭ بەرى يالغاندۇر،
بۇ تارىخ ئويغىتار بىرلىك ئۇچۇن كۆرمىك زەبەردەرسىنى،

ھەممىگە مەلۇمكى، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭ-
خۇا مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى بىرلىكتە ياراتقان. ئېلىمىز-
نىڭ تارىخ سەھىپىسىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە كۆرەش
قىلغان شانلىق ئىزلىرى بار. جاھانگىرلىكنى، فېئودالىزمنى،
بيۇروكرات كاپىتالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ خەلق دېموكراتىيىسى
دىكتاتورىسىنى ئورنىتىش كۆرىشىدە ھەر قايسى مىللەت ئوغلانلى-
رى ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزغان. ئىلىم ـ پەننى تەرەققىي قىل-
دۇرۇش ئىشلىرىدا ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ھۈ-
نەر ـ سەنئەتلىرى بىلەن دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىگە زور تۆھ-
پىلەرنى قوشقان. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئال-
ماشتۇرۇپ بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلغان.

جۇملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىمۇ باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخ-
شاشلا ئىنسانىيەتكە شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان . كۆپلىگەن ئا-
لىملار، مۇتەپەككۇرلار، يازغۇچىلار ئۆز ئەمگىكى بىلەن جۇڭگو
مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتىشتا كۈچ قوشقان . سادىر پالۋان،
نۇزۇگۇم، رىزۋانگۈل قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى
ئىستىبدات هاكىمىيەتكە، فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ
چىقىپ قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان . كۈرەش قەهرىمانى
ئىسمايىل مەممەتكە ئوخشاش كۆپلىگەن ئەزىمەتلەر ۋەتەننى
قوغداش، سوتسىيالىستىك جوڭگو ئائىلىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا
قىممەتلىك هاياتىنى تەقدىم قىلغان . تارىخ هەرقايسى مىللەتلەر-
نىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىپ، بىرلىكتە تىرىشىپ ۋەتىنىمىزنى گۈل-
لەندۈرگەنلىكىنىڭ گۇۋاهچىسى، ئەبەيدۇللا ئىبراهىم ئۆز شېئىرلى-
رىدا ئەنە شۇ تارىخنى ياراتقان باتۇر، ئەمگەكچان، ئىجادكار
خەلققە ياغراق مەدھىيە ئوقۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنسانىيەت
ئۈچۈن قوشقان شانلىق تۆھپىلىرىنى زوق - شوق بىلەن كۈي-
لەپ، كىتابخانلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى .

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى:
«ئۈچ غەزەل»، «خوتەن قەغىزى»، «مۇقام هەققىدە مۇخەمە-
مەس» شېئىرلىرىدا ئۆزىگە خاس ئىجادىي سۈپەت، يېڭى شېئىرىي
پىكىر بار . شۇڭا بۇ شېئىرلار نۆۋەتتە شېئىرىيەت گۈلزارلىقىمىزدا
پورەكلەپ ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈللەر قاتارىدىن ئورۇن ئې-
لىشقا مۇناسىپ .

(«كىتابلارغا باها» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 1 -، 2 -
قوشما سانىدىن ئېلىندى.)

# «كۆكلەم» دىكى شېئىر ـ داستانلار ھەققىدە قاراشلىرىم

قاۋسلقان قامجان

«شېئىر ـــ سۆزنىڭ پادىشاھى، سۆز گۆھىرى» دەيدۇ قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئاباي قۇنانباي . ئەزەلدىن تارتىپ شېئىرنىڭ كىتابخانىلار قەلبىدىن ئالاھىدە ئورۇن ئېلىپ كېتىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى، ئۇ ئاممىباب، گۈزەل، تولىمۇ يىغىملىق، تېز ئۇزلىشىدىغان ناھايىتى نازۇك ژانىرلارنىڭ بىرى . شۇنداق بولغاندا، شېئىر رېئال تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئەڭ يىغىنچاق، ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىلەپ بېرىدۇ، خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ماياكوۋسكى ئېيتقانىدەك، شېئىر «بىر تال قۇمدا دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈش سەنئىتىدۇر» .

ياخشى شېئىر، شائىرنىڭ باي تەسەۋۋۇرى، زېھنى ـ قۇۋۋىتى، يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىدىن كېلىدۇ، بىلىنسكى «گۈزەللىك ھاياتنىڭ ئۆزىدۇر» دەپ تەرىپلىگىنىدەك، رېئال تۇرمۇش چىنلىقىدىن كېلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ماياكوۋسكى شېئىر «تىلىنىڭ، ئىدىيىنىڭ، گۈزەللىكىنىڭ جەۋھىرى، ئۇ شائىر تەرىپىدىن جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن تاۋلىنىدۇ» دېگەنىدى . بىز شېئىرنى سەنئىتىمىزنىڭ پارقىراپ تۇرغان ئالتۇنى دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ، لېكىن شۇ ئالتۇنىنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق نەرقىنىڭ، پەرقىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك .

«4 كشلىك گۇرۇھ» يوقىتىلىپ، زامان ئوڭشالغاندىن كې-
يىن، شېئرىيەت ئىجادىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش، يۈكسىلىش،
يېڭىلىنىش، بۇسۇش بولدى . بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە-
لىرىمىز تارىختىكى ھەر قانداق دەۋر بىلەن سېلىشتۇرغاندا سان،
سۈپەت جەھەتلەردىن يۇقىرى تۇردۇ . يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئى-
چىدە، پېشقەدەم ئوتتۇرا ياش، ياش شائىرلارنىڭ نەچچە ئونلىغان
شېئىرلار توپلاملىرى خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتى . مانا
شۇلارنىڭ ئىچىدە ياش شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ كىتابخانىلار-
نىڭ ئالاھىدە نەزىرى چۈشكەن تۇنجى شېئىر، داستانلار توپلىمى
«كۆكلەم» بىزنىڭ مەدھىيىلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ . توپلامغا شائىرنىڭ
كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا زور ئىشتىياق بىلەن جاپالىق ئىزدى-
نىش، ئۈنۈملۈك مەشىق قىلىش، تىرىشىپ ئىجاد قىلىش ئارقىلىق
ياراتقان ئەمگىكىدىن23 پارچە شېئىر، 3 داستان تاللاپ كىرگۈزۈل-
گەن . بۇلارنىڭ ئىچىدە شائىرنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى
تالانتىنىڭ، ماھارىتىنىڭ قەدەممۇ قەدەم مۇكەممەللىشىش، بۆسۈپ
چىقىش، سان ـ سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى پەللىگە قاراپ كۆتۈرۈ-
لۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن كۆچلۈك دېرەك بېرىدىغان «ئۈچ غەزەل»،
«خوتەن قەغىزى»، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس»، «ئەتلەسكە
مۇخەممەس»، «ئۆمۈرگە خىتاب» قاتارلىق شېئىرلىرى، «پولات»
ناملىق يىرىك داستانى كىتابخانىلارنىڭ قىزغىن مەدھىيىسىگە ئېرىش-
تى . بۇ ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئالقىش ماقالىلىرى ئۆز ۋاقتىدا گې-
زىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغانىدى . شائىرنىڭ «پولات» داستا-
نى، 1981 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاز
سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ 31 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئە-
سەرلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا
ئېرىشتى .

شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىم بۇ توپلامغا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن
شېئىر، داستانلىرىدا، سوتسىيالىستىك رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ چىنلى-

قىنى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل كارتىنىسىنى، قەھرىمان خەلقى-
مىزنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن ھەر ساھەدىكى غەلىبە ـ نەتىجىلىرىنى،
ئۇلۇغۋار ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى، غەيرەت ـ جاسارىتىنى، جۇشقۇن
روھىي كەيپىياتىنى يېڭى پىكىر، لىرىك تۇيغۇ، قىزىقارلىق ۋەقەلەر
قۇرۇلمىسى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچلۈك ئوبرازلىق تەپەك-
كۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا جانلىق، تەسىرلىك
ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن . يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
دانا رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىش-
لىرىمىزنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ
ئەۋزەللىكى، خەلقنىڭ باياشات تۇرمۇشى، مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى
دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتى، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئېسىل
پەزىلىتى، ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىپ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش
روھى كۆيلەنگەن . قىسقىسى بۇ توپلامدىكى ئەسەرلەردىن ياش
شائىرنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىز رىئاللىقىنى، دەۋرىمىزدىكى يېڭى
كىشىلەرنىڭ بۈيۈك جاسارىتىنى ئۆز ئىجادىيىتى ئۈچۈن مول مەنبە
قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن غايەت زور ئىلھام، كۈچ تاپقانلىقىنى كۆرۈ-
مىز . شۇنىڭ بىلەن بىللە، شائىرنىڭ دېھقان، مالچى، ئىشچى،
ئەسكەر، ئوقۇتقۇچى، ئىنژېنىر، ناخشىچى ... ۋە باشقىلارنىڭ قاي-
ناق ھاياتىنى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى قىلغان ئوبرازلاردىن ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدىكى ئورتاق تېما، ئورتاق ئىدىيە، ئورتاق
يۈزلىنىشلەرنىڭ شائىر ئىجادىيىتىدە مۇھىم رول ئورۇن ئىگىلەپ
كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز .

بىز تۆۋەندە شائىرنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتى ئوبرازلىق ئىزھار
قىلىنغان «ۋەتەن ھەققىدە قوشاق» ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ با-
قايلى:

ئۇلۇغ جۇڭخۇا مېھرلىك ئەل ئانام بار مېھرىبان سەندەك،
جىمى ئالەمنى مىڭ كەزسەم تېپىلماس جانۇ ـ جان سەندەك .

يېڭى دەۋران تېڭى بىرلە جامالىڭ مىسلى جەننەتتۇر،
جاھان باغىدا كۈلمەستۇر يەنە بىر گۈلىستان سەندەك .

چىمەننىڭ ئىچرە خەلقىم ئۆز مۇرادى بىرلە ئۈلپەتتۇر،
قىلىپ پەرۋىشنى مېھنەتتىن ياراتتى ھۆر ماكان سەندەك .

نېمەتكە كەڭرى قوينۇڭ باي، ئاقار مايدىن تۈمەن دەريا،
خەزىنەڭ بار تېغىڭ ئالتۇن، تېگى گەۋھەرى ـــ كان سەندەك .

بۇ مىسرالاردا شائىرنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى، گۈزەل ۋەتەندىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، مەدھىيە كۈيى، ئوبرازلىق، جاراڭلىق رىتىمدا بىر پۈتۈن شېئىرى پىكىر سىستېمىسى بويىچە ئىپادىلەنگەن .

ۋە مەيلى تاغ ـ دېڭىز ئاتلاپ باراي مەشرىققە، مەغرىبكە،
غۇرۇرلۇق بۇ بېشىم ئۈستۈن ماڭا بار نام ـ نىشان سەندەك .

ئەگەر كۆڭلۈم تىلەركى گۈل مىساللىغ ۋەسلى دىلدارنى،
كۆڭۈل مۈلكۈمدە جاي تاپماس سېنىڭسىز بىر جانان سەندەك .

جېنىمنىڭ ئالدىدا بىر تال جېنىم سۆيگەن گىياھ ياخشى،
ماڭا يوق بۇ جاھاندا ھېچ ساڭا تەڭ پاسىبان سەندەك،

پىدا بولسام ساڭا قەبرەم قىزىلسا تۇپرىقىڭ ئۆزرە،
ئامان بولسا بېشىڭ مەنمۇ ئۆمۈرلۈك شادىمان سەندەك .

بۇ مىسرالاردا شائىرنىڭ ھېچقانداق نەرسىگە تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى نامايان قىلىنغان .

«ۋەتەن ھەققىدە قوشاق» نىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك تەرەپلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، تەسىر كۈچىنى شۇنىڭدىن كۆرۈۋالالايمىزكى، شېئىرنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ۋەتەننىڭ يېڭىچە

يۈكسىلىش قىياپىتى كۆز ئالدىمىزدىن تىزىلىپ ئۆتىدۇ . ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ بايلىقلارنى ھېس قىلىپ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىمىز يە-نىمۇ كۈچىيىدۇ .

ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ئەي چىڭ ياش ھەۋەسكارلارغا ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇستىدە سەممىي مەسلىھەت بېرىپ: «بىز نا-ھايىتى ئوبدان، ناھايىتى مول ياششىمىز كېرەك، يەنە ئايلىنىپ كېلىپ تۇرمۇشتىن چوڭقۇر تەسىرات ئېلىشىمىز، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئالغا بېسىش يولىدا كۈي ـ ناخشا ئېيتىپ مېڭىشىمىز كېرەك . بۇنداق كۈي ـ ناخشا بىزنىڭ چىڭ قەلبىمىز-دىن ئۇرغىغان بولۇشى كېرەك . ھېچ كىشى ئاڭلىمىغان تەقدىردىمۇ ئۆزىمىزنىڭ قىزغىن ھېسسىياتىمىزنى ئىزھار قىلغان بولىمىز . مې-نىڭچە، ئاشۇنداق كۈيلەش گەرچە شېئىر بولۇشى ناتايىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا شېئىرى سۈپەت ھازىرلانغان بولىدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى . دەۋرىمىز شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋاسى ئەي چىڭنىڭ بۇ پىكرى ھەممىمىزنىڭ مۇھاكىمە قىلىشىمىزغا، روھىي ماھىيىتىنى ھەزىم قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ .

شېئىر، ئۆزى ئەپچىل بولسىمۇ، ناھايىتى يۇقىرى ماھارەتنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇنۇم ھاسىل قىلىش نىسبەتەن تەس، نازۇك، تو-لىمۇ زىل بىر ژانىر، مۇشۇ ژانىردىن پايدىلىنىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن ياش شائىر ئەبەيدۇللا ئىبرا-ھىمنىڭ جامائەتچىلىكنىڭ كۆزىگە تېز كۆرۈنۈشى، ئۇنىڭ شېئىرىنى كۆپ يازغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، ياخشى يازغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ .

ياش شائىرنىڭ شېئىرىيەتتىكى چېۋەرلىكىنى شۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىنكى: شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىم قەشقەردىن ئالغان تەسىراتنى، ئادەتتە كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئانچە چېلىقمايدى-غان، لېكىن ناھايىتى تىپىك، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ماھىيەتلىك تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى يوشۇرۇپ ياتقان پارچە تېمىلاردا قەلەم

تەۋرىتىپ «قەشقەردە كەچ»، «قەشقەر باغچىسى»، «قەشقەر ئۇس-
تىسىغا» قاتارلىق ماۋزۇلاردا يازدى . بۇ شېئىرلاردا تۇرمۇش چىن-
لىقى، تۇرمۇش كارتىنىسى جانلىق، كۆركەم، ھېسسىياتلىق، ئوبراز-
لىق تەسۋىرلەنگەن .

توپلامدىكى شېئىردا داستانلارنى ئوقۇش داۋامىدا يەنە شۇنى
ھېس قىلدۇقكى، شائىر قەدىمكى دەۋرلەردە ئۆتكەن مۇنەۋۋەر
كىلاسسىك ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شۇنىڭدەك ھازىرقى زاماندىكى
مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرىيەت ماھىرلىقىدىن، بۇ شې-
ئىرلارنىڭ ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىجا-
دىي يوسۇندا جانلىق پايدىلانغان . شۇڭا، ئۇنىڭ توپلامغا كىرگۈ-
زۈلگەن شېئىر، داستانلىرىدا خىلمۇ خىل شەكىللەردە ئىپادىلەنگەن
بىر خىل سالماق، مەردانە، ئوبرازلىق ئوي - پىكىر، ھېكمەتلىك
سۆز - ئىبارىلەر، شوخ ھېسسىيات دولقۇنلىرى، رىتىملىق ئاھاڭ-
دىكى يېقىملىق ساددا مىللىي پۇراق قايناپ تېشىپ تۇرىدۇ .

«ئىجاد قوشىقى» دا شائىر:

جاپا - مۇشكۇلگە بوي بەرمە، كۈرەش، مېھنەتنى يار ئەتكىن،
يەنە پەرھادچە خىسلەتنى، چىدام - غەيرەتنى يار ئەتكىن،
ھەرىپەت باغىغا گۈل تەر، چېچەكلەت، يوقنى بار ئەتكىن،
ۋەتەننى بۇ چېچەكلەردىن تۇتاش باغ - لالىزار ئەتكىن،
ئاشۇ گۈل ھۆسنىدەك كۈلسۇن نۇرانە ئەتە - ئىقبالىڭ .

ۋاقىت مىسلى يۈگەنسىز ئات ئاڭا يەتمەككە بەل باغلا،
ياساپ پەندىن قانات، ئۇندىن ئۇچۇپ ئۆتمەككە بەل باغلا،
يىگىرمىنچى ئەسىرمۇ خوشلىشىپ كەتمەكتە، بەل باغلا،
چۆكۈپ تىلسىم سۇيىگە ۋە ئۇنى يەشمەككە بەل باغلا،
ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىل، تالمىسۇن بۇ يولدا كارۋانىڭ .

ۋەتەندۇر ئەڭ ئەزىز غەمخور، جېنىڭ بىرلە ئاڭا كۆيگىن،

ئۇنى گۈللەت ئىجادتىن، بەلكى بۇ يولدا جاپا چەككىن،
ئانا مېھرى ساڭا سىڭگەن، ئاڭا لايىق جاۋاب قىلغىن،
تۆمەن دىل ھۆرمىتى شۇندا سۆيەر ئوتلۇق پېشانەڭدىن،
ۋەتەن ئەھلىنى شاد ئەيلەپ تارالسۇن تۆھپىكار نامىڭ .

دەپ تەسۋىرلەيدۇ .

بۇ شېئىردا شائىر مول تەسەۋۋۇر، چوڭقۇر ئوبرازلىق تەپەك-كۇرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئاچقۇچلۇق رولىدىن يېتەرلىك پايدىلىنىپ، ئۆز زاماندىشلىرىغا جاپالىق كۈرەش - مېھنەتنى يار ئېتىشنى، تارىخى داستانلاردا تەسۋىرلەنگەن پەرھادقا ئوخشاش قەھرىمانلارنىڭ چىدام - غەيرىتىنى، جەسۇر روھىنى يار ئېتىشنى، مەرىپەت بېغىغا گۈل تېرىپ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشنى خىتاب قىلى-دۇ ھەمدە ئاشۇ ئوتلۇق ئارزۇ - تىلەكلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ۋەتەن، خەلقنى شاد قىلىش ئۈچۈن ئىلىم - پەندىن قانات ياساپ تېخمۇ ئېگىز پەرۋاز قىلىشنى، ئىجادىي ئەمگەكنى چېچەكلىتىپ مېۋە بېرىشكە بەل باغلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

توپلامدىكى ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇشنىڭ خىلمۇ - خىللىقى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تېماتىك دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىزگە ياش شائىرنىڭ تۇرمۇش بىلىملىرىنىڭ، تەجرىبىلىرىنىڭ بې-يىپ، ئىپادىلەش ماھارىتىنىڭ خېلى دەرىجىدە تاكامۇللىشىپ قال-غانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . بىز «كۆكلەم» توپلىمىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭدا مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدە شائىرنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى بىلەن ئىپادىلەش ماھارىتىنىڭ بىرىكمىسىدىن بارلىققا كەلگەن ئۆزگىچە خاس ئۆزگىچىلىك، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب، ئۆزىگە خاس پۇراق، ئۆزىگە خاس ئىجادىي يېڭىلىقلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز . شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا بولىدۇكى، بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەردىن تۇتتۇرۇقسىز مەزمۇنلارنى، تېتىقسىز تەسۋىرلەرنى، مۇجمەل چۈشەنچىلەرنى، يالاڭ ھېسسىياتنى، چې-

چىلاگغۇ پىكىر قۇرۇلمىلىرىنى كۆرمەيمىز . شائىرنىڭ قايسى ئەسىرى بولمىسۇن، ئىدىيۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ بىرلىكى جەھەتتىن بىر پۈتۈن گەۋدىنى تەشكىل قىلغان .

بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، ئاقار يولدا تۇمەن دوپپا،
ياقار ھەركىم لىۋىگە سائادەت دىلبىرى كەچتە،
... ...
ئەنە لەيلى، ئەنە ئەترە، مىسالى گۈل بازارى بۇ،
گۈزەللىكتە تېگى يوق باغ، بېھىشنىڭ ئىنتىزارى بۇ .
(«ئۈچ غەزەل»)

بۇ مىسرالارنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئەشۇنداق ئوبرازلىق تىل، نەپىس شېئىرى تەسۋىر بىلەن بېرىلگەن قەدىمكى شەھەر قەشقەر كېچىسىنىڭ، قەشقەر باغچىسىنىڭ گۈزەل كارتىنىسى، يارقىن ھايات مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ . ھەمدە ئۆزىمىزنى شۇ گۈزەل تۇرمۇش قاينىمى ئىچىدە تۇرغاندەك سېزىمىز .

چوققىلارنىڭ ئۈستىدىكى چوققا مەن،
قارىغايلار تۇرار ماڭا ياندىشىپ .
ھەر تاڭ قۇياش ماڭا تۇنجى يۈز ئاچار،
چاقنار ئالتۇن يۇلتۇزۇمدىن نۇر ئېلىپ .
(«جەگچى قوشىقى»)

بۇنىڭدىن ئېنىق كۆرۈلۈپ تۇرۇپتىكى، شائىر جەگچى ئوبرا- زىنى ناھايىتى ئىخچام شېئىرى شەكىلدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشتە، يېڭى ئوخشىتىش، ئاجايىپ مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان .

ئېگىز تاغ چوققىسىدا كۆزەتتە تۇرغان جەگچىنى خۇددى تاغ چوققىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان يەنە بىر چوققىغا ئوخشىتىپ تەسۋىر- لەش كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن؟ مانا مۇشۇنداق چۆرلىك بىلەن

ئىشلىتىلگەن شېئىرىي ئىجادىيەت ماھىرلىقىدىكى يېڭىلىقلارنى شا-ئىرنىڭ بۇ توپلامدىكى باشقا شېئىر داستانلىرىدىن كۆپلەپ تاپقىلى بولىدۇ .
شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ھازىرقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە داستانچىلىق ئىجادىيىتىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ياش شائىرلارنىڭ بىرى . شائىرنىڭ «كۆكلەم» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «پولات»، «گۈلزۇپەر»، «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى» ناملىق داستان-لىرىدا دەۋرىمىزنىڭ رېئاللىقى مۇكەممەل بەدىئىي ئوبرازلار ئارقى-لىق يورۇتۇپ بېرىلگەن .
«پولات» ناملىق داستان شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا زامانىمىزنىڭ جەڭگىۋار ساداسى، تىپىك ئىجتىمائىي رېئاللىقى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەر ئاساسلىق تېما قىلىنغان . بىر قاتار كەسكىن زىددىيەت توقۇنۇشلار تەسۋىرلەنگەن شېئىرى تىل ئارقىلىق ئۇ-نىڭدا ئاساسلىق قەھرىمان پولاتنىڭ خاراكتېرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بېرىلگەن .
داستاندا ئاپتور مەركەزلىك ھالدا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇ-لۇشنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىش داۋامىدا ئەمگەكچان، ئىجاتچان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ يەن - تېخنىكا كۈچىگە يۆلىنىپ تەبىئەت دۇن-ياسىنىڭ تىلسىم سىرلىرىنى ئېچىپ، سۇ ئامبارلىرىنى ياساپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جېڭىگە پۈتۈن ۋۇجۇ-دىنى بېغىشلىغانلىقى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئۇلۇغلۇق ئىش پائالىيەتلىرى تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . ئەسەردە پولات ھازىرقى يېزا ئى-گىلىك تېخنىك خادىملىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى، يېتىشكەن، تەدبىرلىك تېخنىكا ماھىرى، يېزا ئىگىلىك تېخنىك - خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش-نىڭ چۈەر ئۇستازى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . ئۇنىڭ قىيىن، مۇشكۈل شارائىتتا چارە - تەدبىر تېپىپ، سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇش لايىھىسىنى ئىلمىي ئاساستا يەن - تېخنىكا تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالدا

ياساپ چىقىش جەريانىدىكى پائالىيەتلىرى نۇقتىلىق تەسۋىرلىنىش بىلەن بىللە، پولاتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئالىي-جاناپ روھى، چىن، ھەقىقىي بىلىملىك كىشىلەرگە خاس سالماق، ساپ دىل، سەممىي پەزىلىتىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن . ئومۇمەن بۇ داستاندا پولات ئوبرازى خېلى مۇكەممەل، پىشقان تىپىك ئوبراز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن .

يىغىپ ئېيتقاندا، ياش شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «كۆك-لەم» ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلىرى ئۆزىنىڭ ئاز ھەم سازلىقى، ھېسسىياتىنىڭ يېقىملىقلىقى، تىلىنىڭ ئوبرازلىقلىقى، ئىدىيە-ۋى مەزمۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، پىكرىنىڭ يېڭىلىقى، نۇقتىئىنەزىرىنىڭ روشەن بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ .

لېكىن، توپلامدىكى ئەسەرلەردە بەزى نۇقسانلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ . مەسىلەن، «گىلەم ئىشچىسىغا» ناملىق شېئىرىدا شائىر بىرىنچى شەخس نامىدىن بېرىلگەن شېئىرىي تەسۋىر ئارقىلىق ئېلىمىزدىكى ئاتاغلىق گىلەم يۇرتى خوتەندىكى بىر گىلەم زاۋۇتىنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا ھېس قىلغانلىرىغا ئاساسەن مەلۇم تېخ-نىك، پىشقەدەم گىلەمچىنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ داڭقى چىقارغان گىلەمچىلىك ھۈنىرىگە ۋە بۇ جەھەتتە قولغا كەل-تۈرگەن نەتىجىلەرگە مەدھىيە ئوقۇماقچى بولغان .

ناھايىتى شوخ، جۇشقۇن لىرىك سادا بىلەن جاراڭلىق باشلان-غان بۇ شېئىرنى ھاياجانلىق ھېسسىيات ئىچىدە ئوقۇپ كېلىۋاتقان كىتابخانلارنىڭ كۆزى:

بۇندادۇر، شوخ بىر بوۋاي قەلبىم تۆرىدىن ئالدى جاي،
چاقنايتتى چوغدەك كۆزىدە پۈتمەس شىجائەت كۈچ ـ مادار .

شاگىرتى ئېيتتى: «ئۇستىمىز جەڭلەردە باشچى ئۈلگىمىز،
زاۋۇتتا تېخنىك پىشقەدەم، تىللاردا داستان نامى بار»

دېگەن ئوبرازلىق مىسرالارغا تىكىلىدۇ . لېكىن، شېئىرنىڭ كې-
يىنكى مىسرالىرىدا تەسۋىرلەنگەن مەزمۇن، ھېسسىيات كىتابخانلار-
نىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقماي قالغان . شائىر شېئىردا كېيىنكى
ئەۋلادلارنىڭ چېۋەر ئۇستىسى، ئۈلگىلىك باشلامچىسى، گىلەمچىلىك
ھۈنىرى تىللاردا داستان بولغان پىشقەدەم تېخنىك ئىشچىنىڭ
ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈش باسقۇچىغا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تۇساتتىن
لىرىك چېكىنىش ياسايدۇ .

ئەمدى ئۇنىڭ ئۆتمۈشتە تارتقان كۈلپەتلىك كۈنلىرى بىلەن
ئازاد زاماندا كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە ئېرىشكەن ھالاۋەتلىك تۇر-
مۇشى يىغىنچاق سېلىشتۇرما قىلىنىشتىن باشقا، شېئىردا كىتابخانلار-
نىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلغۇدەك بىر نەر-
سە كۆرۈنمەيدۇ . تېخمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، شائىر ئەبەي-
دۇللا ئىبراھىم پىشقەدەم گىلەمچىنىڭ تىللاردا داستان بولۇپ تار-
قالغان تۆھپىسىنى ئىپادىلەش بىلەنلا قانائەتلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان دۇنيادا شۆھرەت قازىنىپ كەلگەن گى-
لەمچىلىك ھۈنەر ـ تېخنىكىسىدىكى ئاجايىپ تۆھپىلىرىنى يورۇتۇپ
بېرەلمىگەن . يەنە «گۈلزۇپەر» داستانىدا دەۋرىمىزدىكى باللار-
نىڭ ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىش يولىدا ئۆز ئارا بەسلىشىپ ئۆگە-
نىش، ئۆز ئارا قىزغىن ياردەم بېرىش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇش،
ئومۇمىيلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش روھى، ئالغا بېسىش يولىدىكى
توسالغۇلارنى يېڭىش، جاپادىن قورقماسلىق پەزىلىتى، جانلىق، تە-
سىرلىك پائالىيىتىنى، جۇشقۇن كەيپىياتى، تىرىشىش نىشانىسى ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن . شۇنداقلا داستاننىڭ بىر پۈتۈن سيۇژىت لىنىيىسمۇ
باللارنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ماس ھالدا يىغىنچاق قۇراش-
تۇرۇلغان . شۇنداق بولسىمۇ، شائىرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى
داستانچىلىق ئىجادىيىتىگە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن بۇ داستاندىكى
بەزى يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز .

داستاندا مەركەزلىك تەسۋىرلەنگەن ئاساسلىق قەھرىمان گۈلزۇپەر كىسەللىك تۈپەيلىدىن مەكتەپكە كىلەلمەي قالغان ساۋاقدىشى پاتەمنىڭ ئارقىدا قالغان دەرسىنى ئۆگىتىپ قويۇش مەقسىتىدە كىتىۋېتىپ يولدا كەلكۈن سۇغا چۈشۈپ كىتىپ، سۇدىن بىر ئىلاج قىلىپ قۇتۇلۇپ چىقىپ ھۇشسىزلىنىپ، ياردەمدار ياتقان يېرىدىن باتۇر باشلىق ساۋاقداشلىرى پاتەمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ . لېكىن، ئەدەبىي ئەسەرلەردە خىلمۇ خىل تۇرمۇش دىتاللىرى تۇرمۇشنىڭ ئۆز مەنتىقسى بويىچە يورۇتۇپ بېرىلسە تەبىئىي يوسۇندا كىتابخانلارنى تەسرلەندۈردۇ ۋە قايىل قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئوخشاش ۋەقەلىك، ئوخشاش ھادىسىلەر، ئوخشاش قېلىپتا تەكرارلىنىپ ئەكس ئەتتۈرۈلسە، ئۇنداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تەسىرى، تەمى بولماي قالىدۇ . شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىم داستاندا گۈلزۇپەرنىڭ باشقىلارغا جان كۆيدۈرۈپ ياردەم بىرىش يولىدا بىشىدىن ئۆتكۈزگەن خەتەرلىك كەچۈرمىشلىرىنى تاسادىپىي ھادىسىلەر ئارقىلىق ئەمەس، قەھرىمان خاراكتىرىنى ئىچىپ بېرىدىغان شارائىت، مۇھىت ئىچىدە يۈز بەرگەن بىردىنبىر ھادىسە ياكى مەيدانغا كەلگەن تەسىرلىك ۋەقە ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن بولسا، بۇ داستان كىتابخانلارنىڭ كۆزىگە باشقىچە كۆرۈنگەن بولاتتى . شائىر بۇ تەرەپكە ئانچە ئېتىبار بەرمىگەندەك تۇرىدۇ .

بىز تالانتلىق ياش شائىرنىڭ ئىجادىيەت قەدىمىنى تېخىمۇ ئۇنۇملۇك بېسىپ، بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزۈتۈپ، شېئىرىيەت بېغىدا رەڭمۇ رەڭ گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇش يولىدا ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

(«شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىل 1 ـ سانىدىن ئېلىندى.)